
قەشقەرگە قايتا سەپەر
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

alma uyghur book

ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە مەجمۇئەسى

# قەشقەرگە قايتا سەپەر

ياررىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى

ئاپتورى : گۇننار ئالفرېد ياررىڭ ( شۋېتسىيە )

تۈزگۈچى : ياڭ لىن

تەرجىمە قىلغۇچى : ئابدۇغوپۇر سەئىدىن



www.alma.cn

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/index.asp?isim=[2010-12-31 00:07:28]

alma uyghur book

بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1994 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ، 1994 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى

本书根据新疆人民出版社1994年10月第1版1994年10月第1次印刷本翻译出版。

**يارىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى**

**قەشقەرگە قايتا سەپەر**

ئاپتورى : گۇننار ئالفرېد ياررىڭ ( شۋېتسىيە )

تۈزگۈچى : ياڭ لىيەن

تەرجىمە قىلغۇچى : ئابدۇغۇپۇر سەئىدىن

تەرجىمە تەھرىرى : غوجا ئەخمەت يۇنۇس

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 7226 ـ زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى : 850×1168 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى : 11.875 قىستۇرما ۋارىقى : 5

1998 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

1998 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

تىراژى : 5,000 —1

ISBN7—228—04739—7/K • 604

باھاسى : 22.50 يۈەن

ئالما ئۇيغۇر تورى www.alma.cn

http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/index.asp?isim=[2010-12-31 00:07:28]



گۇننار ئالفرېد ياررىڭ

www.alma.cn

Many years have passed since I visited Kashgar the first time. When I came back some 50 years later it was a new Kashghar I met, a modern city with all the amenities of modern life. And yet, I encountered so much of its old charm and the Uighurs of Kashghar received me as an old friend.

مەن قەشقەرنى تۇنجى زىيارەت قىلغىنىمغا ناھايىتى ئۇزۇن يىللار بوپتۇ . 50 يىلدىن كېيىن بۇ يەرگە قايتا كەلگىنىمدە كۆرگىنىم يېپيېڭى قەشقەر بولدى . زامانغا لايىق بۇ شەھەردە زامانىۋى تۇرمۇشقا لايىقلاشقان جىمى نەرسە تېپىلىدىكەن . ئەمما بىزنىڭ سىغىنىدىغىنىمىز قەشقەر شەھرىنىڭ ئاۋۋالقى ئاشۇ سېھرىي كۆچى ۋە مېنى قەدىناس دەپ بىلىدىغان ئاشۇ ئۇيغۇرلاردۇر .

www.alma.cn

alma uyghur book

بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نۇسخىسى كىتاب ئاپتورى گۇننار ياررىڭ ئەپەندىنىڭ ئىجازىتى بىلەن نەشر قىلىندى.

本书(汉维文版)由作者贡纳尔·雅林先生授权出版

This edition of the Chinese language and the Uighur language is published with the permission of the author, Dr • Gunnar Jarring, Sweden.

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn

http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/index.asp?isim=[2010-12-31 00:07:28]

alma uyghur book

# مۇندەرىجە

گۇننار ئالفرېد ياررىڭ ۋە ئۇنىڭ شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى
( سۆز بېشى ئورنىدا ) ........................................ياڭ لىيەن 1

## بىرىنچى قىسىم

قەشقەرگە قايتا سەپەر
— ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدە ئەسلىمە ۋە مۇلاھىزە ...... 20
ئوتتۇپ كەتكەن يىللارغا نەزەر ........................... 20

بىرىنچى باب 1978
بېيجىڭ سەپىرى ........................................... 22
كىتاب ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ............................ 28
ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىش ............................. 42
تارىخ ھەققىدىكى يېڭى چۈشەندۈرۈش ......................... 50
سەھراغا ساياھەت ........................................ 56
قەشقەرگە ئۇچۇش ......................................... 66

ئىككىنچى باب 1929 - 1930
نېمىشقا قەشقەرنى تاللىدىم ................................ 73
قەشقەرگە ئاتلىق سەپەر .................................. 89
ئوتتۇرا ئەسىر ئۇسلۇبىدىكى قەشقەر ........................ 108
قەشقەردىكى چەت ئەللىكلەر ............................... 121
كىتابپۇرۇش روزى ئاخۇن .................................. 145
دەشت ـ باياۋانغا بېرىپ تاۋاپ قىلىش ....................... 153
كېزىك ................................................. 169

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/index.asp?isim=[2010-12-31 00:07:28]

alma uyghur book

قايتا تاۋاپ قىلىش ........................................... 178

ئۈچىنچى باب 1978
قەشقەرگە قايتىپ كېلىش ........................................... 190
قەشقەردىكى ھۆكۈمەتنىڭ كۈتۈۋېلىشى ........................................... 196
قەشقەرنىڭ مائارىپى ........................................... 198
يېزا ئىگىلىك ........................................... 203
سانائەت ........................................... 213
قەشقەرنىڭ ھازىرقى داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش
ئىشلىرى ........................................... 221
قەشقەردىكى ئىسلام دىنى ........................................... 228
مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ........................................... 244
ئۈرۈمچىگە قايتىش ........................................... 255
دېڭىز يۈزىدىن پەس جايدا ........................................... 260
ھازىرقى زاماندىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئۈستىدىكى
ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتلەر ........................................... 269
قايتىش سەپىرى ........................................... 284
خاتىمە ........................................... 290

[قوشۇمچە]
« ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى مەجمۇئەسى » گە كىرىش سۆز
........................................... 298

ئىككىنچى قىسىم

شىنجاڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا
ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى ھەققىدە تەتقىقات ........................................... 301

بىرىنچى باب
كىرىش سۆز ........................................... 301

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/index.asp?isim=[2010-12-31 00:07:28]

alma uyghur book


**ئىككىنچى باب**

ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى دەسلەپكى تەتقىقات ............... 305

**ئۈچىنچى باب**

ئۇيغۇر تىلى تاۋۇشلىرى ۋە ھەرپلىرى ..................... 310

**قەشقەردىكى باسما ماتېرىياللار**

— شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ شىنجاڭدىكى باسمىخانىسى : تارىخ ۋە باسما بۇيۇملار ھەققىدە ئومۇمىي بايان ........................................................ 313

كىرىش سۆز .................................................... 313

شۋېتسىيىنىڭ قەشقەردىكى دىن تارقىتىش ئۇيۇشمىسى باسمىخانىسىنىڭ باش ـ ئايىغى ....................... 318

شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئېلىپ بارغان مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ................................ 322

شىنجاڭ ۋەزىيىتى داۋالغۇپ تۇرغان مەزگىلدىكى شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ باسمىخانىسى ................ 330

قەپقالغان ئىشلار ................................................ 338

شۋېتسىيە دۆلەت ئارخىپ سارىيىدا ساقلىنىۋاتقان جۇڭگو شىنجاڭغا ئائىت ماتېرىياللار .............................. 341

**« ئوغرى يوق شەھەر » قاتارلىق ئۇيغۇر رىۋايەتلىرى ھەققىدە تەتقىقات**

قوليازمىدىكى سۆزلەرنىڭ يېزىلىش ئەھۋالى ھەققىدە ......... 353

« ئوغرى يوق شەھەر » ھەققىدە تەھلىل ..................... 354

**ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مەدەنىيەت توقۇنۇشى**

— شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى تەسۋىرىدىكى خەنزۇ تىياترى ........................................................ 360


ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/index.asp?isim=[2010-12-31 00:07:28]

alma uyghur book

كىرىش سۆز ............................................. 360
جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى خەنزۇ
مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچرىشىشى ...... 360

تۈزگۈچىدىن ............................................................. 368

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/index.asp?isim=[2010-12-31 00:07:28]

alma uyghur book

# گۇننار ياررىڭ ۋە ئۇنىڭ شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى

## ( سۆز بېشى ئورنىدا )

ياڭ لىيەن

يېقىندا شۋېتسىيىلىك مەشھۇر خەنزۇشۇناس، ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى رودوبى بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم. بىز شۋېتسىيىلىك خەنزۇشۇناس، مەرھۇم بېرن خارت كارلگرېن ( Bern hard Karlgren ) توغرۇلۇق سۆزلەشتۇق. شۇ چاغدىلا مەن بېرن خارتقا مۇناسىۋەتلىك تارىختا خاتىرىلەنمىگەن مۇنداق بىر ئىشنى ئۇقتۇم: بېرن خارت ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئەنگلىيىلىك خەنزۇشۇناس جوزېف لې بىلەن كۆرۈشۈپتۇ جوزېف لې ئۇنىڭدىن:

— يېقىنقى يىللاردا، قايسى يىلى جۇڭگوغا باردىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ

— 1928 - يىلى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بېرن خارت

— يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بېرى نېمىشقا جۇڭگوغا قايتىپ بېرىپ كۆرۈپ كەلمىدىڭىز؟

بېرن خارت بىر پەس جىم بولۇۋېلىپ، گويا ئۆزىگە دەۋاتقاندەك:

— مەن قەدىمكى جۇڭگونى تېخىمۇ ياخشى كۆرىمەن، — دەپتۇ

پروفېسسور رودوبى ماڭا يەنە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ 1978 - يىلى بېرن خارتنى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا رەسمىي تەكلىپ قىلغانلىقىنى، بىراق ئەپسۇسكى، تەكلىپنامە يوللانغان چاغدا بېرن خارتنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە بىر قانچە ئاي بولۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپلا دەرھال شۇ كىشىگە ئوخشاش نامى چىققان شۋېتسىيىلىك شەرقشۇناس گۇننار ياررىڭ ئېسىمگە كەلدى ياررىڭنىڭ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/2.asp?isim=[2010-12-31 00:08:49]

alma uyghur book

1929 ـ يىلى جۇڭگوغا بىرىنچى قېتىم كەلگەن ۋاقتى دەل بېرىن خارتىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق زىيارىتى ئەمدىلا ئاياغلاشقان ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ  ۋەھالەنكى، 1978 ـ يىلى قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ كۆلەڭگىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىۋاتقان جۇڭگو شۋېتسىيىلىك ئىككى ئالىمنى جۇڭگوغا زىيارەتكە كېلىشكە تەكلىپ قىلىدۇ، لېكىن بېرىن خارتىنىڭ تەكلىپنامىسىنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئامال بولمايدۇ. يەنە بىر كىشى بولسا تەكلىپنامىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئەس ـ يادىدىن زادىلا كەتمەيۋاتقان جۇڭگوغا ئارىدىن يېرىم ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم كېلىدۇ  بۇ كىشى دەل ياررىڭ ئەپەندى ئىدى!

# 1

گۇننار ئالفرېد ياررىڭ 1907 ـ يىلى شۋېتسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى سكانىيە ئۆلكىسىنىڭ دېڭىزغا ئانچە يىراق بولمىغان ۋېكون دېگەن يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن  ئۇنىڭ دادىسى دېھقان بولۇپ، ئۇلار سەككىز ئوغۇل ئىدى  ياررىڭ بالىلارنىڭ چوڭى ئىدى

ئۇنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ ھاياتى شۋېتسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئورۇنلاشقان شەھەر — لۇندا ئۆتىدۇ  ئۇ 1928 ـ يىلى لۇندا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرىدۇ ھەمدە گېرمان تىلى ۋە سكاندىناۋىيە تىللىرى بويىچە باكالاۋىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ  ئۇ دەرھال يەنە تۈركىي تىللارنى ئىخلاس قويۇپ ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ ھەمدە شۋېتسىيىدىكى تۇنجى ئەۋلاد تۈركىي تىللار ئالىمى گۇستاف راگۇيېتنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يېرىم كۈن ئىشلەپ، يېرىم كۈن ئوقۇپ، دادىسىنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىدىن ئىلھاملىنىپ، ئاخىر ئاسپىرانتلار دەرسلىكلىرىنى ئوقۇپ تاماملاپ، 1933 ـ يىلى پەلسەپە بويىچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ.

ئۇ تۈركىي تىللارنى ئۆگەنگەن چېغىدا، بەزى كىشىلەر خېلى تەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىستىقبالى يوق، دەپ قارىغان مۇشۇ بىر كەسىپكە



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/2.asp?isim=[2010-12-31 00:08:49]

alma uyghur book

جوڭقۇر مۇھەببەت باغلايدۇ، ساۋاقداشلىرى ئۇنى «تۈرك» دەپ ئاتايدۇ ئۇنىڭ ئۇستازى راگۇيت جۇڭگو شىنجاڭدا كۆپ يىل خىزمەت قىلغان دىن تارقاتقۇچى ھەم دوختۇر ئىدى، ئۇ ئۇستازىنىڭ تەسىرى بىلەن «ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى تەتقىقاتى» دىن ئىبارەت ئىلگىرىكىلەر ناھايىتى ئاز ئىزدەنگەن ئىلمىي ماقالە تېمىسىنى تاللىۋالدۇ

ئۇ ئاسپىرانتلىق باسقۇچىدىكى ئوقۇشقا تۇتۇش قىلىش مەقسىتىدە 1928 - يىلى ئەتىياز، يازدا گېرمانىيىنىڭ بېرلىن شەھىرىگە بېرىپ «شەرقشۇناسلىق كۇرسى» غا قاتنىشىپ مەشھۇر شەرقشۇناس، پروفېسسور باڭدىن تەلىم ئالىدۇ كۇرسقا قاتناشقان ساۋاقداشلاردىن ئېمارى خانىم، مېنگېس قاتارلىق كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە خەلقئارادىكى مەشھۇر شەرقشۇناسلىقلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ، ئىلىم ساھەسىدە يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت جانلىق پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ ئۇ ئاسپىرانتلىقنى پۈتتۈرۈش ئىلمىي ماقالىسىنى يېزىشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، 1929 -، 1930 - يىللىرى ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي روسىيە تەۋەسىدىكى بىپايان ئوتتۇرا ئاسىيانى بېسىپ ئۆتۈپ، كارۋانلارغا ئەگىشىپ پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەركىزى قەشقەرگە كېلىدۇ ئۇ يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە خەج - خىراجەتلىرىنى تېجەپ، يۇرتلاردا نۇرغۇن كىشىلەر ئۇقمايدىغان بۇلۇڭ - پۇچقاقلارغىچە بېرىپ، ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ۋەزىپىنى نەتىجىلىك تاماملايدۇ ئۇ يەنە خوتەنگە بېرىپ، شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شىۋىلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرمەكچى بولىدۇ، ئەمما جانغا قادالغان كېزىك ئۇنى بۇ پىلانىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلىدۇ مەن 1992 - يىلى ئۇنى ۋېكوندىكى داچىسىغا يوقلاپ بارغان چاغدىمۇ، ئۇ ئۆتكەن ئىشلار ئۈستىدە سۆزلەپ، خوتەن شىۋىسىنى بىۋاستە توپلىيالمىغانلىقىدىن قاتتىق پۇشايمان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى

يارىڭ ئاسپىرانتلىقنى تاماملىغاندىن كېيىن، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدە قېلىپ، تۈركىي تىللار بويىچە ئاسسېنت بولىدۇ ئۇ بارلىق ئىمكانىيەتتىن ئىلاجىنىڭ بارىچە پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى، ھىندى-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/2.asp?isim=[2010-12-31 00:08:49]

alma uyghur book

تان ، ئافغانىستان ، ئوتتۇرا شەرق ، تۈركىيە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ،
كەڭ دائىرىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدۇ

1939 ـ يىلىدىكى بىر قېتىملىق تاسادىپىي پۇرسەت ياررىڭنىڭ ھا-
ياتلىق يولىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ ئۇ شۋېتسىيىنىڭ شىمالىدا ھەربىي
مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقاندا ، بىر ئوفىتسېر بىلەن تونۇشۇپ قالغانىكەن ھې-
لىقى ئوفىتسېر تۈرك تىلىدىن باشقا تىلنى ئۇقمايدىغان بىر مۇساپىرغا
ۋاقىتلىق تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىشكە گۇننار ياررىڭنى تەكلىپ قىلىپ ،
لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىغا بىرەيلەننى ئەۋەتىدۇ دەل مۇشۇ مۇناسىۋەت
تۈپەيلىدىن ياررىڭنىڭ تىل جەھەتتىكى ئىقتىدارى شۋېتسىيە دىپلوما-
تىيە مىنىستىرلىكىدىكىلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ 1940 ـ يىلى
ياررىڭ مائارىپ ساھەسىدىن دىپلوماتىيە ساھەسىگە ئالمىشىپ ، شۋېتسى-
يىنىڭ ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىدا ئىشلەشكە ئەۋەتىلىدۇ
شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ، ئۇ دىپلوماتىيە ساھەسىدىكى يېڭى چولپانغا ئايلى-
نىدۇ

ئۇ 1941 ـ يىلىدىن 1945 ـ يىلغىچە ، شۋېتسىيىنىڭ تېھران ۋە
باغدادتا تۇرۇشلۇق دىپلوماتىيە ئەمەلدارى بولىدۇ

1946 ـ يىلى ئافرىقىدىكى ئېفىئوپىيىدە شۋېتسىيىنىڭ تۇنجى باش
ئەلچىخانىسىنى قۇرىدۇ

1948 ـ يىلى شۋېتسىيىنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى ،
كېيىن يەنە سەيلون ( يەنى ھازىرقى سىرى لانكا ) دا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى
بولىدۇ

1951 ـ يىلىدىن 1956 ـ يىلغىچە ، دۆلىتىگە قايتۇرۇپ كېلىنىپ ،
دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى سىياسىي مەھكىمىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۆتەيدۇ
كېيىن يەنە شۋېتسىيىنىڭ ب د ت دە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بولىدۇ
1957 ـ يىلىدىن 1958 ـ يىلغىچە ، ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ ۋە-
كىلى بولىدۇ ئۇ خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ رەئىسى بولغان مەزگىلىدە ،
يەنە ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ كەشمىر ئۈستىدىكى تالاش ـ تارتى-
شىنى ھەل قىلىدىغان كېلىشتۈرگۈچىسى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/2.asp?isim=[2010-12-31 00:08:49]

alma uyghur book

1958 – يىلىدىن 1964 – يىلىغىچە، شۋېتسىيىنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بولدۇ

1964 – يىلىدىن 1973 – يىلىغىچە، شۋېتسىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بولدۇ، شۇنداقلا 1965 – يىلىدىن تارتىپ شۋېتسىيىنىڭ موڭغۇلىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىكىنىمۇ قوشۇمچە ئۆتەيدۇ

1967 – يىلى 10 – ئايدا، ب د ت باش كاتىپىنىڭ ئوتتۇرا شەرق رايونى بويىچە پەۋقۇلئاددە ۋەكىلىكىگە تەيىنلىنىپ، ئەرەبلەر بىلەن ئىسرائىلىيىلىكلەر ئوتتۇرىسىدا مۇرەسسە قىلىش رولىنى ئوينايدىغان ئىنتايىن تەس ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالدۇ 1971 – يىلى ب د ت نىڭ باش كاتىپى نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلدۇ، بېلەت تاشلىغاندا، ئۈچ بېلەت كەملەپ قالغاچقا، ئاۋستىرىيىلىك دىپلومات كۇرت ۋالد خېيىم باش كاتىپ بولۇپ سايلىنىدۇ

1973 – يىلىدىن ئېتىبارەن كەسپىي دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىقىدىن چېكىنىپ چىقىدۇ

1933 – يىلى دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسىنى « ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى تەتقىقاتى » نەشر قىلىنغان چاغدىن ھازىرغىچە بولغان 70 يىل مابەينىدە، مەيلى ئۇنىۋېرسىتېتتىكى چېغىدا بولسۇن، ياكى جىددىيچىلىك ئىچىدە ئۆتكەن دىپلوماتىيە ساھەسىدە بولسۇن، ئىزچىل تۈردە شەرقشۇناسلىققا ئائىت ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ كەلگەن ھەمدە ئۇيغۇر تىلىغا، تارىخىغا ۋە مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار ماتېرىياللارنى باشتىن – ئاخىر بوشاشماستىن توپلاپ، ئېلان قىلىپ ۋە تەتقىق قىلىپ كەلگەن. پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن يەنە ئۇستازى راگۇتتىن قېپقالغان ماقالە ئەسەرلەرنى رەتلەشكە كىرىشكەن. دەرۋەقە، ئۇ دىپلوماتىيە سىياسىتىگە مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ئائىت نۇرغۇن ماقالىلەرنىمۇ يازغان

يارىڭ ئۇتۇق قازانغان دىپلومات، ئابرويلۇق، كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن نۇرغۇن شان – شۆھرەتكە ۋە مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن، 1976 – يىلغىچە ئېرىشكەن شان – شۆھرەت ۋە مۇكاپاتلىرى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/2.asp?isim=[2010-12-31 00:08:49]

alma uyghur book

ئاساسلىقى مۇنۇلار :

ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتى ( 1959 ) ، ئاۋگېستانا ئىنستىتۇتى ( 1960 ) ، ئامېرىكا ئوھايئو شتاتى سىنسىننات ئۇنىۋېرسىتېتى ( 1963 ) قاتارلىق مەكتەپلەرنىڭ پەخرىي قانۇنشۇناسلىق دوكتۇرى دېگەن ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ؛

نيۇ - يورك مەشھۇر زات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ( 1971 ) ؛

ستوكھولم كارل سىنوسكىنى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ( 1973 ) ؛

لوندون سېر خاتىرىلەش پېرسى سېكس مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ( 1974 ) ؛

چارلىز X II دەۋرىدىكى شۋېتسىيە — تۈركىيە مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىسى ئارقىلىق شۋېتسىيە خان جەمەتى ئەدەبىيات ، تارىخ ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان ( 1968 ) .

ئۇ يەنە شۋېتسىيە خان جەمەتى ئەدەبىيات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ( 1965 ) ، خان جەمەتى تەبىئىي جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ( 1972 ) ، ھەربىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەزاسى ( 1970 ) بولغان ئەنگلىيە خان جەمەتى ياۋروپا ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇنى پەخرىي ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلغان .

1994 - يىلى 4 - ئايدا ، شۋېتسىيە پادىشاھى ئۇنىڭغا « ئانتروپولوگىيە ۋە جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ئالتۇن ئوردېنى » نى ئۆز قولى بىلەن تەقدىم قىلغان . بۇ ماكاپاتقا تۇنجى بولۇپ ئېرىشكۈچى دەل سۋېن ھېدىن ئىدى

## 2

يارىڭ شەرقشۇناس سالاھىيىتى بىلەن دىپلوماتىيە ساھەسىگە كىرگەن ، دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىق ئورنىدىن چېكىنگەندىن كېيىنمۇ شەرقشۇناسلىق سالاھىيىتىنى يەنىلا ساقلاپ كەلگەن . ئۇ شۋېتسىيىدىكى تەسىرى زور بولغان دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىدىن بىرى بولۇپلا قالماستىن ،



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/2.asp?isim=[2010-12-31 00:08:49]

alma uyghur book

يەنە تازا تونۇلغان شەرقشۇناسلاردىن بىرى  ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى، ئىلىم تەھسىل قىلىش پوزىتسىيىسى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە

1992 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، جۇڭگو، شۋېتسىيە بىرلىشىپ ئاچقان «20 ـ ئەسىر غەربىي يۇرتىنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش» خەلقئارا يىغىنى ئۈرۈمچىدە رەسمىي ئېچىلدى  بۇ يىغىننىڭ تەييارلىق ئىشلىرى ياررىڭ ئەپەندىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشتى  مەن يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى تۈگىشى بىلەنلا، شۋېتسىيىلىك دوستلار ۋە ئامېرىكىلىق پروفېسسور بوسېن بىلەن بىرلىكتە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوندا ياررىڭ بىلەن سۆزلەشتۇق، ئۇ يىغىننى چىن قەلبىدىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى  بىر يىغىندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق  خوتەن دەرياسىنى بويلاپ جاپالىق يول يۈرۈۋاتقان ۋاقىتلىرىمىز ياررىڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە توغرا كېلىپ قالغانىدى  خوتەن شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، شۋېتسىيىلىك دوستلار ۋە مەن تېلېفون ئارقىلىق ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى قۇتلۇقلاپ سالىمىمىزنى ئېيتتۇق ھەمدە تەسىراتلىرىمىز ۋە سەپەر ئەھۋالىمىزنى قىسقىچە بايان قىلدۇق  شۋېتسىيىلىك پروفېسسور روسىن ماڭا ياررىڭنىڭ شۋېتسىيە شەرقشۇناسلىرى ئىچىدىكى ئالدىنقىلارنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئىلھام بېرىدىغان شەخس ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭمۇ ئاشۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەر ( مەسىلەن، گېمارى قاتارلىقلار ) ئىچىدە تا بۈگۈنگە قەدەر يەنىلا شەرقشۇناسلىق ئىلمىي تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان شەرقشۇناسلىقنىڭ تەرەققىياتىغا مۆلچەرلىگۈسىز تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بىردىنبىر شەخس ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى ۋە مەدەنىيىتىنى باشتىن ـ ئاخىر ئىنتايىن قىزغىن سۆيىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ يەنە جۇڭگو بىلەن شۋېتسىيىدىن ئىبارەت ئارىلىقىنى يىراق مۇساپە ئايرىپ تۇرىدىغان ئىككى دۆلەتنى چۈشىنىش ۋە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشتىكى كۆۋرۈك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/2.asp?isim=[2010-12-31 00:08:49]

alma uyghur book

ياررىڭنىڭ ئەسەرلىرى سان جەھەتتە ئۆزىنىڭ بويى بىلەن تەڭ تىزىلغۇدەك ئەسەرلىرى بار ئالىملارنى بېسىپ چۈشەلمەيدۇ لېكىن ، ئۇنىڭ شەرقشۇناسلىق ھەققىدىكى ئەسەرلىرى ئىچىدە بىر قەدەر تەسىرى بارلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

« ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى تەتقىقاتى » ( 1933 ـ يىلى ، لوندون ) ؛

« ئافغانىستاندىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ جايلىشىشى ۋە ئۇلارنى دەسلەپكى قەدەمدە تۈركچە ئايرىش ھەققىدە تەتقىقات » ( 1939 ـ يىلى ) ؛

« ئۇيغۇر تىلى ـ ئىنگلىز تىلى شېۋىلىرى لۇغىتى » ( 1964 ـ يىلى ، لوندون ) ؛

« گۇستاف راگۇيت ۋە 〈 قاسىم ئاخۇننىڭ كامىل ئەپەندىگە يازغان خېتى 〉 ھەققىدە تەتقىقات » ( 1975 ـ يىلى ، لوندون ) ؛

« شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى شۋېتسىيىلىك دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مىللەتشۇناسلىققا دائىر ماتېرىياللار » ( 1979 ـ يىلى ، لوندون ) ؛

« قەشقەرگە قايتا سەپەر » ( 1979 ـ يىلى ، ستوكھولم ؛ 1986 ـ يىلى ، ئامېرىكا دۇك ئۇنىۋېرسىتېتى ) ؛

« قەشقەر ئەدەبىياتىغا دائىر ماتېرىياللار » ( 1980 ـ يىلى ، لوندون ) ؛

« ئۇيغۇر تىلىدىكى 〈 مۇنازىرە ئەدەبىياتى 〉 توغرىسىدا خاتىرىلەر » ( 1981 ـ يىلى ، لوندون ) ؛

« شىنجاڭدىكى يېپەك يولىدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىكى يېڭى بايقاشلار توغرىسىدىكى قاراشلىرىم » ( 1983 ـ يىلى ) ؛

« قەشقەر قول يازمىلىرى » ( 1987 ـ يىلى ، لوندون ) ؛

« 〈 ئوغرى يوق شەھەر 〉 قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى ھەققىدە تەتقىقات » ( 1989 ـ يىلى ، لوندون ) ؛

« قەشقەردىكى باسما ماتېرىياللار شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭدىكى باسمىخانىسى : تارىخ ۋە باسما بۇيۇملار ھەققىدە ئومۇمىي بايان » ( 1991 ـ يىلى ، ستوكھولم ) ؛

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/2.asp?isim=[2010-12-31 00:08:49]

alma uyghur book

« ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مەدەنىيەت توقۇنۇشى — شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى تەسۋىرىدىكى خەنزۇ تىياتىرى » ( 1991 - يىلى ، لوند ) ؛

« شۆۋېتسىيە دۆلەت ئارخىپ سارىيىدا ساقلىنىۋاتقان جۇڭگو شىنجاڭغا ئائىت ماتېرىياللار » ( 1991 - يىلى ، « ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى » نىڭ ئومۇمىي 35 - جىلدىغا بېسىلغان )

يۇقىرىقى تولۇق بولمىغان مۇندەرىجىدىن ياررىڭنىڭ ئىلمىي ھاياتىدىكى مۇنداق ئىككى ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ : بىرىنچىسى ، ئۇنىڭغا شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى باشتىن - ئاخىرغىچە سىڭدۈرۈلگەن ئۇنىڭ « ئۇيغۇر تىلى - ئىنگلىز تىلى شېۋىلىرى لۇغىتى » دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە تۈنجى ئەسەر بولۇپ ، تا بۈگۈنكىچە ئىلىم ساھەسىدىكىلەر تەرىپىدىن ئەتىۋارلىنىپ كەلمەكتە ، ئۇ لۇغەت تۈزۈلۈپ نەشرگە بېرىلىدىغان چاغدا ، ياررىڭ شۆۋېتسىيىنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بولۇشتەك دىپلوماتىيە جەھەتتىكى مۇھىم بىر ۋەزىپىنى ئۆتەۋاتاتتى ۋەھالەنكى ، يۇقىرىقى ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن يېزىپ پۈتتۈرۈلگەن ۋە نەشر قىلدۇرۇلغان 2 - تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا ، ئۇ مەيلى يۇقىرى دەرىجىلىك دىپلوماتىيە ئەمەلدارى بولغان چاغدا بولسۇن ، ياكى ئاخىرقى ئۆمىدىنى ئارامخۇدا ئۆتكۈزىدىغان پېنسىيە ھاياتىدا بولسۇن ، باشتىن - ئاياغ ئۆزىنى شەرقشۇناس دەپ بىلىپ جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىغا بولغان قىزغىن سۆيگۈسىنى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىنى زادى ئاجىزلاشتۇرمايلا قالماستىن ، ئەكسىچە ، ئۇنى قېرىغانسېرى كۈچەيتكەن ئىككىنچىسى ، شىنجاڭ ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەركىزى قەشقەر ئىزچىل تۈردە ئۇنىڭ تەتقىقاتىنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلگەن ئۇ دەسلەپ شىنجاڭغا كەلگەندە ، 22 ياشلىق بىر يىگىت ئىدى ، ئۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن خايلارغا باردى سان - ساناقسىز شان - شۆھرەت ۋە مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن قەشقەرنىڭ ئۆزىگە قالدۇرغان كۈچلۈك ، چوڭقۇر تەسىرىنى زادى سۇسلاشتۇرماي كەلدى مەن 1992 - يىلى ياررىڭ ئەپەندىنى يوقلاپ بارغان چېغىمدا ، ئۇ ماڭا قەشقەرنى يادىغا كەل-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/2.asp?isim=[2010-12-31 00:08:49]

alma uyghur book

تۇرسىلا ، قايتىدىن ياشىرىپ ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگەن گۈزەل چاغلىرىمغا قايتقاندەكلا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. مەن ئۇ چاغدا 85 ياشقا كىرىپ قالغان بۇ تەقۋادار مويسىپىتتىن تەسىرلىنىپ ، ئۇنى شۇنچە سەمە-مىيى ، شۇنچە خۇش پېئىل ھېس قىلدىم ، « غەربىي يۇرت مۇھەببىتى » مېنىڭ ۋە نۇرغۇن دوستلىرىمنىڭ ۋۇجۇدىدىن مەھكەم ئورۇن ئالدى. ئۇ مەرتىۋە ، ماكان ، ياش ، مىللەت قاتارلىق نۇرغۇن ئوخشىماسلىقلار تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ !

راگۇيىتنىڭ ئوقۇغۇچىسى ، 2 ـ ئەۋلاد شەرقشۇناسلارنىڭ ۋەكىلى بولغان يارىڭ دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىق ئورنىدىن پېنسىيىگە چىققىنىغا 20 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ ، ۋېكوندىكى تىپتىنچ داچىسىدا ھېلىھەم تەتقىقات ، يېزىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولماقتا ، ئۇنىڭ شەرقشۇناسلىقتىن ئىبارەت بۇ ئورۇندىن « پېنسىيە » گە چىقىش نىيىتى يوق ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شىنجاڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ، شىنجاڭنى تەت-قىق قىلىدىغان ھەر بىر شەخس مانا مۇشۇنداق پېشقەدەم ئالىمنىڭ بارلىقىدىن پەخىرلىنىشى كېرەك !

## 3

مەن 1989 ـ يىلى كۈزدە ، شۋېتسىيىلىك بىر نەچچە دوستۇم بىلەن بىللە قەشقەرگە باردىم. بازاردا بىر بوۋاي تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىزگە گەپ قىلىپ :

— سىلەر ئەنگلىيىلىكمۇ ياكى گېرمانىيىلىكمۇ ؟ — دەپ سورىدى.

— بىز شۋېتسىيىلىك ، — دېدى خەنزۇ تىلىغا پىششىق چىنبىدال خانىم. بوۋاينىڭ چۈشەنمىگەنلىكىنى بىلگەن چىنبىدال خانىم :

— شۋېتسىيىدىن ( Sweden ) ! — دەپ قوشۇمچە قىلىپ قويدى.

— ھە ، Sweden ، بىلدىم ، چۈشەندىم ! — بوۋاي بىردىنلا روھ-لىنىپ كەتتى ، — 40 ـ 50 يىلنىڭ ئالدىدا ، قەشقەردە شۋېتسىيىلىكلەر

ئالما تور سەھىپىسى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/2.asp?isim=[2010-12-31 00:08:49]

كۆپ ئىدى ، ئۇلار تېخى مېنىڭ كېسىلىمنىمۇ داۋالاپ قويغانىدى ، ـــ كەچكى شەپەق نۇرىنىڭ تەسىرىدىن بوۋاي كۆزىنى پۇرۇشتۇرگەن پېتى ئۆتمۈشنى ئەسلەشكە باشلىغانىدى

ـــ شۋېتسىيە  ئۇ بەك يىراقتىكى بىر دۆلەت ، تۆگىگە مىنىپ ، پويىزغا ئولتۇرۇپ بىر نەچچە ئاي مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ

قەشقەر تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىدىن بىزنى كۈتۈۋالغان بىر ئۇيغۇر كادىر قىزغىنلىق بىلەن :

ـــ 1978 ـ يىلى مەن شۋېتسىيىلىك ياررىڭنى كۈتۈۋالغانىدىم ، ئۇنى تونۇمسىلەر ؟ ئۇ كىشى سالامەت تۇرۇۋاتامدۇ ؟ ـــ دەپ سورىدى

ـــ ياررىڭ ! ئەلۋەتتە ، شۋېتسىيىلىك بىر قانچە دوستۇم ئۇ كىشىنى تونۇيتتى  ئۇلار جۇڭگوغا كېلىش ئالدىدا ، ئالايتەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى بارغانىدى  هالبۇكى  مەن ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ، ئوتتۇرا شەرقتە پەۋقۇلئاددە ئەلچى بولغان دىپلومات ياررىڭ دېگەن ئىسمنى گېزىتتىن كۆرگەنىدىم ، كېيىنكى چاغلاردا چىنبىدالنىڭ هاۋالىسىگە بىنائەن ، ئۇنىڭغا بىر قىسىم ئۇيغۇرچە كىتابلارنى تېپىپ بەرگەنىدىم

ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، ماڭا ياررىڭ ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈش نېسىپ بولدى

بىز شۋېتسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى دېڭىز بويىدا مەشهۇر خەنزۇشۇناس پىروفېسسور ماك جوخاننى زىيارەت قىلدۇق  بىر ئاپتومبىلغا ئولتۇرۇپ دېڭىز بويلاپ شىمالغا قاراپ مېڭىپ ، بىر كىچىك بازارغا كەلدۇق  شۋېتسىيىلىك دوستۇم ماڭا :

ـــ مۇشۇ يەردە كونا كىتابلارنى ساتىدىغان ئوبدان بىر دۇكان بار ، كۆرۈپ بېقىشقا تېگىشلىك ، ـــ دېدى  راست دېگەندەك ، مەن ئۇ يەردىن سۈرئەت هېدىننىڭ ئىككى خىل كىتابىنى سېتىۋالدىم  شۋېتسىيىلىك دوستۇم سىتېگ قولىغا قاتتىق مۇقاۋىلىق بىر كىتابنى ئېلىپ :

ـــ ياك لىيەن ، ساڭا بىر كىتاب هەدىيە قىلاي ، مانا بۇ ياررىڭ يازغان « قەشقەرگە قايتا سەپەر » دېگەن كىتاب ! ـــ دېدى

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn

مەن بىر سائەتتىن كېيىن ، « قەشقەرگە قايتا سەپەر » دېگەن كى-
تابنى كۆتۈرۈپ ياررىڭنىڭ ۋېكوندىكى داچىسىغا كەلدىم قارىسام
ئىلگىرىكى بۇ بېلىقچىلار مەھەللىسى ئەمدىلىكتە تەرەققىي قىلىپ « ئۈچ
چوڭ پەرق » تۈگىتىلگەن گۈزەل تىنچ بازارغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ ئىككى
سائەتتىن ئارتۇق داۋام قىلغان ئازادە پاراڭىمىزدا ، شىنجاڭ ، قەشقەر ئۈس-
تىدىلا سۆزلەشتۇق بازار ، ھېيتگاھ ، روسىيە كونسۇلخانىسى تىلغا
ئېلىنغان ھامان ياررىڭ گويا خېلىلا ياشىرىپ قالغاندەك بولۇپ كېتەتتى

— يېقىندا شۋېتسىيە ئارخىپ سارىيىغا بېرىپ شىنجاڭدا دىن
تارقاتقۇچىلار ئارخىپىنى كۆردۈم ، — دېدىم مەن ، — ئۇنىڭدىكى
مەزمۇنلار ئىنتايىن مول ئىكەن ، سىز مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى
شۋېتسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ تارىخى
ئۈستىدىمۇ كۆپلىگەن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپتىكەنسىز

— شۇنداق ، — دېدى ياررىڭ ، — مېنىڭ ئۇستازىم ئاشۇ دىن
تارقاتقۇچىلاردىن بىرى ئىدى 1929 ـ يىلى مەن دىن تارقاتقۇچىلار بىلەن
بىللە قەشقەرگە بارغانىدىم ، كېزىك بولۇپ قالغان چېغىمدا ، يەنە شۇ دىن
تارقاتقۇچىلار مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتقۇلدۇرۇپ قالغانىدى بۇ ھەققىدىكى
مەزمۇنلار بۇنىڭغا ( ئۇ « قەشقەرگە قايتا سەپەر » دېگەن كىتابنى بوش
تۇرۇپ قويدى ) يېزىلدى

چىنىبدال خانىم ۋېكوندىن ستوكھولمغا قايتىش سەپىرىدە ،
« قەشقەرگە قايتا سەپەر » دېگەن كىتابنىڭ مۇھىم مەزمۇنىنى ماڭا تەر-
جىمە قىلىپ سۆزلەپ بەردى مەن كېيىن بۇ كىتابنىڭ ئىنگلىزچە
نۇسخىسىنىمۇ تاپتىم ئىشىنىمەنكى ، بۇ كۆپ ئۇچرىمايدىغان ياخشى كى-
تاب بۇ كىتاب جۇڭگولۇق كەسىپداشلار بىلەن خەلقئارا
شەرقشۇناسلارنىڭ ئىلمىي ئىدىيىسىنى بىر ـ بىرىگە « تونۇشتۇرۇش » تا
ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى

قىسقىسى ، « قەشقەرگە قايتا سەپەر » دېگەن كىتابتا ياررىڭنىڭ
شىنجاڭغا ئىككى قېتىم — 1929 ـ ، 1930 ـ يىلى كەلگەن چاغدىكى تە-
سىراتلىرى خاتىرىلەنگەن ئىككى قېتىملىق سەپەر ئارىلىقىدا ئۆتۈپ

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn

alma uyghur book

كەتكەن يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت شەرقشۇناسلار ئۈچۈن، جۇڭگو ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـ، 30 ـ يىللىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاكامۇللاشقان مەزگىلى بولۇپ، شۇ مەزگىلدىكى فونېتىكا دىئالېكتولوگىيە خېلى تېپىك ئىدى شۇڭا، ياررىڭنىڭ ئەينى چاغدىكى تەكشۈرۈشى، تەتقىقاتى شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ئۈچۈن تولىمۇ ئاچقۇچلۇق ھېسابلىنىدۇ 1978 ـ يىلى كۈز پەسلى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئاغدۇرۇلغىنىغا دەل ئىككى يىل بولغان، ماۋ زېدۇڭدىن كېيىنكى جۇڭگو «ئىسلاھات»، «ئېچىۋېتىش» نىڭ باش پەللىسىدە تۇرۇۋاتقان، شۇنىڭدىن كېيىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمىگەن ۋاقىتتا ئېچىلىدىغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ بۇيرۇق ئوقىنى ئېتىشىنى كۈتۈۋاتقان چاغ ئىدى بىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئۆمۈرلۈك ئۇيقۇدا ياتقان جۇڭگو بولسا؛ يەنە بىرى ئىسلاھات ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، دۇنياۋى ئېقىمغا يۈزلىنىپ، دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان جۇڭگو ئىدى «قەشقەرگە قايتا سەپەر» دېگەن كىتابتا دەل تارىخىي خاراكتېرلىك ئاشۇ ئۆزگىرىش بىر شەرقشۇناسنىڭ نەزەرى ئارقىلىق توغرا، ئوبيېكتىپ ھەم جايىدا تەسۋىرلەنگەن

ئارىدىن يېرىم ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، جۇڭگوغا قايتا كېلىپ قەلەم تەۋرەتكەن ياررىڭ كىتابىنىڭ بېشىدىلا مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسىتىدۇ:

بۇ قەدىناس جايغا قايتا ساياھەتكە كەلگەنلىكىم توغرىسىدىكى بۇ كىتابنى يېزىشىمدا ھېچقانداق مەخپىي مەقسىتىم يوق مەن تالاش ـ تارتىش بولۇپ كېلىۋاتقان ھېچقانداق بىر تېمىنى ئەتەي تاللىغان ئەمەسمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىمنى تەلەپ قىلغان ئادەممۇ يوق تۆۋەندە خاتىرىلەنگەنلىرى بىر جەھەتتىن كونا شىنجاڭنى ئەسلىشىم بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن جۇڭگونىڭ ئادەتتىكى چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرگە تېخىچە ئېچىۋېتىلمىگەن قىسمى بولغان ھازىرقى شىنجاڭ

ئالما ئۇيغۇر
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/3.asp[2010-12-31 00:10:26]

alma uyghur book

ھەققىدىكى زېمىنغا بولغان تەسىراتلىرىمىدىن ئىبارەت

« قەشقەرگە قايتا سەپەر » نى ئوقۇسا ، ياررىڭنىڭ دەۋر تۇرمۇشى-
نىڭ ئالاھىدىلىكىنى توغرا تۇتقانلىقى كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ
ياررىڭ قەلىمى ئارقىلىق تەسۋىرلەنگەن 1978 ــ يىلدىكى بېيجىڭ ، ئۈ-
رۈمچى ۋە قەشقەر بىزنىڭ خاتىرىمىزدىكى بىلەن تامامەن ئوخشايدۇ  شۇ
كەملەردە ، كىتاب بازارلىرىدىكى ئوقۇشلۇقلار ئاساسلىقى ماۋ زېدوڭ ئە-
سەرلىرىنى ئاساس قىلغان سىياسىي ئوقۇشلۇقلاردىن ئىبارەت ئىدى
ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئىجادىيىتى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ خانى-
ۋەيرانچىلىقىدىن تېخى ئېسىگە كېلەلمىگەنىدى . كىشىلەر ھېلىھەم
بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاددىي ھالدا « تۆت كىشىلىك گورۇھ » نىڭ كاشى-
لىسى ۋە بۇزغۇنچىلىقىغا ئارتىپ قويۇشقا كۆنۈپ قالغانىدى . مەيلى
ئۇيغۇرلارنىڭ ياكى خەنزۇلارنىڭ بولسۇن ، ھەقىقىي مىللىي مەدەنىيەت
مىراسلىرىنى تېخى ھېچيەردە ئۇچراتقىلى بولمايتتى  ياررىڭ جۇڭگونى
قىزغىن سۆيىدىغان بىر چەت ئەللىك بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللىي مەدە-
نىيەت ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى
قۇتقۇلدۇرۇش ، زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچى-
دىكى جەۋھەرلەرنى كونا نەرسە دەپ تاشلىۋەتمەسلىك كېرەك ، دېگەن
ئىجابىي تەكلىپلىرىنى يوشۇرماي ئوتتۇرىغا قويىدۇ

كىتابتا 20 ــ ، 30 ــ يىللاردا ئارىلىقىدىكى قەشقەرگە ۋە شىنجاڭغا
بولغان ھەقىقىي سېغىنىش ھېسسىياتى چىقىپ تۇرىدۇ  ئۇنىڭ قەلىمى
ئاستىدا ، يېرىم ئەسىر ۋاقىت گويا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا ئۆتۈپ
كەتكەندەك تەسۋىرلىنىدۇ ، قەشقەرنىڭ تۇسى ، قەشقەرنىڭ پۇرىقى ،
قەشقەرنىڭ كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان سىرى ، قەشقەر خەلقىنىڭ ساددا ــ
تۈزلۈكى  بەئەينى لىرىكىلىق شېئىر ، خەلق قوشاقلىرىدەك كىتاب بەت-
لىرىدىن كىتابخانلارنىڭ قەلبىگە بىۋاستە ئېقىپ كىرىدۇ

ياررىڭ بۇ قەدىناس جايغا قىلغان قايتا سەپىرىنى ئاياغلاشتۇرۇش
ئالدىدا ، بىر ئاز ھەسرەتلەنگەن ھالدا مۇنداق دەپ يازىدۇ :

بىز بىر قانچە ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى بېسىپ ئۆتتۇق  بۇ يەردىكى

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/3.asp[2010-12-31 00:10:26]

alma uyghur book

ئۆيلەرنىڭ خام كېسەكتىن قوپۇرۇلغان ئۆزگىچە ئۇيغۇر ئۆيلىرى ئىدى مەن مانا شۇنداق مۇھىتتا بىر قانچە ئاي تۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ياشلىق باھارىمغا يەنە بىر قېتىم ئىگە بولۇشنى راستتىنلا ئارزۇ قىلدىم ئاشۇنداق بولغاندا ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمغا جەزمەن پايدىسى بولاتتى، شۇنداقلا جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىنى چۈشىنىشىمگىمۇ ياردىمى بولاتتى

بۇ يەردە ئىزھار قىلىنغىنى بىر شەرقشۇناسنىڭ جۇڭگوغا بولغان مۇھەببىتى، پېنسىيىگە چىققان بىر مويسىپىتنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىق باھارىنى ئەسلىشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تەقدىرىگە بولغان كۆيۈنۈش، جۇڭگودىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەل كەلگۈسىگە بولغان قەتئىي ئىشەنچ چوڭقۇر سىڭگەن

«قەشقەرگە قايتا سەپەر» دېگەن كىتابنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە جۇڭگوغا بولغان قىزغىن مۇھەببەت سىڭدۈرۈلگەن؛ ياررىڭ تارىختا شىنجاڭدا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن ۋە ئېلىپ كەتكەن قىلمىشلارغا نىسبەتەن ھەقىقىي ئالىمدا بولۇشقا تېگىشلىك غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن بىر توپ كىشىلەر ھەيرانلىق ئىلكىدىكى قىزىقىش بىلەن ئۇنى ئورىۋالغاندا، ئۇ ئىلگىرىكى مۇنداق بىر ئىشنى دەرھال ئېسىگە ئالدى: 30 - يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ئۇ لوند كوچىسىدا ئايلىنىپ يۈرگەن جۇڭگولۇق بىرەيلەننى ئۇچرىتىدۇ بۇ جۇڭگولۇقمۇ شۋېتسىيە ياشلىرىنىڭ قورشىۋېلىشىغا، «توڭرا پاچاق» دەپ ھاقارەتلىنىشكە دۇچ كېلىدۇ، ئۇ بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي، ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ تاماشا كۆرۈۋاتقانلارنى قاتتىق تىللايدۇ ئۇ ئاشۇ تەسۋىرىدە ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى باشقىلارنىڭ كەچۈرمىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قاراشتىن ئىبارەت كۆكسى - قارنى ئارقىلىق تارىخ دېڭىزىدىكى سۇرەن - شاۋقۇنلارنى پاك - پاكىز تۇگىتىۋېتىدۇ

«قەشقەرگە قايتا سەپەر» نىڭ ئادەتتىكى ساياھەت خاتىرىسىدىن ئېشىپ چۈشكەنلىكى يەنە ئاپتورنىڭ شىنجاڭ توپرىقى ۋە خەلقىنى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/3.asp[2010-12-31 00:10:26]

alma uyghur book

چوگقۇر چۈشەنگەنلىكىدىن بولغان  دەل مانا مۇشۇ ۋەجىدىن كىتابتىكى
نۇرغۇن تەپسىلاتلار ، قىستۇرمىلار ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە
مەسىلەن ، لى يىنبىڭ ئەپەندى « بۇددا ئىلى ئۇدۇن » دېگەن
كىتابىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى كىتابى — « تەزكىرە » نى تىلغا ئالىدۇ
مەزكۇر كىتاب ستەين قاتارلىقلارنىڭ بىردەم ئۇنداق ، بىردەم بۇنداق دەپ
ئاتاپ يۈرۈشى نەتىجىسىدە ، زادى نېمە كىتاب ئىكەنلىكىنى چۈشەنگىلى
بولمايدىغان بىر نېمىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇلغانىدى  بىراق « قەشقەرگە قايتا
سەپەر » دە بولسا ، « تەزكىرە » نىڭ تەرجىمىھال دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدىغانلىقى ، قىسقارتىلغان كىتاب ئىسمى بولۇپ ، ئۇنىڭ ھەقىقىي
ئىسمى « سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى » ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ
1930 ـ يىلى ياررىڭ بۇ كىتابنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى دوستى كە-
تابچۇرۇش روزى ئاخۇندىن سېتىۋالغان
شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ
يىللىرىدىكى قەشقەرنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى بىلىش
ئۈچۈن ، « قەشقەرگە قايتا سەپەر » نى ئوقۇماي بولمايدۇ ، بۇنداق
مىساللارنى كەلتۈرۈپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ  بۇ كىتابنى ئوقۇغانلىكى كە-
شىلەرنىڭ ماڭا ئوخشاش ھېسسىياتقا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن
ئومۇمىي بايان شەكلىدىن قارىغاندا ، « قەشقەرگە قايتا سەپەر »
شېئىرى مەنە بىلەن تولغان ئەسلىمىدىن ئىبارەت  كىتابتا باشقىلاردا كۆ-
رۈلۈشى تەسكە چۈشىدىغان ئۆزىگە خاس كۆرگەن ـ ئاڭلىغان ئىشلار
ئەسىر ھالقىغان نۇقتىئىنەزەر بولۇپلا قالماستىن ، يەنە نۇرغۇنلىغان جانلىق
ئوبرازلىق ئوخشىتىشلارمۇ بار ، بۇلارنىڭ ئىچىدە چىراغلىرى ئەمدىلا يو-
رۇتۇلغان چاڭئەن كوچىسىنى ئايرودرومنىڭ ئىنتايىن كەڭ ھەم ئاخىرىغا
كۆز يەتمەيدىغان غايەت يوغان ئۆچۈش ۋە چۈشۈش يولىغا ئوخشاتقانلىقى
چوڭقۇر ۋەزىنلىك بىر مىسال بولىدۇ  شۇ چاغدا ، ئۇ ئۆزۈندىن بىرى
تەشنا بولۇپ كەلگەن جوڭگونىڭ پايتەختىگە ئەمدىلا يېتىپ كەلگەن
بولسىمۇ ، ئەمما ، ئۇنىڭ قەلبى ئاللىقاچان شىنجاڭغا ، قەشقەرگە ئۇچۇپ
كەتكەنىدى ، بۇنىڭدىن سىرت ، شۇ چاغدىكى جوڭگو ئۇچۇش ئالدىدا

ئالما ئۇ ...
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/3.asp[2010-12-31 00:10:26]

تۆرۈۋاتقان قەدىمكى دۆلەت ئىدى . بۇ ئوخشىتىش ئاپتورنىڭ روھىي دۇنياسى تەسىراتىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەرگەن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ .

شەخسىي نۇقتىئىنەزەردىن ئېيتقاندا ، ياررىڭنىڭ ئۆزىنىڭ كېزىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئۇمىدى ئۈزۈلگەن ئەھۋالدا ، ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش جەريانىنى تەسۋىرلەپ يازغان پارچىلار مەندە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى . ئۇ بىر قەشقەر قارا قارغىسىنىڭ دائىم دەل ئەتىگەن سائەت سەككىزدە ئۇچۇپ كېلىپ ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغانلىقىنى ، سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندە بولسا ھېلىقى قارا قارغىنىڭ ئىككىنچىلەپ كەلمىگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ . بۇ تەپسىلاتتا ماكانىدىن ئايرىلىپ يىراق چەت جايغا كېلىپ ، جاپاغا چىداپ ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ياۋروپالىق بىر ياشنىڭ ئۆز يۇرتىنى سېغىنىشى ، شۇنداقلا ئېغىر كېسەلدىن ساقايغان چاغدىكى كۆڭۈل ئازادىلىكى بايان قىلىنىدۇ .

پۈتۈن كىتاب ئومۇمەن 20 ـ ، 30 ـ يىللار بىلەن 1978 ـ يىلىنى سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا يېزىلغان . بۇ خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئۇسلۇب . دەرۋەقە ، ئەپسۇسلىنارلىق يېرىمۇ بار دېيىلسە ، ئۇ ھالدا ، ئۇ ھازىر ــ جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ ياخشى مەزگىلدە ــ ياشىنىپ قالغان ياررىڭ ئەپەندىنىڭ قەشقەرگە يەنە بىر نۆۋەت كېلەلمەسلىكىدىن ھەمدە 1929 ـ ، 1978 ـ ، 1994 ـ يىلدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى تېخىمۇ ئەتراپلىق سېلىشتۇرالماسلىقىدىن ئىبارەت .

سەھىپە چەكلىك بولغاچقا ، ياررىڭ ئەپەندىنىڭ شەرقشۇناسلىق ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالىلىرىنى تولۇق تونۇشتۇرغىلى ۋە باھالىغىلى بولمىدى ، ئەمما ئۇنىڭ ھەربىر ئەسىرىدە يېڭى بىر تەتقىقات سەھىپىسى ئېچىشقا ئىنتىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىنى ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ . بۇ يەردە « قەشقەردىكى باسما ماتېرىياللار ــ شۋېتسىيىلىك دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭدىكى باسمىخانىسى : تارىخ ۋە باسما بويۇملار ھەققىدە ئومۇمىي بايان » نى مىسال كەلتۈرۈپ ، قىسقىچە تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى .

بۇ ماقالە شۋېتسىيىلىك دىن تارقىتىش ئۆمىكى قەشقەردە قۇرغان

www.alma.cn

alma uyghur book

باسمىخانا باسقان ئەسەرلەرنىڭ مۇندەرىجىسى ھەققىدە يېزىلغان «كىرىش سۆز» دىن ئىبارەت ھالبۇكى، باسمىخانىنى كىشىلەر ئۇقمايتتى شۇنداقتىمۇ، ئۇ تارىخنىڭ بىر قىسمى بولغاچقا، 30 يىل داۋامىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىردىنبىر باسمىخانا، ئەسەر ـ ماقالىلارنى كۆچۈرۈپ كۆپەيتىشكە ئادەتلەنگەن، ئەڭ بۇرۇن قەشقەردە بارلىققا كەلگەن باسمىخانا بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى نەشرىياتچىلىق تارىخىدىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر سەھىپىدىن ئىبارەت. بۇ باسمىخانا 30 ـ يىللاردىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا سىياسىي خاراكتېرلىك نۇرغۇنلىغان تەشۋىقات بۇيۇملىرى بېسىشقا مەجبۇر بولغان. بۇ تەشۋىقات بۇيۇملىرىنىڭ مەزمۇنلىرىنىڭ توغرا بولۇش ـ بولماسلىقى باشقا بىر كاتېگورىيىگە تەئەللۇق مەسىلە. لېكىن، بۇ تەشۋىقات بۇيۇملىرى شۇ باسقۇچتىكى تارىخنى تەتقىق قىلىشتا بىۋاسىتە ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. يەنە مەسىلەن، «شىنجاڭ پۇللىرى» غا كىرگۈزۈلگەن 30 ـ يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭدا بېسىلغان بىر نەچچە خىل قەغەز پۇل، يەنە قورچاق ھاكىمىيەتنىڭ پۇلى، ھەتتا بىردىنبىر رەختتىن ئىشلەنگەن پۇل بۇلار يىغىپ ساقلىغۇچىلارنىڭ قىممەتلىك بۇيۇملىرى بولۇپ، ئىككى يۇلتۇز، ھەتتا ئۈچ يۇلتۇز دەرىجىلىك ئاز ئۇچرايدىغان نەرسىلەردىن ئىبارەت. بۇ پۇللارنى قاچان، قەيەردە، كىم باسقانلىقى ھەققىدە تارىختا ئېنىق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان، ھېچقانداق بىر كىتابتا بۇ ھەقتە توختالمىغان. ئەمما يارىڭنىڭ ماقالىسىدىن ۋە مۇندەرىجىسىدىن بۇ پۇللارنى شۋېتسىيە باسمىخانىسىنىڭ شۇ چاغدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ بۇيرۇق قىلىشى ئارقىسىدا باستۇرۇلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇلار بىزدىكى بەزى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇپ، تەتقىقاتچىلار ئالدىدىكى بەزى مۈجمەللىكلەرنى چىقىرىپ تاشلىدى.

شۇڭا، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، شەرقشۇناس ياررىڭ ئۆزىنىڭ بويى بىلەن تەڭ كەلگۈدەك جىق ئەسەرلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزگىچە تۇيغۇ ئارقىلىق شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۈچۈن يېڭى سەھىپە ئېچىپ بەرگەنلىكى بىلەن داڭ چىقارغان

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/3.asp[2010-12-31 00:10:26]

alma uyghur book

ياررىڭ ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى جەھەتتىكى نەتىجىلىرىنى جۇڭگونىڭ ئىلىم ساھەسىگە ۋە ئوقۇرمەنلەر ساھەسىگە تونۇشتۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر ھەم ئەھمىيەتلىك ئىش. 19 ـ ئەسىر بىلەن 20 ـ ئەسىر ئالمىشىدىغان چاغ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ھالبۇكى، جۇڭگونىڭ ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەسىر ئالمىشىدىغان بۇ ئاچقۇلۇق پەيتتە، خەلقئارا ئىلىم ساھەسى بىلەن « رېلىس تۇتاشتۇرۇش » نى ئورۇنداپ، ھەرقايسى پەنلەر بويىچە دۇنيا مىقياسىدىكى مۇكەممەل ئىلىم پائالىيەتلىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قاتنىشىش ھەمدە ئۇلار ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇننى قولدىن بەرمەسلىك داۋامىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان بىر قەدەم — ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش روھىنى ھەربىر پەن باغچىسىغا ھەقىقىي يوسۇندا ئېلىپ كىرىشتىن ئىبارەت. شۇڭا، چەت ئەل ئىلىم ساھەسىدىكى بارلىق مۇنەۋۋەر نەتىجىلەرنى ئۆگىنىش ناھايىتى زۆرۈر.

شۋېتسىيە — شەرقشۇناسلىق، خەنزۇشۇناسلىق خېلى تەرەققىي قىلغان دۆلەت. بىرىن خارت ئاندېرسون، سۋېن ھېدىنلار بۇ جەھەتتىكى يولنى ئەڭ بۇرۇن ئاچتى. دۇنيادىكى كەسپداشلار ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرىنى قەدىرلەپ ۋە نەقىل كەلتۈرۈپ كەلمەكتە. بىرىن خارت، سۋېن ھېدىنىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بولغان ياررىڭ ئىزچىل تۈردە شۋېتسىيە شەرقشۇناس، خەنزۇشۇناسلىرى تەرىپىدىن ئۈلگە قىلىنىدىغان ۋەكىل دەپ تونۇلماقتا. ياررىڭ ئەپەندى ئەسەرلىرىنىڭ جۇڭگودا رەسمىي نەشر قىلىنىشى شۋېتسىيە شەرقۇشۇناسلىق، خەنزۇشۇناسلىقنى چۈشىنىشتە ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە شەرقشۇناسلىق، خەنزۇشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ، ئۆزۈندىن بۇيان تېخىمۇ تەقەززا بولۇپ كېلىۋاتقان ياخشى بىر ئىش، ئەلۋەتتە!

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/3.asp[2010-12-31 00:10:26]

alma uyghur book

## بىرىنچى قىسىم

# قەشقەرگە قايتا سەپەر

## — ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدە ئەسلىمە ۋە مۇلاھىزە

### ئۆتۈپ كەتكەن يىللارغا نەزەر

1978 - يىلى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كۈندۈز سائەت 12 دىن 55 مىنۇت ئۆتكەندە، بىز ئولتۇرغان « ئىل — 24 » تىپلىق جۇڭگو ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ يولۇچىلار ئايروپىلانى قەشقەر ئايرودرومىغا قوندى. ئايروپىلان ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە جەمئىي تۆت سائەت ئۇچتى. بېيجىڭدىن تارتىپ ھېسابلىغاندا، پۈتۈن مۇساپىگە توققۇز سائەت كەتتى.

مەن 1929 - يىلى 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، قەشقەر تۇپرىقىغا تۇنجى قېتىم قەدەم باسقانىدىم. بىز سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى قىرغىزىستاننىڭ ئوش دېگەن يېرىدىن تۆگە بىلەن يولغا چىقىپ، ئىككى ھەپتىدەك يول يۈرۈپ، پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتكەنىدۇق.

مەن بۈگۈن قەشقەرگە — شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ مۇھىم شەھەرگە يەنە كەلدىم. قەشقەرنى تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلغان ۋاقتىمدىن بۇ نۆۋەت بۇ قەدىناس جايغا قايتا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا 49 يىل — يېرىم ئەسىردەك ۋاقىت ئۆتتى. تۇنجى قېتىمدا ئاتلىق كەلگەنىدىم، بۇ قېتىم ئايروپىلاندا كەلدىم. پۈتكۈل سەپەر ئوتتۇرا ئەسىردىن ھازىرقى زامانغا كېلىپ قالغاندەك بىلىندى.

بۇ قەدىناس جايغا قايتا ساياھەتكە كەلگەنلىكىم توغرىسىدىكى بۇ كىتابنى يېزىشىمدا ھېچقانداق مەخپىي مەقسىتىم يوق، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى چېگرا ئۆلكىسىدە يۈز بەرگەن كونكرېت ئىشلارنى مۇھاكىمە، تەھلىل قىلىش

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/3.asp[2010-12-31 00:10:26]

ئويۇممۇ يوق. مەن تالاش - تارتىش بولۇپ كېلىۋاتقان ھېچقانداق بىر تېمىنى ئەتەي تاللىغان ئەمەسمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىمنى تەلەپ قىلغان ئادەممۇ يوق. تۆۋەندە خاتىرىلەنگەنلىرى بىر جەھەتتىن كونا شىنجاڭنى ئە- ئەسلىمىشىم بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن جۇڭگونىڭ ئادەتتىكى چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرگە تېخىچە ئېچىۋېتىلمىگەن قىسمى بولغان ھازىرقى شىنجاڭ ھەققىدىكى تەسىراتلىرىم- دىن ئىبارەت.

www.alma.cn

alma uyghur book

# بىرىنچى باب 1978

## بېيجىڭ سېرى

5 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ، جۇڭگونىڭ شۋېتسىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ مەدەنىيەت مەخسۇس خادىمى چېن يۈ ئالايتەن مېنى يوقلاپ كەلدى  ئۇ تولىمۇ دوستانە ، ئەدەبلىك ئەرباب ئىدى . بىر پەس سالام ـ سائەت قىلىشقاندىن كېيىن ، گېپىمىز مېنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتىم تەرەپكە بۇرالدى  مەن ئويلىرىمنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ قېشىمغا كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتتى  ئەسلىدە چېن ئەپەندى ماڭا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مېنى جۇڭگودا ئىلمىي ئىشلىرى بويىچە ئىككى ـ ئۈچ ھەپتە زىيارەتتە بولۇشقا تەكلىپ قىلغان تەكلىپنامىسىنى ئالايتەن ئېلىپ كەلگەنىكەن  ئۇلار ئەڭ ياخشىسى ، مېنىڭ 6 ـ ياكى 7 ـ ئاي ئىچىدە يولغا چىقىشىمنى تەكلىپ قىپتۇ  مەن شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا چېن ئەپەندىگە :

— بۇ قېتىمقى زىيارەتكە بېرىشىمدا گەپ يوق ، بىراق يولغا سەل كېيىنرەك چىقىشىم مۇمكىن ، — دېدىم  جۇڭگو تەرەپنىڭ تەكلىپىنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشكە ھەمدە ئۇلارغا ئىمكانقەدەر بۇرۇنراق ئېنىق جاۋاب بېرىشكە ماقۇل بولدۇم

ئالدىنقى نۆۋەت شىنجاڭغا ساياھەتكە بارغىنىمغا ئازغىنا كەم 50 يىل بولۇپ قالغانىدى  بۇ ئاجايىپ زېمىنغا قايتا بېرىپ ، ئۇ يەردىكى خەلقلەر بىلەن دوستلۇق رىشتىنى قايتىدىن ئورنىتىش كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئارزۇيۇم ئىدى  ئىلگىرىكى بىر قانچە ئون يىلدا ، شىنجاڭ چەت ئەللىكلەرنىڭ كىرىشىگە روخسەت قىلىنمىغان چەكلەنگەن رايونغا ئايلىنىپ قالغانىدى  جۇڭگونىڭ بۇ چېگرا ئۆلكىسىگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىمدا كەلگەن چەت ئەللىكلەر مەشھۇر شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن ئېكسپېدىتسىيە

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/4.asp?isim=[2010-12-31 00:09:38]

ئەترىتىنىڭ بىر نەچچە خادىمى — ئۇلار مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا
شۇ يەردە ئېكىسپېدىتسىيىلىك دىن تارقاتقۇچىلار ئىدى ئۇرۇش
مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن، بۇ دىن تارقاتقۇچىلار قەشقەر، يېڭىسار، يە-
كەندىكى پائالىيەتلىرىنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇشقا مەجبۇر
بولغانىدى شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭغا زىيارەتكە بېرىش رۇخسىتىگە ئې-
رىشكەن چەت ئەللىكتىن ھېچقايسىسى چىقمىدى، ئۇ يەردە ئىلمىي
تەتقىقات ئېلىپ بېرىش تەكلىپنامىسىگە ئېرىشىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس
ئىدى، ئەلۋەتتە ئەمما، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى بۇنىڭ سىرتىدا
ھالبۇكى، 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، بۇ زېمىن دەرۋازىسى
ئۇلارغىمۇ تاقىۋېتىلگەنىدى يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە، شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا زىيارەتكە كېلىشكە رۇخسەت قىلىنغان بىردىنبىر
شۋېتسىيىلىك ژان مىردالى ئىدى ئۇ 1976 - يىلى گ كېسلېر بىلەن
بىللە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ، ساياھەت ۋە زىيارەتتە
بولغان ئۇلار يازغان ساياھەت خاتىرىسى «يىپەك يولى»
(Siden vagen) دا، ئۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى
كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان مەزكۇر كىتاب غايەت
زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھەمدە ئەينى چاغدىكى بازارلىق كىتابلارنىڭ
بىرى بولۇپ قالغان

بىر ھەپتە ئەتراپىدا ئويلىنىش ئارقىلىق، چېن يۆ ئەپەندىگە
جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەكلىپىنى ئىنتايىن شەرەپ
ھېس قىلغان ۋە خۇشال بولغان ھالدا قوبۇل قىلىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇردۇم
شۇنىڭ بىلەن بىللە، زىيارەت قىلىش ۋاقتى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 21 -
كۈنىگىچە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلسا تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە
تەكلىپ بەردىم. مەن 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ستوكھولمدا جۇڭگونىڭ
باش ئەلچىسى چېن لىچېڭ ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، جۇڭگودا
زىيارەتتە بولۇش كۈن تەرتىپىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئۇنىڭ بىلەن
مەسلىھەتلىشىپ بېكىتتۇق مەن جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە
يازغان خېتىمدە بۇ قېتىمقى زىيارىتىم توغرىسىدىكى ئارزۇيۇمنى

ئالما ئۇيغۇرچە
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/4.asp?isim=[2010-12-31 00:09:38]

alma uyghur book

ئەستايىدىل ۋە ئىلتىماسىمنى تەپسىلىي بايان قىلدىم. خەتتە ئىلگىرى ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى، ئىرقشۇناسلىق ۋە خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەر ھەققىدە ئەسەر يازغانلىقىم ھەمدە ئۇنى نەشر قىلدۇرغانلىقىم ئۈچۈن، ئۈرۈمچى ۋە ۋە قەشقەردىكى ئۇنىۋېرسىتېت، ئىنستىتۇت، كۇتۇپخانىلار ھەم تۈرلۈك مەدەنىيەت ئۇيۇشمىلىرى ۋە تەشكىلاتلىرىنى زىيارەت قىلىشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم، شۇنداقلا يەنە بەزى قەدىمكى مەدەنىيەت خاراكتېرلىرىگە بېرىپ تەكشۈرۈش، زىيارەت قىلىشىمغا رۇخسەت قىلىنىشىنى ئىلتىماس قىلدىم. مېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا تەلىپىم يوق ئىدى. مۇبادا ئىشلار ئۆز يولىدا بولسا، كۆرمەكچى بولغانلىرىمنىڭ ھەممىنى كۆرەلىشىم، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشالىشىم، تېخىمۇ كۆپ يەرلەرگە بارالىشىم مۇمكىن ئىدى. ئۇ چاغدا بىر نەچچە ئون يىلدىن بېرىقى ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشقان بولاتتى.

9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، يەكشەنبە. شۋېتسىيە خەلقئارا نۆۋەتچى ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانىغا چۈشۈپ سىۋرىختىن بېيجىڭغا قاراپ ئۇچتۇم.

مەن چۈشكەن «DC — 8» تىپلىق ئايروپىلان بۆلمىسى شەرقتىكى سىرلىق دۆلەتكە تاۋاپ قىلغىلى بارىدىغان غەربلىكلەر بىلەن لىق تولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپى غەربىي گېرمانىيىلىك ۋە شۋېتسىيىلىك ساياھەتچىلەر ۋە سودىگەرلەر ئىدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى، بېيجىڭغا ۋە جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ساياھەتكە بارىدىغان ياۋروپالىقلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، «جۇڭگوغا بېرىش» بىر خىل ئىجتىمائىي كەيپىياتقا، تۇرمۇشتىكى جەلپ قىلىش كۈچى كۈنسېرى ئارتىپ بېرىۋاتقان بىر تۈرلۈك زوق - ھەۋەسكە ئايلانغانىدى. يېرىم كېچە بولغاندا، ئايروپىلان ئافىناغا چۈشۈپ ماي قاچىلىدى. ئايروپىلان دىيائىتىنىڭ ئاسمان بوشلۇقىغا كەلگەندە كۈن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. بىز چۈشتىن بۇرۇن قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقان بومبايدا بىر نەچچە سائەت توختىدۇق. ئايروپىلاننىڭ ئىشىكى ئېچىلىش بىلەن تەڭ ئوتتەك ئىسسىق ھاۋا ئايروپىلان بۆلمىسىگە ئۇرۇلدى - دە، ھەممە يەرنى بىر خىل ئىنتايىن

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/4.asp?isim=[2010-12-31 00:09:38]

alma uyghur book

سىيىق پۇراق قاپلاپ كەتتى ، شۇ چاغ دەل بومباينىڭ ھۆل - يېغىن مەزگىلى ئىدى  بۇ ھىندىستاندا تۇرغان چاغلىرىمنى ئېسىمگە سالدى « ھىندىستان سەھەرى » گېزىتىنى سېتىۋالغىنىمدا ، يامغۇر قولۇمدىكى گېزىتنى ھۆل قىلىۋەتكەنلىكتىن ، خەۋەرلەر ئىستونىدىكى خەتلەرنى تونۇغىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى  ھەريىلى مۇشۇ مەزگىلدە توختىماستىن قۇيۇلۇپ تۇرىدىغان كۈز يامغۇرى بومباينىڭ ئالاھىدىكىگە ئايلىنىپ قالغانىدى  ئايروپىلان يەنە ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ ، ھەش - پەش دېگۈچە بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ كەتتى  پەستە بۇلۇتتىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى  كالكۇتتاغا كەلگەندە ، بۇلۇتلار تارقاپ ھاۋا ئېچىلغاندىلا ھىندىستاننىڭ زېمىنىنى يەنە بىر قېتىم ئوچۇق كۆردۇق  بىپايان زېمىندا رەڭگا - رەڭ ئۆي - ئىمارەتلەردىن ھاسىل بولغان مەنزىرىلەر بەئەينى ناھايىتى يوغان بىر پارچە شەرق گىلىمدەكلا كۆرۈنەتتى

ئايروپىلان بېنگال ۋە بىرمىنىڭ ئاسمان بوشلۇقىدىن ئۆتكەندە ، قېلىن بۇلۇت قاتلىمى كۆز ئالدىمىزنى يەنە بىر قېتىم توسىۋالغاچقا ، ھېچنېمىنى كۆرەلمەي قالدۇق  بۇلۇتلار ئاخىر تارقىلىپ كەتتى  بۇ چاغدا ، ئايروپىلان جۇڭگو تەۋەسىگە ئۆتۈپ ، كۇنمىڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى مەلۇم بىر جايغا كەلگەنىدى  بۇ يەر كۆزۈمگە يات كۆرۈندى ئايروپىلانىنىڭ دېرىزىسىدىن پەسكە نەزەر سالغىنىمدا ، ھاك تاشلىق تاغ ئارىسىدا لەيلەپ يۈرگەن ئاپئاق ماملىقتەك بۇلۇتلار خۇددى قارا بولكىغا سېپىلگەن ئاق شېكەردەك كۆرۈنەتتى  ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتە - ئۆتمەيلا ، ئايروپىلان چاڭجىياڭ دەرياسىنىڭ — دۇنياغا مەشھۇر چوڭ دەريانىڭ ئاسمان بوشلۇقىغا كەلدى  شۇ تاپتا بۇ دەريا خۇددى شايى بىلەن قورشالغان كەڭ بەلۋاغقا ئوخشاپ قالغانىدى

چۈشتىن كېيىن سائەت يەتتىدىن ئون مىنۇت ئۆتكەندە ، ئايروپىلان بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى ، ۋاقىت كىشىنى ھايران قالدۇرغۇدەك توغرا ھېسابلانغانىدى . يېنىمدا ئولتۇرغان غەربىي گېرمانىيىلىك سودا - سانائەتچى بىلەن ئۆز  ئارا خوشلاشتۇق  جۇڭگوغا كېلىش سەپىرى

ئالما ئۇيغۇر
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/4.asp?isim=[2010-12-31 00:09:38]

alma uyghur book

ئۇستىدە، ئۇ نۆۋەتتە جۇڭگو قۇرۇقلۇقىدا بارلىققا كېلىۋاتقان غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ۋە جۇڭگونىڭ ئۆزىنى ئىمكانقەدەر تېزلىكتە سانائەتلەشكەن دۆلەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىغا ئائىت پاكىتلارنى لىرىكىلىق سۆزلەر بىلەن ماڭا تونۇشتۇرغانىدى ئۇنىڭ توختىماي دەۋاتقان گەپلىرى ئەتراپتىكى يولۇچىلارنى، جۈملىدىن مېنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانىدى

— جۇڭگونىڭ هازىر تېخى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر قاتارىغا ئۆتمىگەنلىكى ناهايىتى مۇهىم بىر تەرەپ، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ، — ياپونىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل غەرب دۇنياسى جۇڭگونىڭ غايەت زور بازار ئىكەنلىكىنى بايقىدى 950 مىليون جۇڭگولۇق 2000 - يىلى دۇنيانىڭ تەرەققىيات ئېقىمىغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن، غەربنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە جەزمەن مۇهتاج بولىدۇ بىر سودىگەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ خىل ئوي - پىكىر راستىنلا كىشىنى خۇشال قىلىدۇ

— مۇبادا جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشسا، — دېدى ئۇ ئاخىر سىرلىق قىلىپ، — بۇنىڭ پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى قانچىلىك كىشىگە ئاياندۇر؟

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ناهايىتى زور ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەپ بېيجىڭ ئايرودرومىدا مېنى كۈتۈۋالدى ئۇلار مېنى ئايرودرومنىڭ كۈتۈش بىناسىدىكى ئەزىز مېھمانلار دەم ئېلىش ئۆيىدە بىر ئاز هاردۇق ئېلىشقا تەكلىپ قىلدى دەم ئېلىش ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى تامغا ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ سۈرىتى قاتار ئېسىلغانىدى كۈچلۈك ئېلېكتر چىراغلىرى نۇرىدا، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان دەرىجىدە پارقىراپ تۇرغان ئىشىك ئالدىدىكى ماۋ زېدۇڭنىڭ غايەت زور سۈرىتى بىزنى تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئالدى مېنى قارشى ئالغۇچىلار ئىچىدە ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شۆجىسى، پروفېسسور فۇ ماۋجى بىلەن پروفېسسور ۋاڭ جۇن بار ئىدى بۇ ئىككى پروفېسسور مىللەتلەر تەتقىقاتى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/4.asp?isim=[2010-12-31 00:09:38]

alma uyghur book

ئورنىدا ئىشلەيتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە ۋاڭ جۇجى خېنىممۇ بار بولۇپ، ئۇ شۇيىدچە سۇدەك سۆزلىيەلەيتتى. تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان مەزگىلىمدە، ئۇ ماڭا ئىزچىل تەرجىمانلىق قىلدى. چېگرىدىن كىرىش رەسمىيەتلىرى ناھايىتى تېزلا بېجىرىلىپ بولدى، پىكاپقا چۈشۈپ شەھەر ئىچىگە كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە، پروفېسسور فۇ ماۋجى بىلەن پروفېسسور ۋاڭ جۈن ماڭا چارشەنبە كۈنى — شۇ كۈنى دۈشەنبە كۈنى ئىدى — ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە بارىدىغانلىقىمىزنى، ئۇ يەردىن قەشقەرگە بارىدىغانلىقىمىزنى، بۇ جەھەتتىكى ئىشلارنىڭ جاي - جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ قويۇلغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇلار مېنى بېيجىڭ مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. چەت ئەللىكلەرگە ئېچىۋېتىلگەن، چاڭئەن كوچىسىغا جايلاشقان بۇ كاتتا مېھمانخانا ئىنتايىن ئازادە ئىدى؛ ئۆسكۈنىلىرى ۋە ياساش - بېزىلىشى ناھايىتى زامانىۋى بولۇپ، ھەممە نەرسە رەت - رېتى بىلەن ئىدىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان، باشقۇرۇشىمۇ ناھايىتى ئوبدان ئىدى. مېنىڭ ياتىقىم 8 - قەۋەتتە بولۇپ، ئىنتايىن ئازادە ئىدى. جۇڭگولۇق ساھىبخانا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ياتىقىمدىن چىقىپ تالانى كۆرۈپ باقماقچى بولدۇم. يۇمشاق پاياندازغا دەسسەپ ئۇزۇن كارىدوردا ئىشانسىزلا كېتىۋاتاتتىم، ئاپئاق تۇكۇرۇك قاچىلىرى مەلۇم ئارىلىقتا بىردىن ناھايىتى رەتلىك قويۇلغان بولۇپ، تۈتقۇچىنىڭ يوقلۇقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلار بالىلىق چېغىمدىكى ئاھارەت قاچىمىغا بەكمۇ ئوخشايتتى. كارىدوردا ئامېرىكىلىق بىر قانچە ياشانغان ئايال تۇراتتى. ئەپتىدىن ئۇلار ساياھەتچىلەردەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قارىسام، ئۇلار كارىدوردا كۆڭلەك ۋە شىملىرىغا دەزمال سېلىۋاتقانىكەن. جۇڭگولۇق بىر نەچچە كۈتكۈچى بىر چەتتە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە تولىمۇ ھەيران بولغان ھالدا تىكىلىپ قارىماقتا ئىدى. مەن شۇ تاپتا بۇنىڭ ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئارقىدا قالغان دۆلەتكە تېخنىكا چىقىرىش جەھەتتىكى ئۇلگە كۆرسەتكەنلىكى ياكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۇششاق ئىشلارغا پەرۋا قىلمايدىغانلىقى ۋە ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىدىغانلىقىنى نامايان

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/4.asp?isim=[2010-12-31 00:09:38]

قىلغانلىقى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدىم. ياتىقىمغا قايتىپ كىرىپ، دېرىزىدىن تۈن پەردىسىگە ئورالغان بېيجىڭ شەھىرىگە نەزەر سالدىم. چاڭئەن كوچىسىدىكى چىراغلار ئاۋۋالقىدەكلا نۇر چېچىپ تۇرغاچقا، كوچا خۇددى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئايرودرومنىڭ ئايروپىلان چۈشىدىغان ۋە ئۇچىدىغان ناھايىتى كەڭ ھەم ئۇ چېتىگە كۆز يەتمەيدىغان يولىدەكلا كۆرۈنەتتى.

## كىتاب ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر

— بىزمۇ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ دەردىنى يەتكۈدەك تارتتۇق! — دېدى ماڭا بېيجىڭ ئاممىۋى كۇتۇپخانىسىنىڭ باشقۇرغۇچىسى. — بىراق، ھازىر ئۇلار تۈگەشتى، ھال - ئەھۋالىمىز ياخشىلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ بىزدە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلەر بار.

مەن نەگىلا بارماي، جۇڭگودا مەن ئۇچراتقان ھەممىلا ئادەم بىزگە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ۋە ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ئۈستىدە سۆزلەپ بەردى. قەشقەردە پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدىكى ئىشچىلار ماڭا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ جىنايەتلىرىنى سۆزلەپ بەردى؛ بېيجىڭدا كۇتۇپخانىنىڭ باشقۇرغۇچىسى ۋە مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدىكى ئالىملار بىزگە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. قارىغاندا، ئۇلارنىڭ بالايىئاپىتىدىن خالىي قالغان بىرەر جايمۇ يوقتەك قىلاتتى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھى» تىكلەرنىڭ ئىسمىنى ھېچكىممۇ تىلغا ئالمايتتى. سەۋەب ھەممەيلەن ئۇلارنى بىلىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇلار ماۋ زېدۇڭنىڭ تۇل قالغان خوتۇنى جياڭ چىڭ ۋە جاڭ چۈنچياۋ، ياۋ ۋېنيۈەن، ۋاڭ خۇڭۋېندىن ئىبارەت تۆت كىشى ئىدى. كىشىلەر ۋاسىتىلىق ھالدا ئۇلارنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەپ قارايتتى. بىر جەھەتتىن «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ۋە ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرى

www.alma.cn

alma uyghur book

جۇڭگودا بىر مەھەللىك توختاپ قىلىش ۋەزىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا؛ يەنە بىر جەھەتتىن جۇڭگو «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەتلەرنى چەكلەش، تۈگىتىش پىلانى تۈزۈپ چىقىلغانىدى. بۇ پىلاندىمۇ «تۆت» دېگەن سۆز بار بولۇپ، ئۇ «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» نى كۆرسىتىدۇ. بۇ پىلان ئورۇندالسا، جۇڭگو تېزدىن زامانىۋىلاشقان سانائەت دۆلىتىگە ئايلىنىدۇ. «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» تۆۋەندىكى ساھەلەرگە: يېزا ئىگىلىك، سانائەت، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە پەن - تېخنىكىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. كىشىلەر «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى تىلغا ئالغاندا، ھامان غەزەپكە كېلىدۇ. ۋەھالەنكى، «تۆتنى زامانىۋىلىشتۇرۇش» نى تىلغا ئالغاندا بولسا، كەلگۈسىگە بولغان قەتئىي ئىشەنچىسىنى بىلدۈرىدۇ. ھەتتا شىنجاڭنىڭ ئەڭ چەت ياقا جايلىرىدىكىلەرمۇ «يېڭى ئۇزۇن سەپەر»، شۇنداقلا يېڭى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ئۈستىدە توختىلىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» نىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا باغلىق ئىدى.

بېيجىڭ ئاممىۋى كۇتۇپخانىسىنىڭ ھېلىقى كىتاب باشقۇرغۇچىسى ماڭا مۇنداق دېدى:

— پەن - تەتقىقات ساھەسىدىكى ھەقىقىي تەرەققىيات مۇنەۋۋەر ئىلىم - پەن كۇتۇپخانىسىغا تايىنىشى شەرت.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇنى جامائەتچىلىكمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار يېڭى ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە نۇرغۇنلىغان ژۇرناللارنى سېتىۋېلىشنى ئاۋۋال ئويلاشقان. بېيجىڭ كۇتۇپخانىسى 1912 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەمدىلىكتە خېلىلا كونىراپ قالغان «كونا» دېگەن بۇ بىر سۆز بېيجىڭدا يەنە باشقا مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. بېيجىڭدا سۇڭ سۇلالىسى ۋە مىڭ سۇلالىسىدىن، يەنى 13 - ئەسىردىن تارتىپلا كىتاب يىغىپ ساقلاش باشلانغان. 1949 - يىلى بېيجىڭ ئازاد بولغاندا، بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان كىتاب 1 مىليون 400 مىڭغا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل يېزىقىدىكى كىتابلار ناھايىتى ئاز بولۇپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكىسى خەن-

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/4.asp?isim=[2010-12-31 00:09:38]

زۇچە كىتابلار ئىدى. ھازىر بۇ يەردە بار كىتاب 9 مىليون 600 مىڭ، بۇنىڭدىن 60 پىرسەنتى خەنزۇچە كىتابلار، قالغانلىرى ھەرخىل چەت ئەل يېزىقىدىكى كىتابلار، ئېيتىشلاردىن قارىغاندا، 60 خىل تىلدىكى چەت ئەل كىتابلىرى بار ئىكەن. ئۇلار قىرائەتخانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشىمغا رۇخسەت قىلدى. قىرائەتخانا كىتاب كۆرۈۋاتقانلار بىلەن تولغانىدى. ژۇرنال بۆلۈمىدىكى ژۇرناللارنىڭ تۈرى كۆپ، مەزمۇنى مول بولۇپ، تەبىئىي پەن - تېخنىكىغا دائىر ژۇرناللار كۆپ سانىنى ئىگىلەيتتى. ئاڭلىشىمچە، بېيجىڭ كۈتۈپخانىسىدا چەت ئەل تىلىدىكى ژۇرناللار 10 مىڭ خىلچە بولۇپ، بۇنىڭ بىر قىسمى سېتىۋېلىنغان، يەنە بىر قىسمى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق كەلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، نەچچە مىڭ خىل خەنزۇ تىلىدىكى ژۇرناللارمۇ بولۇپ، 70 پىرسەنتى تەبىئىي پەن - تېخنىكىغا ئائىت ژۇرناللار ئىكەن. بۇ كۈتۈپخانا سىرتىدىكى 2000 دىن ئارتۇق كۈتۈپخانا ۋە ئورۇنلار بىلەن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقان ھەمدە شەھەرلەر ئارا، ئۆزئارا كىتاب ئارىيەت بېرىش تور سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلغان، ئاممىۋى ئورگانلار ئۈچۈن ئالدىن مۇلازىمەت قىلغان

بېيجىڭ كۈتۈپخانىسى «دۆلەتلىك كۈتۈپخانا» دەپ قارالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىردىنبىر چوڭ كۈتۈپخانا ئەمەس. بېيجىڭدا يەنە شەھەرلىك كۈتۈپخانا ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۈتۈپخانىسى بار. بۇلاردىن باشقا يەنە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىمۇ ئالىي مەكتەپ كۈتۈپخانىسى، رايون دەرىجىلىك كۈتۈپخانا قاتارلىق كۈتۈپخانىلار بار.

بېيجىڭ كۈتۈپخانىسىدىمۇ دۇنيادىكى باشقا كۈتۈپخانىلارغا ئوخشاش، ئورۇن يېتىشمەسلىك مەسىلىسى مەۋجۇت. 10 مىليون نۇسخىغا يېقىن كىتاب بار كۈتۈپخانىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كىتاب ساقلايدىغان يېڭى ئورۇن بولۇش كېرەك. ھازىر ئەسلىدىكى ئورۇنغا يېڭى كىتابنى داۋاملىق قويغىلى بولمىغاچقا، باشقا جايغا كىتاب ساقلايدىغان ئۆي سېلىشقا توغرا كەلگەن. ئۇنىڭدىن سىرت، كۈتۈپخانىنىڭ ئەسلىھەلىرىنىمۇ زامانىۋىلاشتۇرۇشقا توغرا كەلگەن. ھېلىقى كۈتۈپخانىدىكى كىتاب باش-

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn

قۇرغۇچى ماگا مەركىزىي كومىتېت ( ھۆكۈمەت ) نىڭ بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىنىڭ مۇشۇ ئېھتىياجلىرىنى ئىنتايىن چۇشىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ ئىنتايىن ئېپتىخارلىق بىلەن جۇ ئېنلەينىڭ يېڭى كۇتۇپخانا سېلىش ئىشىنى ئۆزى بىۋاستە سۇرۇشتۇرگەنلىكى ھەققىدە توختالدى. مەن جۇڭگودىكى نەشرىياتلار نەشر قىلغان كىتابلارنى ھەقسىز بېرىدىغان بەلگىلىمە بار ـ يوقلۇقىنى سورىغىنىمدا، ئۇ ماگا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان چاغدىن تارتىپلا مەزكۇر كۇتۇپخانىنىڭ دۆلەتلىك كۇتۇپخانا بولۇش ئورنىنى ھەققىي كاپالەتلەندۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگودا بېسىلىپ نەشر قىلىنغانلىكى كىتابنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ كىتابنى بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىغا تاپشۇرۇشى شەرت دېيىلگەن بەلگىلىمىسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ماگا يەنە بۇ يەرگە كۈنىگە تەخمىنەن 2000 دەك ئادەمنىڭ كىتاب ئارىيەت ئالغىلى كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن كىتاب ئارىيەت بېرىش ـ ئېلىش مۇنبىرى ئالدىدا، غەربتىكى نۇرغۇن كۇتۇپخانىلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان كىتاب يوقاپ كېتىش مەسىلىسىنىڭ بۇ يەردە بار ـ يوقلۇقىغا ئىشارەت قىلىپ ئۇنىڭدىن: خېلى نۇرغۇن كىتاب « يوقاپ كېتەمدۇ » دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ بۇ يەردە ئۇنداق ئىشلارنىڭ يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ يەردە ئەھۋالنىڭ مۇنداق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. قىرائەتخانىنىڭ بىر ئۆيىگە كىرسەم، بۇ ئۆيگە يېقىنقى بىر ھەپتىدە چىققان، چەت ئەل يېزىقىدىكى يېڭى كىتابلار تىزىپ قويۇلغانىكەن. ئۆزۈم قىزىقىدىغان كىتابلار تىزىلغان كىتاب جاۋىنى ئالدىدا بىر پەس ئايلىنىپ، كىتابلارغا كۆز يۈگۈرتتۈم. كۆزۈم بىردىنلا بارتولدنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى « موڭغۇل ئىستېلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان » ( Turkestan Down to the Mongol Invation ) نىڭ يېڭى نەشرىگە چۈشتى. ئۇ يەردە يەنە لوندوندا نەشر قىلىنغان « ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىخى » ( History of the Othoman Empire ) دېگەن كىتابمۇ بار ئىكەن. بىز يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى كىتابلار تىزىلغان قىرائەتخانىنىمۇ ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. كىتابلارنىڭ

www.alma.cn

alma uyghur book

مۇندەرىجىلىرى ، تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ ، كىتابلار رەتلىك تىزىلغانىدى  ئاخىردا ، ئۇلار مېنى باشلاپ بۇ كۇتۇپخانىدىكى ھەقىقىي ئەتىۋارلىق نەرسە — يىپەك يولىدىكى ھۆججەتلەر ۋە دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆيدىن چىققان بۇددا قول يازمىلىرىنى ، شۇنداقلا يىراق قەدىمكى زامان خانىدانلىقلىرىغا بېرىپ تاقىلىدىغان قەدىمكى قول يازمىلارنى كۆرسەتتى  ئۇلار قەدىمكى زاماندىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىلغار كىتاب باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ماڭا چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ، ماڭا ئاجايىپ پۇراقلىق ياغاچتىن ياسالغان بىر قۇتىنى كۆرسەتتى  ئۇنىڭ ئىچىگە كىتاب قويغىلى بولاتتى ھەمدە ھاشارات ۋە پارازىت قۇرتلارنىڭ ئەتىۋارلىق كىتابلارنى نابۇت قىلىۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى

بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىشىم بۇ قېتىمقى سەپەرىمدىكى ئاساسىي مەقسىتىم — ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئىلمىي ، روھىي جەھەتتىن تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى .

ساھىبخانا ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ، جۇڭگونىڭ ئەنگلىيىدە تۇرغان سابىق باش ئەلچىسى خۇەن شياڭ بىلەن چۈشلۈك خىزمەت تامىقىدا بىللە بولغاندا ( چۈشلۈك خىزمەت تامىقىنى يېگەنلەر ئىچىدە يەنە ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى نۇرغۇن ئاساسلىق خادىملارمۇ بارئىدى ) ، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەرگە تۇنجى قېتىم ئەھۋال تونۇشتۇردۇم  بىزنىڭ شۋېتسىيىدە مىللىي مەسىلە بارمۇ ؟ بەزىلەر :

— سىلەرنىڭ شۋېتسىيىدە لاپلاندىيىلىكلەر بارغۇ دەيمەن ، شۇنداقمۇ ؟ ئۇلار زور كۆپچىلىك شۋېدلار بەھرىمەن بولغاندەك باراۋەرلىكتىن بەھرىمەن بولالامدۇ ؟ ئۇلار ئادەتتىكى شۋېدلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىگە ئوخشاش تۇرمۇش ئۆتكۈزەلەمدۇ ؟ — دەپ سوئال سورىدى  باراۋەرلىك توغرىسىدىكى بىرىنچى سوئالغا كېسىپلا جاۋاب بەردىم . ئەمما ، تۇرمۇش سەۋىيىسى مەسىلىسىدە ئېھتىياتچانلىق بىلەن

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/5.asp?isim=[2010-12-31 00:43:06]

alma uyghur book

جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم. تۇرمۇش سەۋىيىسى باراۋەرلىككە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە چۈنكى، كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى كۆچۈرۈۋاتقان ياكى ھېچبولمىغاندىمۇ يېرىم كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى كۆچۈرۈۋاتقان مىللەتنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە سانائەتلەشكەن، ئولتۇراقلاشقان شۋېدلارغا ئوخشاش يۇقىرى تۇرمۇش سەۋىيىسىگە ئىگە بولالىشى مۇمكىن ئەمەس، بۇ ناھايىتى روشەن مەسىلە ئىدى كېيىنكى نۇرغۇن ھەرخىل سورۇنلاردا، مەندىن لاپلاندىيىلىكلەرگە ئائىت ھەر خىل مەسىلىلەر سورالدى ناھايىتى روشەنكى، جۇڭگولۇق تەتقىقاتچىلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىلىرىنى تەپسىلىي ئىگىلىگەن ئۇلاردا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇرەككەپ ھەم كۆپ تەرەپلىمىلىك ئەھۋاللىرى بولغاچقا، بۇنىڭدىن قىلچىلىكمۇ ھەيران قېلىشقا بولمايتتى

ئالدى بىلەن جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەي شۋېتسىيىدە، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تولا چاغلاردا «ئىجتىمائىي پەنلەر» نى تەتقىق قىلىدىغان ئىنستىتۇتنى كۆرسىتىدۇ ئۇ «تەبىئىي پەنلەر» ئىنستىتۇتىدىن پەرقلىق جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن ئايرىلىپ چىققان ئورۇن بولۇپ، 1977 ـ يىلى قۇرۇلغان ھالبۇكى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەبىئىي پەنلەر ۋە تېخنىكا بىلەنلا مۇناسىۋەت قىلىپ كەلگەن ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنى قۇرۇش — زىيالىلار ئىلمىي تەتقىقات شارائىتى ھازىرلاپ بەرگەنلىك، ئالىملارنى ئازاد قىلغانلىقنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئۈستىدىن قىلىنغان ئەيىبلەش دەپ قارالغان .

مەن ئاساسلىقى جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقاتىغا ۋە مائارىپىغا قىزىقىمەن «مىللەت» ( nationality ) بىلەن ئاز سانلىق مىللەت ( minority ) دېگەن ئىككى ئۇقۇم بولسىمۇ، بىراق ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلۇپ دۆلەت ئىشلىتىۋاتىدۇ، بەزىدە «ئاز سانلىق مىللەت»

ئالما تور بېكىتى www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/5.asp?isim=[2010-12-31 00:43:06]

alma uyghur book

( minority nationality ) دېگەن ئاتالغۇ تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، بىراق مەن: « ئاز سانلىق مىللەت » ( minority ) دېگەن ئاتالغۇ يۇقىرىقى ئىككى ئاتالغۇ ئىچىدە تېخىمۇ مۇھىمراق، دېگەن تەسىراتتىمەن. چۈشتىن كېيىن، مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىدىغانلىقىمىز ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ تەتقىقات ئورنى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى بىلەن بىر قورۇدا ئىكەن. مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئاساسلىق مائارىپ ئورگىنى، بۇ ھەقتە كېيىن تەپسىلىي توختىلىمەن.

بىز ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ تار كوچىلار ۋە دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان چوڭ يوللارنى بېسىپ ئۆتتۇق. تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى پرو-فېسسور يۈن بېيفېڭ — موڭغۇل — ئۆزىنىڭ 15 چە خىزمەتدىشى بىلەن بىللە كېلىشىمىزنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. بۇ 15 كىشى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تەتقىق قىلىدىغانلار بولۇپ، كۆپچىلىكى خەنزۇلار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇردىن بىرى، قىرغىزدىن بىرى، قازاقتىن بىرى، خۇيزۇدىن بىرى بار ئىكەن. قالغانلىرى ئۇيغۇرچە سۆزلىيەلەيدىغان خەنزۇلار ئىكەن. پروفېسسور فو ماۋجىمۇ بىز بىلەن بىرگە بولدى. ئۇ ئىلگىرى لوندون ئۇنىۋېرسىتتىنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنىدى. پروفېسسور فۇ ماۋجى دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالى-سىغا لولولارنىڭ تىلى ھەققىدىكى تەسۋىرىي فونېتىكا تەتقىقاتىنى تېما قىلغان. لولولار جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى، بۇگۈنكى كۈندە « يىزۇ مىللىتى » دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سورۇندا پروفېسسور ۋاڭ جۈنمۇ بىللە بولدى. ۋاڭ جۈن جۇڭگونىڭ جەنۇبىدىكى ئاز سانلىق مىل-لەتلەرنىڭ تىلىنى تەتقىق قىلاتتى. بۇ تىللار تايلاندلىقلارنىڭ تىلىغا ناھايىتى يېقىن كېلەتتى. قىسقىسى، بۇ تەتقىقات ئورنىنىڭ ئىقتىدارى كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇراتتى، شۇنداقلا ھەقىقەتەن كىشىنى قايىل قىلاتتى. مەن 2 ـ قەۋەتتىكى ناھايىتى ئازادە بىر ئۆيدە ۋاقىتلىق ئو-رۇنلاشتۇرۇلغان مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ بۇنۇقتىنى تونۇپ يەتتىم. يىغىندا چاينى تولا ئىچتۇق. ئۇلار مېنىڭ شىنجاڭ ھەققىدىكى تەتقىقات

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/5.asp?isim=[2010-12-31 00:43:06]

alma uyghur book

ئەھۋالىمنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدىكەن. مەسىلەن، ئۇلار مېنىڭ لوندوندا
نەشر قىلىنىدىغان «ئاسىيا ئىشلىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان شىۋېتسىيە
ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى ھەققىدىكى بىر ماقالەمنى ئوقۇپتۇ. مەن بۇ
ماقالەمدا قەشقەردە يېرىم ئەسىر تۇرغان شىۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكى
قۇرغان باسما زاۋۇتىدا بېسىلغان ماتېرىياللار كاتالوگىنى نەشر قىلدۇرۇش
ئويىدا بولۇۋاتقانلىقىمنى تىلغا ئالغانىدىم. ئۇلار بۇنىڭغا ناھايىتى
قىزىقىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. سەۋەبى بۇ ماتېرىياللار شىنجاڭغا مۇناسى-
ۋەتلىك ئىدى. دوكتور فۇ ماۋجى مېنىڭ شىۋېتسىيە تۈرك تەتقىقاتى
ھەققىدىكى ماقالەمنى ئوقۇغانىكەن. بۇماقالەم باكۇدا چىقىدىغان سوۋېت
ئىتتىپاقى ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغانىدى. ئۇلارنىڭ سۋېن ھېدىن شىنجاڭدا
توپلىغان قول يازمىلار توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنى بىلگۈسى بار ئىكەن.
ئۇلارغا بۇلاردىن كۆپ قىسمىنىڭ نەشردىن چىققانلىقىنى ئېيتتىم ھەمدە
ئاشۇ ماتېرىياللارنىڭ يېقىنقى ئەھۋالى ھەققىدە بىر دوكلات يېزىشقا ۋەز
قىلدىم. ئۇلارنىڭ قىزىقىدىغانلىرى ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك ئىكەن.
شىنجاڭغا ئائىت بولغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە قىزىقىدىكەن.
ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنىڭ راستىنلا چېكى يوق ئىكەن.

ۋاقىتلىق مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تۈگىتىشىگە ئۇلاپلا ماڭا مىللەتلەر
تەتقىقات ئورنىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. بۇ تەتقىقات ئورنى
1958 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، مىللەتلەر تىلى تەتقىقات ئىشخانىسى، ئاز
سانلىق مىللەتلەر تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى، مىللەتشۇناسلىق تەتقىقات
ئىشخانىسى ۋە مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقات ئىشخانىسى ۋە مىللەت نەزەرى-
يىسى تەتقىقات ئىشخانىسىدىن ئىبارەت تۆت ئىشخانىدىن تەركىب
تاپقانىكەن. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ۋە ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى بۇ
تەتقىقات يۇرتىغا ناھايىتى زور بالايىئاپەت كەلتۈرگەن، ئۇلار «مەدەنىيەت
زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە خىزمەت قىلىشقا ئامالسىز قالغان. بۈگۈنكى
كۈندە، ئۇلار تەتقىقات ئىشىغا قايتىدىن كىرىشىپ، ئىلگىرى بارلىق زىيا-
لىيلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا بەل باغلىغان. ئەمما، ھازىر قىيىنچىلىق
ناھايىتى كۆپ، ئەھۋالمۇ ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، نۇرغۇن كىتابلار يوقاپ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/5.asp?isim=[2010-12-31 00:43:06]

alma uyghur book

كەتكەن

— ئۈرۈمچىدىمۇ مۇشۇ ھەقتىكى ئاغرىنىشلارنى ئاڭلىدىم ئۇنىڭ ئۈستىگە تەتقىقات ئورنىنىڭ ئىشخانىلىرىمۇ يېتىشمەيدىكەن ھازىرقى ئەھۋالدىن ئېيتقاندا، مۇھىم ئىش مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنى تەشكىللەپ، ھەمكارلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى ئۇلار مىللەتلەر تىلىنى ۋە ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر ژۇرنال چىقىرىشنىمۇ پىلانلاپتۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا مۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى ئۇلار شىنجاڭدا كىتاب نەشر قىلىشنىڭ تەس ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇر تىلىدا ماقالە بېسىشنىڭمۇ بەك تەس ئىكەنلىكىنى ئېيتتى چۈنكى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» شۇنداق قىلىشقا قارشى تۇرغان. ۋەھالەنكى، ئەمدىلىكتە بولسا دەۋر ئۆزگەرگەن، ھازىر ئۇلار چوڭ ھەجىملىك «قازاقچە — خەنزۇچە لۇغەت» نەشر قىلىشقا تۇتۇش قىلىۋېتىپتۇ. بۇ شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم ئىشلەنگەن لۇغەت ئىكەن يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خىلدىكى كىتاب «ئۇيغۇرچە — خەنزۇچە لۇغەت» نى تۈزۈشنىمۇ پىلانلاپتۇ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار بەك كۆپ بولسىمۇ، تەتقىقات خادىملىرىنىڭ قىزغىنلىقى ئۈستۈن بولغاچقا، بۇلارنى ياخشى قىلىشقا بەل باغلاپتۇ ھەممەيلەن مېنىڭ تەكلىپىمنى ۋە پىكرىمنى ئاڭلاشقا تەشنا ئىدى مەن شىنجاڭنى زىيارەت قىلىپ، ئۇ يەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، بىۋاستە چۈشەنگەندىن كېيىن، ئاندىن تەتقىقات ئورنىنى زىيارەت قىلغىلى كېلىشكە ۋەدە بەردىم

ئاخىردا، سۆھبىتىمىز تەتقىقات ئورنىنىڭ ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە يېزىق ئىجاد قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئەڭ مۇھىم خىزمىتىگە بېرىپ تاقالدى جۇڭگودىكى 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئۆز ئالدىغا تىلى بار ئېھتىمال ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سانى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن ئۇلار ھازىر تەكشۈرۈپ ستاتىستىكا قىلىۋېتىپتۇ، ھازىرغىچە كىشىلەر بىلمەيدىغان مىللەتلەر بايقىلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىنىكەن تەتقىقات ئورنىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ۋەزىپىسى مۇشۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى يېزىپ چىقىش، بىر نەچچە مىللەتنى بىرلەشتۈرۈپ يېزىش ياكى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/5.asp?isim=[2010-12-31 00:43:06]

ھەربىر مىللەتنىڭكىنى ئايرىم يېزىپ چىقىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلارنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر ئىكەنمىز دېگەن تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشتە ئىنتايىن مۇھىم « باراۋەرلىك » تۇيغۇسى . بۇ سۆزنى ئۇلار ماڭا مۇشۇنداق تەرجىمە قىلىپ بەردى مېنىڭچە « تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر » ( being burn equal ) دېگەن سۆزنى ئىشلىتىش تېخىمۇ ئورۇنلۇق بولىدۇ كىشىلەرمۇ ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قەدىمگە يېتىشەلىش لازىملىقىنى تونۇپ يېتىشتى ھەمدە « تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش » نى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشنى تىرىشىپ ئىشلەش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىساد ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى قالاق ھالىتىگە خاتىمە بېرىشنى ئۈمىد قىلىدۇ بۇلارنى ئورۇنداش ئۈچۈن . جاپاغا چىداپ ئۆگىنىشكە ۋە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى سىياسەتلىرىنى تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ

مەن شىنجاڭدىن بېيجىڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم بۇ مەكتەپ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىغا تامامەن ئوخشايدىكەن بۇ ئىككىسىدىن مىللەتلەر ئىنستىتۇتى تېخىمۇ مۇھىمراق ئىكەن بۇ مەكتەپ ئۆزۈن سەپەر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، 1941 - يىلى يەنئەندە قۇرۇلغان مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئاساسىدىدا قۇرۇلغانىكەن . ئەمما ، 10 يىلدىن كېيىن ھازىرقى ھالەتكە كەلگەن مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ۋەزىپىسى 55 ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ ، ئۇلارنى جۇڭگونى قايتىدىن گۈللەندۈرۈش ئىشىغا ئاكتىپ قاتناشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئىنستىتۇت بىلەن تەتقىقات ئورنى بىر چوڭ قورۇغا جايلاشقان مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ مەقسىتى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تەربىيىلەش بولسا . مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ مەقسىتى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى ۋە ئومۇمىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش ئىدى

مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ بىر رەھبىرى ماڭا مەزكۇر ئىنستىتۇتىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى ئازادلىقتىن بۇيان پارتىيە ۋە دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەشكە ، ئاز سان-

www.alma.cn

لىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىزچىل تۈردە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن 1951 ـ يىلدىن بۇيان ، مىللەتلەر ئىنستىتۇتى 12 مىڭ ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن هازىر بۇ ئوقۇغۇچىلار مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خىزمەت قىلىۋېتىپتۇ .ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئۆزى تۇرۇشلۇق ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ۋەتەن ئۈچۈن غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقان هازىر بۇ مەكتەپتە 40 ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان 2400 ئوقۇغۇچى ، مەكتەپتە 1000 ئىشچى ـ خىزمەتچى بار ئىكەن . 500 ى ئوقۇتقۇچى ئىكەن كۆپ ساندىكى ئوقۇتقۇچىلار ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئىكەن . خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئاز دېگەندە بىر ئاز سانلىق مىللەتنىڭ تىلىنى تولۇق بىلىدىكەن . ئىنستىتۇتتا ئەدەبىيات ، تارىخ ، سەنئەت ، ماتېماتىكا ، فىزىكا ، كادىرلارنى تەربىيىلەش ، تەييارلىق بۆلۈمى ، سىياسىي مائارىپ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىن ② ئىبارەت سەككىز فاكۇلتېت بار ئىكەن

ماتېماتىكا ـ فىزىكا فاكۇلتېتى يېڭىدىن قۇرۇلۇپتۇ هازىر بۇ ئىش يادىمغا كەلگەندە ، بۇ فاكۇلتېتنىڭ تەسىس قىلىنىشى تۆتىنچى « زامانىۋىلاشتۇرۇش » — پەن تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى بىردىنلا ئېسىمگە ئالدىم . ئوقۇغۇچىلارنىڭ بارلىق خىراجىتىنى ، جۈملىدىن ئوقۇش خىراجىتى ، تاماق ، ياتاق ۋە دەرسلىك ، كىتابلىرىنى دۆلەت كۆتۈرىدىكەن .

ئىنستىتۇتنىڭ بۇ رەھبىرى ماڭا يەنە ئىنستىتۇت قۇرۇلغاندىن بۇيان رەئىس ماۋ زېدۇڭ ، زوڭلى جۇئېنلەينىڭ بۇ ئىنستىتۇتنىڭ خىزمەتلىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە مەدەت بېرىپ كەلگەنلىكىنى ، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىنستىتۇتنىڭ ۋەكىللىرىنى 14 قېتىم قوبۇل قىلغانلىقىنى ، زوڭلى جۇئېنلەينىڭمۇ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ خىزمەتلىرىنى بىۋاستە كېلىپ تەكشۈرۈپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى رەئىس خۇا گوفېڭنىڭ ئىنستىتۇتنىڭ تۇرلۇك پائالىيەتلىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن ، 1977 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ 2000 ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچىدىن تەركىب تاپقان ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قوبۇل

www.alma.cn

alma uyghur book

قىلغان

بېيجىڭدىكى بۇ مىللەتلەر ئىنستىتۇتى جۇڭگونىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئون مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدۇ جۇڭگودا ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئەڭ چوڭ رايون شىنجاڭ ھېسابلىنىدۇ . شىنجاڭنىڭ كۆلىمى پۈتۈن مەملىكەت كۆلىمىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ ئۇ يەردە 12 ئاز سانلىق مىللەت بار ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى شىزاڭ ، شىزاڭدا بەش ئاز سانلىق مىللەت بولسىمۇ ، بىراق زاڭزۇلار ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئاھالىسى پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ 6% نىلا ئىگىلەيدۇ ، ئەمما ئۇلار ئولتۇراقلاشقان كۆلىمى بولسا پۈتۈن مەملىكەت كۆلىمىنىڭ 50% — 60% نى ئىگىلەيدۇ بېيجىڭ شەھىرىدە 300 مىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى بار ئىكەن 55 ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدە مانجۇلار بىلەن خۇيزۇلار خەنزۇ تىلىنى ئانا تىل ھېسابلايدىكەن .

بىز باغچىدەك گۈزەل بۇ ئىنستىتۇتنىڭ بىر قانچە ئوقۇتۇش بىناسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق نۇرغۇنلىغان ئوقۇغۇچىلار گۈزەل كۆز مەنزىرىسىنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقانىكەن دەسلەپ بىر سىنىپنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق ئۇ سىنىپتىكىلەرگە ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى ئۆتۈلۈۋاتقانىكەن مەن ئىجازەت ئېلىش ئارقىلىق ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم دەرس ئۆتۈۋاتقان ئوقۇتقۇچى خەنزۇ ئىكەن ئوقۇغۇچىلار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار ئىكەن بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۇيغۇرچىنى پىششىق بىلىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى كېيىن ئۇنىڭ ( ئايال ) مۇ « ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت » نى تۈزۈشكە قاتناشقانلىقىنى ئۇقتۇم ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇچە سەۋىيىسىمۇ خېلى ئوبدان ئىكەن ، ئەلۋەتتە . كېيىن يەنە باشقا بىر بىناغا كىردۇق ، ئۇنىڭ بىرىنچى قەۋىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇزېيى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نۇرغۇن ماددىي بۇيۇملىرى تىزىلغانىكەن . بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/5.asp?isim=[2010-12-31 00:43:06]

alma uyghur book

سايامانلار، شۇنداقلا ئاددىي ھەم كۆرۈپلا بىلگىلى بولىدىغان نۇرغۇن تەشۋىقات ماتېرىياللىرىمۇ بار ئىكەن  ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى كونا جەمئىيەتتىكى پومېشچىكلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە زۇلمىنى كۆرسىتىدىغان سۈرەتلەر ئىكەن  ئۇنىڭدىكى ۋەھشىيلىكلەرنى كۆرگەن كىشى غەزەپلەنگەنلىكىدىن كۆرۈۋېرىشكە تاقەت قىلالمايدىكەن  بولۇپمۇ شىزاڭ ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سۈرەتلەر تېخىمۇ شۇنداق ئىدى  شۇ سۈرەتلەردىن قارىغاندا، شىزاڭدىكى «ئاقسۆڭەكلەر» نىڭ قوللانغان ۋاسىتىلىرى كىشىنى چۆچۈتەتتى. ئىككى قولى، ئىككى پۇتى، بۇرنى كېسىپ تاشلانغان كىشىلەرنىڭ سۈرەتلىرىدە «ئاقسۆڭەكلەر» نىڭ كىشىلەرنى نابۇت قىلغان جىنايى قىلمىشلىرى تولۇق پاش قىلىنغانىدى

بىز ئىنستىتۇتنىڭ كۇتۇپخانىسىنىمۇ ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق؛ بۇ كۇتۇپخانىنىڭ مېنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىم كېرەك  بۇنىڭ سەۋەبى كۇتۇپخانىدىكى كىتاب جاۋەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرچىغا ياكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى  ئۇيغۇرچە ياكى قازاقچە باشقا كىتابلار يوق دېيەرلىك ئىدى  بۇنىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئەيىبلىمىدى  ئەمما، مەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي ئەدەبىي كىتابلىرىنىڭ ئاز بولۇشىنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قارشى ئورۇنغا قويغانلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن  بىز ئوقۇتقۇچىلار قىرائەتخانىسىنى ئايلىنىپ كۆردۇق  ئۇ ئۆي ئىنتايىن كەڭ، ئازادە يورۇق ئىدى. ئۇ يەردىكى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى ناھايىتى تولۇق بولۇپ، قىسقارتىلمىغان ۋېبستېر لۇغىتىدىن بىرى ئايرىم ئۈستەلگە قويۇقلۇق تۇراتتى

ئېكسكۇرسىيە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە بىرلىكتە سۆھبەتلەشتۇق، شۇنداقلا مىللىي مائارىپ مەسىلىسىنىمۇ مۇزاكىرە قىلدۇق  ئۇلار مېنى تەنقىد ـ تەكلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. تەنقىد بېرىش سالاھىيىتىمنىڭ يوقلۇقىنى، ئەمما ناھايىتى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/5.asp?isim=[2010-12-31 00:43:06]

alma uyghur book

خۇشاللىق بىلەن شەخسىي پىكرىمنى بىرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم مەسىلەن،
شىنجاڭنىڭ ماتېرىياللار كاتالوگىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلگۈم بارلىقىنى
ئېيتتىم يايونىيىدە مۇشۇنداق ماتېرىياللار كاتالوگى تۈزۈلۈپ نەشر قى-
لىندى، ئەمما ئۇنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى ماتېرىياللار كاتالوگى
ھەرقانداق تەتقىقات خىزمىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا كەم بولسا بولمايدىغان
ئۇل، شىنجاڭدىكى يىپەك يولى تەتقىقاتىغا دائىر بارلىق نەشر بۇيۇملىرى
ئۈچۈن مۇكەممەل بىر ماتېرىياللار كاتالوگى تۈزۈپ چىقىشتىمۇ ئەھمى-
يەتلىك ئىش يوق مۇنداق كاتالوگ تارىخ، ئارخېئولوگىيە، تىل،
مىللەتشۇناسلىق، ۋە ئېتنوگرافىيە قاتارلىق بارلىق پەنلەرگە چېتىلىدۇ
مۇزاكىرىدە، شۋېتسىيىدىكى لاپلاندىيىلىكلەر مەسىلىسى يەنە ئوتتۇرىغا
قويۇلدى روشەنكى، ئۇلارنىڭ شۋېتسىيىدىكى ئاز سانلىق مىللەت مەسى-
لىسىگە قىزىقىشتىن مەقسىتى سېلىشتۇرۇش ئۈچۈن ئىدى مەن ئۇلارغا
شۋېتسىيىدە لاپلاند تىلى ئۈستىدىكى تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى گۈمانتارلىق
تەتقىقاتىدىكى مۇھىم بىر تېما ئىكەنلىكىنى، لاپلاند ئالىملىرىنىڭ بۇ ھەقتە
نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغانلىقىنى، لاپلاند تىلىنىڭ تىل
تاۋۇشلىرى ( ترانسكرىپسىيىسى ) خىزمىتىنىڭ تەپسىلىي خاتىرىگە ئېلىن-
غانلىقىنى ھەمدە لاپلاندىيىلىكلەرنىڭ يەر ناملىرى، ئەپسانىلىرى،
رىۋايەتلىرى، ئېتىقادى قاتارلىقلار ھەققىدە تولۇق ماتېرىيال توپلىمى ھا-
زىرلانغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم مەن ئۇلارغا مۇشۇ خىلدىكى
ماتېرىياللارنىڭ شىنجاڭدا ناھايىتى كۆپلۈكى، بۇلارنى رەتلەش، تەتقىق
قىلىشقا توغرا كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا تەكلىپ بەردىم ئىلگىرى ئۇيغۇر
تىل شېۋىلىرىنى تەتقىق قىلىش كۆپ بولماپتۇ شېۋىلەرنى خاتىرىلەش
ئىشى بەك ئاز ئىشلىنىپتۇ شىنجاڭدا خەلق رىۋايەتلىرى، ئېتنوگرافىك،
ئەدەبىيات، تېپىشماق، ماقال ـ تەمسىل، تىل ئىپادىلەش شەكلى ئىنتايىن
مول بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇرۇنلا ئىزى يوقاپ كەتكەن مەدەنىيەت دەۋرىگە
بېرىپ تاقىلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن مەن ئۇلارغا مېنى تەكلىپ
بېرىڭ دېگەن ئىكەنسىلەر، ئۇنداقتا مېنىڭ تەكلىپىم شۇكى، شىنجاڭ-
دىكى قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولىدىغان بارلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/6.asp[2010-12-31 00:11:16]

alma uyghur book

قوتۇلدۇرۇۋېلىش لازىم ، دېدىم . خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كىتاب ۋە ژۇرنال ئارقىلىق ئەمەس ، بەلكى ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ئۇسۇل ئاساسىغا قۇرۇلغان . يېشى 50 ، 60 ، 70 لەرگە بېرىپ قالغان ياشانغانلارنى ئىزدەپ تېپىپ كۆرۈشسەك ، خەلق چۆچەكلىرى ئۇلارنىڭ ئېسىدە بولۇشى ھەمدە ئۇلار بۇ چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرەلىشى مۇمكىن ئەمما ، ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ 20 ـ ئەسىردىكى زامانىۋىلىشىش ھەرىكىتى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شەكلىنى ناھايىتى تېز ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتنى ساقلاپ قالىمىز دەيدىكەنمىز ، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن خىزمەت ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ

## ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىش

چېلەكلەپ قۇيغاندەك ياغقان قاتتىق يامغۇر ھەرقانداق شەھەرنى ، ھەتتا پارىژدەك شەھەرنىمۇ سولغۇن ، بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ بېيجىڭمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى مەن ۋاڭ فامىلىلىك ئىككى جوڭگولۇق بىلەن سەھەردىلا بېيجىڭ مېھمانخانىسىدىن چىقىپ ئاپتوموبىل بىلەن ئايرودرومغا كېتىۋاتقان چېغىمدا ، بېيجىڭدا ئەنە شۇنداق قاتتىق يامغۇر ياغماقتا ئىدى چوڭ كوچىلار ۋېلسىپىت مىنىۋالغان ئادەملەر بىلەن تولغان بولۇپ ، ئۇلار ئۇچىسىغا كۆل رەڭ يامغۇرلۇق چاپان كىيىۋالغان ياكى باشلىرىغا ھەرخىل سۇلياۋلارنى ئارتىۋالغانىدى ئۇلارنىڭ كۆل رەڭ يامغۇرلۇق چاپىنى ئىچىدىكى كىيىمىنىڭ رەڭگى كىشىگە غەيرىي كۆرۈنەتتى ، ئاندا ـ ساندا كۆزگە چېلىقىپ قالغان بىر ئىككى ئاچ يېشىل ياكى سۇس كۆك يامغۇرلۇق چاپان بۇ خىل غەيرىيلىكنى بۇزۇپمۇ تۇراتتى ئاپتوۋۇس بېكەتلىرىدە كىشىلەر كۆنلۇك تۇتۇپ جۇغجىيىشىپ ئاپتوبۇس ساقلىماقتا ئىدى شەھەرنىڭ مەركىزىي كوچىلىرىدا ئاپتوموبىللار قىستا ـ قىستاڭ ئىدى ئەمما ، ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنلا قاتناش قىستاڭچىلىقى ئۆز بېسىقىغا چۈشۈپ قالاتتى ئايرودرومغا بارىدىغان يول كەڭ ، ئازادە بولۇپ ، سايە تاشلاپ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/6.asp[2010-12-31 00:11:16]

alma uyghur book

تۇرغان ئۇزۇن يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا يوغان - يوغان دەرەخلەر ۋە چاتقاللار باراقسان ئۆسكەنىدى. باغچە ۋە داللار ئالدىمىزدىن ئۇزۇلمەستىن غىل - پال قىلىپلا ئۆتمەكتە ئىدى. غايەت زور كۆلىمى بىلەن جۇشقۇنلۇقىنىڭ كەملىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتكەندە، بېيجىڭنىڭ كۆكەرتىش ئىشى خېلى تۈزۈك ئىدى.

سائەت توققۇزدىن 25 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلان دەل ۋاقتىدا ئورنىدىن قوزغالدى. بۇ ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن «ترىدېنت» يولۇچىلار ئايروپىلانى بولۇپ، ئايروپىلاندا بوش ئورۇن قالمىغانىدى. ئايروپىلاندىكى يولۇچىلار ئىچىدە ئافغانىستانلىق ئەر - خوتۇن بىلەن مەندىن باشقا چەت ئەللىك يوق ئىدى. مەن يولۇچىلارنىڭ ئېلىپ ماڭغان نەرسىلىرىنى ھەرخىل پوسۇندىكى كىچىك سومكىلارغا سېلىۋالغانلىقىنى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يۇك - تاقلىرى ئېغىرلىق ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئايروپىلان خىزمەتچىلىرىنىڭ بۇنداق قىلمىشلارنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ خىل ئەھۋالنى ناھايىتى ئاز ئۇچراتقانىدىم. بىز ئۇچەيلەن ئايروپىلاننىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئورۇندۇقتا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. پۇتۇم بەك ئۇزۇن بولغانلىقتىن ئۆتەر يول يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئالماشتۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈندۈم. جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىچكى لىنىيىسىدە ئۇچىدىغان ئايروپىلانلىرىدا بوشلۇقتىن تولۇق پايدىلىنىش مەقسىتىدە ئورۇندۇق ئارىلىقى ناھايىتى تار لايىھەلىنىدىكەن. جۇغى كىچىك جۇڭگولۇقلار بۇ خىل ئورۇندۇقتا ئوڭايلا كىرىپ ئولتۇرىدىكەن. سەپەر ئۈستىدە ئايروپىلان خىزمەتلىرىنىڭ مۇلازىمىتى ناھايىتى ياخشى بولدى. ئايروپىلاندىكى كۈتكۈچى خېنىملار مەن بىلەن ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەشتى. ئۇلار يولۇچىلارغا پات - پات سېغىز كەمپۈت، شېكەرلەنگەن مېۋە ۋە جۇڭگو تاماكىسى، شۇنداقلا رەئىس ماۋ زېدۇڭ سۆزلىرىدىن تۈزۈلگەن بېسىلغان يەلپۈگۈچ تەكلىپ بېرەتتى. لەنجۇغا بارغۇچە ئىككى يېرىم سائەتلىك سەپەردە يولۇچىلار ھەرخىل تىلدا (يېزىقتا) نەشر قىلىنغان «جۇڭگو قۇرۇلۇشى» دېگەن بىر ژۇرنالنى قولدىن

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/6.asp[2010-12-31 00:11:16]

قولغا ئېلىپ كۆرۈشتى. لەنجۇ — نۆۋەتچى ئايروپىلاننىڭ ئۈرۈمچىگە ئۇچۇش مۇساپىسى ئارىلىقىدىكى بىردىنبىر چۈشۈپ ئۆتىدىغان ئايرودروم

مېنىڭ سىرتقى قىياپىتىم ئايروپىلاندىكى ھەرخىل كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغانىدى. ئارىدىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتە - ئۆتمەيلا ئۇلارنىڭ ۋاڭ جۇجى ( تەرجىمان ) دىن مېنىڭ ئەھۋالىمنى سۈرۈشتە قىلغىلى تۇرۇشتى. ئۇنىڭ مېنى تەپسىلىي، ئەتراپلىق تونۇشتۇرىدىغانلىقى جەزمەن ئىدى. چۈنكى، سەپەر بويى كىشىلەر ھەممىشە ماڭا قاراپ ئىنتايىن دوستانە ھالدا باشلىرىنى لىڭشىپ سالام قىلىشتى. يولۇچىلار ئارىسىدىكى بىر ئۇيغۇر يېنىمدىكى بىر خەنزۇ بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشكەچ ئولتۇراتتى. ۋاڭ خانىم ھېلىقى ئۇيغۇرنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ رەھبىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى بىلەن بىللە بېيجىڭغا « تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش » نى قانداق قىلىپ ئىشقا ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى يىغىنغا بارغانلىقىنى ئۇقۇپتۇ. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ تەكتىنىڭ ئاقسۇلۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۆتەر يولىنىڭ قىيپاش ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان بىر ئەركىشى پارىڭىمىزنى بۆلۈۋېتىپ، ئۆزىنىڭ خوتەنلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بىراق، ھېلىقى ئاقسۇلۇق ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلماي، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ دېگەندەك توغرا ئەمەسلىكىنى، چۈنكى ئۇنىڭ پەقەت خوتەندە تۇغۇلغان خەنزۇ ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئۇيغۇرچىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ ئۇيغۇر ھېسابلانمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ خىل پەرق ھېلىقى ئاقسۇلۇققا نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىم ئىدى. ئۇ ئاز سانلىق مىللەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سالاھىيىتىنى قوغداۋاتاتتى.

ماۋ زېدۇڭ بىلەن خۇا گوفېڭنىڭ يوغان سۈرىتى لەنجۇ ئايرودرومىدا ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۈرۈمچى ئايرودرومىدىمۇ ئوخشاشلا ئاشۇ ئىككى كىشىنىڭ يوغان سۈرىتى ئېسىقلىق ئىدى. لەنجۇ ئايرودرمىنىڭ ئايروپىلان كۈتۈش ئۆيىدىكى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئورۇندىكى بىر تېمى بېزەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى مەرمەر تاشقا ماۋ زېدۇڭنىڭ بىر مەشھۇر

www.alma.cn

alma uyghur book

شىپىرىنىڭ قول يازمىسى چۈشۈرۈلگەنىدى لەنجۇدىمۇ سىم ـ سىم يامغۇر
يېغىۋاتقاچقا ، ئايرودرومدا بىر سائەتتىن ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالدۇق
ئايروپىلاندا تاماق بەرمىگەچكە ، يولۇچىلار ئايرودرومنىڭ ئاشخانىسىدا
چۈشلۈك تاماق يېدى بىز 2 ـ قەۋەتتىكى بىر ئېغىز ئالاھىدە تاماقخانىغا
چىقىپ غىزانلاندۇق . ئاشخانىنىڭ تاماقخانىلىرىدا ماۋ ( زىبدۇك ) ، خۇا
( گۇفىك ) نىڭ سۈرىتىدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى ئىككى ئافغانلىق
جۇڭگولۇق ھەمراھلىرى بىلەن بىللە بۇ يەرگە كىرىپ ئورۇن ئېلىپ
بولغانىكەن يەنە بىر تاماق شىرەسى ئەتراپىدا جۇڭگولۇق ھەربىيلەر ئول-
تۇراتتى ئۇلاردا ئۇلارنىڭ سالاھىيىتى ③ نى ئىپادىلەيدىغان ھېچقانداق
بەلگە ـ ئالامەت بولمىسىمۇ ، ئەمما مەن ئۇلارنىڭ ھەربىي ئوفىتسېر ئىكەن-
لىكىنى قىياس قىلدىم ئۇنداق بولمىغان بولسا ، ئۇلارنىڭ بۇ ئالاھىدە
تاماقخانىدا تاماق يېيەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى

ئايروپىلان لەنجۇدىن غەربكە قاراپ يېرىم سائەتچە ئۇچقاندىن كې-
يىن بۇلۇتلار تارقاشقا باشلىدى بىز شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىغا
كىرگەنىدۇق بۇ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ يەر بولۇپ ، تارىختا « جۇڭغا-
رىيە » دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىدى ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغ تىزمىلىرى
شىنجاڭنى ئىككى قىسمىغا بۆلۈۋەتكەن ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا زېمىن
كەڭرى بولۇپ ، ئۇ تارىختا بېكىنمىچىلىكى ۋە قاقاسلىقى بىلەن دۇنياغا
مەشھۇر جاي ئىدى ئۇ يەردىكى تۈركلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى — ئۇي-
غۇرلار ئۇ يەرنى ئالتە شەھەر دەپ ئاتايتتى ھالبۇكى ، جۇڭغارىيە رايونى
ئەزەلدىن تارتىپلا بىر قەدەر ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ ، ئۇ يەرگە كىرىشمۇ ئا-
سانراق ئىدى ئۇنىڭ شەرق تەرىپى جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك
رايونى ئىدى شىمال تەرىپى روسىيە بىلەن قوشنا ئىدى ئايروپىلاندا
پەسكە نەزەر سالغاندا ، جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ تەبئىي مەنزىرىسىدىكى
ئۆزگىرىشلەرنى ھېچقانداق گىياھ ئۆسمەيدىغان ئاي شەكلىنىڭ قۇم تاغ ۋە
چۆللەردىن تۇجۇپىلەپ تېرىقچىلىق قىلىشقا ئۆتكەن چەت ـ ياقا رايوندىكى
تۈزلەڭلىكنىڭ تاكى تەڭرىتاغنىڭ ئېتەكلىرىگىچە سوزۇلۇپ بارىدىغانلى-
قىنى كۆرگىلى بولاتتى . ئايئاق قار قاپلىغان قاتمۇ قات تاغ چوققىلىرى

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/6.asp[2010-12-31 00:11:16]

alma uyghur book

گويا تەبىئىي توساقتەك تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنى ئىككى دۇن-
ياغا ئايرىۋەتكەنىدى. دېڭىز يۈزىدىن 5400 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئەڭ ئېگىز
مۇزلۇق چوققا — بوغدا چوققىسى تەبىئىي سۇ ئامبىرىغا ئوخشايتتى تاغ
چوققىسىدىن ئۈزۈلۈكسىز ئېرىپ چۈشكەن قار سۇلىرى ئېرىق - ئۆستەڭلەر
ئارقىلىق ئېقىپ بوستانلىقلارغا جۇشقۇن ھايات بېغىشلايتتى.

ئۈرۈمچى — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى. بۇ
شەھەردە ھازىر 800 مىڭ ئاھالە بار ۋەھالەنكى، خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇ-
رۇلۇشتىن بۇرۇن بولسا ئىنتايىن ئارقىدا قالغان، زامانىۋى مەدەنىيەت
ناھايىتى كەمچىل كىچىك شەھەر ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا ناھايىتى يۈك-
سەك زامانىۋىلاشقان ئايرودروم قۇرۇلۇپتۇ بۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادا بارلىققا
كەلگەن بىر مۆجىزە دېمەي تۇرالمايمىز. مەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلى-
رىنى ساياھەت قىلىپ يۈرگىنىمدە كۆرگەن شەيئىلەرنىڭ تۇنجى تەسىرى
توغرا ياكى خاتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كۆپ ھاللاردا ماڭا ناھايىتى
قاتتىق تەسىر قىلىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن مەندە ئاشۇ دۆلەتنى
مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئىنكار قىلىش كۆز قارىشىنى پەيدا قىلىدۇ مۇ-
بادا مېنىڭ كۆز قارىشىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان، مۇنازىرە
تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت بولىدىكەن، ئۇ ھالدا قايسى ۋاقىت بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر كۆزقارىشىمنى ئۆزگەرتىمەن، ئەلۋەتتە ئەمما، تۇنجى تەسىر
پەيدا قىلغان كۆزقاراش خېلى ئۇزۇنغىچە ئېسىمدىن كەتمەيدۇ. ئۈرۈمچى
ئايرودرومى مەندە مۇئەييەنلەشتۈرۈش تەسىرىنى قالدۇردى بۇ ئايرودروم
ناھايىتى زامانىۋى بولۇپ، ئۇنىڭدا بېتون ياتقۇزۇلغان ناھايىتى ئۇزۇن
ئايروپىلان ئۇچۇش، قونۇش يولى ياسالغانىدى. ئايرودرومنىڭ
ئايروپىلان كۈتۈش بىناسى سىرتىدىن قارىغاندىمۇ كىشىنى ئۆزىگە ناھا-
يىتى جەلپ قىلاتتى ئايروپىلان كۈتۈش زالى يورۇق ھەم ئازادە،
يېقىملىق ھەم پاكىز بولغاچقا، مەندە ياخشى تەسىرات قالدۇردى.

ئافغانىستانلىق مېھمانلارنى ناھايىتى كۆپ كىشىلەر كۈتۈۋېلىشقا
چىققانىدى. ئۇلار ئايروپىلاندىن بىرىنچى بولۇپ چۈشۈشكە رۇخسەت
قىلىنىدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا بىز چۈشتۇق ئايروپىلان شوتىسىدىن

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/6.asp[2010-12-31 00:11:16]

alma uyghur book

چۈشكەندە ، بىزنى بەش خەنزۇ ، بىر ئۇيغۇر كۈتۈۋالدى ، ئۇلار ئاپتونوم
رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتقا ۋەكالىتەن بىزنى كۈتۈۋېلىشقا مەسئۇل بول-
غانلار ئىكەن . ئۇلار بىزنى ئارىسىغا ئېلىپ ئەزىز مېھمانلار ئارام ئالىدىغان
ئۆيگە ئېلىپ كىردى . مۇلازىمەتچىلەر چاي تۇتتى ئەزىز مېھمانلار دەم
ئېلىش ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى تام تۈۋىگە چايدانلار قاتار تىزىلغانىدى
بۇنداق ئەھۋالنى جۇڭگونىڭ ھەممە يېرىدە ئۇچراتقىلى بولاتتى ئۇنىڭ-
دىن كېيىن ئۆزئارا تونۇشتۇرۇش بولدى بىر مېھمان يات جايغا
كەلگەندە ، ھەمىشە مۇشۇنداق ئىش بولۇپ تۇرىدۇ ئۇلار ئانچە ھايال قىل-
مايلا ماڭا ئۈرۈمچىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى . بۇ شەھەر تەرەققىي
قىلىپ بەلگىلىك سانائەت ئاساسىغا ئىگە چوڭ شەھەرگە ئايلىنىپتۇ ،
شۇنداقلا ئۇلار يەنە ئۈرۈمچىدىن ئانچە يىراق بولمىغان قاراماينىمۇ قىسقىچە
تونۇشتۇردى بۇ جاي جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى نېفىت سا-
ئائىتى بازىسى ئىكەن . بولۇپمۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى ، قاراماي
شىنجاڭنىڭ پۈتۈن ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتكەن ساھىبخانا مەن
بىلەن ئۇزۇن سۆھبەتلەشتى بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ئېچىلمىغان مول
تەبىئىي بايلىقلار ۋە شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا دائىر مۇمكىنچىلىكى بار
بولغان خىلمۇ خىل كەلگۈسى مەنزىرىلەر ھەققىدە سۆزلىدى مەن
ئايرودروم ھەققىدىكى تەسىراتىمنى سۆزلەپ بۇئايرودرومنى ماختىدىم
ئۇلار ئۈرۈمچىنى خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە قاتناش تورىدىكى مۇھىم ھاۋا
قاتناش پورتىغا ئايلاندۇرۇشنى بەك ئارزۇ قىلىدىكەن ئۇلار بۇ جەھەتتە
يىراقنى كۆرەلىگەن ، جۇڭگونىڭ ياۋروپاغا بارىدىغان يولۇچىلار
ئايروپىلانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈرۈمچىگە چۈشۈپ ئۆتىدۇ پاكىستان ئاۋى-
ئاتسىيە شىركىتىنىڭ يولۇچىلار ئايروپىلانىنىڭ پاكىستان — بېيجىڭ
ئارىلىقىدا نۆۋەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغاندا ، ئۈرۈمچىدىن ئۇچۇپ
ئۆتۈشىگە ئىجازەت قىلىنغان بولسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە پاكىستان — ئۈرۈمچى
ئوتتۇرىسىدا نۆۋەتچى ئايروپىلان تەسىس قىلىشتەك ھەقىقىي ئېھتىياج
تېخى شەكىللەنمىگەچكە ، ھازىرچە تېخى بۇ يەرگە چۈشۈش ھوقۇقىغا
ئىگە بولالمايتتۇ ھازىر نۇرغۇنلىغان چەت ئەل ۋەكىللىرى ئۆمەكلىرى ئۈ-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/6.asp[2010-12-31 00:11:16]

alma uyghur book

رۇمچىگە كېلىدىكەن ، بىر ساھىبخانا ماڭا مۇنداق دېدى :

ــــ ئاشۇ چەت ئەللىكلەر بەزىدە مەندىن : « مېھمانخانىلاردا مۇنچا بارمۇ ؟ مېھمانلارنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇپ بېرەمدۇ ؟ » دەپ سورايدۇ ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئۈرۈمچى مەڭگۈ قالاق تۇرىۋېرىدىغان ئوخشايدۇ لېكىن ، بىز ئۇنچىۋالا قالاق ئەمەسمىز ، بۇنىڭغا ئۆزىڭىز تۇزىتىش ئارقىلىق بىر نېمە دېيەلىگىز بولىدۇ

ئۇ بۇ گەپنى چاقچاق تەرىقىسىدە دېگەن بولسىمۇ ، بىراق ئۇنىڭ تۇرقىدىن ھەيران بولۇش ۋە تەنە قىلىش ئالامەتلىرى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى شۇنىسى ئېنىقكى ، ئۇلار كىشلەرنىڭ شىنجاڭ جۇڭگو-نىڭ قالاق بىر رايونىنى دېگەن ئومۇمىيۈزلۈك قارىشىغا قوشۇلمايتتى ئەگەر شۇنداق ئىش يۈز بېرىپ قالىدىغان بولسا ، ئۇ ھالدا ئۇلار بىرئاز بىئارامىلىق ھېس قىلىشاتتى ھالبۇكى ، ئارىدىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا مەن ئۇلارنىڭ ئەھۋال دەل بۇنىڭ ئەكسىچە دېگەن كۆڭلى بىلەن بىۋاستە ئۇچراشتىم

ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ شەھەرگە كىرگۇچە بول بويىدا كۆرگەنلىرىم مۇندىن بىر نەچچە سائەت ئىلگىرى ئايرىلغان جۇڭگونىڭ باشقا بىر رايونىغا ئوخشىمايدىغان ماددىي ، مەدەنىيەتكە ئىگە بىر جايغا كەلگەنلىكىمىزنى ئىسپاتلىدى زامانىۋى ساياھەت قۇراللىرىنىڭ سۈرئىتى بۇ جاھاننى تار قىلىپ قويۇپ ، بىزنى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن شەيئىلەرنى كۆرۈش رايونلار ئارىسىدىكى غايەت زور پەرقلەرنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى ئىلگىرىكى زامانلاردا ، تۆگە كارۋىنى بىلەن بىللە ماڭغاندا سۈرئەت تولىمۇ ئاستا بولغاچقا ، ساياھەتچىلەردە يېڭى مۇھىتقا ئادەتلىنىش ۋە ماسلىشىش جەھەتتە يېتەرلىك پۇرسەت بار ئىدى مېنىڭچە ئەگەر بۇ قېتىم پويىزغا چۈشكەن بولسام ، بېيجىڭدىن لەنجۇغا ، لەنجۇدىن جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى بىلەن شىنجاڭنىڭ تەبىئىي شارائىتى كىشلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئارىسىدىكى غايەت زور پەرقلەرگە بولغان سېزىمىم بۇنچىلا كۈچلۈك بولمىغان بولاتتى ئۇ چاغدا مەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇكەك زېمىنغا ئاستا ـ ئاستا مېڭىپ كېلىپ ، يې-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/6.asp[2010-12-31 00:11:16]

alma uyghur book

زىلاردىكى خام كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان ئۇيغۇرلارغا خاس ئۆگزىسى تەكشى، تۈز، پاكار ـ پاكار، گىرەلىشىپ كەتكەن ئۆيلەر، ئېتىزلىقلار ئارىسىدىكى ئىرماش ـ چىرماش ئېرىقلاردا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇلاردىن ئىبارەت سەھرا مەنزىلىرىنى كۆرگەن بولاتتىم

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى كەڭ كوچىلارنىڭ ئىككى ياقىسىدا، ئاسمان پەلەك ئېگىز ئۆسكەن سۇۋادان تېرەكلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى ھەممە نەرسىلەر ناھايىتى پاكىز، رەتلىك ئىدى بېتون ۋە خىشتىن سېلىنغان بىر قىسىم زامانىۋى ئىمارەتلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شەھەردىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆپىنچىسى كونىچە رۇس پاسونىدىكى ئىمارەتلەر ئىدى 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن ئېتىبارەن، بۇ خىل پاسوندىكى ئىمارەتلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇن جايلاردا ئۇچراتقىلى بولاتتى مەيلى جۇڭگونىڭ قانداقلا يېرىگە بارايلى، كوچا بويلىرىدىكى ھەممىلا جايدا ماۋ زېدۇڭنىڭ سۆز ئۈزۈندىلىرى يېزىلغان غايەت زور تاختىلارنى چېلىقتۇرغىلى بولاتتى، ئۈرۈمچىدىمۇ شۇنداق ئىدى ھەممىلا يەردە خەنزۇچە ياكى ئۇيغۇرچە ئۈزۈندىلەر يېزىلغان تاختىلار كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى بۇلاردىن بەزىلىرى لاتىن يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق بىلەن يېزىلغانىدى بەزى ئۈزۈندە تاختىلىرىغا لېي فېڭ خاتىرىلەرىدىن ئۈزۈندىلەرمۇ يېزىلغانىدى بۇ خاتىرىلەردە كىشىلەرنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەت ئاكتىپلىقىغا ئىلھام بېرىش مەقسەت قىلىنغانىدى لېي فېڭ ھەربىيلەر ئىچىدىن چىققان ئۈلگە بولۇپ، ناھايىتى ياش تۇرۇپلا ئۆلۈپ كەتكەن ھالبۇكى، ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغىنى كوچىلاردا كۆزگە چېلىقىدىغانلارنىڭ كۆپچىلىكى خەنزۇلار ئىدى، ئۇيغۇرلار نەگە كەتكەندۇ؟ نېمىلا دېگەن بىلەن بۇ جاي ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغۇ! ئەمما، بىز ئولتۇرغان ئاپتوموبىل بۇ شەھەرنىڭ مەلۇم يېرىگە بارغاندىن كېيىن بۇ جاينىڭ قويۇق ئۇيغۇر تۈسىنى ئالغانلىقىنى، ئۇ يەردە نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىقىنى، شۇنداقلا ئۇ يەردە يەنە ياغاچ ۋە خام كېسەكتىن قوپۇرۇلغان بىر مەسچىدنىڭ ۋە نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىقىنى كۆردۇق شۇنداقتىمۇ ئۈرۈمچىنىڭ مەندە قالدۇرغان بىرىنچى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/6.asp[2010-12-31 00:11:16]

alma uyghur book

تەسىرى شۇكى، ئۇ يەردىكى خەنزۇ ئاھالىسى كۆپ ساننى ئىگىلەيدىكەن مەن بۇ قارىشىمدىن يانمايمەن

ئۈرۈمچىدە «كوئىنلۇن مېھمانخانىسى» دەپ ئاتىلىدىغان، ھىندىستان بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا ئەھمىيەتلىك توساق بولۇپ، توغرىسىغا تۇرىدىغان كوئىنلۇن تېغىنىڭ نامى قويۇلغان يېقىندىن سېلىنغان بىر ئېگىز مېھمانخانا بار ئىكەن. بىزنى ئۇ يەرگە ئېلىپ بارمىدى، ئەكسىچە، بىز ئولتۇرغان ئاپتوموبىل شەھەر رايونىدىن شەھەر سىرتىغا قاراپ ماڭدى ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى بىر زاۋۇتنىڭ ئېگىز تۇرخۇنىدىن قويۇق قارا ئىس - تۈتەك كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى

— ئاۋۇ كۆرۈنۈۋاتقان ئورۇن ئېلېكتر ئىستانسىسى، — دېدى ساھىبخانا ماڭا ئاپتوموبىل ئوڭ تەرەپتىكى يولغا قايرىلدى، بىردەمدىلا ھەممە يېرىگە دەل - دەرەخلەرنىڭ سايىسى چۈشۈپ تۇرىدىغان باغچىدەك ھويلىغا كىرىپ چىرايلىق بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى بۇ بىنا مېھمانخانىدەك قىلاتتى مانا بۇ چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتىدىغان مېھمانخانا — «مېھمانلارنى قارشى ئېلىش سارىيى» ئىدى مانا بۇ جاي — مېنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرغان مەزگىلىمدىكى ئۆيۈم ئىدى بۇ مېھمانخانىنىڭ نامى بۇرۇن «يەنئەن مېھمانخانىسى» ئىكەندۇق، نامىنىڭ نېمىشقا ئۆزگەرتىۋېتىلگەنلىكى نامالۇم، مېھمانخانىنىڭ ئۇدۇلىدا ھېلىقى ئېلېكتر ئىستانسىسى بار ئىكەن، ئەمما شامال ھەمىشە باشقا تەرەپكە چىققاچقا، قارا ئىس - تۈتەكلەرنى يىراق تاغلارغا ئۇچۇرۇپ كېتىدىكەن بۇ مېھمانخانا ئىنتايىن يېڭى، پاكىز، مۇھىتى ساپ، رەتلىك بولغاچقا، بەك ئېسىل كۆرۈنەتتى. ئۇچىمىزنىڭ ياتىقىنى 2 - قەۋەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشتى ياتاقتىكى جاھازىلارلا خۇددى ئىشلىتىلمىگەندەك يېڭى ئىدى مېھمانخانىدا باشقا مېھمانلار كۆزىمىزگە چېلىقمىدى

## تارىخ ھەققىدىكى يېڭى چۈشەندۈرۈش

شىنجاڭنىڭ ئاپتونوم رايون ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت ئۇ-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/6.asp[2010-12-31 00:11:16]

alma uyghur book

نىڭ تارىخىنىڭ جۇڭگو تارىخىدىن ئايرىم ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، بۇ شىنجاڭنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم تارىخى بارلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ  شىنجاڭنىڭ ھەقىقەتەن ئۆز تارىخى بار ، ئەمما قەدىمدىن تارتىپ ، شىنجاڭ باشتىن ـ ئاياغ جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلگەن  ئەگەر سىز ئۈرۈمچى مۇزېيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلسىڭىز ، بۇ نۇقتىئىنەزەرنىڭ ناھايىتى ئۇچۇق ئىپادىلەپ ۋە ئىسپاتلاپ بېرىلگەنلىكىنى چۈشىنىسىز  ئۈرۈمچىدە ئالىملار شىنجاڭ تارىخى ھەققىدە دوكلات بەرگەن چاغدىمۇ بۇ نۇقتىئىنەزەرنى ئۇچۇق بايان قىلدى

ئۈرۈمچى مۇزېيىنىڭ ئورنى شەھەر ئەتراپىغا جايلاشقان  ئۇنىڭ قۇرۇلۇشلىرى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى  بىزنى بەش خەنزۇ چۈشەندۇرگۈچى قىز كۈتۈۋالدى  بۇلاردىن ئۈچەيلەن ئىنتايىن ياش بولۇپ ، ھەتتا ئۇلارنى نارەسىدە قىزلار دېيىشكىمۇ بولاتتى  ئۇلاردىن بىرەيلەن بىزنى باشلاپ مۇزېيغا قويۇلغان نەرسىلەرنى كۆرسەتتى  بىز ئالدى بىلەن تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت بۇيۇملارنى كۆردۇق . ئۇنىڭغا ئۇلاپلا تۇرپان ، لوپنۇر ۋە شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى نىيە قاتارلىق جايلاردىكى تارىخي خارابىلىكلاردىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان بۇيۇملارنى كۆردۇق  بىز قەدىمكى خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان نەزمىلەرنى ۋە باشقا قولىيازمىلارنى ، شۇنىڭدەك سوغدى ۋە براھمى يېزىقىدا يېزىلغان بىر قىسىم قەدىمكى قولىيازمىلارنىمۇ كۆردۇق ئۇنىڭدىن كېيىن بىزگە ئۇيغۇرچە كلاسسىك ئەسەرلەر قولىيازمىسىنىڭ سۈرەتكە ئېلىنغان نۇسخىسى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ 11 ـ ئەسىردە يازغان « تۈركى تىللار دىۋانى » ( لۇغەت تەتقىقاتى جەھەتتىكى مۇھىم نەتىجە ) نى ۋە يۇقىرىقى ئەسەر بىلەن بىر دەۋردە يېزىلغان تەربىيىۋى شېئىر « قۇتادغۇ بىلىك » نى كۆرسەتتى  « قۇتادغۇ بىلىك » 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان « تارىخى ھەممىدى » ( Tarikhi Eminite ) ئارىلىقتا ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندى مۇزېيدىكى كۆرگەزمە بۇيۇملىرى ناھايىتى ئېدىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان ، ئاسراش خىزمىتىمۇ ناھايىتى ئۇنۇملۇك ئىشلەنگەن  تامغا خەنزۇچە ،

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/7.asp?isim=[2010-12-31 00:12:36]

alma uyghur book

ئۇيغۇرچە ماۋ زېدۇڭنىڭ نۇرغۇنلىغان سۆز ئۇزۇندىلىرى يېزىلغانىدى
شۇنىمۇ قوشۇپ قويايكى، بۇگۈنكى كۈندە كلاسسىك بولۇپ قالغان، ماۋ
زېدۇڭ « قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش » دېگەن با-
يانى جۇڭگودىكى ھەربىر ئارخېئولوگ ۋە تارىخشۇناسقا ئىلھام بەخش
ئەتمەكتە ئىدى بۇ باياننىڭ ئۇلارنىڭ ھەرقايسى مىللەت خەلقىنىڭ ئىل-
گىرىكى تارىخى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن قىزىقىشىنى
ئاشۇرۇشىدا ناھايىتى زور ياردىمى تەگكەنلىكىدە شەك - شۈبھە يوق
ئىدى بۇ يەردە شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتەيكى، 1975 - يىلى
بېيجىڭدا 1972 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭدىن قېزىۋېلىنغان
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەققىدىكى سۈرەتلەر نەشر قىلىنغان، ئۇنىڭ
ئىچىدىكى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە چۈشەندۈرۈش ئۈرۈمچى موزېيىدا ساقلى-
نىۋاتقان بىر قىسىم قىممەتلىك بۇيۇملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان 1975 -
يىلى، يەنە سۈرەتلەر توپلىمىنىڭ نېمىسچە، ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە نەش-
رىمۇ چىقىرىلدى

بىز موزېيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ بولۇپ، ئەتىسى مېھمانخانىدا
مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتۇق ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت تاشقى
ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇللا قادىر يىغىنغا
رىياسەتچىلىك قىلدى يىغىنغا ئۈرۈمچى رايونىنىڭ مەدەنىيەت ساھەسى-
دىكى بىر قىسىم ۋەكىللەر ۋە ئالىملار قاتناشتى بۇ يىغىن كەڭ - كۇشادە
ئولتۇرغان يىغىلىش بولدى كۆپچىلىك چاينى ئوبدان ئىچتى، قوغۇن -
تاۋۇزغىمۇ ئوبدان ئېغىز تەگدى بۇ چاغ شىنجاڭنىڭ مېۋە - چېۋىلىرى
تۆكمە بولغان ۋاقىت ئىدى ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەرخىل
كەسىپلىرىدىن كەلگەن ئىككى خەنزۇ، ئۈچ ئۇيغۇر ( بىر ئۇيغۇر ئايال )
بار ئىدى ئىككى خەنزۇ تارىخنى تونۇشتۇرۇشقا مەسئۇل بولدى ئۇنىڭ
بىرى تاش قورال دەۋرىدىن 1840 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تارىخ
ھەققىدە، يەنە بىرى يېقىنقى زامان تارىخى ھەققىدە دوكلات بەردى

مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقىنى شىنجاڭ تارىخى بولغاچقا، جۇڭگولۇقلار-
نىڭ نۇقتىئىنەزەرى بويىچە بولغان، دېيىلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇيغۇر يېڭى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/7.asp?isim=[2010-12-31 00:12:36]

alma uyghur book

يېزىقىدا يېزىلغان شىنجاڭ تارىخى بارمۇ ـ يوق، دېگەن سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى نورمال دەپ كۆردۈم. مۇدىر ئابدۇللا سورۇندىكى بىر ئۇيغۇر ئالىمنى بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ھېلىقى ئالىم بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، خىجىللىق ئىچىدە كۈلۈپ تۇرۇپ: «يوق» دەپ جاۋاب بەردى. مەكتەپلەردىكى دەرسلىكلەردە ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىدا يېزىلغان شىنجاڭ تارىخى چوقۇم باردۇر، دەپ ئوتتۇرىغا قويسام، ئەتراپىمدىكىلەر بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئۆزئارا مۇزاكىرە قىلىشقاندىن كېيىن، مەكتەپلەردىكى دەرسلىكلەردە جۇڭگو تارىخى دەرسى بار، شۇڭا باشقا تارىخ دەرسىنى تەسىس قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، چۈنكى جۇڭگو تارىخى شىنجاڭ تارىخىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىشتى. بۇ جاۋاب مەنتىقىگە ئۇيغۇن توغرا جاۋاب بولغاچقا، مەن ئېنىقى سورىمىغان ئاپتونومىيىنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدىكى سوئالىمغىمۇ جاۋاب بېرىلدى. ناھايىتى روشەنكى، «ئاپتونومىيە» شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تارىخىنى ئايرىم ـ ئايرىم ئويلىنىشتىن دېرەك بەرمەيدىكەن. بۇنىڭدىن 100 يىل بۇرۇن، بىرەيلەن «قەشقەرىيە» دېگەن بىر كىتابنى يېزىپ، نوھ ئەلەيھىسسالام زامانىدىكى توپان بالاسى دەۋرىدىن تارتىپ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلغان. بۈگۈنكى شىنجاڭدا بۇ خىلدىكى تارىخنى يېزىش ئەمدى تەكرارلانمايدۇ.

مۇھاكىمە يىغىنىمىز داۋاملاشماقتا ئىدى. بىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۈچۈن لايىھىلەنگەن يېڭى لاتىن ئېلىپبەسىنى مۇھاكىمە قىلىشقا كىرىشتۇق. بۇ يېزىق ئەرەب يېزىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەندى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تىلغا ئېلىنغان ھامان مۇھاكىمە شىنجاڭنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۈستىگە يۆتكەلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇرۇن، كىشىلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئەپسانە، چۆچەك ـ قوشاق، ماقال ـ تەمسىل ۋە باشقا شەكىلدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىگە بەكمۇ قىزىقاتتى. بىر يىغىن ئىشتىراكچىسى:

— ئىلگىرى بىز جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/7.asp?isim=[2010-12-31 00:12:36]

alma uyghur book

جايلارغا خەلق چۆچەكلىرىنى توپلاشقا دائىم ئادەم ئەۋەتىپ تۇراتتۇق، — دېدى. يەنە بىرەيلەن:

— ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىنتايىن ئۇزاق تارىخقا ئىگە، — دېدى ئۇلار مەھمۇد قەشقەرىنى يەنە بىر نۆۋەت تىلغا ئېلىشتى، ئۇلار ناھايىتى توغرا ئېيتتى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەسىرى مىلادى II - ئەسىردىكى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ياخشى بۇلىقى ئىدى ھەرخىل تارىخىي خارابىلەردىن تېپىلغان قوليازمىلار نۇرغۇنلىغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى بىر يىغىن ئىشتىراكچىسى:

— « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » تەتقىقات خىزمىتىمىزگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانىدى لېكىن، ئەمدىلىكتە « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » ئاغدۇرۇلدى. بىز يېڭىۋاشتىن قاتتىق تۇتۇش قىلىشاق بولىدۇ. بىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلايدىغانلارنى تۇرپان بىلەن قۇمۇلغا ئەۋەتتۇق ئۇنىڭدىن سىرت، ئۇلار توپلىغان ماتېرىياللارنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشنى پىلانلىدۇق ھازىر ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ، - دېدى تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىدىن كەلگەن بىر دوكلاتچى:

— ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەرسىنى پات ئارىدا تەسىس قىلىشنى پىلانلىدۇق، — دېدى مەن مەيلى ئۈرۈمچىدە، قەشقەردە ياكى تۇرپاندا بولسۇن، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىلەن ئۇچراشقىنىمىزدا ئۇلارنىڭ « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نى تەنقىد قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم. شۇنداقلا بارغانلا يېرىمدە، كىشىلەرنىڭ ئەدەبىياتقا قايتىدىن ھەۋىسى قوزغانغانلىقىنى، بۇ خىل ھەۋەس نەتىجىسىدە ھەر دەرىجىلىك « ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى » نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

ئۈرۈمچىدىكى ھېلىقى ئۇنىۋېرسىتېت ئەسلىدىكى « شىنجاڭ ئىنستىتۇتى » دەپ ئاتىلىدىغان ئالىي بىلىم يۇرتى ئىدى بۇ ئىنستىتۇت 1935 - يىلى قۇرۇلغان، 1955 - يىلغا كەلگەندە بېيجىڭدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەت شىنجاڭدا بىر ئۇنىۋېرسىتېت قۇرۇشنى قارار قىلغان ئۇقۇشى-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/7.asp?isim=[2010-12-31 00:12:36]

مىزچە ، بۇ قارارنى جۇ ئېنلەي بىۋاسىتە بېكىتكەنىكەن 1960 ـ يىلى « شىنجاڭ ئىنستىتۇتى » نى « شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى » غا رەسمىي ئۆزگەرتكەن ، بۇ يېڭى ئۇنىۋېرسىتېت ئەگرى ـ توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتكەن 1935 ـ يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى قۇرۇلغاندا ، شىنجاڭدا كوممۇنىستلارنىڭ ھەرىكىتى كۈچلۈك ئىدى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ، نۇرغۇن كوممۇنىستلار قولغا ئېلىنغان ئازاد بولۇشنىڭ ئالدىدىكى بىر نەچچە يىلدا ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى تۇراقسىز بولغاچقا ، بۇنىڭ زىيانلارغا تەسىرى ناھايىتى زور بولغان ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مۇدىرىنىڭ ئېيتىشىچە ، يېڭىدىن ئازاد بولغاندا ، ئىنستىتۇت قاتتىق ۋەيران بولۇپ كەتكەن ، ئىنستىتۇتتا پەقەت بىرلا بىنا بۇزۇلماي ساق قالغان ، كۇتۇپخانىدا پايدىلانغىلى بولىدىغان ساق كىتابتىن ئاران 10 مىڭىلا قالغان ، شۇ چاغدا ئىنستىتۇتتا ئاران 270 ئوقۇغۇچى بولۇپ ، ئۇلارغا دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىدىن يەتتىسىلا بار ئەكەن « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » باشلانغاندا ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 2300 گە ، ئوقۇتقۇچىلار 500 گە ، كۇتۇپخانىدىكى كىتاب 800 مىڭغا يەتكەن مۇدىر ئۇلاپلا « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئۇنىۋېرسىتېتقا بولغان تەسىرى ئۈستىدە توختالدى ، ئۇنىڭ سۆزى ئادەمنى قاتتىق مەيۈسلەندۈرەتتى بۇلارنى « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ بۇزغۇنچىلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان ، ئەلۋەتتە شۇ مەزگىلدە ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى راۋاجلىنالمىغان نۇرغۇنلىغان كىتابلار يا يىتىپ كەتكەن ، يا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن

— ھازىر مەكتەپنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇۋاتىمىز ، — دېدى مۇدىر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — ھازىر بىزدە 770 مىڭ كىتاب بار بىز بىزنىڭ يېڭىدىن بىر قانچە بىنا سېلىۋاتقانلىقىمىزنى كۆردىڭىز ، بىز قايتىدىن تەرەققىي قىلىۋاتىمىز

ئۇنىڭ سۆزى يەنىلا كىتاب ئۈستىگە بۇرالدى شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى ، ئۇ كىشىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېت كۇتۇپخانىسىغا نىسبەتەن ئالاھىدە قىزىقىشى باردەك قىلاتتى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىن ئىلگىرى ،

www.alma.cn



alma uyghur book
http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/7.asp?isim=[2010-12-31 00:12:36]

alma uyghur book

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئائىت نۇرغۇن كىتاب، ماتېرىياللار توپلانغان، يىتىپ كەتكەن كىتابلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىتابلار ئىكەن هازىر ئۇلار ئاشۇ خىل كىتاب، ماتېرىياللارنى توپلاش، ساقلاش ئىشلىرىنى قايتىدىن باشلاپتۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ هېلىقى مۇدىرى مېنى ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان، ئۇلارنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتىغا ئالاقىدار نۇرغۇن ئەھۋاللار بىلەن تەمىن ئەتتى «faculties» (فاكۇلتېت) دېگەن بۇ سۆزنىڭ بۇ يەردىكى مەنىسى ئۇنى بىز شۇۋېتسىيىدە قوللانغان چاغدىكىگە بىرئاز ئوخشىمايدىغاندەك قىلاتتى بەلكىم «group of subjects» (كۆپ پەنلىك گۇرۇپپا) دېگەن سۆز قوللىنىلسا بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىغا تېخىمۇ يېقىنراق كېلىدىغاندەك قىلاتتى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا جەمئىي 11 فاكۇلتېت بار ئىكەن، تارىخ، سىياسىي مائارىپ، جۇڭگو ئەدەبىياتى، جۇڭگو تىلى، چەت ئەل تىلى ۋە تەنتەربىيىدىن ئىبارەت ئالتە ئىجتىمائىي پەنلەر فاكۇلتېتى بار ئىكەن، ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ بىر قىسمى ئىكەن، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە، گېئولوگىيە، (جۇغراپىيە دېيىلىشى كېرەك ئىدى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن) دىن ئىبارەت بەش تەبىئىي پەنلەر فاكۇلتېتى بار ئىكەن شۇ چاغدا، مەكتەپتە جەمئىي 1300 ئوقۇغۇچى بار ئىكەن، بۇلارنىڭ 60% ى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئىكەن. 694 ئوقۇتقۇچى بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ 50% تىن ئارتۇقى خەنزۇ ئوقۇتقۇچى، قالغانلىرى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى ئىكەن ④

## سەھراغا ساياھەت

ئۈرۈمچىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ شەھەرنى «گۈزەل» دېگەن سۆز بىلەن تەسۋىرلەشكە زادى بولمايتتى. شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى ھەممىلا جاي تۇجۇپىلەپ تېرىلغان ئېتىزلىقلار بولسىمۇ، ئەمما، سانائەت

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/7.asp?isim=[2010-12-31 00:12:36]

رايونلىرىدىن چىققان قويۇق ئىس ـ تۈتەكلەر ھەر دائىم قىلىن بۇلۇت
قاتلىمى ھاسىل قىلىپ شەھەر ئاسمىنىنى قاپلاپ تۇراتتى. گەرچە ئۈرۈم-
چىنىڭ گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىسى كەمچىل بولسىمۇ، شىنجاڭنىڭ
مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىنىڭ ساياھەتچىلەرگە ئېچىۋېتىلگەنلىكى بۇ جاي-
نىڭ ساياھەتچىلارنى جەلپ قىلىدىغان بىر جايغا ئايلىنىدىغانلىقىدىن
دېرەك بېرەتتى. قارارنى چىقىرىشتىكى ئارقا كۆرۈنۈشنى ۋە مەقسەتنى تا-
مامەن چۈشىنىمەن. بىرىنچىدىن، ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىدا يىل بويى قار
قاپلاپ تۇرىدىغان تەڭرىتاغ تىزمىلىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ؛ ئىك-
كىنچىدىن، تۇرپان ئۈرۈمچىدىن يىراق ئەمەس، پەقەت بىرنەچچە
سائەتلىكلا يول. بۇ يەردە شۇنىمۇ دەپ ئۆتمەكچىمەنكى، تۇرپان — دۇن-
يادىكى ئەڭ تۆۋەن ئويمانلىقلارنىڭ بىرى. ئۇ ئويمانلىق بولۇش بىلەنلا
قالماستىن، بەلكى دۇنيا بويىچە يەر ئۈستى ئارخېئولوگىيىلىك بايلىقلار
ئەڭ مول مۇزېيلارنىڭ بىرى. مەن بۇ يەرگە بارغان چاغدا، بۇ يەر چەت
ئەللىكلەرگە تېخى ئېچىۋېتىلمىگەن بولسىمۇ، بىراق كىشىلەر ماڭا كېلەر
يىلى مەلۇم ۋاقىتقا بارغاندا تۇرپاننىڭ چەت ئەللىكلەرگە
ئېچىۋېتىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئابدۇللا قادىرنى ۋەزىپىسى ساياھەت ئىش-
لىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىدى. ئۇ قەشقەرلىك ئۇيغۇر بولۇپ، لەنجۇ
مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئالغان. خەنزۇچىنى سۇدەك سۆزلىيەلەيتتى.
ئابدۇللا قادىر جىگەرلىك، غايىلىك، تەجرىبىلىك، كۈچلۈك
كەسىپچانلىققا ئىگە ئادەم ئىدى. بىز شىنجاڭدا زىيارەتتە بولغان ئىككى
ھەپتە ئىچىدە، ئۇ بىزگە ئىزچىل ھەمراھ بولدى. ئۇ ھاجىتىمىز
چۈشكەندە قىيىنچىلىقىمىزنى ھەل قىلىپ بېرەلەيدىغان، شۇنداقلا سوئال-
مىزغا جاۋاب بېرەلەيدىغان ئادەم ئىدى.

ئۈرۈمچىگە بارغان كۈنۈمنىڭ ئەتىسى، ئابدۇللا قادىر بىزنى
تەڭرىتاغدىكى بۇغدا چوققىسى ئەتراپىنى ئايلىنىپ كېلىشكە تەكلىپ
قىلدى. ئۇچۇق گەپنى قىلسام، شۇ چاغدىكى ئىنكاسىم ئۇنچىۋالا
تەشەببۇسكار ھەم ئاكتىپ بولمىدى. مېنىڭ ئويلىغىنىم بۇنداق ئۇزۇن
يەرگە بېرىپ ساياھەت قىلىش گۈزەل مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىشلا

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn

alma uyghur book

بولغاچقا، مېنىڭ دىتىمغا ياقمايتتى  ئۇ يەر بۇ قېتىم شىنجاڭغا قىلغان
قىسقا مۇددەتلىك زىيارىتىمدە كۆرمەكچى بولغان يېرىم ئەمەستى، بىراق
ئۇنىڭ تەكلىپىنى قىلچە نارازىلىق قىلماستىن قوبۇل قىلدىم  تەڭرىتاغ
جىلغىلىرىغا كىرىش ئاسماندا تۇرۇپ تەڭرىتاغقا نەزەر سالغانغا
ئوخشىمايتتى، شۇڭا ۋاقىت سەرپ قىلىشقا ئەرزىيتتى  شۇنداق قىلىپ،
بىز ئەتىگەن سائەت توققۇزلاردا ئاپتوموبىل بىلەن مېھمانخانىدىن چىقىپ،
قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن ئۈرۈمچى كوچىلىرىنى يېرىپ ئۆتۈپ، كەڭ
كەتكەن سانائەت رايونىغا كىردۇق  ئۇ يەردىكى زاۋۇت ـ فابرىكىلار
شاھمات ئۇرۇقچىلىرىدەك قاتار ـ قاتار تىزىلغانىدى  ئۇ يەردە ئاپئاق ئىس
چىقىپ تۇرغان سېمونت زاۋۇتى، توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بار ئىدى  يەنە
تېخى پۈتمىگەن ماي چەككىلەش زاۋۇتىمۇ بار ئىدى  ئۇنىڭ خام
ئەشياسىنىڭ ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان، سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ چېگرىسىغا يېقىن جاي قارامايدىن توشۇپ كېلىنىدىغانلىقى
تۇرغان گەپ ئىدى  سانائەت رايونىدىن ئۆتۈپ، ئېتىزلىقلارنى بويلاپ
ماڭدۇق  نۇرغۇن كىشىلەر ئېتىزلىقتا ئىشلەۋاتاتتى  يول بويى كالا
هارۋىلىق، ئات هارۋىلىقلار، ۋېلىسپىتلىكلەر ۋە پىيادە كېتىۋاتقانلارنى
ئۇچراتتۇق  تۇرقىغا قاراپ هۆكۈم قىلساق، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى
بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇلار ئىدى  ئاپتوموبىل
كەنتلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئارقىسىدا قالدۇرۇپ ماڭماقتا ئىدى  جەزىم قى-
لىشقا بولىدۇكى، بۇ ئەتراپ خەنزۇلار ئولتۇرۇشلۇق جاي ئىدى

ئاپتوموبىلىمىز شەرققە قاراپ بىرەر سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن،
چەكسىز كەتكەن تۈزلەڭلىكتىن ئۆتۈپ تاغ ئىچىگە قاراپ بۇرۇلدى  ئاپ-
ئاق قار قاپلىغان بوغدا چوققىسى ئەتىگەنلىك سۈزۈك هاۋادا ئاق
ياۋقۇتتەك جۇلالىنىپ، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى  بىز كەڭ كەتكەن
بىر جىلغىدىن ئۆتتۇق  جىلغا ئىچىدە بىر دەريا بولۇپ، دەريانىڭ
سۈپسۈزۈك سۈيى ئىلدام ئاقاتتى  بۇ بوغدا چوققىسىدىن ئېرىپ چۈشكەن
قار سۈيى ئىدى  توپ ـ توپ قوي پادىلىرى ئوت ـ چۆپلەر قورۇپ قالغان
ئوتلاقتا بەخىرامان ئوتلاۋاتاتتى  كۆز يەتكۈزسىز ئوتلاق مەنزىرىسى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/7.asp?isim=[2010-12-31 00:12:36]

alma uyghur book

تېھراننىڭ شىمالىدىكى تاغلارنى ئېسىمگە سالدى ئۇ جاي پېرسىيدىكى چېغىمدا ، بىرىپ ئويناشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان جاي ئىدى بىز قازاقلارنىڭ چارۋىچىلىق رايونىغا كەلدۇق دەريا بويىدىكى بىر يەردە تۈنجى قېتىم ئاق كىگىز ئۆينى كۆردۇق . ئاپتوموبىل يۇقىرىغا چىققانسېرى كۆز ئالدىمىزدا ئاق كىگىز ئۆيلەر بارغانسېرى كۆپەيدى تاغقا چىققۇچە بولغان يولدا قازاق چارۋىچىلار ۋە ئاياللار ھەيدەپ كېلىۋاتقان قوي پادى-لىرى يولىمىزنى پات - پات توسۇۋالاتتى يول ئۈستىدە يەنە قازاقلارنىڭ ئۈستىگە ھەرخىل قورال - سايمانلار ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئارتىۋالغان كالا پادىلىرىنى ھەيدەپ ، جىلغىنىڭ تۆۋەندىكى تەرىپىگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ، توپ - توپ قوي ، ئۆچكە ، ئات ، كالا پادىلىرىنىڭ ئوخشاش بىر تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق ئۇلار تاغدىكى يايلاقتىن تاغ باغرىدىكى قىشلاقلارغا كۆچۈۋاتقانلار ئىدى تاغدا قار يې-غىپ خېلىلا سوغۇق چۈشكەچكە ، چارۋىچىلار ئىسسىقراق جايغا كۆچمەكتە ئىدى قازاقلارنىڭ يايلاقتىن قىشلاققا كۆچۈشى ئىسمى جىس-مىغا لايىق كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش ئەھۋالى ئىدى بۇ يەردە ئېسىمگە زامانىۋى سانائەت جەمئىيىتىنى كەلتۈرگىدەك ھېچنېمە يوق ئىدى بۇ تەگرىتاغ تىزمىلىرىدا قەدىمدىن تارتىپ ئولتۇراقلىشىپ كېلىۋاتقان كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ جەمئىيىتى بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھا-زىرقى جەمئىيەتتىكى تۇرمۇش بىلەن ئالاقىسى يوق ئىدى

بىز تۇيۇقسىز ئېككى يېرىم سائەتتىن كېيىن بوغدا چوققىسى باغرىدىكى بوغدا كۆلىگە يېتىپ كەلدۇق بۇ يەر دېڭىز يۈزىدىن 2000 مې-تىر ئېگىز بولۇپ ، تۆت ئەتراپى ئاپئاق قار قاپلىغان تاغ چوققىسى ئىدى ئەڭ ئاخىرقى بىر بۆلەك يول ناھايىتى ئوسال بولسىمۇ ، ئاپتوموبىل توختى-ماي ئالغا ئىلگىرىلەپ . ئىستىراھەت كەنتىگە يېتىپ كەلدى بۇ يەرنىڭ مەزىرىسى گويا رەسىمدىكىدەكلا چىرايلىق بولۇپ ، شىنجاڭدىكى مەشھۇر ساياھەت ئورنى ئىدى كۆكتە قۇياش نۇر چېچىپ تۇراتتى . ھاۋا ئىنتايىن ساپ بولغاچقا ، كىشىگە ھوزۇر بەخش ئېتەتتى تاغنىڭ سايىسى كۆلگە چۈشۈپ تۇراتتى كۆل سۈيى قۇياش نۇرىدا گاھىدا كۆك ، گاھىدا يېشىل

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/7.asp?isim=[2010-12-31 00:12:36]

alma uyghur book

تۇس ئالاتتى. بۇلار تامامەن قۇياش نۇرىنىڭ كۆلگە چۈشۈش بولۇڭىنىڭ
ئوخشاش بولماسلىقىدىن پەيدا بولغان ھادىسىلەر ئىدى. كۆلنىڭ ھەممىلا
يېرى ئوخشاش چوڭقۇر ئەمەس ئىدى. ئۇلار ماڭا ئەڭ چوڭقۇر جاينىڭ
100 نەچچە مېتىر كېلىدىغانلىقىنى، ئەمما سۈيى بەك سوغۇق بولغاچقا،
ھېچقانداق ئادەمنىڭ كۆلگە چۈشۈپ يۇيۇنىشىغا، ھەتتا يازنىڭ ئەڭ ئىس-
سىق كۈنلىرىدىمۇ مۇشۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.
ئاجايىپ رەڭدار بىر نەچچە ئەپچىل كېمە ساياھەتچىلەرنىڭ پايدىلىنىشى
ئۈچۈن كۆل بويىدا توختىتىقلىق ئىدى. يەنە بىرى قىرغاقتا ئەپچىقىپ
قويۇلغانىدى. ئېھتىمال شۇ جاي دېڭىز قىرغىقى بولمىغان شىنجاڭدىكى
بىردىنبىر پىرىستان بولۇشى مۇمكىن. كۆل بويىدىكى تاغ يانباغرىغا ئاندا-
ساندا كىچىك ياغاچ ئۆيلەر ياسالغان بولۇپ، كۈندۈزلىرى ئۇ ئۆيلەرنى
ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىشكە بولاتتى. بىراق، ئۇ ئۆيدە تۈننى ئۆتكۈزگەندە
ئادەم بەكلا توڭۇپ كېتەتتى. بىز ئويان-بۇيان ئايلىنىپ يۈرگەن
نۇرغۇن ساياھەتچىلەرنى ئۇچراتتۇق. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇلار
ئىدى. ئابدۇللا ماڭا ھازىر ھەتتا بېيجىڭلىقلارنىڭمۇ بۇ يەرگە ساياھەتكە
كېلىۋاتقانلىقىنى، ساياھەتچىلەر ئىچىدە ياپونىيىلىك، ئاۋستىرالىيىلىك،
يۇگوسلاۋىيىلىك، ئەنگلىيىلىك ۋە ئامېرىكىلىقلارنىڭ بارلىقىنى، ھازىر
كەلگەنلەرنىڭ سانى تېخى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما كەلگۈسىدە تې-
خىمۇ كۆپ ساياھەتچىلەرنىڭ بۇ يەرگە ساياھەتكە كېلىدىغانلىقىنى
ئېيتتى. قار ناھايىتى قېلىن يېغىپ يولنى توسۇۋالىدىغان بولغاچقا، ھەر
يىلى 10 - ئايدىن تارتىپ ئىككىنچى يىلى 3 - ئايغىچە بۇ جاي
ساياھەتچىلەرگە ئېچىۋېتىلمەيدىكەن. ياكىۋ تېرىلغان ئىتىزلارغا قاراپلا،
بۇ يەردە قىشنىڭ قانداقلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. چۈنكى، ئېتىزدىكى
زىرائەتلەرنىڭ ئۇچىغا ئۈششۈك تەگكەچكە، يوپۇرماقلىرى قارىداپ سال-
پىيىپ كەتكەنىدى. بىز كىچىك ياغاچ ئۆيدە چۈشلۈك تاماقنى يې-
يدۇق. ئۆي ناھايىتى سوغۇق بولغاچقا، ھايال بولمايلا يانباغىردىكى كۈن
چۈشىدىغان جايغا يېنىپ چىقتۇق. بۇ يەر ناھايىتى پاكىز ئىدى. تاغ يان-
باغرىدا ئاستىغا يۈرەك شەكلىدە تۆشۈك ئېچىلغان، ياغاچتىن ياسالغان

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/7.asp?isim=[2010-12-31 00:12:36]

ئۆزگىچە بىر ھاجەتخانا بار ئىدى ئورمانلىقتا كېلىدىغان ئۆلاغلار يېسۇن دەپ يەرگە تاشلىۋېتىلگەن مېۋە شۇپەكلىرىدىن باشقا ئەخلەت يوق ئىدى دېمەك ، بۇ ئورمانلىقلاردىكى ئۆلاغلارمۇ تاغقا كەلگەنلەر ئېلىپ كەلگەن ئېسىل يېمەكلىكلەردىن بەھرە ئالاتتى

بۇغدا چوققىسىدا ياكى كىشىلەر « بۇغدا رايونى » دەپ ئاتايدىغان بۇ جايدا ساياھەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم مانا بۇ شەھەر تۇرمۇشىنىڭ سانائەتكەنلەشكىنىڭ نەتىجىسى ، شۇنداقلا مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ بۇ دۆلەتنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىدىكى ساياھەت ئىشلىرىغا مەبلەغ سالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى

بىز ئون كۈندىن كېيىن قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ، قازاقلارنىڭ چارۋىچىلىق فېرمىسى ( ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى دەپمۇ ئاتىلىدىكەن ) نى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق بۇ چارۋىچىلىق فېرمىسى تەڭرىتاغنىڭ ئىچكىرىسىدە بولسىمۇ ، ئەمما بۇغدا چوققىسىنىڭ قارشى تەرىپىدە ، غەربىي جەنۇبتا ئىدى . بۇ « ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى » ئۈرۈمچىنىڭ « شەرق شامىلى » خەلق كوممۇناسىغا قارايدىكەن

ئاپتوموبىلىمىز ئۇ يەرگە بارغۇچە دېھقانچىلىق رايونىدا بىرەر سائەتچە يول يۈردى يول بويى ئاپتوموبىللارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى ئاپتوموبىللارنىڭ كۆپىنچىسى يۈك ئاپتوموبىللىرى ئىدى يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇلار ئىدى بىر پەستىن كېيىن ئاپتوموبىلىمىز ئوڭغا بۇرۇلۇپ تاغ ئىچىدىكى تۈز شېغىل يولنى بويلاپ ماڭدى ھېچقانچە ماڭمايلا ئوتلاققا كەلدۇق ئىچكىرىلەپ ماڭغانسېرى مەنزىرە يېقىملىق ئىدى تاغ باغرىدىكى دەل - دەرەخلەر ياپيېشىل كۆرۈنەتتى بىز پەلەمپەيلىك قاشا يېنىغا كەلدۇق بۇ شۋېتسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى قاشالارغا ئوخشىشىپ كېتەتتى تولىمۇ قىزغىن بىر قازاق بىزگە قاشا ئىشىكىنى ئېچىپ بەردى بۇ ئەتراپتىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى خام كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان پاكار ئۆيلەر بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئادەم ئولتۇرمىغاندەك قىلاتتى ، كېيىنچە ئۇنىڭدا ئادەم ئولتۇرمىغانلىقىدىكى سەۋەبنى تاپتۇق بىز ئۇ يەردە قازاقلارنىڭ نۇرغۇن كىگىز ئۆيلىرىنى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/8.asp?isim=[2010-12-31 00:11:54]

alma uyghur book

كۆردۇق  جىلغا ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى مەنزىرە شۇنچە
گۈزەللىشىپ باراتتى  تاغ يانباغرى قىشۇ ياز كۆكىرىپ تۇرىدىغان قارى-
غايلار قاپلىغان جىلغىلاردىكى دەرەخلەر ئېگىز ھەم باراقسان ، ناھايىتى
رەتلىك ، خۇددى روۋدېستۋا دەرىخىدەك چوگلۇقتا ئۆسكەنىدى  كۆز ئال-
دىمىزدىكى ئوتلاق بەئەينى كۆز يەتكۈسىز ياپيېشىل مەخمەلدەك
كۆرۈنەتتى  توپ - توپ قوي پادىلىرى يولىمىزنى پات - پات تو-
سۇۋالاتتى  بۇيەردىكى مەنزىرە بۇغدا چوققىسىغا چىققۇچە كۆرگەن
چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەنزىرىگە ئوخشايتتى  داۋاملىق ئالغا قاراپ
ماگىنىمىزدا بولسا ، جىلغا ئىچىكى تېخمۇ كەڭرىپ ، بىپايان يايلاق كۆز
ئالدىمىزدا نامايان بولدى  ياپيېشىل ئوت - چۆپلەر ئۈستىدىكى خۇددى
كۆل رەڭ ئۇچلۇق ئابىدىدەك كۆرۈنىدىغان كىگىز ئۆيلەر كۆزگە
تاشلىنىپ تۇراتتى  بىز بىر كىگىز ئۆي ئالدىدا توختىدۇق  كىگىز
ئۆينى قازاقلار « aq öy » ( ئاق ئۆي ) دەپ ئاتايدۇ  مۇلايىم ، ئوچۇق
چىراي بىر قازاق يىگىت ئالدىمىزغا چىقىپ بىزنى كۈتۈۋالدى  كىگىز ئۆي
ئىشىكىدە ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا دائىم كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان
يوغان ئىت قاپاقلىرىنى ساگىلىتىپ بىزگە دەرگۇمان بىلەن قاراپ
سوزۇلۇپ ياتاتتى  ئىتنىڭ يېنىدا ئورۇق بىر مۈشۈك ياتاتتى  بۇ مەن
تۇنجى قېتىم ئۇچراتقان ، چارۋىچىلار بىلەن بىرگە ياشايدىغان مۈشۈك
ئىدى . ئەمدىلىكتە بۇ يەردە ھەممىنى چۈشەندۇق : بىز باياتىن ئۇچراتقان ،
ئادەم ئولتۇرمىغان ھېلىقى پاكار ئۆيلەر مانا مۇشۇ چارۋىچىلار قىش پەس-
لىدە ئولتۇرىدىغان قىشلىق ئۆيلەر ئىكەن  ھېلىقى مۈشۈك ئەسلى مۇشۇ
ئۆيەرلەردە تۇراتتىكەنتۇق  لېكىن ، ئۇمۇ ئېكسكۇرسىيىگە ئەگىشىپ تاغ-
دىكى يايلاققا بىللە كەلگەنىكەن  بۇ قازاقلار يېرىم كۆچمەن ، يېرىم
ئولتۇراق چارۋىچىلار بولۇپ بىر يىلنىڭ يېرىمىغا يېقىن ۋاقىتتا ھەقىقىي
ئۆيدە ئولتۇرىدىكەن ، شۇ سەۋەبتىن ھېلىقى مۈشۈك بىلەن ئىتمۇ يېرىم
چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى كۆچۈرىدىكەن  ھەر يىلى 6 - ئايدىن 9 - ئاي-
غىچە بۇ يەردىكى قازاقلار تاغدا ھەقىقىي كۆچمەن چارۋىچىلارغا خاس
تۇرمۇش كۆچۈرىدىكەن

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/8.asp?isim=[2010-12-31 00:11:54]

alma uyghur book

كىگىز ئۆي خوجايىنىنىڭ ئايالى كىگىز ئۆيدە بىزنى ساقلاپ ئولتۇرغانىكەن  كىگىز ئۆي «تېمى» نى ھاسىل قىلىدىغان، شەكلى ئۆزگىچە بولغان بادىرىلارنىڭ گىرەلەشتۇرۇلۇشىدىن دۈگىلەك گېئومېترىيىلىك شەكىل پەيدا بولغانىدى  كىگىز ئۆينىڭ تېمىدا ماۋزېدۇڭنىڭ سۈرىتى ئېسىقلىق تۇراتتى  يەرگە قولدا توقۇلغان شىرداق سېلىنغانىدى  كىگىز ئۆيدە تۇرغان كىيىم تىكىش ماشىنىسى بۇ ئائىلىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنىڭ باياشاتلىقىدىن دېرەك بېرەتتى  تۈنىكە مەش ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان بولۇپ، ياز كۈنلىرىنىڭ كېچىلىرىدىمۇ ئۇنىڭ لازىمى بار ئىدى  بىر كارىۋاتقا شىرداق سېلىقلىق ئىدى  ئۆي ئىگىسى مېنى بىرئازلىنىشىپ تۇرىدىغان بىردىنبىر ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى  باشقىلار يەرگە سېلىنغان شىرداققا ئولتۇردى  ئۆي ئىگىسىنىڭ ئايالى قازاقلارنىڭ ئادىتى بويىچە بىزگە سېرىق ماي سېلىنغان سۈتلۈك چاي سۇندى  بۇ سىكانىيە ⑤ يېزىلىرىدا ئۆتكۈزگەن بالىلىق چاغلىرىمنى ئېسىمگە سالدى، شۇ چاغلاردا دائىم قەھۋەگە سېرىق ماي سېلىپ ئىچەتتۇق  ئۇ ئالدىمىزغا يەنە ئۆچكە سۈتىدىن ياسالغان ئېرىمچىك ۋە سىگدۇرۇپ پىشۇرۇلغان بوغۇرساق ئېلىپ كەلدى  بىر توپ توخۇلار ئىشىكتىن پات - پات بېشىنى تىقىپ كىگىزى ئۆيگە كىرىشكە تەمشىلەتتى، بىراق ھەيدىۋېتىلەتتى  توخۇلار يەنە يېقىنلاپ كەلگەندە ئىشىك پەردىسى چۈشۈرۈۋېتىلدى  بىر پەستىن كېيىن، ئىككى ئوغۇل بالا كىرىپ ئىشىك پەردىسىنى يەنە ئېچىۋەتتى  ئۇلار بەش، ئالتە ياش چامىسىدا بولۇپ، مۇشۇ ئائىلىنىڭ بالىلىرى ئىدى  ئۇلار ئۈن چىقارماستىن كۆزىنى پارقىرىتىپ بىزگە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى  مېنىڭچە مەن باشقىچىرەك كۆرۈنگەچكە، ماڭىلا قاراۋاتاتتى  ئۇلار بىزگە بىردەم قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن چىقىپ كەتتى  ساھىبخانا بىزگە ئۆزى تۇرۇشلۇق ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى

ئۇ ئالدىن بىلەن بىزگە ئۇلار تۇرۇشلۇق كوممۇنانىڭ «شەرق شامىلى كوممۇناسى» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، بۇ كوممۇنادا قازاق، خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار ۋە قىرغىزدىن ئىبارەت يەتتە

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/8.asp?isim=[2010-12-31 00:11:54]

alma uyghur book

مىللەت ئاھالىسىنىڭ بارلىقىنى، قازاقلارنىڭ سانى كۆپ بولۇپ، تەخمىنەن ئاھالىسىنىڭ 70% نى ئىگىلەيدىغانلىقىنى، چارۋىچىلىقنىڭ ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق كەسپى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقتىمۇ يەنە بىر ئاز دېھقانچىلىقمۇ قىلىدىغانلىقىنى، « شەرق شامىلى » كوممۇناسى تارمىقىدا تۆت چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ بارلىقىنى، بۇ چوڭ ئەترەتلەرنىڭ يەنە 20 كىچىك ئەترەتكە بۆلۈنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى

— ئازادلىقتىن ئىلگىرى بايلارغا ئىشلەيتتۇق، — دېدى ساھىبخانا، — ئەمما بۈگۈنكى كۈندە كوپېراتسىيىلىشىش يولىغا ماڭدۇق ئازادلىقتىن بۇرۇن، ئارپىغا تايىنىپ جان باقاتتۇق كىيىم - كېچىكىمىز، ئورۇق - تۆلۈكىمىز يېتىشمەيتتى ئۆچكە تېرىسىنى ئۇچىمىزغا ئارتىپ قىش ئۆتكۈزەتتۇق هازىر تۇرمۇشىمىز ياخشىلىنىپ قالدى بۇ يەردىمۇ، تاغ باغرىلىرىدىمۇ ئۆيىمىز بار، ئاغزىمىز ئاق ئۇنغا تەگدى سېرىق ماي بىلەن ئىرىمچىكنى ئۆزىمىز ياسايمىز، قىش كۈنلىرى گۆشنى ھارغىچە يەيمىز، ياز كۈنلىرىدە كۈنىمىز غورۇگۇللەك ئۆتىدۇ؛ ئازادلىقتىن بۇرۇن ھېچنەرسىمىز يوق ئىدى، ئەمدىلىكتە بولسا ھەتتا كىيىم تىكىش ماشىنىمىزمۇ بار ( ناھايىتى ئېنىقكى، كىيىم تىكىش ماشىنىسى ئىجتىمائىي ئورۇنىنىڭ سىمۋولى ئىدى ) ئازادلىقتىن بۇرۇن، بۇ يەردە بىرمۇ مەكتەپ يوق ئىدى پەقەت پۇللى بار بايلارنىڭ بالىلىرىلا ئۈرۈمچىدىكى مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇيالايتتى، ھازىر ھەربىر ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە بىردىن باشلانغۇچ مەكتەپ، ھەربىر ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىدە بىر-دىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، كوممۇنادا بىردىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بار بىزنىڭ بالىلىرىمىزمۇ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇيالايدىغان بولدى مە-سىلەن، بېيجىڭغا بېرىپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالايدىغان بولدى ئۇلار ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن تېخنىكا خىزمەتلىرىنى ئىشلەۋاتىدۇ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ كوممۇنىمىزدىن چىققان بىر بالا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بېيجىڭدىكى مىللەتلەر نەشرىياتىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتى؛ يەنە بىرى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا ئىشلەيدۇ؛ ئازادلىقتىن بۇرۇن، بۇ يەردە دوختۇر يوق ئىدى ساقلىقنى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/8.asp?isim=[2010-12-31 00:11:54]

alma uyghur book

ساقلاش ئىشلىرىمۇ يوق ئىدى  ھازىر ھەربىر ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە ئۆزىمىزنىڭ يالىڭاياغ دوختۇرى ۋە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش پونكىتلىرى، ھەر بىر خەلق كومموناسىدا دوختۇرخانا بولۇپ، دائىملىق كۆرۈلىدىغان كېسەللەرنى داۋالىيالايدىغان بولدى  كېسىلى ئېغىر كوممۇنا ئەزالىرى ئۈرۈمچىگە بېرىپ داۋالىنىدىغان بولدى  خەلق كوممۇنىمىزنىڭ يەتتە يۈك ئاپتوموبىلى، 15 تراكتورى بار  ھەربىر ئائىلىنىڭ بىردىن ئېتى، ئۈچتىن بەشكىچە كالىسى، يەتتىدىن ئونغىچە قويى بار  كوممۇنىمىز ھەريىلى دۆلەتكە 10 مىڭ تۇياق قوي، 160 توننا قوي يۇڭى تاپشۇرىدۇ  ئازادلىقتىن بۇرۇن، ھەربىر قويدىن بىر كىلوگرام يۇڭ تىرقىيتتۇق، ئۇ يۇڭلار يىرىك ئىدى  50 - يىللاردىن بېرى قويلىرىمىزدىن ئىنچىكە يۇڭ ئالىدىغان بولدۇق  بىر تۇياق قويدىن چىقىدىغان يۇڭ بەش كىلوگرامدىن كەم بولمايدۇ. ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي يۇڭىنىڭ كىرىمى ناھايىتى يۇقىرى بولغاچقا، بىزنىڭ كىرىمىمىزمۇ يىلدىن يىلغا ئاشماقتا

ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار ماڭا شىنجاڭنىڭ قوي يۇڭى مەھسۇلاتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت قوي يۇڭى مەھسۇلاتىنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى

كېگىز ئۆيدىن چىقىپ چارۋىچىلىق فېرمىسىغا قاراپ ماڭدۇق  بىز توپ - توپ قوي پادىلىرىنى ئايلىنىپ پىيادە كېتىۋاتقىنىمىزدا، ئۇلار بىزگە قايسى خىل قويدىن يىرىك يۇڭ چىقىدىغانلىقى، قايسى خىل قويدىن سۈپەتلىك ئىنچىكە يۇڭ چىقىپ، ئۇنىڭدىن نەپىس توقۇلمىلارنى توقۇغىلى بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى  قوي پادىسى ئىچىدە يەنە ئاز - تولا ئۆچكىمۇ بار ئىدى  ئۆچكىدىن قانداق پايدىلىنىسىلەر دەپ سورىغىنىمدا، ئۇلار سەركىلەرنىڭ قوي پادىسىنى ئوتلاققا باشلاپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى  قوي دېگەن يۇۋاش بولىدۇ، سەركە بولسا دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، شوخ سەكرەپ يۈرىدىغان بولغاچقا، قويلارنى ئەڭ ياخشى ئوتلاقلارغا باشلاپ ئاپىرىدۇ

جىلغىنىڭ ئىچكىرىسىدە بىز بۇغدا چوققىسىدا كۆرگەندىكىگە ئوخشاش ياغاچتىن ياسالغان بىر قانچە ئاددىي ئۆيدىن ھاسىل بولغان

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/8.asp?isim=[2010-12-31 00:11:54]

alma uyghur book

ئىستىراھەت كەنتى بار ئىدى. قىش كىرەي دەپ قالغاچقا، بۇ ئۆيلەردە بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. ئەقەللىسى ئۈرۈمچىلىكلەر بۇنداق چاغدا بۇ يەرگە كەلمەيتتى. ئىستىراھەت كەنتىگە شاقىراتمىدىكى سۇنىڭ شاقىرىغان شاۋقۇنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەرۋايىتتەك سۈزۈك قار سۈيى 20 نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغ چوققىسىدىن ئېقىپ چۈشۈپ، جىلغىدىكى سۇغا قۇيۇلاتتى. ھېلىقى قازاق يىگىت:

— بۇ سۇ بەك سوغۇق بولغاچقا دەرىيادا بېلىق يوق، — دېدى.

تاغ سۈيى بېلىققا نىسبەتەن سوغۇق دېيىلسە، ئۇ ھالدا ئادەمگە نىسبەتەن تېخىمۇ سوغۇق بولىدۇ. بۇ يەر ھەقىقەتەن كۆڭۈلدىكىدەك دەم ئېلىش ئورنى بولسىمۇ، تەبىئەت ئىنسانلارنى بۇ يەرگە يېقىن يولاتمىغان.

ئۈرۈمچىگە كەلسەك، ھاۋا ئىسسىق ھەم تىنجىق ئىدى. پۈتۈن شەھەرنى كۆل رەڭ ئىس - تۈتەك، سانائەت جەمئىيىتىنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتى قاپلاپ كەتكەنىدى. جىلغىدىكى قازاقلار پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيە ئېلىش مەقسىتىدە يىراق جايلارغا بارىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئۈرۈمچى ۋە بېيجىڭدا خىزمەتكە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئىپتىخارلانغان ھالدا سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. ئۈرۈمچىلىكلەر بولسا پەسىلنىڭ ياخشى چاغلىرىدا تەگرىتاغنىڭ ئىچكىرى قىسمىغا جايلاشقان مۇشۇ ئىستىراھەت كەنتىگە كېلىپ سەيلى قىلىپ كېتىشكە تەشنا ئىكەن. بۇ خىل تەتۈر روھىي ھالەت يېڭى دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى.

## قەشقەرگە ئۇچۇش

شۇ كۈنى كېچىدە قاتتىق بوران چىقىپ، ئىشىك - دېرىزىلەرنى غىچىرلىتىۋەتتى. قارا بوران گۈركىرىمەكتە ئىدى. بوران تاكى تاڭ سۈزۈلگۈچە پەسەيمىدى، مەن قەشقەرگە قاراپ ئۇچالاش - ئۇچالماسلىقىمىزدىن ئەنسىرەشكە باشلىدىم. ئايرودرومغا كېتىۋېتىپ ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىدىكى بەزى سۆۋادان تېرەكلەرنىڭ بوراندا ئۆرۈلۈپ چۈشكەنلىكىنى كۆردۈم.

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/8.asp?isim=[2010-12-31 00:11:54]

alma uyghur book

— بىز چۈشكەن مېھمانخانا تەرەپتە شامال كۆپ چىقىدۇ ئايرودروم تەرەپتە شامال يوق، — دېدى ئابدۇللا، — ئۇيغۇر خەلقىدە «چىققان شامال ھامان پەسىيىدۇ» دېگەن گەپ بار
نەتىجىدە ئابدۇللا بەرگەن «ھاۋارايىدىن ئالىدىن مەلۇمات» توغرا چىقتى

ئەتىگەن سائەت يەتتە يېرىمدا، ئۇرۇمچى تېخى جىمجىتلىق ئىچىدە تۇراتتى يەتتە يېرىم دېگىنىمىز بېيجىڭ ۋاقتى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، شۇ جاينىڭ ۋاقتى بويىچە سائەت بەش يېرىم بولغانىدى شەھەردىن چىققان چېغىمىزدا بەدەن چېنىقتۇرۇۋاتقان ۋە ئاستا يۈگرەۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆردۇق بەزىلەر سۇۋادان تېرەكلەرنى ئارىلاپ ئايلىنىپ يۈرسە، يەنە بەزىلەر گىمناستىكا ئوينىماقتا ئىدى بەزىلەر يالغۇز ئوينىسا، يەنە بەزىلەر توپلىشىپ ئوينىماقتا ئىدى ھەممەيلەن سۇس كۆل رەڭ كىيىم كىيگەنىدى بىر يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، جەڭچىلەرنىڭ ئەترەت ـ ئەترەت بويىچە يۈگۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردۇق، ھەربىر ئەترەتتە ئوندىن 15 كىچە ئادەم بار ئىدى روشەنكى، ئۇرۇمچىلىكلەرنىڭ سەھەر تۇرۇشى بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن ئىدى ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇلار ئىدى كۆزۈمگە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغانلاردىن بىرەرىمۇ چېلىقمىدى

قەشقەرگە ئۈچىدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلان سائەت سەككىزدىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە ئۇچىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەنىدى ئايروپىلان دەل ۋاقتىدا ئۇچتى، كۇتۇش ئۆيىدە ئايروپىلاننىڭ كېلىشىنى ساقلاپ ئولتۇرغىنىمىزدا ئابدۇللا بىرگە نەسىردىن ئەپەندىنىڭ لەتىپىلىرىنى سۆزلەپ بەردى «ئەپەندى» تۈركچە «affenti» (ئەففەنتى) دېگەن سۆزنىڭ ئۇيغۇرچە تەلەپپۇز قىلىنىشى بولۇپ، بۇ لەتىپىلەر مۇللا نەسىردىن — كىچىك ئاسىيادىكى تۈرك كومېدىيە ئارتىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى نەسىردىن ئەپەندىنىڭ لەتىپىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا كەڭ تارالغان بولسىمۇ، ئەمما لەتىپىلەرنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىن كەلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى بۇنداق لەتىپىلەر ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ، يۇمۇرلۇق، قىزىق ھەم چوڭقۇر مەنىلىك ئىدى ئابدۇللا لەتىپە ئېيتىش جەھەتتە مەن بىلەن

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/8.asp?isim=[2010-12-31 00:11:54]

alma uyghur book

ئالـدىـن پىلانلانـمىـغان مۇسابىقە ئېلىپ باردى  مەن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن ھېكايىلىرىم نەشىردىن چىق-
قان بـولـغاچـقـا ، ئېـسىمدە قالغانلىرىدىن بىر نەچچىنى شۇنداقلا ئېيتىپ
قويسام‌لا كۇپايە قىلاتتى

بـىـز سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن « ئان — 24 » تىپلىق ئايرو-
پىلانغا چۈشكەندۇق  بۇ 30 يولۇچى سىغىدىغان كىچىك تىپتىكى تۇربىنا
پـىـرقـىـرىـغـۇچـلـىق ئايروپىلان ئىدى  روسچە بەلگە - ۋېۋىسكىلارنىڭ
ئـورنـىـنـى تـېخىمۇ خەلقئارالىققا ئىگە ئىنگلىز تىلى ئالغان بولغاچقا ، ئايرو-
پـىلان بـۆلـمـىـسـىـدە ئـىـنـگـلـىـزچـە ، خەنزۇچىدىن ئىبارەت ئىككى تىل
ئىشلىتىلەتتى . تەخمىنەن 80% ئورۇندۇقتا ئادەم ئولتۇرغان بولۇپ ، ئۇلار-
نـىـڭ ھەمـمـىـسـى دېـگـۇدەك خـەنـزۇ ، كـۆپـىـنـچـىـسـى ئۇچىسىغا فورما
كـىـيـىـۋالغانىدى  ئايروپىلاندا ئىككى ئايال كۈتكۈچى بولۇپ ، بىرى شاڭ-
خـەيـلـىـق ، يـەنە بىرى بېيجىڭلىق ئىدى  ئۇلار ئىنگلىزچىنى ئىش قىلىپ
ئۇقـتـۇرالايـتـتـى ، شۇ تاپتا ئۇلار جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئەڭ يىراق
ھاۋا قـاتـنـاش لـىـنـىـيـىـسىدىكى يولۇچىلار ئايروپىلانىدا ئۆز بۇرچىنى ئادا
قـىلماقتا ئىدى  ئايروپىلان ئىچى ناھايىتى پاكىز ئىدى  مەن يۇقىرىدا ئېي-
تىپ ئۆتكەن بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە قاراپ ئۇچقان ئايروپىلاندىكى ھېلىقى
يـولـۇچـىلارغـا ئوخـشـاش ، بـۇ ئايروپىلانغا چىققان يولۇچىلارنىڭ يۈك -
تـاقـىـلـىـرىـمۇ ناھايىتى كۆپ بولغاچقا ، بۇ نەرسىلەر ئىشقىلىپ بىر نەرسە
قـويـغـىـلـى بولىدىغانلىكى جايغا ، مەسىلەن ، بۇلۇڭ - پۇچقاق ياكى بوش
ئارىـلـىـقلارغـا جايلاشتۇرۇلغانىدى  بىر خەنزۇ قولىدىكى يوغان بىر چا-
مادانىنى ئايروپىلان بۆلمىسىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىگە تىقىۋەتمەكچى بولغاندا ،
ئايـروپـىـلان خـادىـمـلىرى ئۇنى توستى ھەمدە چامادانىنى ئۈستىدىكى يۈك
جـازىـسـىغا ، يا ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغا ۋە ياكى يېنىغا قويسەن ، دەپ چىڭ
تـۇرۇۋالـدى  ھېـلـىقى يۈك - تاق بەك يوغان بولغاچقا ، ھېچقانداق يەرگە
قـويـۇشـقـا مۇۋاپىق كەلمەيتتى ، ئۇلارنىڭ تالاش - تارتىشى توختىمىدى
ئاخـىـر ھېـلىقى بىچارە ئادەم قەشقەرگە بارغۇچە چامىدىنىنى تىزىدا قويۇپ
ئولـتـۇرۇشـقا ماقۇل بولغاندىلا مەسىلە ھەل بولدى  ئايروپىلاندىكى تۈزۈم

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/8.asp?isim=[2010-12-31 00:11:54]

alma uyghur book

ئەسلى ئىنتايىن قاتتىق بولسىمۇ ، ئەمما ئۆز نۆۋىتىدە ئەركىن ، ئىختىيارىي
ئىدى

قەشقەرگە بارىدىغان ھاۋا قاتنىشى لىنىيىسى تەڭرىتاغ تىزمىلىرى-
دىن ئۆتۈپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قۇملۇققا بارغۇچە ، ئايروپىلان ئارىلىقتا
ئاقسۇدا توختاپ ئۇچاتتى ئايروپىلان ئىس - تۈتەككە تولغان سانائەت
شەھىرى ئۈرۈمچىدىن چىقىپ جىلغىلاردىكى ئېكىنزارلىقلار ئاسمىنىدا
خېلى ئۇزۇن ئۇچقاندىن كېيىن ، بىر قانچە كىچىك زاۋۇت ، فابرىكا
كۆرۈندى ئۇنىڭدىن كېيىن ، ئېگىز تاغ ئۈستىدە ھەممە يېرىنى ئىمارەت
قاپلىغان بىر جاي كۆرۈندى بىر يۈك پويىزى كۆمۈشرەڭ ئىس چىقىرىپ
كېتىۋاتاتتى ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا كېتىۋاتقان پويىز ئىدى شۇ جاي
مۇھىم كان رايونى ئىكەن ، بىز ئۈستىنى نېپىز قار قاپلىغان تاغ چوققىسى-
دىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئايروپىلان پەس ئۇچۇشقا باشلىدى ئاستىمىزدا
بىپايان قاقاس - تاقىر تاغلار تۇراتتى بىردەمدىن كېيىن ، تاغ تىزمىلى-
رىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېكىنزارلىق ئۈستىگە كەلدۇق تۈپتۈز كەتكەن
ئۈرۈمچى - قەشقەر ئاسفالت يولى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى كۆرۈنۈشتە
بۇ يول خۇددى مەنزىرە رەسىملىرىدىكى قارا دۇردۇن بەلۋاغدەك
چۆلگە — شورلۇققا يىلان بېغىرلاپ كىرىپ كەتكەندى يەر يۈزىنى
قاردەك ئاپئاق شور توزانلىرى قاپلىغان ، ھېچنەرسە ئۆسمەيدىغان ، كى-
شىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان جاي ئىدى شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن
جايلىرىنىڭ مەنزىرىسى ئەنە شۇنداق بولۇپ ، تېخى ھېچقانداق قىممىتى
يوق بىر جايدەك تۇيۇلاتتى ئەمما ، بۇ جايدا تېخى بايقالمىغان ۋە
ئېچىلمىغان بايلىق كۆمۈلۈپ ياتقان بولۇشى مۇمكىن

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دە ئايروپىلان ئاقسۇغا قوندى ئايرود-
رومدىكى ئايروپىلان ئۇچۇش ۋە چۈشۈش يولى يېڭىدىن ياسالغان ئىدى .
ئۇ يەردە ئايروپىلاننى كۈتۈش ئۆيى يوق بولۇپ ، بىر نەچچە ئېغىز پاكار
ئۆيلەرلا بار ئىدى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن چەت
ئەللىك مېھمانلارنى كۈتىدىغان بىر خەنزۇ ياش قارشى ئېلىشقا ئالدىمىزغا
چىقىپ ، بىزنى ھېلىقى ئۆيلەرنىڭ بىرىگە باشلاپ كىردى مېنىڭچە ، بۇ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/8.asp?isim=[2010-12-31 00:11:54]

alma uyghur book

مۇشۇ ئۆيلەر ئىچىدىكى ئەڭ تۈزۈك ئۆي بولسا كېرەك بۇ ئۈستى بورا-
چەگزە بىلەن ياسالغان چاسا سوقمىچاق ئۆي ئىدى ئېسىمدە
قېلىشىچە، 20 - يىللاردا شىنجاڭغا كەلگەندە كۆرگەن ئۆيلەر ئەنە شۇنداق
ئۆيلەر ئىدى بىر ئۇيغۇر قىزچاق ئالدىمىزغا چاي، ئۈزۈم ۋە سېرىق،
كۆك ۋە ئاق ئەتىلىك قوغۇن - تاۋۇزلارنى تىزدى بىز شىنجاڭنىڭ
غەربىي جەنۇبىدىكى قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋىلەر ماكانىغا كەلگەنىدۇق. ئۇلار سېخىيلىق بىلەن بىزگە تاۋۇز، ئۈزۈم، ئالما، ئامۇت،
ئەنجۈرلەرنى — قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋىلەر تۆكمە بولىدىغان پەسىلدىكى بارلىق مېزىلىك مېۋە - چېۋىلەرنى سوۋغا قىلدى ساھىبخانا
بىزدىن: — «ژان مىردالى» دەيدىغان بىر كىشىنى تونۇمسىلەر؟ — دەپ
ئۇدۇللا سورىدى ئۇ كۈنى ھاۋا ئىنتايىن ناچار بولغاچقا، ئايروپىلان ئۇچالماي، ئۇ ئاقسۇدا بىر ئاخشام قونۇشقا مەجبۇر بولغان، ئۇنىڭ بۇ
يەردىكىلەردە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇرغانلىقى مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ
تۇراتتى. ژان مىردالى بارغانلىكى جايلاردىكىلەر ئۇنى سورىغاندا، ئۇنىڭ
سالامەتلىك ئەھۋالىنى ئۇلارغا سۆزلەپ ئۆتتۈم مەن ئۇلارغا ئۇنىڭ يىپەك
يولى ھەققىدىكى بىر كىتابىنى تېخى يېقىندا يېزىپ بولغانلىقىنى ئېيتتىم
مەيلى ئاقسۇدىكىلەر بولسۇن ياكى قەشقەردىكىلەر بولسۇن، بۇ ئىشتىن
بىخەۋەر ئىكەن بىلىمگە تەشنا ئۇيغۇرلارغا ۋە خەنزۇلارغا ھېلىقى كىتابنى
ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تونۇشتۇردۇم ساھىبخانىدىن ئاقسۇغا نۇرغۇن چەت
ئەللىكلەرنىڭ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى سورىغىنىمدا، ئۇ ناھايىتى
چاققانلىق بىلەن كېلىدىغانلارنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، تېخى
يېقىندىلا ياپونىيىلىك مۇخبىرلارنىڭ بۇ يەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ،
جۇڭگو - ياپونىيە دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلىدا ماقالە ئېلان قىلغانلىقىنى ئېيتتى، ئۇ قىزغىنلىق بىلەن مېنى ئاقسۇدا بىر نەچچە كۈن
تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ئاقسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ شېۋىسىنى تېخى تولۇق
بىلمەيدىغان، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى شېۋىلىرىنىڭ سىرىنى
بايقىيالايدىغان پېشقەدەم تىلشۇناس ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق تەكلىپ ئادەمنى شۈبھىسىز ئۆزىگە بەك تارتاتتى، شۇنداقتىمۇ مەن يەنىلا ئۇنىڭغا

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/8.asp?isim=[2010-12-31 00:11:54]

alma uyghur book

ئىلاجىنىڭ بارىچە ئەدەب بىلەن تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرۈپ، بۇ تەكلىپنى
قوبۇل قىلىش ۋاقتىنى نامەلۇم كەلگۈسىگە قالدۇرمىسام بولمايتتى. شۇڭا،
مەن ئۆزۈمنىڭ تىل تەتقىقات ئىشىم تۈپەيلىدىن ئاقسۇ خەلقىنى ئاۋارە قى-
لىپ يۈرمىدىم. ئاڭلىشىمچە، ئاقسۇدا 1 مىليون 200 مىڭ ئاھالە بار
ئىكەن. ئۆتكەن 50 يىل ئىچىدە ئاھالىنىڭ ئىنتايىن تېز كۆپەيگەنلىكىنى
ئەكس ئەتتۈرەتتى.

قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە ئۇچقان «ئىل — 14» تىپلىق ئايروپىلان
ئايرودرومغا قوندى. بۇ بىزگە بېرىلگەن يولغا چىقىش سىگنالى ئىدى. بىر
ھەپتىدە يولۇچىلار نۆۋەتچى ئايروپىلانى ئۈرۈمچى بىلەن قەشقەر ئارىلىقىدا
ئۈچ - تۆت قېتىم قاتنايدىكەن، ھەممىسى ئوتتۇرا يولدا ئاقسۇدا توختاپ
ئۆتىدىكەن. بۇنىڭدىن ئاقسۇ شەھىرىنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە جاي
ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋۈلغىلى بولىدۇ. مەن بوشلۇقتىن ئاقسۇ شەھىرىگە نەزەر
سالدىم. ئىمارەت - قورۇلۇشلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبتا سې-
لىنغان پاكار، خام كېسەكلىك ئۆيلەر ئىدى. ئەمما، ئىلگىرىكى قىستاپ
سېلىنغان سانجاق ئۆيلەر قالمىغانىدى. كوچىلار تۈپتۈز ھەم كەڭ ئىدى.
ئاقسۇ شەھىرى ئەتراپىدا سېرىق تۇپىلىق دۆڭلۈلەر ۋە چوڭقۇر جىلغىلار
بار بولۇپ، بۇلار شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى يەر قاتلاملىرىغا ئوخ-
شاش بۇدا مۇخلىسلىرى ئۆڭكۈر كولاپ بۇتخانا ياسايدىغان ئەڭ ئوبدان
گېئولوگىيىلىك شارائىت ئىدى.

ئاقسۇدىن قەشقەرگە بارغۇچە كەڭرى قىزىل تۇماننى يېرىپ ئۆت-
تۇق. يەر يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. شۇ ئارىلىقتا، ۋاڭ جۈجىنىڭ
جۇڭگو پەن - تېخنىكا كەسپىي ئاتالغۇلىرىنى ئىنگلىزچە ئارقىلىق شى-
ۋېتچىگە تەرجىمە قىلىشقا ياردەملەشتىم. ئۇنىڭدا تولىمۇ ئەپچىل
خەنزۇچە - ئىنگلىزچە كىچىك لۇغەت بار ئىدى. ئۇنىڭدىكى سۆز - ئا-
تالغۇلار كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭدىن
ھەم كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى سۆز - ئاتالغۇلارنى ھەم پەن - تەتقىقاتقا دا-
ئىر مەخسۇس ئاتالغۇلارنى تاپقىلى بولاتتى. مۇنداق ئوبدان تۈزۈلگەن
سۆز - ئاتالغۇلار توپلىمىنى باشقا لۇغەتلەردە ناھايىتى كەم ئۇچراتقانىدىم

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/9.asp?isim=[2010-12-31 00:21:47]

alma uyghur book

قىزىل تۇمان ئىچىدە ئۇچۇش زېرىكىشلىك ئىدى، قەشقەرنى كۆرمىگىنىمگە 50 يىل بولاي دەپ قالغانىدى، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ھالەتتە قەشقەرگە بېرىشىمنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم. چامادانىنى قۇچىقىغا ئېلىۋالغان ھېلىقى خەنزۇ تارتقان ئازابىنىڭ بىر دەمدىن كېيىنلا ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ھېس قىلغاچقىمۇ، خېلىلا يەڭگىللەپ قالغاندەك قىلاتتى. ئايروپىلاندا ئىشلەيدىغان بىر كۆتكۈچى خېنىم ئايروپىلان ئەچىدىكى ئۆتەر يولدا مېڭىپ يۈرەتتى، چىرايىدىكى قەتئىيلىكتىن بىر نېمە ئىزدەۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. بىردەمدىن كېيىن، ئۇنىڭ قولىغا چىۋىن ئۆلتۈرىدىغان پالاقنى ئېلىپ بىر چىۋىننى ئۇ دۇنىياغا بىر يوللا ئۇزۇتىۋەتكەنلىكىنى كۆردۈم. ھېلىقى چىۋىننىڭ ئايروپىلانغا ئاقسۇدا چىققانلىقى ئېنىق ئىدى. ھېلىقى كۈتكۈچى خېنىم تولىمۇ ئالاھىدە ئىدى. چۈنكى، ئۇ يېقىنىدىكى ئورۇندۇقنىڭ يانچۇقىدىن بىر خالتىنى ئېلىپ ھېلىقى چىۋىننى خالتىغا ناھايىتى ئاۋايلاپ سالغاندىن كېيىن، خالتىنى دەم ئېلىش ئۆيىدىكى پول ئۈستىگە قويۇپ قويدى.

سائەت 12 دىن 55 مىنۇت ئۆتكەندە، بىز ئولتۇرغان «ئان — 24» تىپلىق ئايروپىلان قەشقەر ئايرودرومىنىڭ ئاپئاق پارقىراپ تۇرغان بېتونلۇق ئۇچۇش ۋە چۈشۈش يولىغا قوندى.

ئىزاھات:

① «سۇڭ سۇلالىسى» 11 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان تارىخىي دەۋرنى كۆرسىتىدۇ. ئاشۇ دەۋرلەردە بېيجىڭدا لياۋ، جىنلار پايتەخت قۇرغانىدى

② بۇ يەردە تونۇشتۇرۇلغىنى 1978 ـ يىلدىكى ئەھۋال

③ 1978 ـ يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدە يېڭى ھەربىي ئۇنىۋان تۈزۈمى يولغا قويۇلمىغانىدى، شۇڭا ئوفىتسېر ياكى ئوفىتسېر ئەمەسلىكىنى ئايرىش تەس ئىدى

④ ئىزاھات ② گە ئوخشاش

⑤ سكانىيە شۋېتسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر ئۆلكە، ئاپتور يارىرلىق مۇشۇ ئۆلكىلىك

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/9.asp?isim=[2010-12-31 00:21:47]

alma uyghur book

# ئىككىنچى باب 1929 — 1930

## نېمىشقا قەشقەرنى تاللىدىم

كىشىلەر دائىم مەندىن : تۈركىي تىللار تەتقىقاتىنى تاللىشىمغا نېمە سەۋەبچى بولدى ؟ دېگەن سوئالنى سورايدۇ  راست گەپنى قىلسام ، بۇ سوئالغا ئۆزۈممۇ ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيمەن  تۆۋەندىكى ئەھۋال تۈركىي تىللارنى ئاخىرقى ھېسابتا تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىپ تاللاش جەريانى ھەققىدىكى ئەسلىمەمدىن ئىبارەت

1926 ـ يىلى كۈزدە ، لۇند ① ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىردىم تاللىغان كەسپىم ئىجتىمائىي پەن بولدى  دەسلەپتە ئېرنىست ئالبىن كوك ( Ernst Albin Kock ) ئۆتكەن نېمىس تىلىنى ئۆگەندىم ، كوك ئەپەندى ئۆزى ئىجاد قىلغان بىر يۈرۈش شېئىر تىلىنى قوشۇپ بېرىش ئارقىلىق نام چىقارغانىدى  كېيىن ئېمىل ئولسون ( Emil Olson ) ئۆتكەن شىمالىي ياۋروپا تىللىرىنى ئۆگەندىم  ئولسوننىڭ تەلەتى سوغۇق بولغاننىڭ ئۈستىگە ، جەنۇبىي شىۋېدلاردەك سېمىز بولغاچقا ، ئوقۇغۇچىلار ئۇنى « مۇر چىراي بودەك » دەپ ئاتىشاتتى  بۇ ئىككى دەرس شۇ چاغلاردا ئىنتايىن ئالقىشلىنىدىغان پەنلەر ئىدى  مەن قاتارلىق نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار كەلگۈسىدە ئوقۇتقۇچى بولماقچى بولدۇق  ھازىر ئويلىسام شۇ چاغدا ئوقۇتقۇچىلىقنى ئۆزۈمنىڭ ئۆمۈرلۈك كەسپىم قىلىپ تاللىشىمنىڭ توغرا بولغان ـ بولمىغانلىقىدىن گۇمان قىلاتتىم ، دەپ ئېيتالايمەن شۇڭا ، شۇ چاغلاردا ئۆگەنمەكچى بولغان باشقا پەنلەر ئۈستىدىمۇ ئىزدىنەگەچ تۇرغانىدىم

لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى بۇ جەھەتتە نۇرغۇن تاللاش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئېتەلەيتتى  سانسكرت تىلى بىلەن سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنى ئۆگەنگەندە ، كەلگۈسىدە ھازىرقى زامان تىللىرىنى تەتقىق قىلىش

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/9.asp?isim=[2010-12-31 00:21:47]

alma uyghur book

ئۇچۇن ياخشى ئاساس سالغىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم  شۇڭا، خېربېرت پېتېرسون ( Herbert Peterson ) ئۆتكەن بىر دەرسنى ئۆگىنىشكە كىرىشتىم  ئۇ بەك مۇلايىم، شۇنداقلا ئالىملارغا خاس مىجەزلىك پروفېسسور بولۇپ، ئاددىي، زېرىكىشلىك سانسكرت تىلى گرامماتىكىسىنى گويا شېئىر ئوقۇغاندەك قىلىپ سۆزلىيەلەيدىغان ماھارەتكە ئىگە ئىدى  ئۇ مەن بۇ دەرسنى ئۆگىنىپ بولغۇچە ئالەمدىن ئۆتتى  كېيىن بۇ دەرسنى ئۇپسالا ② دىن كەلگەن رېھنى تولۇق، گەپدان ياردەمچى پروفېسسور خېلمېر سمىت ( Helmer Smith ) ئۆتتى  ئۇ ئۇلۇغ بالى تىل ئالىمى ئىدى  پروفېسسور سمىت بىلەن ئارىمىزدا دوستلۇق شەكىللەندى  بۇ خىل دوستلۇقىمىز تاكى ئۇ ئالەمدىن ئۆتكۈچە داۋاملاشتى  مەن لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كەتكەندىن كېيىن، ناھايىتى ئۇرۇنغىچە — 1948 - يىلدىن 1951 - يىلغىچە شۋېتسىيىنىڭ ھىندىستاندا ۋە سىرلانكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بولغان مەزگىللەردە، بۇ دوستلۇقىمىز يەنە بىر قېتىم سىۋەتلەپ مېۋە بەردى  ۋاقتى - ۋاقتىدا ئۆزئارا خەت ئالماشتۇرۇپ سىنگال تىلى ۋە ھىندى تىلى توغرىسىدىكى تىلشۇناسلىققا ئائىت مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردۇق ۋە مەسلىھەتلەشتۇق  سانسكرت تىلى ئۈستىدىكى تەتقىقات مېنى سىلاۋيان تىللىرى ساھەسىگە ئېلىپ كىردى  شۇ چاغلاردا بىرگە سىلاۋيان تىلى دەرسى بېرىدىغان مۇئەللىم تولىمۇ غەلىتە بىر پروفېسسور ۋە شائىر سىگۇرد ئاگرېل ( Sigurd Agrell ) ئىدى، بۇ ئادەمنىڭ ئومۇمىيەتچانلىقى كۈچلۈك بولغاچقا، شۇ چاغدىكى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلىم كەيپىياتىنى جانلاندۇرىۋەتكەنىدى  شۇ چاغلاردا، ئىككى تىل ئۆگەنگەندىلا ئىككى ئوقۇش نومۇرى ھېسابلىناتتى  مەن رۇس تىلى بىلەن چېخ تىلىنى تاللىدىم  رۇس تىلى ئوقۇتقۇچىم مىخائىل كاندامىروف ( Mikhail Khandamirov ) بولۇپ، ئىلگىرى چار پادىشاھ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ ستارشىي لېيتېنانتى بولغان  ئۇ 1 - دۇنيا ئۇرۇشى سەۋەبى بىلەن تۈرمىدا بىر نەچچە يىل مەھبۇس بولغان، كېيىن شۋېتسىيىدە تۇرۇپ قالغان ھەمدە پروفېسسور ئاگرېل ( Agrell ) نىڭ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/9.asp?isim=[2010-12-31 00:21:47]

ياردىمى بىلەن لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدىن خىزمەت تاپقان ئۇنىڭ ئوقۇتۇش مېتودى مونتىزم ئىنستىتۇت ئۇسلۇبىدىكىدەك بولمىسىمۇ ، بىراق تولىمۇ ئۇنۇملۈك ئىدى مەن تا بۈگۈنگىچە ئۇنىڭدىن ساپ رۇس تىلى ئۆگەنگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇنىڭغا چەكسىز مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرۈپ كېلىۋاتىمەن پروفېسسور كاندا مىروف پروفېسسور ئاگرېلغا ئوخشاش ئالاھىدە بىر كىشى ئىدى ئۇنىڭ شۋېد تىلىنى قوپال سۆزلىشى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن لەتىپىلەرنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالغانىدى ئۇنىڭ قاپقارا تېرىسى كازاك رايونىنىڭ مەلۇم بىر جايىدىن كەلگەن بۇ ئادەمنى ھەم قىزىق ، ھەم كىشىنى شادلاندۇرىدىغان ئادەمگە ئايلاندۇرغانىدى

مېنىڭ تۈركىي تىللار تەتقىقات ساھەسىگە قەدەم قويۇشۇم ، ئاساسەن ئۆزۈمنىڭ تىل جەھەتتىكى بىلىم دائىرەمنى كېڭەيتىش ئېستىكىدىن پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن ، دەپ ئويلايمەن شۇ ئېستىكىم ئېھتىمال پروفېسسور كاندا مىروفنىڭ رۇس تىلىدىكى ئاتالغۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشى تۈركىي تىللارغا نىسبەتەن قىزىقىشىمنى ئاشۇرغان بولسا كېرەك ئۇ دائىم بىر سۆزنى مىسال قىلىپ ، ئۇنى « تاتار تىلى » ( Tatar ) دەيتتى . كېيىن مەن بۇ ئۇقۇمنىڭ ئاسىيانىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىكى تۈركىي تىللار موڭغۇل تىلى ھەتتا بەزىدە پارس تىلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇم « تاتار » دېگەن بۇ بىر سۆز روسىيىلىك كاندا مىروفقا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئۇنىۋېرسال ئاتالغۇ بولۇپ ، بۇ سۆز مەخسۇسلا رۇس تىلى بىلەن ئاسىيادىكى خىلمۇ خىل تىللار ۋە مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان سىرلىق مۇناسىۋەتلەرنى كۆرسىتەتتى بۇ ھازىرقى زاماندىكى نۇرغۇن روسلارغا نىسبەتەن ھېلىھەم شۇنداق گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ، مېنىڭ تۈركىي تىللار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشىمغا سۋېن ھېدىننىڭ « From Pole to pole » ( قۇتۇپتىن قۇتۇپقا ) دېگەن كىتابى يەنە بىر سەۋەبتىن بولدى ، دەپ ئويلايمەن ياش چېغىمدا ، بۇ كىتابنى كۆپ قېتىم ئوقۇغانىدىم بۇ كىتابتا بىز تۇرۇۋاتقان دۇنيا كىشىنى ھاياجانغا

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn

alma uyghur book

كەلتۈرىدىغان ، ھەتتا بەزىدە ئادەمنىڭ روھىي ئادەم تېنىدىن جۇدا
قىلىنغان دەرىجىدە تەسۋىرلەنگەن ، سۆيۈن ھېندىنىنىڭ سەرگۈزەشتىسىمۇ
شۇنداق تەسۋىرلەنگەن بۇ كىتاب شۇ چاغلاردا شۋېتسىيىدىكى بارلىق
مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دەرستىن سىرت جەزمەن ئوقۇيدىغان كىتاب
ئىدى دەل شۇ كىتابنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان ھەۋىسىنى زور دەرىجىدە
قوزغىغانلىقىغا بۈگۈنمۇ قەتئىي ئىشىمەن

شۇ چاغدا ، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۈركىي تىللار ئوقۇتقۇچىسى
گۇستاف راگۇيت ( Gustaf Raguette ) ئىدى ئىلگىرى ئۇ دىن تارقى-
تىش ئۆمىكىنىڭ دوختۇرى بولغان ھەمدە شەرقىي تۈركىستان ياكى
قەشقەردە ۋە ياكى يەركەندىن ئىبارەت ئىككى شەھەردە ئۆمرىنىڭ ئالتۇن-
دەك مەزگىلىنى ئۆتكۈزگەن . ئۇ خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان شەرقىي
تۈركىي تىللار نوپۇز ئىگىسى ئىدى . مانا شۇ تىل بۈگۈنكى كۈندە يېڭى
ئۇيغۇر تىلى ③ دېيىلمەكتە گۇستاف راگۇيت ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ
كامال تاپقان ، شۋېتسىيىدە باشلانغۇچ مەكتەپ تەربىيىسىنىلا كۆرگەن ،
كېيىن ھەرخىل پەنلەرگە ئائىت بىلىملەرنى تەھسىل قىلغان ئەنگلىيە
لىۋېر پول ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىسسىق بەلۋاغ تىببىي ئالىم دوكتورى دېگەن
ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن كېيەل داۋالاش ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى
مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قىلغان مۇھىم ئىشى بولسىمۇ ، بىراق ئۇ بۇ ئىشنى
تىل ۋە ئەدەبىياتقا بولغان كۈچلۈك ھەۋىسى بىلەن بىرلەشتۈرگەن
گۇستاف راگۇيتنى ئاساسلىقى پروفېسسور خاننېس سكولد
( Hannes skold ) لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئەكىرگەن ، ئۇ شۇ چاغدا سې-
لىشتۇرما تىلشۇناسلىق ۋە تىلشۇناسلىق ياردەمچى پروفېسسورى ئىدى .
پروفېسسور سكولد ئۆزىنىڭ كەسكىن سىياسىي نۇقتىئىنەزەرى ئارقىلىق
مەلۇم دەرىجىدە ئاتاق چىقارغانىدى شۇڭا ، ئۇ مۇتەئەسسىپ لۇند
ئۇنىۋېرسىتېتىدا قىلچە ئەيمەنمەيدىغان ئادەم دەپ قارىلاتتى بۇ يەردە بىر
ئېغىز گەپنى قىستۇرغاچ كېتەي ، ئۇ جون سكولد ( john skold ) نىڭ
ئوغلى ئىدى جون سكولد جۇڭگوغا ئەۋەتىلگەن دىن تارقاتقۇچى مەش-
ھۇر زات ئىدى راگۇيتنى مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/9.asp?isim=[2010-12-31 00:21:47]

alma uyghur book

ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانلار ئىچىدە يەنە خەنزۇشۇناس بېرنخارد
كالگرېن ( Bernhard Kalgren ) ھەمدە گيوتېبورگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ
سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق پروفېسسورى ئېۋالد لىدون ( Evald lidon )
لارمۇ بار ئىدى دوكتور راگويىت شۇ كىشىلەرنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشى
ئارقىسىدا، 1924 ـ يىلى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىغا كەلگەن نەتىجىدە لۇند
ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۈرك تىلى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرى قايتىدىن راۋاج
تاپقان ئەسلىدە لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۈركىي تىللار ئوقۇش ـ
ئوقۇتۇش ئىشلىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ بىر ئىزدا
توختاپ قالغانىدى

دوكتور راگۇيىت ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش ئىشىدا ناھايىتى كۆپ زېھ-
نىنى تۈرك تىللىرىغا سەرپ قىلغان چۈنكى، تۈركىي تىللاردا
سۆزلىشىدىغانلار ياشايدىغان رايوندا خېلى ئۇزاق تۇرغانىدى ئەمما، ئۇ
ئۆتىدىغان دەرس تۈركچىنىمۇ، يەنى بۈگۈنكى كۈندىكى تۈركىيىلىكلەر
قوللىنىدىغان ئوسمان تۈركلىرىنىڭ تىلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى دوكتور
راگۇيىت ئاشۇ تىلنىمۇ ئوبدان بىلەتتى چۈنكى، ئۇ ئىستانبۇلدا ئۇزۇن
تۇرغان ھەمدە بۇ خىل تىلنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپ ئۇرغۇ سىستېمىسى
ھەققىدە ئىلمىي ماقالىمۇ يازغانىدى مەن تۈركچىنى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش
جەھەتتىكى سەۋەب تۈپەيلىدىن ئۆگىنىشكە كىرىشتىم تۇنجى بولۇپ
ئىشلىگەن تاپشۇرۇقۇم ئەرەب تىلى ئېلىپبەسىنى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت
بولدى چۈنكى، ئۇ چاغدا لاتىن ھەرپى تۈركىيىگە كىرمىگەنىدى.
ھازىرقى تۈرك تىلى يېزىق تىل شەكلىدە نۇرغۇن جەھەتتىن ئەرەب ۋە
پارس تىلىدىن ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن. مەنمۇ
لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى ئەرەب تىل تەتقىقات ئورنىدىكى ماتېرىيال ۋە
ئۇسكۇنىلەردىن پايدىلاندىم، ئوقۇتقۇچىمىز ئاكسېل
موبېرگ ( Axel Moberg )ئىدى. ئۇ ھەم مۇشۇ پەن ساھەسىدىكى ئىنتا-
يىن مەشھۇر نوپۇز ئىگىسى، ھەم لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىدى
كېيىن مەن يەنە دانىيىدىكى كوپېنھاگېندا بىر نەچچە يىل پارس تىلى
ئۆگەندىم كوپېنھاگېندىكى پارس تىلى ئوقۇتقۇچۇم ئارتور كرىستېنسېن

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/9.asp?isim=[2010-12-31 00:21:47]

alma uyghur book

( Arthur Christensen ) ئىدى  ئۇنىڭ بىلمى ئىران تىللىرىدىن تارتىپ
چۇشكە تەبىر بېرىشكە ئوخشاش پەنلەر دائىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى .
پارس تىل ئۆگىنىشىمنى مۇستەھكەملەش ئۇسۇلۇم ۋاقتىدا دەرسكە قاتنى-
شىش ھەمدە ئېرۇك خېمرىنىنىڭ كلاسسىك پارس شېئىرلىرى ھەققىدىكى
مونولوگىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاشتىن ئىبارەت ئىدى  خېمرىنىنىڭ
ئوقۇتۇش مېتودى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلغا تولىمۇ مۇناسىپ كەلمەيتتى . ئۇنىڭ
دائىم ئۆز ئەركىگە مۇخالىپ ھالدا لوندىدىكى سان - راس دوختۇرخانىسىغا
بېرىپ ، كېسەلخانىدا بىر نەچچە كۈن يېتىۋېلىشىدىن بۇنىڭ جەريانىنى
كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ  ئۇنىڭ پۇل - ئېرۇك لىندال يازغان ناھايىتى ياخشى
تەرجىمىھالدا بۇ ھەقتىكى بارلىق ئىشلار قايناق ھېسسىيات بىلەن
خاتىرىلەنگەن .

مەن 1928 - يىلى باھاردا ئەدەبىيات باكالاۋىر ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئې-
رىشتىم ھەمدە تۈرك ئەدەبىياتى ۋە تىلشۇناسلىقنى داۋاملىق ئۆگىنىشكە بەل
باغلىدىم  نۇرغۇن دوستلىرىم : تۈركىي تىللار ئاجايىپ - غارايىپ نەرسە ،
ئۇنى ئۆگىنىمەن دېسەڭ تامامەن ئېلىشىپ قالىسەن ، دېيىشتى  بىر نەچچە
ئوقۇش نومۇرىغا ئىگە بولۇش مەقسىتىدە بۇ پەننى ئۆگەنمەكچى بولغانلىق
قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان — ياكى بىرئاز غەلىتىرەك ئىش ئىدى  خالاس
ئەمما ، تېخىمۇ يۇقىرى ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشىش مەقسىتىدە ئۆگەنمەكچى
بولغاندا ، كەلگۈسىدە ئۇنى تىرىكچىلىك ۋاستىسى قىلىدىغان پەن دەپ
قاراشتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايتتى  كىشىلەر بۇنداق قىلىش قارىسىغا
ئىش قىلغانلىق ، دەپ قاراشتى  ئەتراپىمدىكى ساۋاقداشلىرىم كەلگۈسىدە
شۆبىتىسىيە مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇش مەقسىتىدە بېرىلىپ ئۆگەندى ،
مەن بولسام قاراپ تۇرۇپلا باشقىلارنىڭ ئەسلا خەۋىرى بولمىغان بىر سا-
ھەگە تەۋەككۇل قىلىپ بۆسۈپ كىردىم ۋە « ئىلىم سەرگەردانى » دېگەن
ئاتاققا ئىگە بولدۇم  راگۆيت دوكتور مېنى قەتئىي قوللىدى . بۇنىڭ قىل-
چىلىك ھەيران قالارلىق يېرى يوق ئىدى . چۈنكى ، مەن ئۇنىڭ دەرسىنىڭ
مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى تاشقى سەۋەبىنىڭ جانلىق دەلىلى ئىدىم
ئاگرىلىمۇ قارارىمنى ئىنتايىن قوللىدى ، چۈنكى تېگى - تەكتى-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/9.asp?isim=[2010-12-31 00:21:47]

alma uyghur book

دىن ئېيتقاندا ، ئۇ ئىلىم رومانتىكى ئىدى  ھالبۇكى ، مەن ئۈچۈن
ھەممىدىن مۇھىم ئاتا ـ ئانامنىڭ مېنىڭ تاللىشىمنى قوللىغانلىقى بولدى
دادام بەك ئەمەلىيەتچىل ئادەم بولغاچقا ، ئىقتىسادىي سەۋەب تۈپەيلىدىن ،
مېنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلمايدىغان شۇنداق بىر پەننى تاللىغانلىقىمنى پۈتۈن-
لەي ئىنكار قىلىۋېتەلەيتتى  چۈنكى ، مەن ئۇ چاغدا مەكتەپتە ئوقۇشتا
تامامەن ئۇ بەرگەن خىراجەتكە تايىناتتىم . شۇنداقلا دادام پۇل ئارىيەت
ئېلىشىمدىكى كېپىل بولغۇچى كىشى ئىدى  دادام ماڭا ئىشىنەتتى ھەمدە
ماڭا ئىزچىل ئىشەنگەچكە ، مەن ئۇنىڭ مېنىڭ تاللىغان كەسپىمدە مۇۋەپ-
پەقىيەت قازىنىشىمدىن قىلچىلىك گۇمانلانغانلىقىنى ئەزەلدىن سەزمىدىم
دادام دېھقان بولغاچقا ، مېنىڭ بۇ تىلنى ئۆگىنىشتىكى شارائىتىم ۋە ئۇنى
ئۆگىنىشنىڭ پايدىسى ئۈستىدە بىر نېمە دېيەلمەيتتى  شۇغىنىسى ، ئۇ ماڭا
ئىشىنەتتى . ئېھتىمال ئۇنىڭ قەلبىنىڭ قېتىدىكى دىنىي ھېسسىيات ئۇنىڭ
ماڭا ئىشىنىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىر قىسمى بولۇشى مۇمكىن  ئەمما ،
ھەممىدىن مۇھىمى ، دادامنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتى بەك تولۇق بولغاچقا ،
ھەرخىل مەسىلىلەرگە قىزىقاتتى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۆزىمۇ تىرىشىپ كۆپ
تەرەپلىمىلىك تەربىيە ئالغانىدى  مانا بۇ پاكىت جەزمەن ئۇنىڭ مېنىڭ
تۈركىي تىللارنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىشىمگە ناھايىتى زور ئىشتىياق
باغلىشىدىكى سەۋەب ئىدى

مەن ئاسپىرانتلىق باسقۇچىدىكى ئوقۇشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن
1928 ـ يىلى ئەتىياز ۋە يازدىكى بىر مەۋسۇم ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ بېرلىن
شەرقشۇناسلىق كۇرسىغا بېرىپ دەرس ئاڭلاش قارارىغا كەلدىم  بۇ
كۇرس شۇ چاغدىكى ياۋروپادا تازا داڭق چىقارغان شەرقشۇناسلىق تەتقى-
قات مەركىزى ئىدى  مەن 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا بېرلىنغا كەلدىم
پروفېسسور ۋىللى باڭ ( Willy Bang ) مېنى دوستانە قارشى ئالدى  شۇ
چاغدا ئۇ تۈرك فىلولوگىيىسى ۋە تىلشۇناسلىقى بويىچە نوپۇزلۇق ئەرباب
ئىدى  ئۇنىڭ سۆزلىگەن لېكسىيىسى « تارانچى » ④ ماتېرىياللىرى ھەق-
قىدە ئىدى  تارانچى تىلى شەرقىي تۈركىي تىللارنىڭ بىر خىل شەكلى
بولۇپ ، شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ، بولۇپمۇ ئىلى رايونىدىكى ياكى

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/9.asp?isim=[2010-12-31 00:21:47]

alma uyghur book

غۇلجا ⑤ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار ئاشۇ تىلدا سۆزلىشىدۇ بۇ تىل ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي قىسمىدىن ئىبارەت

پروفېسسور باڭنىڭ ئىلمىي ھاياتى ئۆزگىچە ھاياتتىن ئىبارەت ئۇ دەسلەپتە بېلگىيىدىكى لۇۋائىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىنگلىز تىلى پروفېسسورى ئىدى ئاشۇ مەزگىلدە، ئۇمۇ شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتىغا كۈچ سەرپ قىلىپ ۋىزانتىيە ئويما يېزىقىدىكى ماتېرىياللار ھەققىدە ئىلمىي ماقالە يازغان، كېيىن يەنە تۈركىي تىللار تەتقىقاتى ھەققىدىمۇ ئىلمىي ماقالە يازغان تۈركىي تىللارنى تەتقىق قىلىش ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى ئۆزىنى بېغىشلىغان خىزمىتى بولۇپ قالغان ئۇ بەس ـ مۇنازىرە قىلىشقا ئامراق ئادەم ئىدى ئۇ دەرس سۆزلەش جەريانىدا روسىيە شەرقشۇناسى رادلوف ( Radlof ) نى قاتتىق تەنقىد قىلغان رادلوف تۈركىي تىللار شېۋىسى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرغانلىقى سەۋەبىدىن خېلى شۆھرەت تاپقانىدى پروفېسسور باڭ تېپىك زىيالىي، تولۇق سىستېمىلاشقان نەزەرىيىچى ئىدى رادلوف بۇ ساھادە دالا ـ قىشلاق تەكشۈرۈشى ئېلىپ بارغان ئۇ تەكشۈرۈش ئورنىدا تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغانلار بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەت قىلغان ئۇ سۆز ۋە تىلنىڭ قۇرۇلمىسىنى خاتىرىلىگەن ۋەھالەنكى، بۇلار كۆپىنچە شۇ چاغدىكى گراماتىكىغا ئۇيغۇن كەلمەيتتى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ نەرسىلەرنى شۇ چاغدىكى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىدىنمۇ تاپقىلى بولمايتتى پروفېسسور باڭ رادلوفنىڭ خاتىرىلىرىنىڭ قىممىتىگە گۇمانلىنىش پوزىتسىيىدە ئىدى دوكتور راگۇيىتمۇ لۇندا شۇنىڭغا ئوخشاش پوزىتسىيىدە ئىدى، يەنى تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر قوللىنىدىغان ئېغىز تىلىغا ئېتىبارسىز قاراپ، ئەدەبىي تىل ــ قېلىپلاشقان تىلدۇر دېگەننى تەشەببۇس قىلغانىدى باڭ بىلەن راگۇيىتنىڭ يۇقىرىقى پوزىتسىيىسى مەندە ئېغىز تىلىغا قارىتا قىزىقىش پەيدا قىلدى مەن تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىكى يازما تىل ئەمەس، بەلكى ئېغىز تىلى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ھېس قىلدىم، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئالاقىلىشىش ۋاسىتىلىرى ياخشىلىنىپ، بۇ شېۋىلەر ئارىسىدىكى پەرقلەرنى چىقىرىپ تاشلاش پۇرسىتى يېتىلىشتىن بۇرۇن

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/9.asp?isim=[2010-12-31 00:21:47]

alma uyghur book

مۇشۇنداق تەتقىقاتقا دەرھال تۇتۇش قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە ئىشىنەتتىم شۇڭا، بېرلىندىكى چېغىمدىلا مەندە دالىلارغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ھەۋىسى تۇغۇلدى  ئەنە شۇ ھەۋەس - قىزىقىش كېيىنكى چاغلاردىكى بارلىق تەتقىقاتىمغا ئىزچىل تۈردە يېتەكچىلىك قىلىپ كەلدى

ھالبۇكى، ئەمدىلەتىن بىخ سۈرۈپ چىققان بۇ ھەۋەس - قىزىقىش مېنى باشقا تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى  مەلۇم بىر كۈنى سۋېن ھېدىننىڭ بېرلىندا ئىكەنلىكىنى گېزىتتىن ئۇقتۇم  ئۇ چاغ 1928 - يىلى 5 - ئاي ئىدى  سۋېن ھېدىننىڭ كېيىن نەشردىن چىققان كىتابىدا ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپرەك خىراجەت تەييارلاش مەقسىتىدە بېرلىنغا كەلگەنلىكىنى، يەنە كېلىپ بۇ يەرگە « دالا تەكشۈرۈشى » دىن بىۋاستە كەلگەنلىكى يېزىلغانىدى  چۈنكى، ئۇ مەن قىزىقىدىغان تىل قوللىنىلىدىغان رايونلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى پىلانلاۋاتقان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە قاتناشسام — بىر تىلشۇناس سۈپىتىدە قاتناشسام — بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى ئۇقۇپ بېقىش ئۈچۈن، ئۇنى زىيارەت قىلىشىم كېرەك، دېگەن ئويغا كەلدىم  ئاشۇنداق قىلغاندا شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئارىسىدا تەتقىقات خىزمىتىنى بىۋاستە ئېلىپ بارالايتتىم  ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ شېۋىسىدىن ئەسلا خەۋىرىمىز يوق ئىدى  ئەمما، ئۆزۈمدىن ئىبارەت تېخىمۇ ئاقىلانىرەك بىر تەرەپ بۇ ئويۇم ئۈستىدىن غالىب كەلدى  شۇ چاغدا بۇ ئىشنىڭ تەييارلىقىنى تېخى تولۇق پۈتتۈرۈپ بولالمىغانىدىم  مەندە پەقەت ياشلاردا بولىدىغان قىزغىنلىقلا بار ئىدى  مەن 30 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا، سۋېن ھېدىن سىزغان « ئوتتۇرا ئاسىيا خەرىتىسى » دىكى يەر ناملىرىنى يېزىپ بەرگەن چاغلىرىمدىكى بىر قېتىملىق ئىجتىمائىي سورۇندا، سۋېن ھېدىنگە 1928 - يىلى 5 - ئايدا شۇنداق بىر پىلاننى قىلغانلىقىمنى ئېيتتىم  ئۇ مېنى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى  ئۇ بۇ گەپنى دېيىشتە مېنىڭ 30 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ھاسىل قىلغان بىلىملىرىمنى كۆزدە تۇتقانىدى  چۈنكى،

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/10.asp?isim=[2010-12-31 00:14:57]

alma uyghur book

شۇ چاغدا مەن پەلسەپە دوكتورى دېگەن ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەنىدىم مېنىڭ كەسپىم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك تىللىرى ئىدى

پروفېسسور باگنىڭ ئەتراپىدىكى ئوقۇغۇچىلار نۇرغۇن دۆلەتلەردىن كەلگەنلەر ئىدى شۇ يىلى ئەتىياز ۋە يازدا بېرلىنغا كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مەشھۇر تۈركشۇناسلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقتى ئۇلار مۇنۇلار : ئاننې مارىيە گابائىن ( Annemarie Gabain ) [7] ، بۇ ئايال قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە قەدىمكى تۈرك تىلىنى تەتقىق قىلىدىغان ئەڭ ئاساسلىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىرى بولۇپ چىقتى ؛ كارل مېنگېس ( Karl Menges ) مۇ ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن ، نيۇ – يوركتىكى كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى بولدى ؛ ئۇنىڭدىن سىرت ، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى رېشىت رەھمەتى ئارات ( Rahmeti Arat ) ، ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى سائادەت چاغاتاي ( Saadete Gagatay ) بار كېيىنكى ئىككىسى ئەسلى روسىيىلىك تاتار ئىدى يۇقىرىقى ئالىملار خەلقئارا تۈركىي تىللار ئىلمىي ساھەسىدە ناھايىتى زور ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى . مەنمۇ دائىم مېنگېس بىلەن بىللە فرانس بابىنگېر ( Franz Babinger ) نىڭ تۈركىيە دىپلوماتىيىسى ھەققىدىكى لېكسىيىسىنى ۋە خېرمان فرانكې ( Hermain Francke ) نىڭ تىبەت تىلى ھەققىدىكى لېكسىيىسىنى ئاڭلىغىلى باراتتىم خېرمان فرانكې بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇسلۇبىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۇسلۇبى دوكتور راگوېت قوبۇل قىلغان لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇسلۇبىغا تامامەن ئوخشايتتى .

مەن 1929 – يىلى 1 – ئاي ۋە 2 – ئايدا بۇداپېشتتا لايوس فېكېتې ( Lajos Fekete ) ئۆتكەن تۈركىيە دىپلوماتىيىسى توغرىسىدىكى كۇچەيتىش دەرسىنى ئاڭلاش ئارقىلىق ، ئۆزۈمنىڭ ئادەتتىكى تۈركشۇناسلىق ھەققىدىكى بىلىمىمنى كېڭەيتتىم . بۇداپېشتتا يەنە گيۇلا نېمېت ( Gyula Nemeth ) بىلەن تونۇشتۇم ، ئۇ شۇ چاغدا تۈركىيە شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئالىم ئىدى . مەن شۇنىڭدىن

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/10.asp?isim=[2010-12-31 00:14:57]

alma uyghur book

ئېتىبارەن، تا ئۇ بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئالەمدىن ئۆتكۈچە ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتتە بولدۇم. فېكېتې ۋېنگرىيىلىك بولۇپ، 1- دۇنيا ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشۈپ، روسىيە تۈرمىسىگە كۆپ يىل قامالغان، ئۇ يەردە ئەسىرگە چۈشكەن تۈركىيىلىك بىرەيلەن بىلەن بىللە قامالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن ھازىرقى زامان تۈرك تىلى ھەققىدە تولۇق تەربىيە ئالغان. كېيىنكى چاغلاردا فېكېتې تۈركىيە دىپلوماتىيىسىنى تەتقىق قىلىشتىكى ساناقلىق مۇتەخەسسىسلەردىن بولۇپ قالغانىدى.

مېنىڭ بېرلىن ۋە بۇداپېشتتا تۇرغان چاغدىكى تۇرمۇش ئۆلچىمىم بەكلا تۆۋەن ئىدى. بۈگۈنكى ئوقۇغۇچىلار ئۇنداق بولۇشى ۋە ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىشى مۇمكىن. ئەمما، تولىمۇ چەكلىك خىراجەتنىمۇ كۆتۈرەلمىگىلى تاس قالغانىدىم. مەن بېرلىندا تۇرغاندا، ئالېكساندىر پراتسىقا ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدىن ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇردۇم. ئۇ يەردە گاھىدا پەيدا بولۇپ، گاھىدا يوقىلىپ تۇرىدىغان چۈشلارنىڭ دەردىنى قاتتىق تارتتىم. كېيىن ۋىندسور مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتىم، بۇ مېھمانخانا ئانچە چوڭ ئەمەس، باھاسى ئەرزان ھەم پاكىز ئىدى. ۋىندسور مېھمانخانىسى ستېيىنېر بېنخاۋفقا يېقىن يەردە بولۇپ، نودراند مېھمانخانىسىغا تۇتاش ئىدى. نودراند مېھمانخانىسى بېرلىندىكى بارلىق شۆھرەتلىكلەر جەم بولىدىغان جاي ئىدى. ۋىندسور مېھمانخانىسىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدىكى ياتىقىمنىڭ دېرىزىسىدىن نودراند مېھمانخانىسىنىڭ يېنىدىكى يول بويىغا جايلاشقان ئاشخانىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئاخشاندا تىنىم تاپماي پالاقلاپ يۈگۈرۈپ تۇرىدىغان كۈتكۈچىلەر كۈمۈش يالىتىلغان پەتنۇسقا تىزىلغان قورۇمىلارنى پۇلى بار خېرىدارلارنىڭ ئالدىغا ئەپچىقىپ تۇراتتى. ئاساسلىق تۇرمۇش خىراجىتىمگىلا تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزۈش بەزىدە ئادەمنى راستتىنلا ئازابلايتتى. بىراق، بۇنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە ئالغا ئىلگىرىلىشىمگە ناھايىتى زور پايدىسى بولدى. مەن بۇداپېشتتىكى چېغىمدا بۇداپېشت ئەتراپىدا ئولتۇرۇشلۇق ۋېنگرىيىلىكنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇر-

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/10.asp?isim=[2010-12-31 00:14:57]

alma uyghur book

دۇم بۇ يەر كرىستىناتېردىن يىراق ئەمەس ئىدى بۇداپېشتتا 1 ـ ، 2 ـ ئايلاردا سوغۇق قاتتىق بولاتتى پار تۇرۇبىسى ئىسسىمىغاچقا ، ھەر دائىم يوتقانغا يۆگىنىۋېلىپ ئۆگىنەتتىم

مەن لۇند ئۇنىۋېرستېتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئوقۇش ۋە تۇرمۇش خىراجىتىمنى بانكىدىن قەرز ئېلىش ۋە گېزىتكە ماقالە يېزىش ئۇسۇلى بىلەن تولۇقلاشقا مەجبۇر بولدۇم قەلەم ھەققى ناھايىتى تۆۋەن بولسىمۇ ، بۇ يەردىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سكانىيە گېزىتىگە ماقالە ئەۋەتىشنى ياخشى كۆرەتتى ئەمما ، گېزىتخانىدىكىلەر ئەركىن پىكىر قىلىدىغانلار يازغان ماقالىلەرنى بەكرەك ياقتۇراتتى 3 ـ ئايىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ھال ـ ئەھۋالىمدا ياخشىلىنىش بولدى ، تۇساتتىن پەيدا بولغان بۇ ئۆزگىرىشتىن ئۆرۈممۇ ھەيران قالدىم

ئۇ چاغلاردا مەن كنوت كنوتسون ( Knut Knutsson ) نىڭ سلاۋىيان تىللىرى ھەققىدىكى لېكسىيىسىنى دائىم بېرىپ ئاڭلاپ تۇراتتىم كنۇتسون كېيىن ستوكھولم ئاممۋى كۇتۇپخانىسىنىڭ باشلىقى بولدى ئۇ چاغدىكى ئادەت بويىچە ، لېكسىيىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ، بىر ئاز ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئوقۇتقۇچى بىلەن بىرلىكتە ئۆتۈلگەن دەرسلىكنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلاتتى بۇ خىلدىكى مۇزاكىرىلەر ماڭغاچ ئېلىپ بېرىلسىمۇ بولاتتى ياكى خاكېنسون رېستورانىدا قەھۋە ئىچكەچ ئېلىپ بېرىلسىمۇ بولاتتى شۇ كۈنلەردە پروفېسسورلارنىڭ بۇنداق « لېكسىيىدىن كېيىنكى مۇراكىرە » نى ئېلىپ بېرىشقا چولىسى تېگەتتى ئوقۇغۇچىلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى شۇنداقلا ھازىرقىدەك بىر تالاي مەمۇرىي قائىدە ـ قانۇنلارمۇ يوق ئىدى بىر قېتىم بىر كىرا ئۈستېگدان كوچىسىدا كېتىۋاتقىنىمىزدا كنۇتسون مەندىن تۇساتتىن :

— يىگىت ، نېمە خىرمەت قىلىشنى ئويلاۋاتىسىز ؟ — دەپ سوراپ قالدى

مەن سەمىمىلىك بىلەن تېخى ئويلانمىغانلىقىمنى ئېيتتىم

— مېنىڭچە ، سىردەك يىگىت ئۇنىۋېرستېت كۇتۇپخانىسىغا بې-

ئالما ئۇيغۇر ... 
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/10.asp?isim=[2010-12-31 00:14:57]

alma uyghur book

رىپ، ئىشلەپ باقسا بولىدۇ، — دېدى ئۇ ۋە يەنە تولۇقلاپ قويدى، —
ئۇلار سىلاۋيان ۋە شەرق تىللىغا پىششىق ئادەمگە ئىزچىل موھتاج بولماقتا

مەن ئۇنىڭدىن ئۇنىۋېرسىتېت كۇتۇپخانىسىغا قانداق
قىلغاندا « كىرىش » كە بولىدىغانلىقىنى سورىدىم ئۇ ئىشنى بىر
ئايدىن ئىككى ئايغىچە ئىش ھەققى ئالماي پراكتىكا قىلىشتىن باشلاش لا-
زىملىقىنى لاياقەتلىك دەپ قارىسام، كۇتۇپخانىنىڭ مېنى
ئىشلىتىدىغانلىقىنى، ئېيىغا 75 كرونا ئىش ھەققى بېرىلىدىغانلىقىنى، كۈ-
نىگە ئۈچ يېرىم سائەت ئىشلەيدىغانلىقىمنى ئېيتتى مەن پراكتىكىنى
قاچاندىن تارتىپ قىلسام بولىدىغانلىقىنى سورىسام، كىنوتسون ئۈچىنچى
كۈندىن باشلاپ قىلسام بولىدىغانلىقى ھەققىدە تەكلىپ بەردى شۇنداق
قىلىپ ئىش ناھايىتى تېزلا پۈتتى كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى شۇ ئى-
دىكى، ئوقۇش ۋە تۇرمۇش خىراجەت مەسىلەم ئاخىر ھەل بولغانىدى

ئەتىسى ئەتىگەندە، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ ئالىم
سالاپەتلىك ھېلىقى باشلىقى ئۇۋارد رىۋېنگېرىن بىلەن ئۇچراشتىم ئۇ
ئىلمىي ئۇنۋانىم، ئوقۇش ئەھۋالىمنى ۋە كۇتۇپخانىدا ئىشلەشكە مۇۋاپىق
كېلىدىغان باشقا سالاھىيەت شەرتلىرىم دېگەندەك ئەھۋاللىرىمنى سۈرۈشتە
قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مېنى كۇتۇپخانىنىڭ 3 ـ قەۋىتىدىكى شەرق
ھۆججەتلىرى بۆلۈمىگە باشلاپ چىقتى ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ بۆلۈم
پراكتىكا خىزمىتىمنى باشلىشىمغا مۇۋاپىق كېلىدىكەن كۆزۈم شۇ يەر-
دىكى زاگىزۇچە بىر پارچە كىتابقا چۈشتى كىتابنى قولۇمغا ئېلىپلا
ۋاراقلاپ كۆرۈپ، مۇندەرىجە تۈرغۇزۇشتىكى ھەددىدىن زىيادە سەۋەنلىك-
لەرنى بايقىدىم كۇتۇپخانا باشلىقى ھېلىقى كىتابنى قولتۇقىغا قىستۇردى
خىيالىمدىن ئۇ بىنادىن چۈشۈپ بۇ كىتابنىڭ مۇندەرىجىسىنى خاتا
تۈزگەن ھېلىقى ھاگۋاقتىغا بېرىشى مۇمكىن، دېگەننى ئۆتكۈزدۈم. ئۇ
مېنى كىتاب ئامبىرىدا قالدۇرۇپ قويدى. مەن كۇتۇپخانىدىكى كىتابلار
خەزىنىسىگە غەرق بولدۇم مەن ئىككى ھەپتىدە كىتابلارنى ئەسلى جايىغا
قويۇش، كىتاب ئارىيەت ئالغۇچىلارغا ھەرخىل جايغا قويۇلغان كىتابلارنى
تېپىپ بېرىشنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزدۈم مەن كۆڭۈل قويۇپ تۈزۈلگەن

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/10.asp?isim=[2010-12-31 00:14:57]

alma uyghur book

قائىدە بويىچە كىتابلارنىڭ مۇندەرىجىسىنى تۈزۈش، تۈرلەرگە ئايرىشنى ئۆگىنىۋالدىم  «ئۇششاق جاندارلار» دېگەن تۈردە «ئۆي قۇشلىرى تۈرى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىچىك تۈرنىڭ بارلىقىنى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئىچىدە توشقان خىلىغا دائىر كىتابلارنىڭمۇ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم  مېنى كۈتۈپخانىنىڭ ۋاقىتلىق ياردەمچى خادىمى بولۇش پۇرسىتىگە ئاشۇ ئىشنى بايقىغانلىقىم ياكى ئورنى خاتا قويۇلۇپ قالغان ھېلىقى زاڭزۇچە كىتابنى بايقىغانلىقىم ئىگە قىلغاندىمۇ، بۇنى زادى بىلەلمەي قالدىم  قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كەلگۈسۈمنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم

1929 – يىلى ئەتىيازنىڭ ئاخىرىدا ئۆزۈمنىڭ ماگىستىرلىق ئىلمىي ماقالەم ئۈستىدە راگۇيىت بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە تۇتۇش قىلدىم  بۇنىڭدا ھەممىدىن مۇھىمى مۇۋاپىق بىر تېما تاللاش ئىدى  بۇ تېما كېيىنچە كېڭىيىپ دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالە بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى  دوكتور راگۇيىت تاللىۋېلىشىم ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىككى خىل لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرى نۇقتىلىق ھالدا ھازىرقى زامان تۈرك تىلىنى تەتقىق قىلىش ھەمدە ئىستانبۇلدا بىر مەزگىل تۇرۇش؛ يەنە بىرى تۈرك تىللىرىنى تەتقىق قىلىشنى بىرىنچى تاللاشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇ پېرې ( Perc ) غا بارماسلىقىمنى، ئۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئىچىدە ئوتتۇرا دېڭىز قىرغىقىدىكى ئەللەردىن كەلگەن ياۋروپالىقلارنىڭ كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى، شۇڭا ئىستانبۇلنىڭ ئۆزىدە تۇرۇشۇمنىڭ مۇھىملىقىنى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا مېنىڭ تۈركىيىلىكتەك ياشىشىمنى تۈركىيىلىكلەر بىلەن بىللە تۇرۇشۇمنى، ئەگەر ئىككىنچى لايىھىنى تاللايدىغان بولسام، شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقىپ قەشقەرگە ياكى يەركەنگە بېرىشىم لازىملىقىنى كۆرسەتتى

مەن بىر مەزگىل ئويلىنىش ھەمدە خىراجەتنى ھېسابلاپ كۆرۈش ئارقىلىق، ئىككى لايىھە ئۈچۈن كېتىدىغان خىراجەت ئوخشاشلا كۆپ ئىكەن دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم  قەشقەرگە بېرىش ئۈچۈن كېتىدىغان خىراجەت كۆپرەك بولسىمۇ، بىراق ئۇ يەردىكى تۇرمۇش خىراجىتىگە

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/10.asp?isim=[2010-12-31 00:14:57]

alma uyghur book

ئازراق پۇل كېتەتتى شۇڭا، قەشقەرگە بېرىش لايىھىسىنى تاللاش قارارىغا كەلدىم.

راگۇيت تاللىشىمدىن بەك خۇرسەن بولدى. ئۇ يول خىراجىتىمنىڭ ئىمكانقەدەر ئازراق بولۇشىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇنىڭدىن سىرت، ئۇ مېنى كۈز پەسلىنىڭ مەلۇم كۈنلىرىدە شىنجاڭغا بارىدىغان دىن تارقاتقۇچىلار گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، قەشقەرگە شۇلار بىلەن بىللە بېرىشىمنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ۋەدە قىلدى. بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغاندا يول خىراجىتىنى، بولۇپمۇ پامىر چوققىلىرىدىن ئاتلىق ئۆتىدىغان مۇساپىنى زور دەرىجىدە قىسقارتقىلى بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە قەشقەردە ئەڭ ئەرزان ياتاققا ئورۇنلىشىشىمغا ھەمدە شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ خەيرخاھلىقىدىن بەھرىمەن بولۇشۇمغا ياردەم قىلىشقا ۋەدە قىلدى. راگۇيت سەپەر پىلانىمنى ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن تۈزۈپ بېرىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىلگىرى شىنجاڭغا بارغان سەپىرىنىڭ تەكرارلىنىشىدەكلا ئورۇنلاشتۇردى. ئەينى ۋاقىتتىكى سەپەر بەك ئىپتىدائىي شارائىتتا قىلىنغانىدى.

— لازىمەتلىكلىرىڭىزنى ئىمكانقەدەر قىسقارتىڭ، زۆرۈر بولمىغان نەرسىلەرنى ئالماڭ، قېلىن ئەديالدىن بىرى بولسىلا كۇپايە، ئېگەرنى ياستۇق قىلغىلى بولىدۇ، ئېگەرگە باشنى قويۇپ ياتسا، بەك تاتلىق ئۇخلىغىلى بولىدۇ — دېدى راگۇيت ماڭا.

مانا بۇ ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن سەممىي مەسلىھەتى ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت نۇرغۇن جىلغا، ئېقىنلاردىن ئۆتۈشىمگە توغرا كېلىدىغان بولغاچقا، سۇ ئۆتمەيدىغان بىر پار ئۆتۈك ئېلىۋېلىشىم زۆرۈر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەن ئۇنىڭدىن يەنە تىببىي دورىگەرلىككە ئائىت نۇرغۇن بىلىملەرگىمۇ ئىگە بولدۇم. بۇ جەھەتتە، ئەينى ۋاقىتتا دىن تارقىتىش ئۆمىكىدە دوختۇرلۇق قىلغان راگۇيتتىن ئىبارەت بۇ مۇتەخەسسىسكە ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيتتى. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ يادىغا يېتەكچىلىكى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بارلىق ۋاكسىنىلار بىلەن جەزمەن ئەملىنىۋېلىشىمنى بۇيرىدى.

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/10.asp?isim=[2010-12-31 00:14:57]

alma uyghur book

— ئۆزىڭىزنىڭ ئامەتلىك تەقدىرىڭىزگە ئىشىنىشىڭىز ، روھىي ھالىتىڭىزنى ھەر ۋاقىت ئوبدان تۇتۇشىڭىز شەرت ، — دەپ قوشۇپ قويىدى ئۇ  بۇلار مەن ئۈچۈن قىيىنغا چۈشمەيتتى

مەن قەشقەرگە ئائىت بولغان ئوقۇشقا تېگىشلىك ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ، بولۇپمۇ « بۆرۈنقىلار ماڭغان يولنى بويلاپ » ( Pa Obanade Strigar ) دېگەن قېلىن كىتابتىكى دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ قەشقەر ۋە شۇ دۆلەت ھەققىدىكى بايانلىرىنى ھەم سۇۋېن ھېدىننىڭ ئەسىرىدىكى ئالاقىدار مەزمۇنلارنى ئوقۇپ چىقتىم  قەشقەرگە ئالاقىدار بولغان بىر ئىش — شۇ شەھەر ئەتراپىنى ئوراپ تۇرىدىغان ئېگىز سېپىل مېنى بىئارامچىلىققا ، ھەتتا ۋەھىمىگە سېلىپ قويىدى  ئۇ يەردە شەھەر دەرۋازىلىرى بار بولۇپ ، ھەر كۈنى كۈنپېتىش بىلەن تەڭلا بۇ دەرۋازىلار تاقىۋېتىلىدىكەن  بۇ مەندە قاماپ قويۇلغاندەك بىر خىل تەسىر قالدۇردى  ئەمەلىيەتتە ، ئۇ چاغدا مەن نېمە ئۈچۈن سېپىل سوقۇلغانلىقىنى چۈشەنمەيتتىم  شۇنداقلا شەھەرنىڭلا ئەمەس ، بەلكى شىنجاڭنىڭ نۇرغۇنلىغان يېزا - مەھەللىلىرىنىڭمۇ ئېگىز قورغان ئىچىگە ئېلىنغانلىقىنى چۈشەنمەيتتىم  شۇ چاغدا ھەقىقەتەن چۈشەنمىگەن بولساممۇ ، كېيىن چۈشەندىمكى ، بۇ قورغان تاملار قامال قىلىش مەقسىتىدە ئەمەس ، بەلكى قورغان ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىلەرنى قوغداش مەقسىتىدە سوقۇلغانىكەن  مۇشۇنداق قامال قىلىشقا نىسبەتەن : قوغداشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇۋالمىغانلىقىم ئۈچۈن بۇ خىل قوغداش مەن ئۈچۈن زۆرۈر ئەمەس دەپ ئويلىدىم

دوكتور راگۇيتتىن باشقا ، يەنە جونس سكوۋتمۇ ماڭا نۇرغۇنلىغان ياخشى تەكلىپلەرنى بەردى  شۇ چاغدا ، ئۇ سوۋېت روسىيىسىگە تەۋە پامىر رايونىدا بىر تۈرلۈك تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىنى تاماملاپ سەپەردىن ئەمدىلا قايتىپ كەلگەنىدى  ئۇ يەردە جىسمانىي جەھەتتىن ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدىغان ئىپتىدائىي شارائىتتا ھەرخىل تىللىرى ۋە شېۋىلىرىنىڭ بارلىقىنى بايقىغان  سكوتنىڭ لېنىنگرادتا ياكى موسكۋا ، تاشكەنتتە بولسۇن ، سىياسىي ياكى ئىقتىسادىي سەھەدىكى نۇر-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/10.asp?isim=[2010-12-31 00:14:57]

alma uyghur book

ئۇنىلىغان ، ناھايىتى ئوبدان مۇناسىۋەتداشلىرى بار ئىدى ئۇ بۇلارنىڭ
ھەممىسىنى ماڭا سېخىيلىك بىلەن دەپ بەردى ھەمدە شۇلاردىن پايدىلى-
نىشىمغا خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى ئۇ كونكرېت ئىشلار جەھەتتە
ئۆزىنىڭ پامىر رايونىغا ئېكسپېدىتسىيە قىلىشى ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان
تەييارلىقلارنى تولۇق قىلغان ھەمدە بىرلىندا شۇ چاغدا بەھرىمەن بولۇشقا
تېگىشلىك ئەڭ ياخشى ئەسلىھەلەردىن بەھرىمەن بولغانىدى ئۇ ماڭا قەت-
ئىي سۇ ئۆتمەيدىغان مېتال ساياھەت ساندۇقىدىن ئىككىنى ئارىيەت
بەردى بۇ ساندۇق مەخسۇس ئۇزۇن يول يۈرىدىغانلارنىڭ ئېتىنىڭ
ئىككى يېنىغا ئارتىلىپ قويۇلاتتى ، مىخائىل كاندا مىروف مېنىڭ
بىخەتەرلىكىم ھەققىدە نۇرغۇن ياخشى تەكلىپلەرنى بەردى ئۇ مېنىڭ
ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى بەزىبىر قەبىھ ئادەتلەردىن ئالاھىدە ھەزەر
ئەيلىشىم لازىملىقىنى ئاگاھلاندۇردى بۇ ھەقتە ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرى نا-
ھايىتى كۆپتەك قىلاتتى ئۇ يەنە ئىسىم - فامىلىسىنى ئېيتىپ
بېرەلمەيدىغان روسىيىلىك پېشقەدەم ساياھەتچىلەر سۆزلەپ بەرگەن ئوت-
تۇرا ئاسىيادىكى بەچچىۋازلىققا ئائىت رىۋايەتلەرنى دەپ بەردى

— بۇنداق ئىشلاردىن ھەرقانداق ئادەم ھەزەر ئەيلىشى
كېرەك ، — دېدى ئۇ ۋە بۇ گەپنى قىلىۋېتىپ تەشۋىشلەنگەن ھالدا بېشىنى
چايقىدى

ئۆزۈم قىلىشقا تېگىشلىك قېپقالغان بىردىنبىر ئىش كۇتۇپخانىدىكى
خىزمەت ئورنۇمدىن رۇخسەت سوراش ئىدى بۇ جەھەتتە ھېچقانداق
قىينالمايلا ماقۇللۇققا ئېرىشتىم ئەمما ، ماڭا بىر شەرت قويۇلغانىدى ئۇ
بولسىمۇ ، قايتاشىمدا قىممەتلىك قوليازمىلارنى ئالغاچ كېلىش ئارقىلىق
كۇتۇپخانىنىڭ زاپىسىنى تولۇقلاشتىن ئىبارەت

## قەشقەرگە ئاتلىق سەپەر

1929 - يىلى 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ، ستوكھولمدىكى شۋېتسىيە
دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ ئىشخانىسىدا بىللە سەپەر قىلىدىغان

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/10.asp?isim=[2010-12-31 00:14:57]

alma uyghur book

ھەمراھلىرىم بىلەن تونۇشتۇم  ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جورج روبېنتس ئىسىم-
لىك بىر كىشى بار بولۇپ ، ئۇ كىشى شىنجاڭدا ئۇزۇن تۇرغان . بۇ
قېتىممۇ ئۇ يەرگە بېرىپ يەنە دىن تارقىتىدىكەن  بۇ گۇرۇپپىدا يېڭى
ئەزادىن يەنە ئۇچەيلەن بار بولۇپ ، ئۇلارنىڭمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا
تۇنجى قېتىم بېرىشى ئىكەن  بۇ يېڭى ئۇچ ئەزا : پېتروس ۋە ئۇنىڭ خو-
تۇنى ئىنگرىد كونستورم ھەم ئېستېر جونستوندىن ئىبارەت ئىدى
قەشقەرگە توپتوغرا بىر ئايدا يېتىپ بارالايتتۇق  بۇ جەريان بىر - بىرى-
مىزنى چۇشىنىشىمىزگە ، ئۆمۈرلۈك دوستلاردىن بولۇشىمىزغا پۇرسەت
ئىدى  بۇ گۇرۇپپىغا روبېنتس مەسئول بولاتتى ، ئەلۋەتتە  چۈنكى ، ئۇ بۇ
يولنى كۆپ قېتىم مېڭىشتەك تەجرىبىگە ئىگە ھەم ئاشۇ دۆلەتنى ۋە ئۇ دۆ-
لەتنىڭ خەلقلىرىنى ئوبدان بىلەتتى

بىز خېلسىنكىدىن ئۆتۈپ لېنىنگرادقا كەلدۇق . بۇ مېنىڭ سوۋېت
ئىتتىپاقى بىلەن تۇنجى قېتىم بىۋاستە ئالاقە قىلىشىم بولغاچقا ، قورقۇش
ۋە قىزىقىشتىن ئىبارەت مۇرەككەپ روھىي ھالەتتە بۇ دۆلەتكە كەلدىم
ئىلگىرى گېزىتنى بېرىلىپ ئوقۇغانلىقىم نەتىجىسىدە ، مېڭەمنى
1917 ــ 1918 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدا بارلىققا كەلگەن بولشېۋىك
مۇستەبىتلىكىگە دائىر كىشىنى چۆچىتىدىغان خەۋەرلەر چىرمىۋالغانىدى
پۈتكۈل چار روسىيىنى قاپلىغان ئىنقىلاب بورىنىنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىگە
ئەمدىلا ئون يىل بولغانىدى  مەن كىچىك ، ھېچقانداق تەجرىبەم يوق
بولغاچقا ، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەندە بۇ ئىنقىلابنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە
تارىخىي ئۇقۇمنەزەر يېتىلمىگەچكە ، كاللامدا ئۇلاردىن نېمىلەرنى ئۆگە-
نەلەرمەن دېگەن غەلىتە قاراشلار بار ئىدى . بىز لېنىنگرادتا ياۋروپا
مېھمانخانىسى دېيىلىدىغان مەشھۇر بىر مېھمانخانىغا چۈشتۇق  لېنىنگرادتا
پويىز ئالمىشىش بىزنى بۇ شەھەردە بىر كۈن تۇرۇش ، شەھەرنى ئايلىنىپ
كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى . ھازىرمۇ ئېسىمدە ئېنىق تۇرغىنى
نېۋسكى رايونى ئىدى ، بۇ رايونغا ئۆكتەبىر رايونىنىڭ 25 - كوچىسى
دەپ قايتىدىن نام بېرىلگەن . مەن شۇ يەردە كوچا ئايلىنىپ كېتىۋاتقىنىمدا
ۋۇجۇدۇمنى ئىلگىرى ئوقۇغان نۇرغۇن رۇس ئەدەبىي ئەسەرلىرى مەندە

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/10.asp?isim=[2010-12-31 00:14:57]



ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە مەجمۇئەسى

# قەشقەرگە قايتا سەپەر

يارىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى

ئاپتورى: گۇننار ئالفرېد يارىڭ (شۋېتسىيە)

تۈزگۈچى: ياڭ لىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

alma uyghur book

قالدۇرغان ھېيقىش تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى. ئۇنىڭدىن سىرت، مەن دىنغا قارشى مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مۇزېينى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم بۇ مېنى سەلپەل بىئارام قىلغان بىر قېتىملىق كەچۈرمىش بولدى مەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى نەشردىن چىقارغان، سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى 1928 ـ يىلى نەشر قىلغان سەيلە ـ ساياھەت قوللانمىسىنىڭ نېمىسچىدىن بىرنى سېتىۋالدىم بۇ قوللانما بىزنىڭ بۇ دۆلەتنى بېسىپ ئۆتۈش سەپىرىمىزدىكى يولباشچى بولۇپ قالدى، ئۇنىڭدا تونۇشتۇرۇلغان مول مەزمۇنلار قوشۇمچە قىلىنغان نۇرغۇن يەرلەرنىڭ خەرىتىسى، شەھەر پىلانى، شۇنداقلا مەنزىرىلىك مەشھۇر ئورۇنلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا تەڭداشسىز ئىدى

موسكۋادىكى قازان پويىز ئىستانسىسى ئاسىياغا كىرىشتىكى دەرۋازام ئىدى. شۇ يەردىن يولغا چىققاندىن كېيىن، تاشكەنت تېز پويىزى بىزنى بەش كۈندە روسىيە تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىچكى رايونلىرىغا ئېلىپ كەلدى قازان پويىز ئىستانسىسىدىكى پويىز خىزمەتچىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن ئۆزبېك، قىرغىز، قازاق، تاجىك، يەھۇدىي مىللەتلىرىدىن ئىدى تاشكەنت تېز پويىزى ھەپتىدە ئىككى نۆۋەت قاتنايتتى. سامارا، ئورېنبۇرگ، تاشكەنتتىن ئۆتۈپ پىرىسىيە چېگرىسىدىكى تۈركمەنىستان پايتەختى ئاشخاباتقا ئۇدۇل باراتتى، ئۇنىڭ بىر تارمىقى كاسپىي دېڭىزى تەرىپىتىكى كراسنوۋېدىسكىغا باراتتى يول بويىدىكى بارلىق يەر ناملىرى، پويىزدىكى يولۇچىلار مەندە سىرلىق تەسىرات قالدۇردى.

بىز موسكۋادىن ئاخشامدا يولغا چىقتۇق، ئەتىسى ئەتىگەندە، روسىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان ئۆركەشلەپ تۇرغان دولقۇنغا ئوخشاپ كېتىدىغان داللار، پاكار ـ پاكار، ئۈستى پاخال بىلەن يېپىلغان كۆل رەڭ ئۆيلەردىن ھاسىل بولغان مەھەللىلەر، مەھەللىلەردىكى ئۇزۇن كوچىلار كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولۇشقا باشلىدى ھەربىر بېكەتتە نۇرغۇن ئادەملەر تولستوينىڭ ھېكايىلىرىدىكى شەخسلەرنى ئەسلىتىدىغان بومبا

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/11.asp?isim=[2010-12-31 00:14:12]

alma uyghur book

ساقالـلـىق دېـھقانلار ، شۇنداقلا ئالدىغا ھەر خىل گۈللۈك قىزىل پەرتۇق تـارتىۋالغان ئاياللار پويىزغا چىقاتتى پويىز ھەر نۆۋەت توختىغاندا ، شۇ- نـىڭـغا ئوخـشاش مـەنـزىرە تەكرارلىناتتى يولۇچىلار پويىزدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چۈشكەن پېتى كىچىك لەمپە ئىچىگە قاراپ يۈگۈرەيتتى ئۇلار ئۇ يـەردىـن دەمـلـەنگەن چاي ئالاتتى ئۇلارنىڭ قولىرىدىكى سۇدان ۋە چە- لـەكـلـەر بـىـر ـ بـىـرىـگـە تېگىشىپ « تاراڭ ـ تۇرۇڭ » ئاۋاز چىقىرىپ تـۇراتـتى دەملەنگەن چاي تەگمەي قالمىسۇن دەپ ھەممەيلەن ئالدىغا ئۆ- تۈشكە تىرىشاتتى بىر ۋولگا دەرياسىدىن ئۆتكەن چېغىمىزدا كېچە بولۇپ كـەتـكـەنـىدى پـويـىـز « ستىنكار رازىن » ⑧ كەيپىياتى ئىچىدە تامامەن چـاتـما كېچە ئارقىلىق ۋولگا دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈلدى ۋولگا دەريا كېچە- چىلىرىنىڭ دەۋرى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن سۈتتەك ئايدىڭ كېچە كـىـشـىـگـە بـىـرخىل رومانتىك روق بېغىشلايتتى ئەتىسى ئوتلاق رايونى ئارقـىـلىق ئورېنبۇرگ ۋە تۈركمەنىستاننىڭ باشقىردستاندىن ئىبارەت كەڭ رېـمـىـنـىـغا قـاراپ ماڭـدۇق ۋاقىت سائەتلەپ ئۆتمەكتە ، پويىز ئىنسان قـەدىـمـى يـەتمىگەن بىپايان ئوتلاقتا ئايلىنىپ ماڭماقتا ئىدى بۇ خىل يې- قـىـمـسـىـز مـەنزىرىنى قاتار ـ قاتار ستولبىلار پات ـ پات بۇزۇپ تۇراتتى ئۇچقاندەك مېڭىۋاتقان پويىزنىڭ ئۆتۈشى ئارقىسىدا قاتار ـ قاتار ستولبىلار بـارغـانـسىرى كىچىكلەپ بېرىپ ، ئاخىر يىراق ـ يىراقلاردا قالاتتى —— ئۇ يـەردە بـىـر يۇرت ـ مەھەللىنىڭ بۇ ستولبىلار ئارقىلىق تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى

ئالېكساندر نېۋېلوف يازغان : « تاشكەنت : بولكا شەھىرى » دېگەن كـىـتـابتا ( بۇ كىتابنىڭ روسچە نەشرى 1949 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ) رو- سـىـيـە ئـىـنقىلابىدىن كېيىن كۆرۈلگەن ئاچارچىلىق يىللاردا كىشىلەرنىڭ يـېـمەكلىكلەر نىسبەتەن مول بولغان تاشكەنتكە ۋە ئوتتۇرا ئاسيانىڭ باشقا رايـونـلـىـرىـغا قـانداق كەلگەنلىكى تەسۋىرلەنگەنىدى نېۋېلوف بىر يېتىم بـالـىـنـىـڭ تاشكەنتكە كېلىش سەپىرىدىكى خەتەرلىك سەرگۈزەشتىسىنى چـوڭـقـۇر ھېـسـسـىيات بىلەن بايان قىلىدۇ ئۇ بالا besprizorniki ، يەنى ئىگە ـ چاقىسىز مۇساپىر بالا ئىدى ئۇ بالا جىددىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/11.asp?isim=[2010-12-31 00:14:12]

alma uyghur book

ئىنقىلاب يىللىرىدا تاشلىۋېتىلگەچكە ، ئۆز كۈننى ئۆزى ئېلىشقا مەجبۇر
بولغان  بىز چۈشكەن پويىزدا ئەنە شۇنداق ئۆي ـ ماكانى يوق بىر توپ
بالىلار بار ئىدى  ئۇلار پۇل تۆلىمەي پويىزغا چىقىپ بولكا شەھىرىگە با-
رىدىغان يولۇچىلار ئىدى  بۇ بالىلار پويىزنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا
ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ يۈرەتتى ، پويىز بىر بېكەتكە كىرىشى بىلەن تەگلا
ئۇلار كۆزدىن غايىب بولاتتى  چۈنكى ، ئۇ يەردە ئەسكەرلەر پوستا
تۇراتتى  ئۇلار بىر دەمدىن كېيىن پويىزغا يەنە ئوغرىلىقچە چىقىۋالاتتى
كېچىلىرى ۋاگون ئۈستىدە ياتاتتى ، بۇ سەرگەردان بالىلارنىڭ ۋاگون
ئۈستىدە ئۇياقتىن بۇياققا دومىلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى ، پويىز
خادىملىرى بىزگە : پويىز تۈگلۈكىنى مەھكەم ئېتىۋېلىڭلار ، چۈنكى بەزى
چاغلاردا تىرناقلىرى ئۆسۈپ كەتكەن مەينەت كىچىك بىر قول تۈگلۈك-
تىن سوزۇلۇپ تاتلىق ئۇخلاپ كەتكەن يولۇچىلارنىڭ نەرسىلىرىنى
ئوغرىلىۋالىدۇ ، دېدى

مەلۇم بىر بېكەتتە بىر ئەسكەر كۆمۈر ۋاگوننى تەكشۈرىمەن دەپ
تۇرۇۋالدى  ئۇ كۆمۈر ۋاگوندىن 12 ياشتىن 13 ياشقىچە بولغان تۆت
سەرگەردان بالىنى تارتىپ چىقتى ، ئۇلاردىن ئۈچەيلەن بىردەملا غايىب
بولدى  ئەمما ، تۆتىنچىسى تۇتۇلۇپ قالدى  بۇ ئوغۇل بالا قاتتىق
يىغلايتتى ، تېپىچەكلەيتتى ، چىشلەيتتى  كېيىن ئاللىقانداق بىر يەرگە ئې-
لىپ كېتىلدى  ھېلىلا كۆزدىن غايىب بولغان ھېلىقى ئۈچ بالا پويىز
قوزغىلىدىغان چاغدا يەنە كۆمۈر ۋاگونغا چىقىۋالدى  ئۇنىڭ ئىچىدىكى
ئاق چاچلىق ، بىر كۆزى مەينەتچىلىكتىن توسۇلۇپ قالاي دېگەن ، يۈزىگە
چوشقا گۆشىنىڭ قالدۇقلىرى چاپلىشىپ قالغان بىر سەرگەردان بالا
مەڭگۈ ئېسىمدىن كەتمەيدۇ  ئەمما ، شۇلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئۇنىڭ
كۆك كۆزىدىن شادلىق نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى  ھەربىر بېكەتكە
بارغاندا ، ئۇ كۆمۈر ۋاگوندىن سەكرەپ چىقاتتى ـ دە ، ۋاگونمۇ ۋاگون
ئارىلاپ تىلەمچىلىك قىلاتتى  تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئۇنىڭ
( Dai Khleb ) ( ماڭا بىر توغرام بولكا بەرسىلە !) دەپ توختىماي
ۋارقىرىغان ئاۋازى قۇلىقىمدىن كەتمەيدۇ  ئۇ بولكىنى يېتەرلىك تىلەپ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/11.asp?isim=[2010-12-31 00:14:12]

alma uyghur book

ئالغاندىن كېيىن ، پۇل تىلەشنى باشلايتتى . سەپەر بويى ھېلىقى كۆمۈر ۋاگونىدا ئولتۇردى ، تاشكەنتكە كەلگەندىن كېيىن ، كىشىلەر ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى

بىز نۇرغۇنلىغان بېكەتلەردىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كىردۇق مەنزىرە ئۆزلۈكسىز تۈردە ئۆزگىرىپ ، ئوتلاقلار بارا - بارا ھەممە يەرنى ئېگىز - ئېگىز قۇم بارخانلىرى قاپلىغان قۇملۇققا ئايلانماقتا ئىدى بوپىز ئەنە شۇ قۇم بارخانلىرنى ئايلىنىپ ئىلگىرىلىمەكتە قانچىلىغان ئايلانمىلاردىن ئايلانغانلىقى نامەلۇم ئىدى پويىز بىر كىچىك تاغدىكى قىيپاش دۆڭلۈككە كۆچۈنۈپ چىقماقتا ئىدى ، كۆمۈر ۋاگونىغا يوشۇرۇنۇلغان ھېلىقى بىر قانچە سەرگەردان بالا ۋاگوندىن سەكرەپ چە- قىپ ، ۋاگون ئارىلاپ يۈگۈرۈپ بولكا تىلەشكە باشلىدى بىز تۇنجى تۆگە كارۋىنىنى كۆردۇق پاراۋوزنىڭ يۇقىرى ئاۋازىدا ، ئۇزۇپ - ئۇزۇپ گاز چىقىرىۋاتقان شاۋقۇنىدا تۆگە كولدۇرمىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . بىز ئۇزۇن ئۆتمەيلا يىراقتىكى ئۇپۇق سىزىقىدىن ئاۋۋال دېڭىزنى كۆردۇق ، تاشكەنت تېز پويىزى ئارالسكويى دەپ ئاتىلىدىغان بىر بېكەتتە توختىدى . « ئارال دېڭىزى » ئادەمنىڭ سۆڭىكىنىمۇ كۆيدۈرگۈدەك ئىسسىق بولىدىغان قۇملۇقتا بولۇپ ، ئۇ يەردە بىر نەچچە يەلكەنلىك كېمە ۋە موتۇرلۇق قېيىق تۇراتتى . بۇ تۆمۈر يول ، كارۋان ۋە دېڭىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئاجايىپ بىر قوشۇلۇش تۈگۈنى ئىدى

ئاخىرقى بىر كۈنگە كەلگەندە قۇملۇق تۈگىدى يۇلغۇن ۋە قۇم- لۇقتا ئۆسىدىغان تىكەنلىك چاتقاللارنىڭ ئورنىنى بارا - بارا كۆككە تاقاشقان سۇۋادان تېرەكلەر ئىگىلىمەكتە ، سان - ساناقسىز ئېرىقلار قۇم- لۇق سايلارنى كېسىپ ئۆتمەكتە ئىدى ئاي نۇرىدا يېشىل ئېكىنزارلىق غۇۋا كۆرۈنەتتى . بېسىپ ئۆتكەن بېكەتلەردىن تاتلىق شاپتۇل ۋە قو- غۇنلارنى سېتىۋالغىلى بولاتتى . بىز تۇن نىسپى بولغاندا ، تاشكەنتكە — بولكا شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق . شۇ چاغدا بىرىنچى بولۇپ قىلغان ئىشى- مىزنىڭ ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ ئاي نۇرى چۈشۈپ تۇرغان ، بىرمۇ ئادىمى يوق كوچىدا بىر نەچچە سائەت ئايلىنىپ يۈرۈپ ، ساراي - مېھمانخانا

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/11.asp?isim=[2010-12-31 00:14:12]

alma uyghur book

ئىزدىگەنلىكىمىز ھېلىمۇ ئېسىمدە  ھەممە كوچىلارنىڭ ئىككى قاسنىقىدا
سۇۋادان تېرەكلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى  سۇۋادان تېرەك ئۆلگىرى ،
شۇنداقلا ھازىرمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ ياخشى دەرەخ ھېسابلىنىدۇ
خەلق ناخشىلىرىدا سۇۋادان تېرەك مەدھىيىلەنگەن ، ئەمما سۇۋادان تېرەك ،
ئاساسلىقى ياغاچ ماتېرىيالى قىلىنىدۇ ياكى يېقىلغۇ قىلىنىدۇ ۋە
ياكى ئۆي ـ ئىمارەتكە ئىشلىتىلىدۇ  ساراي ـ مېھمانخانىلارنىڭ ھەممىسىگە
ئادەم توشۇپ كەتكەندى  قەدىمكى پاسوندىكى كارۋانلار سارىيىدىن بە-
رەرنى تېپىش ئۈچۈن كونا شەھەر ـــ تاشكەنتنىڭ ئۆزبېكلەر
ئولتۇراقلاشقان رايونىغا بېرىشقا تەرەددۇت قىلىپ تۇرغىنىمىزدا ، بىر كىشى
كېلىپ بىزگە مەلۇم بىر جايدا ياتاق بارلىقىنى ئېيتتى . ئۇ يېقىندىن ياسال-
غان مېھمانخانا يۇلۇپ ، جابدۇق ـ سەرەمجانلىرىمۇ بولىدىكەن ، تامنىڭ
سىرى تېخى تولۇق قۇرۇپ كەتمىگەن بولۇپ ، ياتاقلىرى چىرايلىق ھەم
پاكىز ئىكەن  ئەمما ، ئاممىۋى ھاجەتخانىسىنى ماختىغىلى بولمايتتى  بۇ
مېنىڭ تازىلىققا قىلچە پەرۋا قىلمايدىغان ئەھۋالغا تۇنجى قېتىم دۇچ كېلى-
شىم ئىدى . مۇشۇنداق ئەھۋال سوۋېت ئىتتىپاقىدا تا بۈگۈنكى كۈندىمۇ
تېخى پۈتۈنلەي تۈگەپ كەتكىنى يوق
بىر نەچچە كۈندىن كېيىن قىرغىزىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك
جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوش شەھىرىگە كەلدۇق  بىز چۈشكەن پويىزدا پەقەت
ئۈچىنچى دەرىجىلىك « قاتتىق » كارىۋاتلا بار بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچى يو-
لۇچىلار ۋە ھەرخىل يۈك ـ تاقىلار بىلەن لىق توشقانىدى  شۇڭا ، بىز
تاشكەنتتىن ئەنجانغا بارغۇچە تولىمۇ ھارغىنلىق ئىچىدە بىر كېچىنى ئۆ-
تەپ چىققانتۇق  پويىز ياتىقى ياغاچتىن ياسالغان تۆت قەۋەتلىك كارۋان
ئىدى  ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتى ھەممىدىن ئوبدان ئىكەن ، ئەمما ئۇنىڭغا
چاققان ئادەملا چىقالايدىكەن
شۇ چاغدا ئەنجان ئۆزبېكىستاننىڭ پاختا توقۇمىچىلىق
سانائىتىدىكى مۇھىم مەركىزى ئىدى . يۈك ـ تاقىلىرىمىزنى ساناپ تاپشۇ-
رۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇرۇشقا توغرا كەلدى . ئۇ
شەھەر ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ ، شەھەرنىڭ ھەممىلا يېرىنى چاڭ ـ توزان

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/11.asp?isim=[2010-12-31 00:14:12]

alma uyghur book

قاپلىغانىدى  بىر باھاسى ئەڭ ئەرزان ئاشپۇرۇلدا تاماق يېدۇق  ئاشخانىدا مايلىق قوي گۆشى توغراپ سېلىپ پىشۇرۇلغان بەسەي شورپىسى سېتىلىدىكەن  ئەنجاندىن ئۆتكەندىن كېيىنكى دېڭىز يۈزىدىن 1200 مېتىر ئېگىزلىكتە جايلاشقان ئوش شەھىرى كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى  بۇ جاي تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە سالقىن ئىدى  تاغ ھاۋاسى ساپ ھەم يېقىملىق ئىدى  بىر كونا شەھەردىكى بىر كارۋان سارىيىغا چۈشتۇق شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قەدىمكى كارۋان يولىنى بويلاپ پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ قەشقەرگە بارىدىغان سەپەر باشلىناتتى

بىر كارۋان راسكارلىقنى قىلىۋېلىش مەقسىتىدە ئوشتا ئۈچ كۈن تۇردۇق  مەن بالخانىدىكى بىر ئۆيدە تۇردۇم  بۇ يەردىن پەستىكى كو-چىلارنى كۆرگىلى بولاتتى  مەن مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتتە تاغ ـ داۋانلارنى ئېشىپ مەنزىلگە يېتىپ كەلگەن سودا كارۋانلىرىنى كۆردۈم ، كارۋان كولدۇرمىلىرىنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىيالىدىم ـــ بوغۇق كولدۇرما ئاۋازى تۆگە كارۋانلىرىنىڭ ئىدى  جاراڭلىق ، رىل كولدۇرما ئاۋازى بولسا ئات بىلەن ئېشەكتىن تەشكىللەنگەن كارۋانلارنىڭ ئىدى  بالىخان دېرىزىسىنىڭ سىرتىدا بىر قەپەس بار بولۇپ ، بىر نەچچە كەپتەر ئۇ يەردە ئۇنلەۋاتاتتى  مانا بۇ ھەقىقەتەن مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت ئىدى

ئۆزىمىزنىڭ كارۋىنىنى تەشكىللەشتە بەزى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدۇق  ئادەتتىكى تەرتىپ بويىچە بولغاندا ، ئاۋۋال ئۇلاغ ھەيدەيدىغان بىر كىشى تېپىپ ، ئۇنىڭ بىلەن توختام تۈزۈشكە توغرا كېلەتتى  ئۇ كارۋاننى قەشقەرگە ئېلىپ باراتتى  بۇنىڭغا مۇشۇ يەردىن ھېسابلىغاندا ئىككى ھەپتە ۋاقىت كېتەتتى  بىراق ، 1929 ـ يىلى ئەتىيازدا ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جەھەتتىكى مۇناسىۋىتى ياخشى ئەمەس ئىدى  مانجۇرىيىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا ئىرچىل تۈردە سۈركىلىش بولۇۋاتاتتى  ھەتتا ئۇرۇشمۇ بولۇپ تۇراتتى بۇ خىل ئەھۋال ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوۋېت ـ جۇڭگو چېگرا جايلىرىنىمۇ تەسىر قىلغانىدى  جۇڭگو تەرەپ پامىردىكى چېگرا ئېغىزىنى ئېتىۋەتكەن

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/11.asp?isim=[2010-12-31 00:14:12]

alma uyghur book

بولۇپ، ھەر قانداق كارۋاننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنى ئارقىلىق چېگ-
رىدىن ئۆتۈپ قەشقەرگە ئۇدۇل كىرىشىنى مەنئى قىلغانىدى. ئەركەشتام
دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىر ئېگىز بولغاچقا، بۇ پونكىتتا كارۋان ئالماشتۇ-
رۇشىمىزغا توغرا كېلەتتى، مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر،
ھەممەيلەن ئاشۇنداق قىلاتتى. بۇ پونكىت ئەتراپىدا چېگرا مۇداپىئە قارا-
ۋۇلخانىسىدىن بۆلەك ئاھالە يوق ئىدى. ئات - ئۇلاغ ۋە ئۇنى ھەيدەيدىغان
ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كارۋاننى قانداق تېپىش يەشكىلى بولمايدىغان
قىيىن مەسىلە ئىدى. بىر دەسلەپتە ئەنجاندا، كېيىن ئوشتا بۇ يەرنىڭ
ئەھۋالى ناھايىتى خەتەرلىك دېگەندەك نۇرغۇن گەپلەرنى ئاڭلىدۇق.
كىشىلەر باسمىچىلارنىڭ مەخسۇس كارۋانلارنى بۇلايدىغان باندىتلار ئى-
كەنلىكىنى تىلغا ئېلىشاتتى. يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان ئاشۇ
قاراقچىلار 20 - يىللارنىڭ دەسلەپكى بەش يىلىدا سوۋېت ئارمىيىسى بى-
لەن ئۇرۇش قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا سوۋېت سوتسىيالىستىك
جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشقا قارشى چىققان ئوتتۇرا ئاسىيا قارشىلىق كۆرسە-
تىش كۈچلىرىنىڭ قالدۇقلىرى ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىدىن زور دەرىجىدە
كۈچلۈك بولغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان
بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىر قىسىم قالدۇقلىرى يەنىلا چەت ياقىدىكى
پامىر تاغلىق رايونىدا قېپقالغانىدى. بىز ئوشتا تەسەۋۋۇر كۈچىگە باي بىر
خەۋەرنى ئاڭلىدۇق، ئېيتىلىشىچە، تېرەك پورتىدىن ئۆتكەن كارۋانلار
بۇلاپ كېتىلىپتىمىش. كېيىنچە بۇ خەۋەرنىڭ زور دەرىجىدە مۇبالىغە قى-
لىۋېتىلگەنلىكىنى، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى روھىي بېسىمنى ئاشۇرۇش مەقسەت
قىلىنغانلىقىنى بىلدۇق.

بىر ئاخىر بىر كارۋانبېشى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلدۇق: ئۇ ئۈچ
ئادەم ۋە 15 ئات بىلەن بىزنى ئەركەشتامدىكى جۇڭگو چېگرىسىغا يەتكۈ-
زۈپ قويىدىغان بولدى. بۇ كارۋاننىڭ باھاسىنى شۋېتسىيە پۇلىغا
سۇندۇرغاندا، ھەربىر ئاتنىڭ باھاسى 40 كروناغا توغرا كېلەتتى. چېگرا
ئېتىۋېتىلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارقا - ئارقىدىن يۈز بېرىۋاتقان
بۇلاڭچىلىق ۋەقەلىرى ۋە يولدىكى بۇلاڭچىلار ھەققىدىكى پاراڭلار تۈپەي-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/11.asp?isim=[2010-12-31 00:14:12]

alma uyghur book

لىدىن كارۋان باھاسى ئۆسۈپ كەتكەنىدى  كېلىشىم بويىچە چېگرىغا ئالتە – يەتتە كۈندە يېتىپ باراتتۇق  كارۋانبېشى ماما ئىسىملىك بويى پاكار ، ئەمما ناھايىتى مەزمۇت ئۇيغۇر ئىدى  بۇ ئىسىم ئۇنىڭغا ئانچە ماس كەلمىگەنىدى . ئۇ بۇغداي ئۆڭلۈك ، ئۆچكە ساقال ئادەم بولۇپ ، قىرغىزغا بەك ئوخشاپ كېتەتتى  ئۇنىڭ ياڭاق سۆڭىكى ناھايىتى يوغان ، ئىككى پاقالچىكى ئىككى تەرەپكە كېرىلگەنىدى . ئۇ بىرەر ئادەمنىڭ يېتىشەلمەي قېپقېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، پاكار ئېشەككە مىنىپ كارۋاننىڭ ئەڭ كەينىدە ماڭاتتى  ئۇ ئۆز بۇرچىغا ئەمەل قىلىپ ، ئاتقا ئارتىلغان نەرسىلەرنىڭ تەڭپۇڭ تۇرغان – تۇرمىغانلىقى ، ئاتلارنىڭ بېقىلغان – بېقىلمىغانلىقى ، ۋاقتى – قارايىدا سۇغىرىلغان – سۇغىرىلمىغانلىقى ، ھەر كۈنلۈك مۇساپە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئاتلارنىڭ سوۋۇتۇلغان – سوۋۇتۇلمىغانلىقى قاتارلىقلاردىن ھەمىشە خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى

ئەمدىلىكتە شۇ چاغدا يول ئۈستىدە يازغان خاتىرەمنى قايتا كۆرۈپ ، ھەر كۈنى ئات ئۈستىدە سەككىز – توققۇز سائەت ئولتۇرغانلىقىمىزنى ، بەزىدە ھەتتا 11 – 12 سائەت ئولتۇرغانلىقىمىزنى ، قەشقەرگە پىلانىمىز بويىچە ئىككى ھەپتىدە بېرىش ئۈچۈن ھەر كۈنى تاڭ يورۇشى بىلەنلا يولغا چىققانلىقىمىزنى ئېسىمگە ئالدىم .

ئوشتىن چىقىپلا پامىر ئېگىزلىكى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ تۇتاشقان قىسمىدىكى چوققىغا قاراپ ماڭدۇق . يولغا ئەمدى چىققان چېغىمىزدا تەبىئەتنىڭ دالا مەنزىرىسى كىشىگە زوق – ھۇزۇر بېغىشلاپ تۇراتتى  تاغ ئېتىكىدىكى ھەممىلا يەر چۆپلۈك — قىرغىزلار قوي ، ئۆچكىلەرنى باقىدىغان ئوتلاق ئىدى  لېكىن ، بۇ خىل مەنزىرىلەر ھەش – پەش دېگۈچىلا كۆزدىن غايىب بولۇشقا باشلىدى  تاغقا چىقىدىغان يوللار ئەگرى – بۈگرى ئىدى . پەسكە قارايدىغان بولساق بىر دەريا سۈيى شارقىراپ ئېقىۋاتاتتى . ئۇنىڭ سۈيى سۈپسۈزۈك ئىدى  كۆۋرۈك بولمىغاچقا ، دەريادىن ئاتلىق ئۆتۈشىمىزگە توغرا كەلدى ، دەريادىكى تاشتىن ئۆتكەندە ، ئات سەنتۈرۈلۈپ مۇدۇرۇپ ماڭاتتى . بۇنداق چاغدا ئىككى كۆزنى قارشى قىرغاقتىكى بىرەر نەرسىگە تىكىۋېلىش لازىمكى ، ئېقىن سۇغا ھەرگىز

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/11.asp?isim=[2010-12-31 00:14:12]

alma uyghur book

قاراپ سالماسلىق كېرەك ئىدى. بۇ دەريادىن ئاتلىق ئۆتكىچە نىسبەتەن بەك مۇھىم ئىدى بۇنى ماڭا ماما دەپ بەرگەن، ئۇ شۇنداق قىلغاندا باش قېيىشتىن ساقلانغىلى، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈشنىڭمۇ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، دېگەنىدى.

يەتتىنچى كۈنى بولغاندا، بىز تېرەك داۋىنىغا، «سۇۋادان تېرەك ئېغىزى» دەپ ئاتىلىدىغان داڭلىق بىر ئېغىزغا يېتىپ كەلدۇق بۇ يەر دېڭىز يۈزىدىن 3700 مېتىر ئېگىز ئىدى، ئېگىز - پەس چىغىر يول تاغ باغرىدىن ئېلىنغان بولۇپ، يولنىڭ پەس تەرىپى تىك يار ئىدى ئاتلىرىمىزنىڭ چىغىر يولنىڭ تاغ تۇۋىنى يانداپ مېڭىشى كىشىنى بەك ئەنسىزلىككە سالاتتى ئاتلار شۇنداق مېڭىشقا كۆنۈپ قالغانىدى. بۇ ئاتلار مېنىشكىمۇ، يۈك ئارتىشقىمۇ مۇۋاپىق كېلەتتى، يۈك ئارتىشقا تېخىمۇ مۇۋاپىق ئىدى يۈك ئارتىلغان ئاتلار دۈمبىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئېغىر يۈك ئارتىلغان بولغاچقا، ئۈستىدىكى يۈكنىڭ يول ياقىسىدىكى قىيا تاشلارغا سوقۇلۇپ كېتىشىدىن ھەزەر ئەيلەپ، ئىمكانقەدەر چىغىر يولنىڭ سىرتقى تەرىپىدە ماڭاتتى ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ ئاتلار ئۈستىگە مىنگەن ئادەملەرنىڭ ئۈستىگە ئارتىلغان يۈككە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيتتى شۇڭا، ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان كىشى جىلغىدىكى تېز ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىنى كۆرگەندە ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشلىرى شەرت ئىدى چۈنكى، ئات ئۈستىدە قىيا تاشقا سەلپەللا تېگىپ كەتكەن ھامان ئۆلۈم ھادىسىسى تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بار ئىدى.

تاغ ئېغىزىنىڭ ئەتراپلىرىدا ئۆلۈپ كەتكەن نۇرغۇن ئاتلارنىڭ سۆڭىكى تۇراتتى ئۇنىڭ گۆشلىرىنى قاغا - قۇزغۇنلار پاك - پاكىز چوقۇپ يەپ تۈگەتكەنىدى بۇ قۇشلار تەبىئەت دۇنياسىنى ھەقىقەتەن پاكىز تازىلاپ قويغانىدى. ھەر بىر كارۋان سەپىرىدە، مۇساپە ئاخىرلىشاي دېگەندە بىر نەچچە ئات نابۇت بولۇپ كېتەتتى مۇبادا كارۋاندىكى ئاتلار ئادەم ۋە يۈكنى كۆتۈرۈپ يەنە بىر قېتىم سەپەر قىلالىسا، بۇ بەك بەلەن ئىش بولاتتى مۇبادا ئۇنداق قىلالمىسا، ئۇلار تەقدىرگە تەن بەرمەكتىن باشقا چارە يوق ئىدى. تېرەك داۋان بىر سىناق تېشى ئىدى تىك يارغا

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/11.asp?isim=[2010-12-31 00:14:12]

Ads by Google
涓栫晫绔ヨ瘽8鍏冪ē琩 1鍔樹綅璐 /b>
涓栫晫绔ヨ瘽8鍏冪ē琩呭掮鐧屾妽鎵ｅ簵,2涓囩紑褰 閫佽
揣8涓 鐧惧 褰㈡摵鏄 垎鍏ㄥ浗,鏁欒█鑰冨瘹
www.89178.com
鑰€鐐 00:鍏ㄥ湪2-5鍔 鍏嶈繍璐 /b>
100%姝ｅ搧,璐y埌浠樻 ,鍏嶈垂閫€鍵 鍏ㄥ浗閰
嵟€ 婊 00浜 5鍔 棣栨 璐 墿灏遍€ 0.褰 澈
www.YaoDian100.com
28鍟嗘満缃 2010鐳村瘨绉樼珋
鍔疊袷鍒涚笍棣栭€ 8.com,鍗冪 鍔犵洘淇℃伅 涓撲笍鍔
疊袷鎸囧 ,灏忔湰澇熻兘璧氬ぇ閫
www.28.com
Prophecy News Watch
Bible Prophecy News Headlines Breaking Current Events & Prophecy
www.prophecynewswatch.com

چىقىقاندا شالاڭ ھاۋا كۆپ ھاللاردا ئەڭ ئاجىز ئاتلارنى پۈتۈنلەي نابۇت
قىلىۋېتەتتى
تېرەك داۋان ئېگىزلىك كېسىلىنى پەيدا قىلىدىغانلىقى بىلەن نامى
پۇر كەتكەندى بۇ كېسەلگە ئادەم ۋە ئۇلاغ ئوخشاشلا گىرىپتار بولاتتى
ھاۋا شالاڭ بولغاچقا ، نەپەس ئېلىش قىيىنغا چۈشۈپ ، باش ئاغرىقى ۋە
ھوشسىزلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى كارۋانىمىزدىكى ئاتلار بۇ يەرگە
كېلىپ ماڭغىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالدى شۇنچە قامچىلىساقمۇ ، سۆرىسەكمۇ
مىدىر - سىدىر قىلماي تۇرۇۋالدى مەن 1930 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرى
قەشقەردىن قايتىش سەپىرىمدە قېلىن قار قاپلىغان بۇ تاغ ئېغىزىدىن ئۆت-
كەن چاغدا پەيدا بولغان ئېگىز تاغ رېئاكسىيىسى بۇ قېتىم قەشقەرگە
باراشىمىزدىكى چاغدىكىدىن ناھايىتى قاتتىق بولدى شۇ قېتىمدا ، تاغ-
دىكى قارلار 3 - ئايدىكى ئىللىق قۇياش نۇرىدا ئېرىشكە باشلىغان
پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ يولنى مېڭىش تەسكە چۈشىدىغان ۋاقىت كېلىش-
تىن بۇرۇن ، داۋاننىڭ چوققىسىغا يېتىپ بېرىۋېلىش ئۈچۈن تاڭ سەھەر
سائەت ئۈچتىلا يولغا چىققانىدۇق كارۋانىمىزدىكى ئادەملەر ۋە ئاتلار ئې-
گىزلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولدى مەن ئاتلارنىڭ ئېگىزلىك كېسىلىنى
يەڭگىللىتىش ئۈچۈن قانداق ئىشلارنى قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىۋالدىم
كارۋانبېشى ئاتلارنىڭ ئالدىغا بىر - بىرلەپ بېرىپ ، پىچىقىنى ئاتنىڭ
بۇرنىغا تىقتى ، ئاتلارنىڭ بۇرنىدىن قان ئېقىشقا باشلاپ نەپەس ئېلىشى
بىر ئاز راۋانلاشتى شۇنداق قىلىپ كارۋان يەنە ئاتنىڭ قېنى ئېقىپ
قىزىل داغ قالدۇرغان چىغىر يولنى بويلاپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشكە
باشلىدى بىرمۇ ئېگىز تاغ رېئاكسىيىسىدىن كۆپ ئازاب تارتقاچقا ،
ئۆرلۈكىمىزدىن شۇ ئۇسۇل بىلەن كېسىلىمىزنى داۋالاشقا باشلىدۇق بىر-

alma uyghur book

چىقىقاندا شالاڭ ھاۋا كۆپ ھاللاردا ئەڭ ئاجىز ئاتلارنى پۈتۈنلەي نابۇت قىلىۋېتەتتى

تېرەك داۋان ئېگىزلىك كېسەلنى پەيدا قىلىدىغانلىقى بىلەن نامى پۇر كەتكەنىدى بۇ كېسەلگە ئادەم ۋە ئۇلاغ ئوخشاشلا گىرىپتار بولاتتى ھاۋا شالاڭ بولغاچقا ، نەپەس ئېلىش قىيىنغا چۈشۈپ ، باش ئاغرىقى ۋە ھوشسىزلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى كارۋىنىمىزدىكى ئاتلار بۇ يەرگە كېلىپ ماڭغىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالدى شۇنچە قامچىلىساقمۇ ، سۆرىسەكمۇ مىدىر - سىدىر قىلماي تۇرۇۋالدى مەن 1930 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرى قەشقەردىن قايتىش سەپىرىمدە قېلىن قار قاپلىغان بۇ تاغ ئېغىزىدىن ئۆتكەن چاغدا پەيدا بولغان ئېگىز تاغ رېئاكسىيىسى بۇ قېتىم قەشقەرگە باراشىمىزدىكى چاغدىكىدىن ناھايىتى قاتتىق بولدى شۇ قېتىمدا ، تاغدىكى قارلار 3 - ئايدىكى ئىللىق قۇياش نۇرىدا ئېرىشكە باشلىغان پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ يولنى مېڭىش تەسكە چۈشىدىغان ۋاقىت كېلىشتىن بۇرۇن ، داۋاننىڭ چوققىسىغا يېتىپ بېرىۋېلىش ئۈچۈن تاڭ سەھەر سائەت ئۈچتىلا يولغا چىققانىدۇق كارۋىنىمىزدىكى ئادەملەر ۋە ئاتلار ئېگىزلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولدى مەن ئاتلارنىڭ ئېگىزلىك كېسىلىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن قانداق ئىشلارنى قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىۋالدىم كارۋانبېشى ئاتلارنىڭ ئالدىغا بىر - بىرلەپ بېرىپ ، پىچىقنى ئاتنىڭ بۇرنىغا تىقتى ، ئاتلارنىڭ بۇرنىدىن قان ئېقىشقا باشلاپ نەپەس ئېلىشى بىر ئاز راۋانلاشتى شۇنداق قىلىپ كارۋان يەنە ئاتنىڭ قېنى ئېقىپ قىزىل داغ قالدۇرغان چىغىر يولنى بويلاپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشكە باشلىدى بىزمۇ ئېگىز تاغ رېئاكسىيىسىدىن كۆپ ئازاب تارتقاچقا ، ئۆرلۈكىمىزدىن شۇ ئۇسۇل بىلەن كېسىلىمىزنى داۋالاشقا باشلىدۇق بىرنىڭ بۇرنىمىزدىنمۇ قان تېمىشقا باشلىدى

قەشقەرگە بېرىشتا ماڭغان يولىمىز قەدىمكى يىپەك يولى ئىدى ئۆتۈپ كەتكەن بىر نەچچە مىڭ يىلدا كارۋانلار بۇ يولنى بويلاپ مېڭىپ ماللىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ئېلىپ بارغان ، ماللىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن يەنە ئوتتۇرا دېڭىز رايونىغا ئېلىپ بارغانىدى كارۋانلارنىڭ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/12.asp?isim=[2010-12-31 00:15:57]

alma uyghur book

ھەممىسى تېرەك داۋىنىدىن ئۆتەتتى ، بۇ قەشقەردىن ئوشقا ۋە فەرغانىگە بېرىشتىكى ئەڭ يېقىن يول ئىدى . بۇ يول ئوشتىن ۋە فەرغانىدىن بىر نەچچە تارماققا بۆلۈنۈپ ، باشقا - باشقا تەرەپلەرگە كېتەتتى ئىلگىرى « تېرەك ئېغىرى » مىڭلىغان ، ئون مىڭلىغان كارۋانلار ئۇچۇن ئېيتقاندا « ھالاكەت يولى » بولۇپ كەلگەنىدى بۇ تاغ ئېغىزى ئىنسانلار ۋە ھايۋانلار ئۇچۇن جەبىر - جاپا ۋە خېيىم - خەتەردىن دېرەك بېرىپ كەلگەنىدى ئەمما ، بۇنداق جەبىر - جاپا ۋە خېيىم - خەتەرلەر ئوتتۇرا دېگىر بويىدىكى ئەللەرنىڭ ساھىبجامال ، ئېسىلزادە خېنىملىرى ئۇچىسىغا كىيگەن يېپەكلەردە رادىلا ئەكس ئەتكەن ئەمەس

بىر 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسىغا يېتىپ كېلىپ ، سەل پەسرەك بىر تاغ ئېغىزىدىن كەڭ كەتكەن بىر جىلغىنى كۆردۇق قىزىل ( قىزىل سۇ ) دەرياسى جىلغا قاپتىلىدا ئۆركەشلەپ ئاقاتتى . بىر جىلغىدا پاكار ئۆيلەرنى ۋە ناھايىتى كىچىك بىر قەلئەنى كۆردۇق قەلئە ئۈستىدە ئورغاق بىلەن بولقىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن روسىيە بايرىقى ( دۆلەت بايرىقى ) لەپىلدەپ تۇراتتى ئۇ دەل ئەركەشتام : سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پامىرنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئالدىنقى قاراۋۇل ئىستىھكامى ئىدى ئۇنىڭدىن ئۆتسىلا جۇڭگو رېمىنىغا كىرەتتى

يىلنىڭ مۇشۇ پەسلىدىكى دەريا سۈيى ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن ئۇلۇغ بولسىمۇ ، دەريادىن تىنچ - ئامان ئۆتتۇق ، ئۆتۈكلىرىمىزمۇ ھۆل بولمىدى ئالدىمىزدا ماڭغان بىر قېچىر كارۋىنى مانا مۇشۇ قوڭۇر رەڭلىك ئېقىنىدىن ئۆتۈشىدە ئاۋارىچىلىككە يولۇققانىكەن بىزنىڭ ئاتلىرىمىز ھېچقانداق ئاۋارىچىلىككە يولۇقمىدى

چېگرا مۇداپىئە پونكىتىدا دوستانە ، ھەتتا قىزغىن كۈتۈۋېلىندۇق ناھايىتى ئېنىقكى ، چېگرا مۇداپىئە پونكىتىدىكىلەر بىردەك زىيارەتچىلەرنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى چۈنكى ، بىزنىڭ زىيارىتىمىز چۆلدەرەپ قالغان بۇ قاراۋۇلخانىدىكىلەرنىڭ زېرىكىشلىك تۇرمۇشىنى جانلاندۇرغانىدى . بۇ يەردە تەخمىنەن 50 دەك ئەسكەر بار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇ-رېنبۇرگتىن كەلگەن ئوكرائىنلىقلار ۋە كازاكلار ئىدى ئۇلاردىن باشقا

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/12.asp?isim=[2010-12-31 00:15:57]

يەنە بىر قانچە تاموژنا ئەمەلدارى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى سوۋتورگفلوت ترانسپورت شىركىتى ياللىغان بىر نەچچە خادىم بار ئىدى ، ئۇلار بۇ يەردە جۇڭگو ـ سوۋېت ئارىلىقىدا بېرىپ ـ كېلىپ قاتناپ تۇرىدىغان سودا كارۋانلىرىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇراتتى بۇ سودا كارۋانلىرى كۆپىنچە قەشقەردىن ئات ، قېچىردا پاختا يۆتكەيتتى بۇ قاراۋۇلخانىدا ئىككى ئايالمۇ بار ئىدى . ئۇلار تاموژنا ئەمەلدارىنىڭ ئايالى ئىدى ، ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ بار ئىدى

پاسپورت تەكشۈرۈش ، تاموژنا تەكشۈرۈشى دېگەندەك بىر قاتار هۆكۈمەت ئىشلىرى ناهايىتى تېزلا بېجىرىپ بولۇندى لېكىن ، بۇ يەردىن يەنە يېڭى كارۋان تېپىش مەسىلىسى بار ئىدى . ماما ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەرنىڭ يەنە بىر مەنزىل يول يۈرۈشىگە رۇخسەت قىلىندى ئەمما ، بىز ئۇ تەرەپتىن ئات تاپمىساق بولمايتتى هەربىرىدە 50 تىن ئېتى بار بىر نەچچە چوڭ سودا كارۋىنى ماللىرىنى جۇڭگو تەرەپكە ئۆتكۈزۈشىنىڭ پۈرسىتىنى كۈتۈپ قاراۋۇلخانىدا ساقلاۋاتاتتى ، بىز چېگرىدىن ئۆتۈشكە توپتوغرا تۆت كۈن تەييارلىق كۆردۇق بۇ يەردە ئاشخانا، ياتاق بولمىغاچقا ، تاموژنىنىڭ هويلىسىدا ۋاقىتلىق بىر چېدىر راسلىدۇق : تېمىنى تاي پاختىدىن قوپۇرۇپ ئۈستىنى برېزېنت بىلەن ياپتۇق

بىر چۈشكەن كۈنى ئاخشىمى تاموژنا باشلىقى يولداش ستېبرىن بىزنى چايغا تەكلىپ قىلدى بىردەمدىن كېيىن ئەركەشتام « ئاهالىسى » دىن 20 دەك كىشى ستېبرىننىڭ ئۆيىگە يىغىلدى . ستېبرىن ۋودكا يوقلۇقىدىن خىجىل بولۇپ ئەپۇ سورىدى . ئەمما ، مېنىڭچە ئۇنىڭ يوقلۇقى دىن تارتقاتقۇچى هەمراهلىرىم ئۈچۈن ئېيتقاندا ئوبدان بولدى ، شاراب بولمىسىمۇ كەيپىيات ناهايىتى قىزغىن بولدى « دوكتور » دەپ ئاتىلىدىغان هەربىر مال دوختۇرى قولىغا گىتارنى ئېلىپ ، يۇرتىنىڭ تەر- تىپسىز ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بىزنى قارشى ئالدى ئۇ بىرگە بولغان هۆرمىتىنى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە ، چار پادىشاهى پېتېرنىڭ پولتاۋادا كارل XII نى يەڭگەنلىكى هەققىدىكى بىر ناخشىنىمۇ ئېيتىپ بەردى بىز كىچىك

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/12.asp?isim=[2010-12-31 00:15:57]

alma uyghur book

بىر فاتېفون ۋە بىر نەچچە پلاستىنكا ئېلىۋالغانىدۇق  بۇ نەرسىلەر فىللانـ
دىيە ـ روسىيە چېگرىسىدا ساندۇققا قايتىدىن قاچىلىنىپ
پېچەتلىۋېتىلگەنىدى  مەقسەت روسىيە چېگرىسىدىن ئۆتكۈچە پلاستىنـ
كىنى قويۇشىمىزغا رۇخسەت قىلماسلىق ئىدى  بىر هازىر تېخى بۇ
يەردىكى چېگرىدىن ئۆتمىگەن بولساقمۇ ، بىراق ئۇلار شۇ نەرسىلەر قاـ
چىلانغان ساندۇقنىڭ پېچىتىنى يىرتىۋېتىشىمىزگە رۇخسەت قىلدى ،
شۇڭا بىز ئۇ نەرسىلەرنى ساندۇقتىن ئالدۇق  ھەمدە بارلىق پلاستىنكىلارنى
بىر قۇر تەكشۈرۈپ كۆردۇق  تاللىغان بىرىنچى پلاستىنكىمىز سودىـ
مانلارنىڭ ئارمىيە مارشى ئىدى  پلاستىنكا قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ،
ئۇلار ناھايىتى ياقتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى  روسىيىلىك دوستلىرىـ
مىزنىڭ ئىككىنچى پلاستىنكىدىكى ئارمىيە مارشىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى
تېخىمۇ مۇجمەل بولدى  « يۇلتۇزلۇق بايراق مەڭگۈ چۈشۈپ كەتمەيدۇ »
دېگەن كۈي ئىدى  ئۇلار بۇ كۈينى ھەممىلا يېرىدىن كاپىتالىزم ۋە
جاھانگىرلىك پۇرىقى چىقىپ تۇرىدىغان مۇزىكا ئىكەن ، دەپ قاراشتى
پلاستىنكىلار ئىچىدىن بەك قارشى ئېلىنغىنى شۇ چاغدا شۋېتسىيىدە تازا
ئومۇملاشقان « گۈزەل كۆزلىرىڭ بىلەن ماڭا باق ، ئاشۇ كۆزلىرىڭ ئەـ
زەلدىن ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىمىگەن » دېگەن ناخشا بولدى
روسىيىلىكلەر بۇ ناخشىنى شۋېتسىيە خەلق ناخشىسى دەپ قارىدى  بىر
ئەركەشتامدا تۇرغان تۆت كۈندە بۇ پلاستىنكا ئەڭ كۆپ قويۇلدى .

بىز چېگرىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى جۇڭگولۇقلار بىلەن يېڭى كارۋان
ئىشى ئۈستىدە سۆھبەتلىشىش ئالدىدا تۇراتتۇق  ئۈچىنچى كۈنگە بارـ
غاندا ، سۆھبىتىمىزدە ئىلگىرىلەش بولدى  بىر بەگ ( جۇڭگولۇقلارنىڭ
تەرجىمانى ؟ ) كېلىپ بىر بىلەن كۆرۈشتى  بىر ۋاقىتلىق چېدىرىمىزدا
ئۇنىڭغا چاي تۇتتۇق . بۇ ئادەم ناھايىتى دوستانە ئىدى  ئۇ بىر بىلەن
كۆرۈشكەن كۈنىنىڭ ئەتىسى تەلىپىمىز تەستىقلاندى  جۇڭگو چېگرىسى
تەرەپتىن بىر نەچچەيلەن ئاتلارنى ئېلىپ كېلىپ ، نەرسىلىرىمىزنى
ئاتلارغا ئارتىپ تاڭدى ، چۈش بولغاندا بارلىق تەييارلىقلار پۈتتى . بىر
روسىيىلىك دوستلارغا رەھمەت ئېيتىپ ، ئايرىلىشقا كۆزىمىز قىيمىغان

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/12.asp?isim=[2010-12-31 00:15:57]

alma uyghur book

هالدا ئۇلار بىلەن خوشلاشتۇق

جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە پونكىتى بىلەن روسىيە چېگرا مۇداپىئە پونكىتىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن ئون كىلومېتىرچە كېلەتتى بۇ ئارىلىق ئادەم يوق بىتەرەپ رايون بولۇپ ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئادەملىرى بۇ يەردە ئاخشاملىرى مەخپىي پائالىيەت قىلىدىكەن مېنىڭچە ، ئۇلار ئاساسلىقى پۇل ئەتكەسچىلىكى ـــ جۇڭگو تەڭگىسى ۋە روسىيە رۇبلىسى ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللانسا كېرەك بۇ يەردە يەنە پايدىلىنىشقا بولىدىغان قاتناش شارائىتىمۇ بار ئىكەن دەرۋەقە ، بۇ خىل قاتناش ئىككى دۆلەت كىشىلىرىنىڭ بۇ خىل ئىجتىمائىي تۈزۈمدىن ئۇ خىل ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ئۆزگىرىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلمەستىن ، ئەكسىچە كۆچمەن ئىشلەمچىلەرنىڭ بۇ جاي ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىكى پاختىزارلىقلارغا بېرىشى ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەن ئۇلار چېگرىدىكى باشقۇرۇش ۋە تەكشۈرۈشلەرنى زۆرۈر بولمىغان توسالغۇ ، دەپ قارايدىكەن پەسىل ئۆتۈپ كەتكەن هامان ، بۇ ئىشلەمچىلەر ئىشلەپ تاپقان ئازغىنا پۇللىرىنى خۇرجۇن ـ خالتىلىرىغا تىقىپ ، ئۇزۇن مۇساپىنى يەنە بېسىپ ، هەددى ـ هېسابسىز جەبىر ـ جاپالارنى چېكىپ ، تاغ ـ داۋانلاردىن پىيادە ئۆتۈپ قەشقەرگە قايتىپ كېلىدىكەن .

جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسىنىڭ نامى سىمخانا بولۇپ ، ئۇنىڭ مەنىسى « سىم ئۆي » ، يەنى تېلېگراف ـ تېلېفون ئۆيى دېگەندىن ئىبارەت قاتار ـ قاتار ستولبىلار ئەنە شۇ يەردىن تا قەشقەرگىچە ئورنىتىلغانىدى Sim ( سىم ) دېگەن بۇ سۆز پارسچىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ ، « يىپ ، تاناپ » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . بۇ سۆز ئاشۇ زامانىدىكى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا سېھىرلىك مەنىگە ئىگە ئىدى « تېلېگرامما بېرىش » دېگەن سۆزنى ئۇيغۇرچىغا سۆزمۇ سۆز تەرجىمە قىلغاندا Sim qaqmaq ( سىم قاقماق ) دېگەن بولىدۇ ، شۇ جايدىكى خۇراپىي ئاھالىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ، بۇ سۆز جىن ـ ئالۋاستىلار بىلەن مۇناسىۋىتى بار دېگەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇنجى قېتىم كېلىش جەريانىمغا قىزىقىش

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/12.asp?isim=[2010-12-31 00:15:57]

alma uyghur book

بىلەن تەشۋىش قىلىش گىرەلىشىپ كەتكەنىدى  بىر نەچچە ھەپتىدىن بېرى، سوۋېت ئىتتىپاقى جەمئىيىتىدە كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىم بۇ تەشۋىشلىرىمنى زور دەرىجىدە ئازايتقانىدى  مانا ئەمدى كۆز ئالدىمدا جۇڭگو تۇرۇپتۇ  بۇ دۆلەت ماڭا نىسبەتەن قامال قىلىنغان، چەكلەنگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتۈنلەي سىرلىقتەك كۆرۈنەتتى  مۇنداق تۇيغۇ بۇ دۆلەتنىڭ ئىنتايىن خىلۋەت بىر رايونىغا كىرگەنلىكىم تۈپەيلىدىن ئازراق بولسىمۇ ئازايغىنى يوق ئىدى  مۇبادا مەن گۇاڭجۇ ياكى شاڭخەي ئارقىلىق جۇڭگوغا كىرگەن بولسام، ياكى ئازادە پويىزغا ئولتۇرۇپ سىبىرىيىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان تۆمۈريول ئارقىلىق جۇڭگوغا كەلگەن بولسام، مېنىڭدىكى تەسىر ھازىرقىدىن ناھايىتى زور پەرقلىق بولغان بولاتتى

سىمخانىغا بارىدىغان كارۋانلار يولى كەڭ كەتكەن بىر ئېگىزلىكتىن ئۆتكەندە، يىراقتىن ئۆي - ئىمارەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ گۈمبەز شەكلىنىڭ ئۆگزىسى كۆرۈندى  شۇنىڭ بىلەن سىر ئۇ يەردە بىر خىل يېڭى مەدەنىيەت بارلىقىنى، ئوخشىمايدىغان تەپەككۇر ۋە تۇرمۇش شەكلى بارلىقىنى بىلەلەيسىز  بۇ قاراۋۇلخانا قىياس قىلىنغان دۇشمەن ئەھۋالىغا قارشى تۇرۇشتىكى مۇداپىئە خاراكتېرىگە ئىگە تەدبىر سۈپىتىدە ئۇدۇلدىكى ئەركەشتام قاراۋۇلخانىسىغا قارىمۇ قارشى قۇرۇلغانىدى  بىراق، جۇڭگو قاراۋۇلخانىسى ئادەمدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرمايتتى  ئۇنىڭ تاملىرى سوقماتام ئىدى  ئېھتىمال ئۇ مىلتىقنىڭ ئوقىنى توسالايدىغاندۇر، ئەمما باشقا نەرسىنى توسيالمايدىغاندەك قىلاتتى  قاراۋۇلخانىنىڭ قوماندانى تۇرۇشلۇق ئۆيگە بارىدىغان دەرۋازا ئالدىدا كەم بولسا بولمايدىغان «جىن - ئەرۋاھنى توسايدىغان تام» بار ئىدى  جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسى ئالدىدا ھامان جىن - ئەرۋاھلارنىڭ ئۆيگە كىرىۋېلىشىنى توسىدىغان مۇداپىئە خاراكتېرلىك بىر تام بولىدۇ  چۈنكى، ئومۇملاشقان نۇقتىئىنەزەرگە ئاساسلانغاندا، جىن - ئەرۋاھلار ئۇدۇل ماڭىدىكەن، ئايلىنىپ ماڭالمايدىكەن  بۈگۈنكى جۇڭگودا جىن - ئالۋاستى، ئەرۋاھ دېگەنگە ئوخشاش ئەنئەنىۋى قاراشلار ئېقىپ يۈرمەيدى-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/12.asp?isim=[2010-12-31 00:15:57]

alma uyghur book

غان ئەھۋالدىمۇ، جىن - ئەرۋاھنى توسىدىغان ئاشۇ تام بۇ دۆلەتتىن
ھېلىھەم تامامەن تۈگەپ كەتكىنى يوق ئىدى

بىز جۇڭگو قاراۋۇلخانىسىدىمۇ قىزغىن كۈتۈۋېلىندۇق بۇ جاي-
دىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بىزنى يوقلاپ كىردى بىز چاي
ئىچىشكەچ، قائىدە - يوسۇنلۇق ھالدا سۆزلەشتۇق روسىيە چېگرا مۇدا-
پىئە پونكىتىدىكىدەك ناخشا ئېيتمىدۇق، ئەلۋەتتە ئىككى تەرەپنىڭ روھىي
ھالەت جەھەتتىكى پەرقىنى ئاسانلا كۆرۈۋالغىلى بولاتتى

بىز سىمخانىدا بىر ئاخشام قوندۇق ھەمدە ئات - ئۇلاغ
ھەيدەيدىغان ئادەمدىن ئىككىنى تاپتۇق ئۇلار قەشقەردىن كەلگەن ئۇي-
غۇرلار بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى ئىبراھىم؛ يەنە بىرىنىڭ ئىسمى يۇسۇپ
ئىدى بۇ يەر بىلەن قەشقەرنىڭ ئارىلىقىدا توپتوغرا بەش كۈنلۈك مۇساپە
بار ئىدى. ئۇنىڭغا توپتوغرا بەش كۈن كېتەتتى ئەتىسى — 9 - ئاينىڭ
10 - كۈنى بىز جۇڭگو تەۋەسىدىكى بىرىنچى كىچىك بازار
«ئۇلۇغچات» قا كەلدۇق، ئۇنىڭ مەنىسى «ئۇلۇغ ئېقىن قوشۇلىدىغان
جاي» ئىكەن. بۇ يەردە بىر دەريا بار بولۇپ، ئۇ يەنە ئىككى ئېقىنغا
بۆلۈنگەن بولغاچقا، بۇ جاينىڭ شۇنداق ئاتالغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئى-
دى. ئۇلۇغچات مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن قۇرۇلغان مۇھىم ھەربىي قورغان
ئىدى بۇ قەشقەرگە بېرىش سەپىرىمىزدە ئۇنجى رەت ئۇچراتقان جۇڭگو
ئەسكەرلىرى ئىدى. مۇبادا بۇ يەردىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئىنتىزامى بىزدە
ياخشى تەسىر قالدۇردى دېسەك، مۇبالىغە قىلىۋەتكەنلىك بولىدۇ. شۇ
يەردە تۇرغان ۋاقتىمىزدا بەزى ئەسكەرلەر بىز چۈشكەن دەڭدە ئۇياقتىن بۇ
ياققا لەلەڭشىپ يۈرۈشتى، كىچىككىنە بازارنىڭ ھەممە يېرىدە ئەپيۇننىڭ
ھىدى قاپلىغانلىقىدا شەك - شۈبھە يوق ئىدى شۇ چاغدا، شىنجاڭ ئۆل-
كىسىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئەپيۇن چېكىدىغان ئەھۋال بار ئىدى 1840 -
يىلدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن بۇگۈنگىچە بولغان 100 يىلدەك ۋاقىت ئى-
چىدە، نۇرغۇن كىشىلەر جۇڭگودا ئەپيۇن چېكىشكە ئائىت ئەھۋاللارنى
تەسۋىرلىگەن ۋە خاتىرىلىگەنىدى. 20 - يىللار ياكى 30 - يىللاردا شىن-
جاڭغا ساياھەتكە كەلگەن كىشىلەر ئەپيۇن خۇمارى تۇپەيلىدىن كېلىپ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/12.asp?isim=[2010-12-31 00:15:57]

alma uyghur book

چىققان يوقىتىش خاراكتېرلىك ئاقىۋەتنى كۆچلۈك ھېس قىلالايتتى، بولۇپمۇ خەنزۇلار ئارىسىدا شۇنداق. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەپيۇن چېكىش ئەھۋالى نىسبەتەن ئاز ئىدى.

بۇ يەردىن قەشقەرگە بارىدىغان يول ئانچە جاپالىق ئەمەس ئىدى يولدا ئېگىز مۇھىم ئېغىزلار يوق ئىدى  سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە پامىر رايونىدىكى كىشىنى تەشۋىشكە سالىدىغان مۇساپىنىڭ ئورنىنى بۇ يەردىكى جىمجىت، زېرىكىشلىك يوللار ئىگىلىگەنىدى  ئات ئېگىرىدە 10 — 12 سائەتكىچە ئولتۇراتتۇق، چۈشتە بىر پەس توختاپ ئازراق چاي ئېچىپ، بىر ئاز بولكا يەۋالاتتۇق  بۇنىڭغا چىداش ھەقىقەتەن تەس ئىدى  بولكىنى چايغا چىلىغاندىلا ئاندىن يېگىلى بولاتتى  چۈنكى، بولكىلار ئۇشتا پىشۇرۇلغان بولكىلار بولغاچقا، تاشتەك قېتىپ كەتكەنىدى  تاقەتسىزلىكىمدىن ئىبراھىم ۋە يۈسۈپتىن بۈگۈن يەنە قانچىلىك يول ماڭىمىز، دەپ قايتا - قايتا سورىغانلىقىم، ئۇلاردىن ھەمىشە « Az qaldi » ( ئاز قالدى ) دېگەن جاۋابقىلا ئېرىشكەنلىكىم ھېلىمۇ ئېسىمدە  ئادەتتە بۇ راست گەپ ئەمەس ئىدى  ئەمما، ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئۇلارنىڭ سوراشقا تېگىشلىك بولمىغان سوئاللارغا بېرىدىغان ئۆلچەملىك جاۋابى ئىدى مۇنداق جاۋابنىڭ ئازراق رولى بار ئىدى  چۈنكى، ئۇ ھېرىپ ھالى قالمىغان ساياھەتچىلەرنىڭ داۋاملىق يول يۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان بىر ئېغىز ياسالما گەپ ئىدى

بىز مىڭ يول ( Ming yol ) دىكى قورقۇنچلۇق بىر -دەڭدە سەپىرىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كېچىسىنى ئۆتكۈزدۇق  ئاتلىق ماڭسا يەنە ئون سائەتلىك يول قالغانىدى  بىز ئارام ئېلىشقا، ئىسسىق سۇدا يۇيۇنۇشقا، ئېغىز كۆيگۈدەك تاماق يېيىشكە تەقەززا بولۇپ كەتكەنىدۇق مىڭ يولدىكى كىچىك دەڭنىڭ ھۇجرىلىرى بىر پارچە بوش يەرگە بىر نەچچە رەت قىلىپ سېلىنغان، دېرىزىسى يوق ئۆيلەر ئىدى. بۇ يەردە، ئات بىلەن ئېشەكنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن ئىناق بولۇپ، ئەتراپنى تېزەك قاپلىغانىدى  باشقا دەڭلەرگە ئوخشاش، ئۇنىڭ پۇرىقىغا چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى  لاي سېلىنغان يەرنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئۇ يەردە يېتىپ ئۇخلاش

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/12.asp?isim=[2010-12-31 00:15:57]

alma uyghur book

مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما، بۇلار ھېچقاچان ئەمەس ئىدى، چۈنكى مەن-
زىلگە يېتەي دەپلا قالغاندۇق. بىز ئەتىسى قۇياش كۆتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن
سەھەر ۋاقتى سائەت تۆت يېرىمدا يولغا چىقىپ، چۈشتىن كېيىن سائەت
ئىككىدە مەنزىلىمىزگە — قەشقەرگە يېتىپ كەلدۇق

## ئوتتۇرا ئەسىر ئۇسلۇبىدىكى قەشقەر

قەشقەر بىلەن شۋېتسىيە ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ئالاھىدە مۇناسىۋەت
بار، دېگەن بۇ يەكۈننى ۋېنېتسىيىلىك ساياھەتچى ماركو پولو
چىقارغاندى. 1722 - يىلى فرانسىيىلىك شەرقشۇناس ۋە تارىخشۇناس
پېدىس L D كروۋا چىڭگىز خان ھەققىدە بىر ئەسەر ئېلان قىلدى. ئۇ
ئەسىرىدە: شۇ شەھەر (قەشقەر دېمەكچى) دە شۋېتسىيىلىكلەر پەيدا
بولۇشقا باشلىدى» دەپ يازىدۇ. 19 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا ئەنگلىيە-
لىك تود ئىسىملىك بىر گېنېرال ھىندىستاننىڭ راجىستان شتاتى ھەققىدە
تەسىرلىك، مۇكەممەل بىر ئەسىرنى نەشىردىن چىقاردى. ئۇ ئەسىرىدە
قەشقەرلىكلەر بىلەن شۋېتسىيىلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت
ھەققىدىكى قاراشلارنى تەكرارلايدۇ ھەمدە سكاندىناۋىيە بىلەن راجىستان
شتاتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈستىدە باشقىچە يەكۈن چىقىرىدۇ.
ماركو پولونىڭ ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرغان ئېھتىياتچان نەشرىيات سودى-
گىرى خېنرى يۇلى ئاشۇنداق مەنبەلەردىن كەلگەن قاراشلارغا غەزەپ
بىلەن رەددىيە بېرىپ، «ئۇنى ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلىگەنلىك» دەپ ئە-
يىبلەيدۇ.

پېدىس D. L. كروۋانىڭ ئەسىرىنى تەپسىلىي ئوقۇغانلىكى
كىشى ئۇنىڭ تود بىلەن يۇلىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى سېزىۋالالايدۇ
ھەمدە كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ھېلىقى گەپنىڭ كەشپىياتچىسى ماركو
پولو ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭ كىتابىدىكى بەت ئاستىدا
بېرىلگەن ئىزاھاتتا، مۇشۇنداق قاراشنى ھەققىي رەۋىشتە ئوتتۇرىغا قوي-
غان كىشىنىڭ شۋېتسىيىلىك مەشھۇر ئالىم يونا گابرىئىل سپارۇنفىلد

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/12.asp?isim=[2010-12-31 00:15:57]

alma uyghur book

ئىسكەنلىكى ئېيتىلىدۇ 1691 ـ يىلى پېدىس L. D كروۋا پارىژدا سپارۋنن-
فىلد بىلەن كۆرۈشكەن ۋەھالەنكى، سپارۋنفىلد كەلگۈسىدە چىڭگىز
خانىنىڭ تارىخىنى يازماقچى بولغان بۇ يازغۇچىغا قەدىمكى شۋېتسىيىنىڭ
يىلنامىسىدىن شۋېتسىيىلىكلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى قەشقەر ئىكەنلىكى
توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان. سپارۋنفىلد باشقا
بەزى سورۇنلاردا مۇنداق قاراشنى، يەنى ئوتتۇرا ئاسىيادا Geths
( گېتس ) دەپ ئاتىلىدىغان كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلار
Goths ( گوتس ) لار بىلەن ئوخشاش؛ بۇ Geths لارنىڭ پايتەختى
قەشقەر، ئۇ كاسگارد ( Khasgard ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ Oden لارنىڭ
ئاسگارد دەپ ئاتىلىشىدىن شىمالدىكى دۆلەتلەرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى
شەھەر تەلەپپۇزىغا يېقىن كېلىدۇ. سپارۋنفىلد بىلەن ئاشۇ دەۋردىكى
باشقا يازغۇچىلارنىڭ Oden لار تۈركلەر رايونىدىن كەلگەن دېگەن
پىكرى ئىسلاندىيىدىكى ئىنگلىزلار رىۋايىتىدىن بايقالغان ماتېرىياللار
تەرىپىدىن دەلىللەنگەن. بۇ يەردىكى Turkland سۆزى Troy ( تروي )
بىلەن ئوخشاش بىر مەنىدە. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى تۈركلەر،
ئۇلار يەنە ئاسىيالىقلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇمۇ Asar ( Asgarders —
ئاسگاردېرس ) بىلەن ئوخشاش. 18 ـ ئەسىردىكى ئىلمىي ئەسەرلەردە
ئىسلاندىيىلىكلەرگە ئائىت خەۋەرلەر دائىم نەقىل كەلتۈرۈلىدۇ. 1764 ـ
يىلى سۋېن راگبۇگ ( لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ) ئۆزى ياز-
غان « شۋېد تىلى بىلەن تۈرك تىلىنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى
ھەققىدە مەكتەپ مۇدىرى، چەۋەنداز يوھ ئەپەندىگە يېزىلغان خەت » نى
ئېلان قىلىدۇ. ئۇ خېتىدە Oden نى تۈركلەر ۋە ئاسىيالىقلارنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان بىر تالاي كىشىلەرنىڭ داھىيسى دەپ تەسۋىرلەيدۇ. 1745 ـ يىلى
4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، پېيرلوۋېن لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىلمىي ئۇنۋان
ئېلىش ئۈچۈن يازغان « Goinge توغرىسىدا » دېگەن ماۋزۇلۇق ئىلمىي
ماقالىسىنى تاپشۇرىدۇ. ئۇ بۇ ئىلمىي ماقالىسىدە مۇنۇ پاكىتنى، يەنى
Sveogthic لار بىلەن تۈركلەرنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى
ئىسلاندىيىدىكى ماتېرىيالدىن ناھايىتى ياخشى دەلىللىگىلى بولىدىغانلى-

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/12.asp?isim=[2010-12-31 00:15:57]

alma uyghur book

قىنى ، ئۇلارنىڭ ئاسىيادىن كۆچۈپ كەلگەنلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ ئىلمىي ماقالىسىدە ئۆز بايانىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ : « شۇڭا ، بىر قىسىم تۈركلەر Goinge دە ماكانلىشىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن بۇ ئەھۋال تا بۈگۈنكىچە كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق چۈنكى ، Torup Matterod ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى كەڭ رايونلار Lilla Tyrkiet ياكى lilla Tyrkiriet ( كىچىك كۈركە ) دەپ ئاتىلىدۇ بەزىلەر بەلكى بۇ كىشىلەردە ياۋايىلىق يوق دەپ قارىشى مۇمكىن شۇڭا ، بىرىنچى پەرەز توغرا بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن دېمەك ، بۇ ئىسىم قەدىمكى راماندا مۇقىم ماكان تۇتۇپ ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ ئىسمىدىن كېلىپ چىققان كېيىنكى ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا بۇ ئىسىمنىڭ ئورنىنى Goth ياكى Giongers دېگەن تېخىمۇ تونۇشلۇق ئىسىم تەدرىجىي ھالدا ئىگىلىگەن

قەشقەرگە تۇنجى قېتىم كەلگىنىمدە ، قەشقەرنىڭ شۋېتسىيىلىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئاساسى تولۇق بولمىغان گەپنىڭ تارقىلىپ يۈرگەنلىكىدىن خەۋىرىم يوق ئىدى بۇ كېيىنكى تەتقىقات نەتىجىسى ئىدى . مەن سۈيىن ھېدىننىڭ ئاشۇ ماتېرىياللارنى بايقىمىغانلىقىدىن بەكلا ھەيران قالدىم ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىشقا تولىمۇ ئامراقلىقى ۋە ئۇلۇغۋار ئىستەككە ئىنتىلىشتىن ئىبارەت جاسارىتىدىن قارىغاندا ، ئۇنىڭ بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى بايقىيالىشىدا شەك - شۈبھە يوق ئىدى

1929 - يىلى قەشقەرگە كېلىپ خۇددى ھازىرقى دەۋردىن ئوتتۇرا ئەسىرگە — « مىڭ بىر كېچە » نى فىلىمغا ئېلىش ئۈچۈن راسلىغان كۆرۈنۈش ئىچىگە كىرىپقالغاندەك بولۇپ قالدىم . بۇ يەردە يا ئاپتوموبىل ، يا موتسىكلىت يوق ئىدى ھەتتا ۋېلسىپىتمۇ كۆزگە چېلىقمايتتى بازار ئەتراپىدىكى قاراڭغۇ ، تارچۇق كوچىلارنى يورۇتىدىغان ئېلېكتر چىراغلار يوق ئىدى قەشقەردە گېزىت يوق ئىدى ، مەتبەئەدە بېسىلغان كىتاب تېخىمۇ يوق ئىدى مىرزا - كاتىبلار چاژا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ ، قولىيازمىلارنى ئەرەب ھەرپى بىلەن رەتلىك كۆچۈرەتتى ھەممىلا يەردە لىق سۇ قا-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/13.asp?isim=[2010-12-31 00:18:16]

alma uyghur book

چېلانغان تۇلۇم ـ چاناشلارنى دۇمبىسىگە ئارتىپ سۇ توشۇۋاتقانلارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. بوياقچى ئۇستاملار يىپلارنى ئېشىشتا ئىشلىتىدىغان بادىرلارنى بىر ـ بىرلەپ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە تىزىۋاتاتتى. ئۇلار بۆلۈۋالغان بازارلىرىنى قىزىل، سېرىق، كۆك ۋە سۆسۈن رەڭدە بويىۋالغان بولۇپ، بۇ ئوچۇق رەڭلەر ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىملەرنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدىن كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. تارچۇق كوچىلاردا ھەر مىللەت ئادەملىرى مېڭىپ يۈرەتتى. بايلار ۋە ئېسىلزادىلەر چىرايلىق گۈللۈك يوپۇق ـ شالچا سېلىنىپ، ئىگەرلەنگەن پوزۇر ئاتلارغا مىنىپ، مىغىلداپ تۇرغان كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈپ يۈرەتتى. قول ـ ئىلكىدىكى پۇل ـ مېلى ئانچە جىق ئەمەسلەر ئېشەككە مىنەتتى، ھالبۇكى شەھەر ئاھالىسىنىڭ زور كۆپچىلىكى بولغان كەمبەغەللەر پىيادە ماڭاتتى.

قەشقەرگە ئەمدىلا كەلگىنىمدە، بۇ يەردىكى ئېشەكلەر مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. بۇ ئېشەكلەر دۇنيادىكى ئەڭ قانائەتچان ھايۋان ئىدى. قەشقەر بازارلىرىدا لىق نەرسە قاچىلانغان خۇرجۇن ئارتىلغان ئېشەككە يەنە تېخى بىر ياكى ئىككى بالىنى ئالدىغا ئېلىپ مىنىۋالغان كىشىلەرنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. ئېشەككە نوقتا سېلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئېشەكنىڭ ئىگىسى قولىغا كىچىك بىر تاياق ئېلىۋېلىپلا مىنىۋالغان ئېشىكىنى ئۇياق ـ بۇياققا كېتىۋاتقان ئادەملەر توپى ئىچىدىن ئۆتكۈزۈپ كېتەلەيتتى. ئېشەكنى سول تەرەپكە ياكى ئوڭ تەرەپكە ماڭدۇرماقچى بولغاندا، ئېشەك ئىگىسى ئېشىكىنىڭ قۇلىقىغا تايىقىنى سەل ـ پەل تەگكۈزۈپ قويسىلا كۇپايە قىلاتتى. ئېشەكنىڭ ئىگىسى ئېشىكىنى سەل تېزرەك ماڭدۇرماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ ساغرىسىغا كېلىشتۈرۈپ بىر تاياق سېلىپ قويسىلا بولاتتى. ئېشەكتە ھارۋىلار ئارىلىرىدىن ئارىلاپ ئۆتۈپ كېتىشتىن ئىبارەت ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان خۇسۇسىيەت، شۇنداقلا يەنە توساتتىن ماڭماي تۇرۇۋالىدىغان ماھارەت بار ئىدى. ھالبۇكى، دۇنيادا ئۇلارنى ئالدىغا بىر قەدەم ئىلگىرىلىتەلەيدىغان بىرەر كۈچ تېخى بارلىققا كەلگىنى يوق ئىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ ئېشەك باشقا ھايۋانلار بىلەن نوھ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/13.asp?isim=[2010-12-31 00:18:16]

alma uyghur book

ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىگە چىققان چاغدا، ئېشەكتە يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ نەتىجىسىمىش. شەيتان نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىگە چىقىشقا مۇيەسسەر بولالماي تېپىرلاپ كېتىپتۇ. ئاخىر ئېشەكنىڭ قۇيرۇقى ئاستىغا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ، ئېشەككە شەيتاننىڭ نەگە يوشۇرۇنۇۋالغانلىقى ئايانىدى ئېشەك سەممىي ھايۋان بولغانلىقتىن كېمىگە چىقىش نۆۋىتى كەلگەندە، كېمىگە چىقماي تۇرۇۋاپتۇ، نوھ ئەلەيھىسسالام ئېشەكنى كېمىگە چىقىرىشقا خېلى زورۇقۇپتۇ، ئەمما ئېشەك تۇرغان جايىدىن مىدىر - سىدىر قىلماي تۇرۇۋاپتۇ، نوھ ئەلەيھىسسالام ئېشەكنى قۇلىقىدىن تۇتۇپ تارتقان بولسىمۇ كار قىلماپتۇ. شۇغىنىسى ئېشەكنىڭ قۇلىقى شۇنىڭ بىلەن ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ — مانا بۇ ئېشەكنىڭ قۇلىقى نېمىشقا ئۇزۇن بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىمىش. بۇنىڭغا قەشقەر بازارلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىشىنەتتى. نوھ ئەلەيھىسسالام ئىشنىڭ تەكتىگە يېتىپ، ئايلىنىپ ئېشەكنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى تارتىپ، مەھكەم يوشۇرۇنۇۋالغان شەيتاننى قوغلىۋېتىپتۇ. ئېشەك ھېلىقى بەدقىلىق ھەم ئۆزىنى بىئارام قىلغان يۈكتىن خالاس بوپتۇ - دە، تېخى ھېلىلا ئۈزۈلگەن قۇلىقىنى دىڭ كۆتۈرۈپ، بېشىنى ئۇستۇن تۇتقان پېتى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىگە مەغرۇر ھالدا چىقىپتۇ. بۇنىڭدىن شۇنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئېشەكنىڭ ھېلىگەر شەيتان بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ بىر كەچۈرمىشى بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا ئېشەكنىڭ گاھى چاغلاردا توساتتىن ماڭماي توختىۋېلىشىنىڭ سەۋەبىمىش.

شۇ يىللاردا قەشقەرنىڭ ئەتراپى ئون مېتىرچە ئېگىزلىكتىكى پۇختا سېپىل بىلەن قورشىلىپ قورۇققا ئېلىنغانىدى. سېپىل خام كېسەك بىلەن قوپۇرۇلۇپ، ئاندىن كېسەك ئارىلىقىدىكى كاۋاكلارغا لاي سىلىش ئارقىلىق ياسالغانىدى. سېپىلنىڭ تۆپىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇ يەردە ئىككى چاقلىق ئات ھارۋىسى بىمالال ماڭالايتتى. سىرت بىلەن بولىدىغان ئالاقە شەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسى ئارقىلىق بولاتتى. شەھەرنىڭ دەرۋازىسى كەچتە تاقىلىپ، ئەتىگەندە ئېچىلاتتى. شەھەردە ھەرخىل بازارلار، ھەيۋەت يوغان مەسچىتلەر، شۇنداقلا بايلار ۋە يوقسۇللارنىڭ ئۆيلىرى بار

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/13.asp?isim=[2010-12-31 00:18:16]

alma uyghur book

ئىدى جۇڭگونىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى شەھەر سىرتىدا ئىدى، شەھەر سىرتىدا يەنە ئەنگلىيە ۋە روسىيىنىڭ كونسۇلخانىسى، شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكى، شۇنداقلا ئۇلار ئاچقان دوختۇرخانا ۋە باشقا پاراۋانلىق ئورۇنلىرىمۇ بار ئىدى شەھەر سىرتى ياپيېشىلچىلىق بىلەن پۈركەنگەن بولۇپ، ھەممە يەردە قۇياش نۇرى جىلۋە قىلىپ تۇراتتى ۋەھالەنكى، شەھەر ئىچى بولسا دائىم يېرىم يورۇق، يېرىم قاراڭغۇ ھالەتتە تۇراتتى

كىشىلەر شۇ چاغدىكى قەشقەرگە ئوخشاش تازا روناق تاپقان ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام جەمئىيىتىنى بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدىن تاپالمايدۇ ئىلگىرى ئافغانىستاندا شۇنداق جەمئىيەت خېلى ئۇزاق مەۋجۇت بولغان بولسىمۇ، بىراق بۇنداق جەمئىيەت ھازىرقى زاماننىڭ روراۋانلىقى ئالدىدا ئۇ يەردىمۇ ئاللىقاچان بەربات بولۇپ كەتتى ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، قەدىمكى قەشقەر ھەققىدە كىشىنى قانائەتلەندۈرگۈدەك ئەسەر يازىدىغان ئادەم چىقمىغانىدى ئۇ يەردىكى بازارلارنى، ئاشۇ بازارلارنى دەۋر قىلىپ شەكىللەنگەن تۇرمۇشنى تەسۋىرلەيدىغان ئادەم چىقمىغانىدى مەن قەشقەردە تۇرغان چېغىمدا قەشقەرنىڭ سىرلىق ھالىتىنى كۆزىتىشكە تېخىمۇ كۆپرەك ۋاقتىمنى سەرپ قىلمىغانلىقىمدىن بەكلا ئەپسۇسلىنىمەن مېنىڭ كۆرسىتىدىغان باھانە - سەۋەبىم ئۇيغۇر تىلى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىم بارلىق ۋاقتىمنى ئېلىپ كەتتى، دېگەندىن ئىبارەت لېكىن، مەن قەشقەرگە خاس «مىڭ بىر كېچە» تۈسىنى ئالغان ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن بىر قىسىم خاتىرىلەرنى ھازىرمۇ يەنىلا ساقلاۋاتىمەن

قەشقەردىكى كىشىلەر بازارلىرىنىڭ ئۈستىنى باراڭ قىلىۋالىدىغان، تار كوچىلاردا سۇۋادان تېرەكلەر ئارىلىرىغا شاخ - شومبا سېلىپ چەللە قىلىۋالىدىغان بولغاچقا، قۇياش نۇرى بۇ بازار ۋە تار كوچىلارغا چۈشمەيدۇ يازنىڭ 40 °C لۇق تومۇز كۈنلىرىدە، باراڭ ئاستىدىكى سالقىن جايلار كىشىنى بەكمۇ ھوزۇرلاندۇرىدۇ يېرىم قاراڭغۇ، يېرىم يورۇق، لېكىن باراڭنىڭ يوچۇق ئارىلىقلىرىدىن ئۆتكەن كۈن نۇرى ھەممە يەرگە چۈشۈپ تۇرىدىغان قىيپاش چۈشكەن كۈن نۇرىدا، يىپمەكلىك بازىرىدىكى ئوچاق - تونۇرلاردىن، ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ دوكانلىرىدىن

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/13.asp?isim=[2010-12-31 00:18:16]

كىشىلەرنىڭ چەككەن تاماكىسى ۋە ھىندىستان نەشىسىدىن چىققان كۆك-كۈچ ئىسلار كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان شۇ كوچا ھېلىغىچە ئېسىمدىن كەتمەيدۇ  تاماكا ئىسى بۇرنۇمغا پۇرالغان خىلمۇ خىل پۇراقلار بىلەن بىرلىشىپ بىر خىل مەززىلىك پۇراققا ئايلانغانىدى ، مەيلى ئالەمنىڭ قانداق يېرىدە بولۇشتىن قەتئىينەزەر ، شۇ پۇراق بۇرنۇمغا قايتا پۇرالغان ھامان ئۇنى شۇ زاماتلا پەرق ئېتەۋالالايمەن  بۇ يەردە ئاجايىپ قىزىق بولغىنى بىر خىل پۇراقنى سېزىش جەھەتتىكى ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ قانداق ۋاقىتتا ئادەمنىڭ ئۇنى پەرق ئېتىشىگە ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىدا  تا بۈگۈنكى كۈندىمۇ تېرەك ئوتۇننى قالىغاندا چىققان ئىسنى پۇرىسামلا قەشقەر يادىمغا كېلىدۇ

قەشقەر بازارلىرىدىكى تار كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە دۇكانلار جايلاشتۇرۇلغان  دۇكاندارلار خېرىدارنى كۈتۈپ يەرگە سېلىنغان گىلەم ئۈستىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇرىدۇ  ئۇلار ۋارقىراپ خېرىدار چاقىرمايدۇ ۋارقىراپ - جارقىرايدىغانلار كوچىلاردىكى مۇقىم دۇكىنى بولمىغان ئۆششاق ئېلىپ - ساتارلار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئورنى دۇكاندارلارنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ  قەشقەر بازارلىرىدىكى نەرسىلەرنىڭ باھاسى تۇراقسىز بولىدۇ ، دۇكاندار خېرىدارغا شۇنداق بىر قاراپلا خېرىدارنىڭ قانداق ئىقتىسادىي مەنبەگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدە ئېنىق دىتلاپ بولىدۇ - دە ، كېيىن ئۇنى ئىندەككە كەلتۈرۈشنىڭ ئاسان - ئاسان ئەمەسلىكىنى دەڭسەپ كۆرىدۇ  مانا بۇلار ئالغا دەسلەپ باھا قويۇش دائىرىسىنى بەلگىلەيدۇ  كەيىندىنلا يەنە بىر دەم باھا تالىشىش بولىدۇ مانا بۇ سودىلىشىۋاتقان ئىككى تەرەپنى پەيدىنپەي قىزىتىشتىكى سەنئەت شەكلىدىن ئىبارەت

بازاردا ھەر بىر كەسىپ ۋە ھۈنەر - سەنئەتنىڭ مۇقىم ئورنى بولىدۇ  توقۇلما بۇيۇملار ۋە گىلەم بازىرىدىكى جىمجىتلىق بىلەن مىسكەر بازىرىدىكى تاراق - تۇرۇق قىلغان سادالار روشەن سېلىشتۇرما بولىدۇ بېشىغا سەللە ئورىغان ئۇيغۇرلار كەك ، ئۇزۇن تون - يەكتەك كىيىپ تەمكىن - تەقۋا قىياپەت بىلەن بازار ئارىلايدۇ . گاھىدا يۈزىگە قارا چۈم-

www.alma.cn

alma uyghur book

پەردە ئارتىۋالغان ئاياللارمۇ كۆزگە چېلىقىپ قالىدۇ. يۈزگە چۈمپەردە ئارتمىسا ئاياللارنىڭ تالا ـ تۈزگە چىقىشىغا يول قويۇلمايدۇ ئۇ چاغلاردا ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە ـ قانۇنلىرى ناھايىتى قاتتىق ئىدى ئىلمە ـ توقۇلما بۇيۇملىرى ۋە گىلەم بازىرى جىمجىت، كىشى ئازادىلىك ھېس قىلىدىغان، ئەمما سودىدا ئۇگاي پۈتۈشكىلى بولمايدىغان جاي ئىدى بەزىدە سىز ئۇ يەردە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئىلمە ـ توقۇلما بۇيۇملىرى جەھەتتىكى نۇسخىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ــ خوتەن، يەكەن ياكى قەشقەرنىڭ ئۆزىدە ئىشلەنگەن كەشتىلەنگەن توقۇلمىلارنى ۋە گىلەملەرنى تاپالايسىز لېكىن، تاشكەنت ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقا توقۇمىچىلىق مەركەزلىرىدىن ئىمپورت قىلىنغان توقۇلمىلار يەرلىك توقۇلمىلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋالىدىغان ھالەت بار ئىدى ئىمپورت قىلىنغان توقۇلمىلارنىڭ نۇسخا ـ پاسونلىرى خىلمۇ خىل، تۈرى كۆپ، رەڭدار بولغاچقا، كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ھازىرمۇ مۇنداق توقۇلمىلار يەنىلا بازارنى ئىگىلىگەن، بىرلا پەرقى، بۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلمەستىن، بەلكى قەشقەرنىڭ ئۆزىدىكى توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان بولغان

20 ـ يىللاردا كىشىلەر بازاردا توقۇلغىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغان ھەقىقىي گىلەملەرنى ئۇچرىتاتتى، بۇنداق گىلەملەر ھازىرقى خىمىيۋى بوياق ماتېرىياللىرى قىلىنىشتىن بۇرۇن ھاسىل بولغاچقا، قەدىمكى ئۇسلۇبىنى يوقاتمىغانىدى بازاردىن گىلەم ئېلىشقا توغرا كەلسە، توپتوغرا بىر كۈن بازار ئايلىنىپمۇ ئالغىلى بولمايتتى، ئۇنىڭغا بىر نەچچە ھەپتە ياكى كۆپ بولغاندا بىر ئايدەك ۋاقىت كېتەتتى سىز بۇ دۇكاندىن ئۇ دۇكانغا بېرىپ دۇكاندا ئولتۇرۇپ، دۇكاندار بىلەن سودىلىشىپ، يا ئۇنىڭ گىلىمىنى ماختايسىز، يا باشقىچە پىكىر بېرىسىز، چاي ئىچىشكەچ، ياكى قوغۇن ـ تاۋۇز يېيىشكەچ سودىلىشىسىز بۇ بازاردا «خوتەن سارىيى» دېيىلىدىغان ئالاھىدە بىر يەر بار ئىدى، ئۇ يەردە كۆپىنچە قەشقەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى جەنۇبىي يىپەك يولىدىكى خوتەن شەھىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن گىلەملەر سېتىلاتتى. شۇ چاغدىكى خوتەن گىلىمى خۇددى

ئالما تور سەھىپىسى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/13.asp?isim=[2010-12-31 00:18:16]

alma uyghur book

هازىرقىدەك سۈپەتلىكلىكى ۋە نۇسخىلىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن داڭلىق ئىدى  ئانارگۈل نۇسخىسىدىكى بىر خىل گىلەم بەك داڭلىق بولۇپ، ئۇنىڭ قېنىق كۆك رەڭگى بىلەن ئوچۇق، ئازادە قىزىل رەڭگى ئاجايىپ ماس كەلگەنىدى  ئۇ يەردە يەنە خەنزۇلار لايىھەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش نەتىجىسىدە توقۇلغان گىلەملەرمۇ كۆزگە چېلىقاتتى  بۇنى ئۇنىڭ نۇسخىسى ۋە بۇ يېقىندىن تونۇۋالغىلى بولاتتى  گاھىدا قىرغىزلارنىڭ شىرداقلىرىمۇ كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى. ئۇنى تاغدا ئولتۇراقلاشقان قىرغىز چارۋىچىلار توقۇغان  ئۇ گۈللىرى تەكشى، لايىقىدا بولۇش، ئىشلىتىلگەن قىزىل ۋە كۆك رەڭگى توق ـ قېنىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى

يېمەكلىكلەر بازىرى ئالاھىدە بىر جايدا ئىدى  بۇ يەرگە خىلمۇ خىل، ئەسلىھەلىرى ئاددىي ئاشخانىلار ۋە ئوچۇقچىلىقتا سېلىنغان ئۈستى ئوچۇق يېمەكلىكلەر يايمىلىرى يىغىلغانىدى  بۇ بازاردا تەييار يېمەكلىكلەرنى سېتىۋالغىلى بولاتتى  ئۇستاملار ھەرخىل مەززىلىك قورۇمىلارنى، كاۋاپلارنى، ئۇششاق توغرالغان گۆشلەرنى، گاڭپەن ۋە مەززىلىك ھىدى دىماغقا ئۇرۇپ تۇرىدىغان پولولارنى، شۇنداقلا يەنە تولىمۇ يېيىشلىك گۆش نانلارنى خېرىدارلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلەتتى  نېمە دېسە شۇ تېپىلاتتى  ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىدا راسلىغىلى بولىدىغانلىكى ياكى خەنزۇلارنىڭ ئاشپەزلىك ماھارىتى بويىچە پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى بازاردا بار ئىدى  يوقسۇللار ۋە تىلەمچىلەر مەززىلىك پۇراق قاپلىغان يېمەكلىكلەر بازىرىدا ئۇياقتىن بۇياققا ئايلىنىپ يۈرۈپ، تاماق يەۋاتقانلارغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى  ئەمما، خەير ـ ساخاۋەتچىلىك ئىسلام دىنىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ئىدى  ئىشىنىمەنكى، بۇ تەلىمگە يېمەكلىكلەر بازىرىدا باشقا جايلارغا قارىغاندا تېخىمۇ بەجانىدىل ئەمەل قىلىناتتى  گۆش بازىرى يېمەكلىكلەر بازىرىنىڭ يېنىدا بولاتتى. ئەلۋەتتە، گۆش بازىرى قاسساپلارنىڭ بازىرى بولغاچقا، بۇ بازارنىڭ ھەممىلا يېرىدىن قوي گۆشى ۋە قوي يېغىنىڭ پۇرىقى، خام گۆشنىڭ سېسىق پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى  ئىسلام دىنىدا توڭگۇز گۆشى يېيىش قەتئىي

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/13.asp?isim=[2010-12-31 00:18:16]

alma uyghur book

مەنئى قىلىنغانىدى. تولگۇز ( tonggaz ) دېگەن بۇ سۆز بازاردا ياكى باشقا ھەرقانداق يەردە يامان گەپ دەپ بىلىنگەچكە، دائىم ئادەم تىللاشقا قوللىنىلاتتى. قاسساپ بازىرى ۋە شۇ بازاردا سويۇلغان ماللارنىڭ پۇرىقى بىلىنەر - بىلىنمەس مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ھازىرمۇ قەشقەردىكى گۆش بازىرىنىڭ تەسىرى تۆپەيلىدىن مېنى پات - پات قارا بېسىپ قالىدۇ.

مەن دائىم ئۇزۇن بازار كوچىلىرىنى ئايلىنىپ چۈش كۆرىمەن. ئۇ يەردىكى باراڭلاردا ساپ - ساپ ئۈزۈملەر قاتار - قاتار ئېسىقلىق تۇراتتى ( بۇ مېنىڭ ئويۇم ئەمەس، ئەمەلىي ئەھۋال شۇنداق ئىدى ). باشتا، تېرەك ياغىچىنىڭ چاپان شاللىرى بىلەن يېپىلغان باراڭنىڭ يوچۇقلىرىدىن كۈن نۇرى چۈشەتتى. بىراق، كوچا بىردىنلا قاراڭغۇلىشىشقا باشلايتتى. قاراڭغۇ بارغانسېرى كۈچىيەتتى - دە، توساتتىن قاسساپ بازىرىغا بېرىپ قالاتتىم. ئىككى قاسناقتىكى دۇكانلىرى قانلىرى تامچىپ تۇرغان پارچە - پارچە قىلىپ چانالغان گۆشلەر بىلەن ياكى سويۇلغان قويلار بىلەن تولغانىدى. كوچىلارنىڭ مەينەت يوللىرى بەك تېيىلغاق ئىدى. بۇلارغا قارىماستىنقا كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان گۆش پۇرىقىنى پۇرىماسلىق كويىدا تىپىرلايتتىم. دەرھال باشقا بىر كوچىغا قايرىلىپ ماڭاتتىم. بۇ كوچىمۇ بارغانسېرى تارىيىپ كېتىۋاتاتتى. گەرچە تالڭ - تۇڭ قىلغان ئاۋازلار قۇلاقنى يېرىۋەتكۇدەك دەرىجىدە ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا مىسكەر بازىرىغا بېرىپ قالاتتىم. ئۇ يەردىن قايتىپ چىقماقچى بولۇپ شۇنچە قىلغان بولسامۇ، ئەكسىچە يەنە بىر تار كوچىغا كىرىپ قالاتتىم. بۇ كوچىمۇ تېخىمۇ تارىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنە يېڭى بىر ئورۇنغا كېلىپ قالاتتىم. ئۇ يەردە يېڭى ماللار ۋە يېڭى كوچىلار تۇراتتى. ئەمما، يېڭى كوچا بارغانسېرى كىچىكلەپ ئادەم مىدىر قىلغۇدەك جايىمۇ قالمايۋاتاتتى. كەينىدىنلا بىر تام ئالدىدا تۇرغانلىقىمنى بايقايتتىم. ئىلاجىنىڭ يوقىدىن يەنە ئەسلىدىكى يولۇم بىلەن قايتاتتىم. مەن كىشىنى بىئارام قىلىدىغان شۇنداق ئەھۋالدا چۈشۈمنى ئاخىرلاشتۇرۇش چارىسىنى ئاللاشقا مەجبۇر بولدۇم

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/13.asp?isim=[2010-12-31 00:18:16]

گۇگۇم چۈشەي دېگەندە بازارنى ئايلىنىش ، بولۇپمۇ روزا تۇتقان
رامىزان ئايلىرىدا شۇنداق قىلىش ئاجايىپ كەچۈرمىشتىن ئىبارەت ئىدى
كۈن پېتىشى بىلەن تەڭ روزا تۇتقۇچىلار ئىپتار قىلىشقا باشلايدۇ  شۇنىڭ
بىلەن بىر كۈنلۈك روزا ئاخىرلىشىدۇ  لىپىلداپ تۇرغان جىن چىراغ نۇرى
كوچىلاردا مىدىرلاۋاتقان كۆلەڭگىلەرگە چۈشىدۇ  سىر قاتار ـ قاتار
ئۆيلەردىن چىققان مۇزىكا ئاۋازىنى ئاڭلىيالايسىز . دۇتارنىڭ جاراڭلىق
ساداسىغا دائىم ناخشا تەڭكەش قىلىنىدۇ  بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشىسى
بولۇپ ، ياڭراق ئاۋازدا ئېيتىلىدۇ  ناخشا ئېيتقۇچى پات ـ پات توختاپ
قالاتتى  بۇ ناخشىلار ياۋروپالىقلارغا ئانچە يېقىملىق تۇيۇلمايدۇ  ناخشا
ئاۋازى دۇتارنىڭ ئاۋازى بىلەن بىرلىشىپ ، رامىزان ئېيىنىڭ كەيپىياتىغا
ناھايىتى ماسلاشقانىدى  بىر پەس ئاڭلايدىغانلا بولسىڭىز ، ئاشۇ مۇزىكىغا
كۆنۈپ قالىسىز ، ھەتتا ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ھۇزۇرلىنىدىغان بولۇپ
قالىسىز  ئەرلەر چايخانىلاردا چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ ، چاي ئىچكەچ شۇ
كۈنى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلىشىدۇ  بۇ يەرلەردە ئاياللار
بولمايدۇ  ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا بارىدىغان يەرلىرى بار ، ئۇلار مۇنداق ئام-
مىۋى سورۇنلارغا بارمايدۇ  كەچ سائەت تۇققۇز بولغاندا ، سېپىل
دەرۋازىسىنى تاقاشقا بەلگە بېرىپ ئىككى پاي توپ ئوقى ئېتىلىدۇ  ئائى-
لىسى سېپىل سىرتىدىكىلەر ئاشۇ ۋاقىتتىن بۇرۇن شەھەردىن چىقىپ
كېتەلمىسە قەشقەرنىڭ قېلىن سېپىلىنىڭ ھىمايىسى ئارقىسىدا ، شەھەردە
بىر كېچىنى ئۆتكۈزىدۇ

قەشقەردە باشقا يەرگە ئوخشىمايدىغان ، ئۆزبېكىستاندىكى ئەنجان
شەھىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان ئەنجان رەستىسى دېگەن-بىر يەر بار
ئۇ چاغدا ئەنجان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا مال ئېكسپورت قىلىدىغان
چوڭ ئورۇن ئىدى  قەشقەردىكى ئەنجان رەستىسىدە بازار ۋە باراڭلىق
كوچىلار يوق ئىدى  ئۇ يەرگە سودىگەرلەر روس پاسونىدىكى پىششىق
خىشلىق ئۆيلەرنى سالغانىدى ، مۇنداق ئۆيلەر ئادەتتە ئىككى قەۋەتلىك
سېلىناتتى  سىز بۇ يەردىن ھەرخىل ياۋروپا ماللىرىنى سېتىۋالالايسىز  بۇ
ماللار ئاساسەن روسىيىدە ئىشلەنگەن ماللار ئىدى  ئەمما ، ھىندىستاندا

www.alma.cn

alma uyghur book

ئىشلەپ چىقىرىلغان نەرسىلەرمۇ ئۇچراپ قالاتتى . مانا بۇ يېڭى بىر
دەۋرنىڭ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنىڭ سىگنالى ، شۇنداقلا قەش-
قەرنىڭ پات ئارىدا زامانىۋىلىشىشقا قاراپ ماڭىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى
ئىدى . ئەمما ، بۇلار ھازىرچە بىر خىل ئالامەتتىنلا ئىبارەت خالاس ئو-
مۇمەن ئېيتقاندا ، ئۇ چاغدا قەشقەرلىكلەر ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ
ئەۋزەللىكىنى تېخى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەيتتى چۈشىنەلمەيدىغان
تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ھەممىسىنى shaitan ( شەيتان ) ، يەنى
جىن ـ شەيتان بىلەن مۇناسىۋەتلىك نەرسە دەپ ئاتايتتى بىر قېتىم بىر
خەنزۇ قەشقەرگە بىر ۋېلىسىپىت ئېلىپ كەلگەنىكەن ، شۇ يەردىكىلەر ئۇ-
نىڭ نامىنى shaitan arbasi ( شەيتان ھارۋىسى ) دەپ ئاتىشىپتۇ
ۋەھالەنكى ، كىتاب ۋە ئاسار ئەتىقىلەرنى سەييارە ساتىدىغان سودىگەرلەر
روزى ئاخۇن مەن ئېلىپ بارغان پلاستىنكىلارنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان
چېغىدا ، پلاستىنكىلارنى shaitan naghmasi دەپ ئاتىغانىدى ئەگەر
ئۇنى ئەركىنرەك تەرجىمە قىلغاندا « شەيتاننىڭ ئاۋازى » دەپ تەرجىمە
قىلىشقىمۇ بولىدۇ ئەنجان رەستىسىدىن روسلار ياسىغان سەرەڭگىنىمۇ
سېتىۋالغىلى بولاتتى ئەمما ، 1929 ـ يىلى قەشقەرنىڭ كۆپ سانلىق
كىشىلىرى ئۆزلىرى ياسىغان گۈگۈتنى ئىشلىتەتتى . بۇ خىل گۈگۈت تې-
رەك ياغىچىنىڭ ئۇچىغا ئازراق گۈگگۈرت يالىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ بۇ
گۈگۈت ئاساسلىقى قولۇم ـ قوشنىلار ياكى باشقا رەھىمدىل كىشىلەرنىڭ-
كىدىن ئوت ـ چوغ سوراپ كىرىشتە ئىشلىتىلەتتى تاغدا تۇرۇشلۇق
قىرغىزلار يەنىلا خېلى بۇرۇنقى زاماندىكى تاشتىن ئوت چىقىرىش ئۇسۇ-
لىنى قوللىناتتى ئۇلار پىلتىكۇچنى چىرايلىق تولۇم ـ چاناشقا سېلىپ
ساقلايتتى ئوت چىقىرىش ئۈچۈن ، پىلتىكۇچنىڭ تۆۋەنكى ئۇچىغا پولات
پارچىسى بېكىتىلگەنىدى ئەنجان رەستىسى قەشقەرنىڭ زامانىۋىلاشقان
رايونى بولۇپ ، ئۇ كەلگۈسىدىكى قەشقەرنىڭ سىمۋولى ئىدى . لېكىن ، بۇ
ماۋزېدوڭ جۇڭگونى ئىسلاھ قىلىشتىن بۇرۇن يوقىتىلدى

مەن بىر كۈنى ئەنجان رەستىسىدە مۇنداق بىر ئىشنى كۆردۈم . بۇ
ئىش شۇ چاغدىكى خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/13.asp?isim=[2010-12-31 00:18:16]

alma uyghur book

مۇناسىۋەتنى چۇشەندۇرۇپ بېرەلەيدۇ  قەشقەردە خەنزۇلار ئاز ساندا بو-
لۇپ ، ئادەتتە ئۇلار كۆزگە چېلىقمايتتى  ئەمما ، ئۇلار شىنجاڭنىڭ
هۆكۈمرانلىرى ئىدى  ئۇلارنىڭ هۆكۈمرانلىقى ناهايىتى مۇستەهكەم
ئىدى  ئەمما ، كىشىلەر تالان ـ تاراج ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئەهۋاللىرىنى
ئانچە كۆپ ئۇچراتمايتتى  هېچبولمىغاندا ئاشۇ چاغدا شۇنداق ئىدى
مېنىڭ ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلىرىم خەنزۇلارغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىكنىڭ
تەدرىجىي بىخ سۈرۈۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈەتتى  ئارىدىن بىر نەچچە
يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، خەنزۇلار شىنجاڭدا بىر ۋەقە قوزغىدى
شۇ كۈنى ئەنجان رەستىسىنىڭ تار كوچىلىرى قىستا ـ قىستاڭ
بولۇپ كەتكەن بولۇپ ، مېڭىش ناهايىتى تەس ئىدى  قىستاڭچىلىق
ئىچىدىكى كىشىلەر توپى ئەپسۇن ئوقۇلغان قوماندانلىق كالتىكىگە ئىتائەت
قىلغانغا ئوخشاش بىردىنلا كوچىنىڭ بىر تەرىپىگە ئۆتۈپ ئۆزلىرىنى دال-
دىغا ئېلىشتى  بىر خەنزۇ چېرىك ئاتقا مىنىپ غالجىرانە قۇتراپ
كەلگىنىچە يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى خالايىققا قاراپ : پوش ـ پوش ،
يولنى بوشات ! دەپ ۋارقىرىدى  ئۇنىڭ كەينىدىن خەنزۇ پاسوندىكى بىر
نەپىس مەپە كېلىۋاتاتتى  مەپىگە تۆت ئات قوشۇلغان بولۇپ ، مەپە ئەترا-
پىنى ئاتلىق قوغدىغۇچىلار مۇهاپىزەتلەپ قىلىپ ماڭماقتا ئىدى  بۇلار
كوچىدىكى چوڭراق بىر دۇكان ئالدىدا توختىدى  مەپىدىن پەلەمپەي
تاختاي چۇشۇرۇلدى  يەرگە قىزىل پايانداز سېلىندى  كېيىن مەپىدىن
پۈزۈر كىيىنگەن ، يۈزلىرىگە گىرىم قىلىۋالغان ئېسىلزادە ئىككى خېنىم
چۈشتى . هەربىي ئەمەلدارلار ئۇلارغا هەربىيچە سالام بېرىشتى  ئىككى
خېنىم دۇكانغا كىرىپ كەتتى  شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ، كوچىدىكى
كىشىلەر توپى هېلىقى ئىككى مەلئۇننى كۆرمەكچى بولۇشۇپ مەپىگە
يېقىنلاشتى . بىر يوقسۇل كىشى قىستاڭچىلىقتا ئىتتىرىلىپ مەپە ئالدىغا بې-
رىپ قالدى ، شۇ زاماتلا ئورۇق ، ۋىجىك كەلگەن بىر خەنزۇ چېرىك
قولىدا قامچىنى تۇتقان هالدا پەيدا بولدى . هېلىقى يوقسۇل ئۇيغۇرنىڭ
قاتتىق قامچىلانغانلىقىدىن ئىبارەت پاجىئەلىك كۆرۈنۈشنى تەسۋىرلەش
قىيىن ئىدى  كېيىن هېلىقى ۋىجىك خەنزۇ ئەتراپتا قاراپ تۇرغان كىشى-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/14.asp?isim=[2010-12-31 00:17:34]

alma uyghur book

لەر توپى ئارىسىدىن بىر نەچچە ئۇيغۇرنى تارتىپ چىقىرىپ، يۇقىرىقىدەك ئۇسۇلدا ئۇلارنىمۇ ئەدەبلەپ بۇ ئىشنى ئەۋجگە چىقاردى. شۇ جايدىكى باشقا ھەربىي ئەمەلدارلار بۇنىڭدىن خۇشال بولۇشتى  ھالبۇكى، ئۇيغۇرلار بولسا قىلچىلىكمۇ قارشىلىق تۇيغۇسىنى ئىپادىلىمەي، ئۆز جايىدا قىمىر قىلماي پەرۋاسىز تۇرۇشتى  چۈنكى، ئۇنداق قىلىشنىڭ پايدىسى يوقلۇقى ئۇلارغا ئايان ئىدى

## قەشقەردىكى چەت ئەللىكلەر

قەشقەردىكى چېغىمدا، باردى - كەلدى قىلغۇدەك ھېچقانچە چەت ئەللىك يوق ئىدى  چەت ئەللىكلەر دېگىنىم ئاساسلىقى ياۋروپالىقلار ئىدى. ئۇلارنىڭ سانى پەقەت بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا ئاز ئىدى  ئۇ يەردە بىر قىسىم ھىندىلارمۇ بار بولۇپ، كىشىلەر لومشۇپ ئېقىۋاتقان بازاردا ئۇلارنى ئاسانلا پەرق ئەتكىلى بولاتتى  ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئافغانلار ۋە ئەرمەنلەردىن بىر نەچچەيلەنمۇ بار ئىدى  ياۋروپالىقلار ئىچىدە روسلار، ئىنگلىزلار ۋە شۋېتسىيىلىكلەر بار ئىدى  روسىيىلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ كونسۇلخانىسى ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلار تالا - تۈزگە ناھايىتى ئاز چىقاتتى. شۇنداقلا ئۇلار باشقا ياۋروپالىقلار ئۇيۇشتۇرغان قائىدىلىك - ئەدەبلىك بولغان ئىجتىمائىي ئۇچرىشىش پائالىيەتلىرىگىمۇ ناھايىتى ئاز قاتنىشاتتى  باشقا ياۋروپالىقلارمۇ ئۇلار بىلەن ئىمكانقەدەر باردى - كەلدى قىلىشمايتتى  بۇ يەردە روسىيىلىكلەرنى چەتكە قېقىشتىن ئىبارەت ھېچكىممۇ ئاغزىدىن چىقىرالمايدىغان بىر خىل كەيپىيات مەۋجۇت ئىدى  چۈنكى، ئۇلار كوممۇنىست ئىدى ياكى بۇگۇنكى گەپ بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلار بولشېۋىك ئىدى  ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا يۈز بەرگەن مالىمانچىلىق تېخى يېقىندىكى ئىشلار بولغاچقا، كىشىلەرنى 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى تىنچ دۇنيادا شۇنچە كۆپلىگەن پارچىلىنىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندا، بەك ئېھتىياتچان ۋە دىلغول قىلىپ قويغانىدى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/14.asp?isim=[2010-12-31 00:17:34]

alma uyghur book

بولشېۋىكلار روراۋانلار ۋە قەستلەپ ئادەم ئۆلتۈرىدىغانلار دېگەن ئاتاققا ئىگە كىشىلەر ئىدى  شۇ چاغدىكى گېزىت ، رادىئو ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە بۇ ھەقتە تەپسىلىي خەۋەر بايان قىلىنغانىدى  ئۇلار چەت ـ خىلۋەت يېپىق ھالەتتىكى قەشقەردە « قارشى ئېلىنمايدىغان كىشىلەر » ئىدى  كىشىلەر ئۇلار بىلەن سالاملاشقاندا ھامان رورمۇ زور كۆلۈپ قوياتتى ، ئۇلار بىلەن ھەقىقىي ئالاقە قىلمايتتى

ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدىكى بىر نەچچە ئەنگلىيىلىك ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ قەشقەردىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت دائىرىسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى  ئۇلار ئىچىدە ف  ۋىلىيامسون ئىسىملىك بىر باش كونسۇل ، بىر نەپەر ئوتتۇرا ئاسىيا ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى ، ياردەمچى كونسۇل جورج شېرىف بار ئىدى  جورج شېرىف ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى توپىلاڭ كۆتۈرۈلگەن يەردىن كەلگەن ھەربىي ئىشلار جەھەتتە تەجرىبىسى بار كاپىتان ئىدى  مەن ئۇلار بىلەن ، بولۇپمۇ شېرىف بىلەن ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدىم  چۈنكى ، مەن ئۇلار بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئىدىم  مەن ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىدا قەشقەرگە ساياھەتكە كەلگەن بىر نەچچە ئەنگلىيىلىك بىلەن ئۇچراشتىم  ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى فرانك رۇدلو ئىسىملىك تەبىئىي پەن ئالىمى ھېلىمۇ ئېسىمدە ناھايىتى ئېنىق تۇرۇپتۇ  ئۇ بوتانىكىغا ئاجايىپ قىزىقاتتى  رۇدلو 1929 ــ 1930 ـ يىلىنىڭ قىشىنى قەشقەردە ئۆتكۈزدى  ئۇ شۇ چاغدا ھاۋا ياخشى بولمىغاچقا ، پامىر ئېگىزلىكى ۋە تەڭرىتاغنىڭ تاغلىق رايونلىرىغا چىقىپ بوتانىكىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارالمىغانىدى . شېرىف بىلەن رۇدلو ياخشى دوستلاردىن ئىدى . ئۇلار بىرلىكتە تەتقىق قىلاتتى  شېرىف فوتوگراف ، رۇدلو بولسا بوتانىكا ئالىمى ئىدى  ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق بۇ ئىككىسىنىڭ ئۆمرىنى ئاسىيا قىتئەسىنىڭ كىندىكىدە ، جۈملىدىن ئۇنىڭ تاغلىرىدا ۋە قۇملۇقلىرىدا گۈل ـ گىياھ ، چاتقاللىقلار ۋە چېچەكلەيدىغان دەرەخلەرنىڭ يېڭى خىللىرىنى ئىزدەش ـ تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانىدى  خارولد A  فلېتچېرنىڭ « گۈل ـ گىياھ ۋە دەل ـ دەرەخلەرنى ئىزدەش » ( 1975 ـ يىل ) دېگەن ئەسىرىدە

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/14.asp?isim=[2010-12-31 00:17:34]

alma uyghur book

بۇ ئىككىسىنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى بايان قىلىنغان . شېرىفنىڭ سۈرەت تارتىش تېخنىكىسى شۇ كىتابتا ناھايىتى تولۇق بايان قىلىنغان شېرىق 1969 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى . 20 ـ يىللاردىن باشلاپ ئۇنىڭ شىنجاڭدا تارتقان مۇشۇ زېمىنغا ۋە مۇشۇ يەردىكى خەلقلەرگە ئائىت سۈرەتلىرى ئىرقشۇناسلىقىقا ئائىت يېزىپ قالدۇرغان ماتېرىياللىرىنى لوندوندىكى بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدىن تاپقىلى بولىدۇ شېرىق ناھايىتى جۇشقۇن ، قىزغىن ، بارلىق تەبىئىي توسالغۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان ئادەم ئىدى مېنىڭچە ياردەمچى كونسۇل بولۇپ ئىشخانا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۇنىڭدىنمۇ مۇۋاپىق ئادەمنى تېپىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش ناھايىتى قىيىن ئەمما ، شۇ چاغدا ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى ئۇنچىۋالا ئېغىر بولمىسا كېرەك

مەن دەل قەشقەردە دىپلوماتىيە ئەمەلدارى بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشتىم ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتىكى ھەرىكەت مىزانلىرىنى چۈشىنىشكە باشلىدىم ھالبۇكى ، ئىلگىرى بۇ ساھەدىكى كەچۈرمىشلىرىم پەقەت تۈركىيە ۋە چېخوسلوۋاكىيىنىڭ مالميۇ ⑨ دا تۇرۇشلۇق ئەزىز كونسۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغانىدى ئۇلار شۇ چاغدا مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان بولىسىمۇ ، بىراق مېنىڭچە ، ئۇلار دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا ئانچە بەك پىششىق ئەمەس ئىدى مەيلى نېمىلا دېگەن بىلەن قەشقەردە دىپلوماتىيە قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئۆگىنىشكە ئاساس سالدىم مەن قەشقەرگە بېرىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ، ئەدەب ـ قائىدە يۈزىسىدىن قەشقەرنىڭ يەرلىك ئالىي ئەمەلدارى بىلەن كۆرۈشكىلى باردىم قولۇمدا خەنزۇچە خەت بىلەن ئىسمىم يېزىلغان قىزىل رەڭلىك يوغان كارتوچكامنى تۇتۇپ ، مېھمان قوبۇل قىلىش ئۆيىدە بۇ ھۆرمەتلىك جانابنىڭ قوبۇل قىلىشىنى ساقلاپ ئولتۇردۇم . بۇ ئۆيدە ساقلاپ ئولتۇرۇشنىڭ بىر خىل ئۆزگىچە سىناق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم . كېيىن بۇنىڭ دائىم قوللىنىلىدىغان بىرخىل دىپلوماتىيە ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم مەن ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/14.asp?isim=[2010-12-31 00:17:34]

alma uyghur book

ئۆيدىكى ئاددىي ئۆي جابدۇقلىرىغا ۋە زىننەت بۇيۇملىرىغا بىر قۇر زەن سالدىم. بىردىنلا بىر سېلىنچىغا كۆزۈم چۈشتى. چۈنكى، ئۇنىڭدا قەشقەرنىڭ ئالىي مەمۇرىي ئەمەلدارىنىڭ يامۇلىدىكى مېھمان قوبۇل قىلىش ئۆيىدە ئۇچرىششنى زادى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغان، مەلۇم بىر خىل يېزىقتا كەشتىلەنگەن « بېغىشلىما » تۇراتتى. بېغىشلىما شۇېدچە يېزىلغان بولۇپ، « ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ نامى بىلەن خاتىرجەم ئۇخلىغىن » دېگەن مەنىدە ئىدى. مەن قىزىل رەڭلىك ئىسىم كارتوچكامنى ئۇلارغا تەڭلىدىم. كىلىمات ھەققىدىكى قائىدە - يوسۇن تۇسىنى ئالغان بىرنەچچە سوئالغا جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، مېھمان قوبۇل قىلىش ئۆيىدىن قايتىپ چىقتىم. مەن يامۇلنىڭ ئىنگلىزچە بىلىدىغان ھېلىقى كاتىپتىن ھېلىقى سېلىنچىنى قەيەردىن سېتىۋالغانلىقىنى بىلىدىغان - بىلمەيدىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ ماڭا قەشقەردىكى شۋېتسىيىلىك دىن تارقاتقۇچىلار ئۆمىكىنىڭ بىر قېتىملىق كىم ئارتۇق سودىسى بازىرىدىن سېتىۋېلىنغانلىقىنى ئېيتتى.

— بىز چەت ئەل يېزىقىدا بېغىشلىما چۈشۈرۈلگەن سېلىنچىغا ئىگە بولۇشنى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر ئىش دەپ قارايمىز، — دېدى كاتىپ ۋە گەپنى قىلىپ بولۇپلا كۈلۈپ قويدى. بۇ بىر ئىش زىننەت بۇيۇمىدىكى بېغىشلىمىنىڭ مەنىسىنى ئېنىقلىۋالالماي تۇرۇپ، ئۇنى ھەرگىز سېتىۋالماسلىق لازىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ

1930 - يىلى 1 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ئەنگلىيىنىڭ باش كونسۇلى ۋىلىيامسون مېنى بىر زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. ئۇ ماڭا بۇ قېتىمقى زىياپەتنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇنى ئېسىمدىن چىقارماسلىقىمنى ئېيتتى. بۇ قېتىمقى زىياپەت، ئۇنىڭ كەسپدىشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى شەرىپىگە بېرىلگەن زىياپەت، شۇنداقلا ئەنگلىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى 1927 - يىل 5 - ئايدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزگەندىن كېيىن، ئىككى دۆلەتنىڭ قەشقەردىكى دىپلوماتىيە ۋەكىلىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىشى ئىدى. مۇشۇنداق مۇناسىۋەت ئەسلىگە كەلگەنىكەن، ئۇنى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/14.asp?isim=[2010-12-31 00:17:34]

alma uyghur book

تەبرىكلىمىگەن تەقدىردىمۇ، ھېچبولمىغاندا مۇشۇنداق بىر زىياپەت ئارقىلىق ئېتىراپ قىلىش لازىم ئىدى  ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئاتالمىش ئاركوس ( Arcos ) ۋەقەسى تۈپەيلىدىن بۇزۇلغانىدى  ئاركوس سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لوندوندىكى سودا شىركىتى ئىدى  ئۇلار قانۇنسىز ئاخبارات توپلاش ھەرىكەتلىرى ئېلىپ باردى دەپ گۇمان قىلىنغاچقا، ساقچى تەرەپتىن تەكشۈرۈلگەنىدى  تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە يۇقىرىقى گۇمان ئىسپاتلانغانىدى  مۇشۇ ۋەقە تۈپەيلىدىن ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى بۇزۇلغانىدى  قەشقەردەك يىراق يەردە تۇرغان تەقدىردىمۇ، ئەنگلىيە ـ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت باش كونسۇلخانىسىمۇ دىپلوماتىيە ئۇيۇنىنىڭ پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، ئاشۇنداق ۋەزىيەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن سوغۇق ھالەتنى ساقلىشى كېرەك ئىدى

شۇ قېتىمقى زىياپەتتىكى كۆپ قىسىم ئەھۋاللار ئېسىمدە قالماپتۇ  پەقەت زىياپەتكە بەزى مېھمانلارنىڭ ئاتلىق كەلگەنلىكى، قالغانلارنىڭ بولسا ئىككى چاقلىق خەنزۇ پاسونىدىكى ئات ھارۋىسىدا چاژا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ كەلگەنلىكىلا ئېسىمدە قاپتۇ  ئەنگلىيىلىكلەر مېھمانلارنى شوتلاندىيە ۋىسكىسى بىلەن مېھمان قىلدى  بۇ ھاراق قارا قۇرۇم ئېغىزى ئارقىلىق ئۇزۇن مۇساپىلارنى بېسىپ قەشقەرگە كەلگەن بولغاچقا، تولا چايقىلىپ تەڭشىلىپ قالغانىدى  زىياپەت كەيپىياتىنى خېلى ياخشى بولدى دېگىلى بولاتتى، ئەمما سەممىي، دوستانە بولدى دېگىلى بولمايتتى  20 ـ ۋە 30 ـ يىللاردا قەشقەردىكى ئەنگلىيە ـ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىككىلا تەرەپ بىر ـ بىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پىلانىدىن بەك ئەندىشە قىلغاچقا، ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قاتتىق گۇمانلىنىش تامغىسى بېسىلغانىدى

لېكىن، ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ئاشۇنداق « يۇمشاق » ياكى پەسىيىش مۇناسىۋىتى ھەش ـ پەش دېگۈچە يەنە جىددىيلىشىپ قالدى  سوۋېت ئىتتىپاقى باش كونسۇلخانىسىنىڭ چوڭ دوختۇرى شېرباكوف يۈز ئۆرۈپ قېچىپ كېتىش قارارىغا كەلگەن، ئۇ خوتۇنى بىلەن بىللە جۇڭگو ئەمەلدارى ئالدىغا كېلىپ سىياسىي پاناھلىق تەلەپ قىلغان ياكى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/14.asp?isim=[2010-12-31 00:17:34]

alma uyghur book

ھېچبولمىغاندا ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىنىڭ ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا
مەجبۇرى قايتۇرۇۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، ئۆزىنى قوغداپ
قېلىشنى ئىلتىماس قىلغان كېيىن ئۇ يەنە ئەنگلىيە باش كونسۇلخانىسى
بىلەن بىر نەچچە نۆۋەت سۆزلىشىپ ، ھىندىستاندا ئولتۇراقلىشىپ قېلىشقا
رۇخسەت قىلىشنى ئۆتۈنگەن ئۇنىڭ يۈز ئۆرۈپ قېچىپ كېتىشىگە مۇنا-
سىۋەتلىك سۆز - چۆچەكلەر بارغانسېرى كۆپەيگەن جاۋاب كۈتۈپ
تۇرغان مەزگىلدە ، ئۇنىڭ نەدە تۇرغانلىقىنى ئايرىم كىشىلەرنى ھېسابقا
ئالمىغاندا ھېچكىم ئۇقمايتتى مەن ئۇنى ماگا ناھايىتى تونۇش بىر
ئەرمەنىنىڭ ئۆيىدە بىر قانچە قېتىم كۆردۈم ھېلىقى ئەرمەن مېنىڭ ناھا-
يىتى ئېھتىياتچان ئادەملىكىمگە بەك ئىشىنەتتى ئارىدىن بىر مەزگىل
ئۆتكەندىن كېيىن ، دوختۇر شېرباكوف ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ياردىمى بىلەن
ھىندىستانغا قاراپ يولغا چىقتى — ئۇ چاغ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قاتتىق قىش
مەزگىلى ئىدى ئۇلار پامىر ئېگىزلىكى ۋە قارا قۇرۇم تاغ تىزمىلىرىدىكى
ئېغىزلاردىن ئۆتەتتى شېرباكوفنىڭ خانىمى تېنى ئاجىزدەك كۆرۈنەتتى
ئۇنىڭ مۇشۇنداق رايوندىكى توپتوغرا ئالتە ھەپتىلىك ئاتلىق سەپەرگە
بەرداشلىق بېرىش - بېرەلمەسلىكى ئادەمنى گۇمانلاندۇراتتى بىراق ، ئۇ
تىنچ - ئامان ئۆتۈپ كەتتى مەن 1935 - يىلى كەشمىردە ئۇلار بىلەن
كۆرۈشتۈم شۇ چاغدا شېرباكوف زەھەرلىك يىلان چىقىۋالغانلارنى
داۋالايدىغان ناھايىتى كامال تاپقان دوختۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن ھىن-
دىستاننىڭ مەلۇم بىر جايىدىكى ئەنگلىيە مېدىتسىنا تەتقىقات ئورنىدا
ئىشلەۋاتقانىكەن شۇ نۆۋەت ماگا ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ قەشقەردە روھىي جە-
ھەتتىن قانداق ئازابلانغانلىقىنى ۋە ھىمالايا تېغىدىن ئاتلىق ئۆتۈش
سەپىرىدە تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرى ۋە كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ
بەردى بىز روسىيىلىك يەنە بىر دوختۇرنىڭ ئۆيىدە كۆرۈشكەندۇق بۇ
دوختۇرمۇ شېرباكوفتىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق
باش كونسۇلخانىسىدىن قېچىپ چىقىپ ، كەشمىردىكى سرىناگاردا
ئولتۇراقلىشىپ قالغانىكەن ئۇ ئوكران بولۇپ ، ئىسمى يالوۋېنكو ئىدى ئۇ
تاراس بولبا [11] خىلدىكى ئادەم ئىدى ئۇ ھىمالايا تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/14.asp?isim=[2010-12-31 00:17:34]

alma uyghur book

كۇرۇ رايونىدا روسىيىلىك رەسسام، ئىرقشۇناس ۋە يازغۇچى نىكولاي رولسۇنكى بىلەن بىللە ئۇزاق تۇرغاندىن كېيىن، سىرىناگاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغانىكەن. يالۋوېنكو سىرىناگاردا ھەسەل ھەرىسى باققان. ئىشتىن سىرتقى چاغلىرىدا بىر شىپاخانا ئېچىپ، شىنجاڭدىن كەلگەن ئۇيغۇر ھامماللارنىڭ كېسىلىنى داۋالىغان. بۇلار ئۇنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدى ئۇ سۆھبەت جەريانىدا شېرباكوف سۆزلەپ بەرگەن ھېكايە ـ ۋەقەلەرنى بېيىتىپ، شاخلىتىپ، ئۇنىڭغا بىر مۇنچە تەپسىلىي بايانلارنى قوشۇپ سۆزلىدى ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە مۇتەخەسسىس ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى

يۇقىرىقى كىشىلەردىن باشقا، قەشقەردە يەنە دىن تارقاتقۇچىلار بار ئىدى. شىنجاڭنىڭ شىمالىدا، ئۈرۈمچىدە ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگو ئىچكى قورۇقلۇق رايونلىرىدا دىن تارقىتىش ئۆمىكى بار ئىدى قەشقەردىكىلەرنىڭ بۇ دىن تارقىتىش ئۆمىكى ھەققىدە بىلىدىغانلىرى ئىنتايىن ئاز ئىدى ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگو ئىچكى قورۇقلۇقىدا دىن تارقىتىش ئۆمىكىدىكى ئەڭ مەشھۇر كىشى جورج خۇنتېر بولۇپ، ساياھەتچى مىلد زۇندكانېي ۋە فرانسىسكو فرېنچ 1948 ـ يىلى نەشردىن چىققان بىر كىتابىدا، ئۇنى «تۈركىستاندىكى دىن تارقاتقۇچى» دەپ ئاتىغان خۇنتېر «ئىنجىل» نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشقا خېلى كۈچ سەرپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ تەرجىمىسى قەشقەردىكى شۋېتسىيىلىك «ئىنجىل» تەرجىمانلىرىنىڭ ھېچقانچە ئىززەتلىشىگە ئېرىشەلمىگەن ئۇ شۋېتسىيىلىك «ئىنجىل» تەرجىمانلىرى God (ئىلاھ) دېگەن سۆزنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا، تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولغان بولۇشى مۇمكىن راگوتىنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە، خۇنتېر بىر قېتىم ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ، «ئىنجىل» دىكى قايسى قىسىملارنىڭ ئاۋۋال ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى سورىغان، راگوتى ئۇنىڭ ئاۋۋال پەيغەمبەر قەھافە دېگەن قىسمىنى تەرجىمە قىلىشنى تەكلىپ قىلغان. چۈنكى، ئۇنىڭ ھېس قىلىشىچە، «ئىنجىل» نىڭ ئاشۇ قىسمىنى تەرجىمە قىلغاندا، خاتا تەرجىمە تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان زىيان ناھايىتى ئاز

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/14.asp?isim=[2010-12-31 00:17:34]

alma uyghur book

بولىدىكەن راگۇيت قالتىس چاقچاقچى ئادەم ئىدى
ئەنگلىيىلىك رىچېر ۋېنگېرت ئىسىملىك بىر ئايال بولۇپ، شۋېت-
سىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق دىن تارقىتىش ئۆمىكىدىلەر بىلەن بىللە
ئىشلەيتتى ۋېنگېرتنىڭ ئەنگلىيە دىن ئۇيۇشمىسى بىلەن ئازراق مۇناسى-
ۋىتى بار بولۇپ، ئۇ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى قەھرىمان ئود ۋېگېرتنىڭ
سىڭلىسى ئىدى ئود بىرما ۋە ئېفىئوپىيىدىكى پائالىيەتلىرى ئارقىلىق
داڭق چىقارغانىدى كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە، رىچېر ۋېنگېرت
لوندوندىكى پادىشاھلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمي جەمئىيىتىنىڭ كاتىپى بول-
غانىدى ئۇ 1953 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكۈچە، ئۇنىڭ بىلەن دائىم
ئالاقىلىشىپ كەلگەنىدىم

دىن تارقاتقۇچىلار ئارىسىدا كاپىتان مان دەيدىغان ئالاھىدە بىر
ئادەم بار ئىدى ئۇ ئەنگلىيىلىك بولۇپ، ئۇمۇ قەشقەردە خىرمەت
قىلغانىدى ئۇ ئاقسۆڭەك ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ئېسىمدە خاتا قالمى-
غان بولسا، ئۇنىڭ 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى بەزى كەچۈرمىشى ئۇنىڭ دىنغا
ئېتىقاد قىلىشىغا سەۋەبچى بولغان، شۇنداقلا بۇ ئۇنىڭ نېمە ئۇچۇن قەش-
قەردە دىن تارتقاتقۇچى بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب ئىدى ئۇ مەندىن
شەرقي تۈركلەرنىڭ تىلىدىن دەرس ئۆتۈپ بېرىشىمنى ئۆتۈندى بۇ ئۇ-
نىڭغا ئاسانغا چۈشمەيتتى چۈنكى، ئۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنى
ئېنگلىز تىلىنىڭ فونىتىكىلىق قائىدىسى بويىچە تەلەپپۇز قىلاتتى مەسى-
لەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى bir ( بىر ) دېگەن سۆزنى شۋېدچىدىكى « bo »
( بۆ ) دەك تەلەپپۇز قىلاتتى. شۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، لۇند
ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەندىن ئۇيغۇرچىنى ئۆگەنگەن بىر ئوقۇغۇچى ماندىن
ئېشىپ چۈشەتتى بۇ ئوقۇغۇچى جەنۇبىي سكانىيەدىن كەلگەن، بۇ
ئوقۇغۇچىمۇ بۇ سۆزنى جەنۇبىي شۋېد تىلىدىكى ۋە دانىيە تىلى-
دىكى « beer » نى تەلەپپۇز قىلغاندەك تەلەپپۇز قىلاتتى، ئەمما ئۇ
ئېھتىمال قەستەن شۇنداق تەلەپپۇز قىلغان بولۇشى مۇمكىن

مان دىن تارقاتقۇچى ئالاھىدە بىر شەخس ئىدى ئەمما، ئۇ قەش-
قەرنىڭ خىرىستىئان دىنىنى تارقىتىش تارىخىدىكى بىردىنبىر غەلىتە ئۆلگە

ئالما تور سەھىپىسى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/14.asp?isim=[2010-12-31 00:17:34]

ئەمەس ئىدى  بۇ جەھەتتە ئەڭ داڭق چىقارغان كىشى گوللاندىيىلىك كاتولىك دىنىنى تارقاتقۇچى پاتېر خېندرىكوس ئىدى  مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ئون يىلىدا، قەشقەر ۋە شىنجاڭغا بارغان بارلىق ياۋروپالىق ساياھەتچىلەردىن ئۇنى تىلغا ئالمىغىنى ۋە تەرىپلىمىگىنى يوق  ئۇلار ئىچىدە سۈيېن ھېدىن ئۇنى ناھايىتى تەپسىلىي تەسۋىرلىگەنىدى  خىندرېكوس 1906 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئالدىدا، ئۇ قەشقەردە ئۇزۇن يىل دىن تارقاتقان  ئوقىغان كالامىنى ئاڭلايدىغان ئادەم بولمىغاچقا، ئۆزىلا ئاڭلىغانىدى  ئۇ ئىسلام قانۇن ـ شەرئىتىدە ھاراق ـ شاراب قاتتىق مەنئى قىلىنغان جايدا ئۇرۇم ھارىقى ئىشلەپ چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالىغانىدى  ئۇ ئەنگلىيە ۋە روسىيە كونسۇلخانىسىغا دائىم بېرىپ تۇراتتى  گاھى چاغلاردا، روھنى قوزغۇلدۇرۇش ئىشىنى ئىشلەيدىغان شىۋېتسىيىلىك دىن تارقىتىش ئۆمىكىدىكى كەسىپداشلىرىنى يوقلاپمۇ باراتتى  گوللاندىيىلىك پاتېرنىڭ قەشقەرگە كېلىشكە قانداق مۇددىئانىڭ سەۋەبچى بولغانلىقى مەڭگۈلۈك بىر سىر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن .

شۋېتسىيە دىن جەمئىيىتى دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭدا دىن تارقىتىش تارىخىنى 1892 ـ يىلىدىن باشلاش مۇمكىن  شۇ يىلى، شۋېتسىيىلىك دىن تارقاتقۇچى N. F خويگېر تۇنجى بولۇپ قەشقەرگە كەلگەنىدى  خويگېر يېراقنى كۆرىدىغان كىشى ئىدى  شۋېتسىيە دىن جەمئىيىتىنىڭ دىن تارقىتىش ئۆمىكى كۆپ يىللار مابەينىدە، روسىيىنىڭ كاۋكاز رايونىدا ۋە جۇڭگونىڭ خىبىيى رايونىدا دىن تارقىتىش پونكىتلىرىنى قۇرغانىدى  خويگېرنىڭ تەسەۋۋۇرى: دىن تارقىتىدىغان بىر قاتار نۇقتىلارنى بەرپا قىلىپ، يۇقىرىدىكى ئىككى رايوننى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇش، ئۇنىڭ بىرلىشىش ئورنىنى شىنجاڭ قىلىش، ھالبۇكى، قەشقەرنى شىنجاڭدا دىن تارقىتىشتىكى دەسلەپكى ئورۇن قىلىپ تاللاشتىن ئىبارەت ئىدى  شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، شۋېتسىيە دىن جەمئىيىتى پېرسىيىدىكى دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ خىزمىتىنى توختاتقانىدى  بۇنىڭغا ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا دىن تارقىتىش جەمئىيىتىنىڭ ئۇ يەردىكى پائالىيەتلىرىنىڭ ناھايىتى ئاكتىپ ئېلىپ بېرىلغانلىقى، ئۇلار بىلەن پىر-

www.alma.cn

سىيدە رىقابەتلىشىشكە ھېچقانداق ئاساسىنىڭ يوقلۇقى سەۋەب بولغانىدى
ۋەھالەنكى، ئاسىيادا بولسا دىن تارقىتىدىغان رېمىن ناھايىتى كەڭرى
ئىدى  خويگېرنىڭ قەشقەرگە قىلغان سەپىرى چوڭ تەۋەككۇلچىلىك قى-
لىش نۇقتىسىدىن رازۋېد قىلىش خاراكتېرلىك سەپەر دەپ قارالدى  ئۇ
شۋېتسىيىگە تېزلا قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما قەشقەردە ئىسلام دىنىغا
ئېتىقاد قىلىدىغان تۈركلەرگە تەۋە ئەرمەننى قالدۇردى  ئۇنىڭ ئىسمى
يوخانىېس ئاۋېرتارانىن بولۇپ، ئېتىقادىنى خرىستىئان دىنىغا ئۆزگەرتكە-
نىدى  خويگېر ئۇنىڭغا قەشقەردە بازىنى مەھكەم ساقلاپ، شۋېتسىيىنىڭ
«ياردەمچى ئەسكەر» ئەۋەتىشىنى ساقلاپ تۇرۇش ۋەزىپىسىنى
تاپشۇرغانىدى  1894 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، بىر نەچچە شۋېتسىيىلىك قەش-
قەرگە كەلگەن  ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ بار ئىدى
ئۇلارنىڭ رەھبىرى دىن تارقاتقۇچى لارس ئېرىك خوگبېرگ ئىدى  ئۇ
روسىيىدە، كاۋكازدا ۋە پېرسىيىدە دىن تارقىتىش تەجرىبىسىگە ئىگە
ئىدى  شۇڭا، شۇ چاغدىكى كىشىلەر ئېيتقاندەك، خوگبېرگ شىنجاڭ-
دىكى شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ ھەيران قالارلىق ئاساس
سالغۇچىسى بولۇپ قالغانىدى  ئارىدىن بىرەر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن،
قەشقەردىكى دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى شەرقتىكى يېڭىسار ۋە يەركەن-
دىن ئىبارەت ئىككى شەھەرگە كېڭەيدى  شۇ ئارىدا، ئۇلار خوتەندە دىن
تارقىتىشنى پىلانلىدى  بۇ شەھەر گىلەم ئىشلەپ چىقىرىدىغانلىقى،
شۇنداقلا يىپەك يولى جەنۇبىي لىنىيىسىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان شەھەر
بولۇشى بىلەن دۇنياغا داڭلىق ئىدى  ئەمما، شۋېتسىيە دىن تارقىتىش
ئۆمىكىنىڭ خوتەندە دىن تارقىتىش پىلانلىرى ئىشقا ئاشمىدى  چۈنكى،
بۇ جاي شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرىغا نىسبەتەن خىزمەت ئىشلەش نا-
ھايىتى تەسكە چۈشىدىغان بىر جاي ئىدى  شۋېتسىيە دىن تارقىتىش
جەمئىيىتى 1910 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئېلان قىلغان ئافرىقا، ئاسىيانىڭ ھەرخىل
جايلىرىدىكى دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ خىزمەت ئەھۋالى ھەققىدىكى كىتاب-
چىدا شەرقىي تۈركىستان تىلغا ئېلىنىپ، «شەرقىي تۈركىستان
قىيىنچىلىقتا قالغان جاي  ئۇ يەردە ئېتىقادىنى خرىستىئان دىنىغا ئۆز-

www.alma.cn

alma uyghur book

گەرتكەنلەر يوق دېيەرلىك، ( دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ ) ئەڭ
نەتىجىلىك پائالىيىتى كىشىلەرنىڭ كېسەلنى داۋالاش بولدى. مۇنداق پا-
ئالىيەت ھەر يىلى كۆپىيىپ باردى » دېيىلگەنىدى. قەشقەردىكى دىن
تارقىتىش پائالىيىتى 20 ـ، 30 ـ يىللىرى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگە-
نىدى. دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئاساسەن كېسەل داۋالاش ـ
سالامەتلىكىنى ئاسراش ۋە مائارىپ ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈلگەنىدى. بۇ
دېگەنلىك شۇ جايدىكىلەرنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇھىملىقى
ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى دېگەنلىك ئەمەس. ئەمما، بۇ جەھەتتە
قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى دېيىش
ناھايىتى تەس ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقادچىلىرى ئارىسىدا خرىستىئان
دىنىنى تارقىتىش ئىزچىل تۈردە ئىنتايىن مۇشكۈل بىر ئىش ئىدى. ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە كىشىلەرگە ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ، خرىستىئان دىنىغا
ئېتىقاد قىلىش ھەققىدە پەند ـ نەسىھەت ئېلىپ بېرىشنىڭ ئۈنۈمى تولىمۇ
ناچار بولاتتى. چۈنكى، ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزى كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا
ئېتىقاد قىلىشقا پەند ـ نەسىھەت قىلىدىغان دىن ئىدى. شىنجاڭ شۇ چاغدا
كونىلىقتا چىڭ ئېسىلۋالىدىغان، ئەسەبىيلەشكەن ئىسلام رايونى دەپ
قارىلاتتى. شۇڭا، يۇقىرىدىكى ئەمەلىي شەرتلەرنى ھازىرلاش ئۈچۈن،
شۇنداقلا دىن تارقاتقۇچىلار ئىگە بولغان ياكى بولمىغان ياخشى ئارزۇ
تۆپەيلىدىن، شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىدىكىلەر دىققىتىنى ۋە ئەمە-
لىي پائالىيىتىنى ئىنسانپەرۋەرلىك ئىشلىرىغا ياكى بۈگۈنكى كۈندە
تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم بېرىش دەپ
ئاتىلىدىغان ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ بۇ
ئىككى جەھەتتىكى تۆھپىسى مەدھىيىلەشكە ۋە ئاپىرىن ئوقۇشقا تېگىش-
لىك. بۇ ئۇلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىگە سەل قاراش كېرەك دېگەنلىكمۇ
ئەمەس.

لارس ئېرىك خوگبېرگ كۆپكە ماھىر كىشى ئىدى. ئۇ دوختۇر-
خانىدا ئوپېراتسىيە قىلاتتى؛ يەكشەنبە كۈنى بولسا، چېركاۋدا ئۇيغۇر
تىلىدا ۋەز ئېيتاتتى. مۇبادا دىن تارقىتىش ئۆمىكىگە يېڭىدىن ئۆي سې-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/15.asp?isim=[2010-12-31 00:20:20]

alma uyghur book

لىشقا توغرا كەلسە ، بۇمۇ ئۇنىڭ خىرمىتى ئىدى  ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە
تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنى يېڭىدىن سېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئۇنىڭغا
تاپشۇرۇلۇشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ زور شان - شەرەپ ئىدى  ئۇ بۇ
ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن رۇخسەت سوراپ ، دىن تارقىتىش خىرمىتى-
دىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان  ستوكھولمدىكى شۋېتسىيە دىن جەمئىيىتى
دىن تارقىتىش ئويۇشمىسى كېڭىشىپ ، ئۇنىڭ رۇخسەت سوراش
ئىلتىماسىغا قوشۇلغان ھەمدە « ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ ئويۇشمىمىز-
نىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى دىن تارقىتىش ئۆمىكىگە بەرگەن ئۇزاق
مۇددەتلىك ياردىمىگە تەشەككۈر ئېيتىمىز » دېگەن سۆز ئارقىلىق ئۇنى
ئاقلىغان  يېڭىدىن سېلىنغان باش كونسۇلخانا چىرتيوژى 22 ئېغىز ئۆينى
ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى خوگبېرگ ئۆزى باش
كونسۇل بىلەن مەسلىھەتلىشىپ سىزىپ چىققان  يېڭى كونسۇلخانا
قۇرۇلۇشى 1912 - يىلى ئىش باشلاپ ، 1913 - يىلى 10 - ئايدا پۈتكەن
ئەمەلىيەتتە بولسا ، توختامدا بەلگىلەنگەن پۈتۈش مۇددىتى توشۇشتىن
بۇرۇن ، يەتتە ئايدىلا پۈتتۈرۈلگەن  پۈتكۈل قۇرۇلۇشقا خوگبېرگ ئۆزى
نازارەتچىلىك قىلغان ، قۇرۇلۇشنى شىنجاڭدىكى بىناكارلار قىلغان
كەگرەك دائىرىدىن ئېيتقاندا ، بۇ بىناكارلار شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆ-
مىكىدە تەربىيە ئالغان  قۇرۇلۇشقا لازىمەتلىك بىر قىسىم مۇرەككەپ ،
ئالىي ماتېرىياللار ، مەسىلەن ، بېرەك قەغىزى ، قۇلۇپ قاتارلىقلار شۋېتسى-
يىدىن كەلتۈرۈلگەن  ئەگەر شۋېتسىيىدىن ئەكەلدۈرۈلگەن قەشقەردىكى
دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ ئۆزىگىلا كېرەكلىك ماددىي بۇيۇملارنى چىقىرى-
ۋەتكەندە ، يۇقىرىقى نەرسىلەرنى قەشقەر بىلەن شۋېتسىيە ئوتتۇرىسىدىكى
تۇنجى قېتىملىق سودا - سېتىق دېگىلى بولىدۇ  ئەنگلىيىنىڭ شۇ چاغ-
دىكى باش كونسۇلى جورج ماكاتنىي بولۇپ ، ئۇ ئەنگلىيە قەشقەرگە
ئەۋەتكەن تۇنجى ۋەكىل ئىدى  ئۇ شۇ ئورۇندا يېگانە ھالدا توپتوغرا 28
يىل تۇردى  سىر جورج ماكاتنىي قەشقەر شەھىرىدىكى ئامبال ئېسىلزادە ،
كاتتىلار قاتناشقان يېڭى باش كونسۇلخانىنىڭ پۈتۈش مۇراسىمىدا خوگ-
بېرگنىڭ كۆرسەتكەن كۆرۈنەرلىك خىرمەتلىرىگە تەشەككۈر ئېيتتى  شۇ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/15.asp?isim=[2010-12-31 00:20:20]

alma uyghur book

يېڭى كونسۇلخانىنىڭ سېلىنىشىنىڭ خوگبېرگنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى ئاشۇرغانلىقىدا، شۇنداقلا شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۈمىكىنىڭمۇ ئابرۇيىنى ئۇستۇرگەنلىكىدە شەك ـ شۈبھە يوق ئىدى.

مەن 1978 ـ يىلى قەشقەردە زىيارەتتە بولغان مەزگىلىمدە، ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ بىر شۋېتسىيىلىكنىڭ ئەنگلىيە باش كونسۇلخانىسىنى سالدۇرغانلىقىنى بىلىدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت پاكىتنى ئۇقتۇم بۇنىڭ ھەيران قالىدىغان يېرى يوق، چۈنكى ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتكەنىدى 1929 ـ يىلى، قەشقەرلىكلەر سېر جورج ماكاتنېينىڭ خوگبېرگنىڭ نامى بىلەن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلغانلىقىنى دائىم ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى سېر جورج مۇنداق دېگەن: « نامىگىرنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن مەسچىتنىڭ مەزىنى پەشتاقتا ئەزان توۋلىغاندا: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم خوگبېرگ دەپ سىر گە ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ » مەزىن ئەزان توۋلىغاندا، ئەلۋەتتە « allah akbar god is great » ( ئاللاھۇ ئەكبەر ! ئاللا ئىگەم ئۇلۇغدۇر ) دەپ توۋلايدۇ ۋەھالەنكى، ئەنگلىيە باش كونسۇلى تىلشۇناسلىق جەھەتتە بىر ئاز ئىجادچانلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، بىر ئەنگلىيىلىكنىڭ قىلالايدىغىنىغا ئوخشاش، ئالدىدىكى H ( ھ ) تاۋۇشىنى چۈشۈرۈپ قويغان ۋە ئالدىدىكى ئىككى سۆزنى « ullo ogber » ( ئۇللو ئۆگبەر ) قىلىپ قويغان

ھىندىستان بىلەن پاكىستان مۇستەقىل بولغانلىقتىن ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى باش كونسۇلخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ئىلگىرى بۇ كونسۇلخانا بۈيۈك يېڭى دېھلىدىكى ئەنگلىيە مۇستەملىكە ھۆكۈمىتىگە قاراپ كەلگەنىدى خوگبېرگ سالدۇرغان بىر قىسىم ئۆيلەر ھېلىھەم ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ ئەمما، باشقىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى چېقىۋېتىلگەن بۈگۈنكى كۈندە كونا كونسۇلخانانىڭ ئۆيلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ ئۆيلىرىگە ئوخشاش مېھمانخانا قىلىنماقتا « مېھمانخانا » دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىدا « ساراي » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ مەن 1978 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ پىژ ـ پىژ ئاپتاپ بولۇۋاتقان مەلۇم بىر كۈنى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/15.asp?isim=[2010-12-31 00:20:20]

alma uyghur book

شۇ مېھمانخانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم . بىر دەرۋازا ئالدىدىكى پىرىسپىنى
ئورنىدىن يۆتكەۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، قورۇغا كىردۇق .
ئىلگىرى ئەنگلىيە ئارمىيىسىدىكى بېشىغا رەڭدار سەللە ئورىغان ئىككى
ھىندىستان ئەسكىرى دەرۋازا ئالدىدا پوستا تۇراتتى . مېھمانلار دەرۋازا
ئالدىغا كەلگەندە ، ئۇلار مېھمانلارغا سالام بېرەتتى . شۇ چاغدا ئەنگلىيىگە
قاراشلىق ھىندىستان ئەسكەرلىرىنىڭ گازارمىسى دەرۋازىنىڭ ئىككى
تەرىپىدە ئىدى . ھازىر بۇ ئۆيلەر چېقىۋېلىنىپتۇ . بىر قورۇغا كىرگەندىن
كېيىن ، ئىككى مېھماننىڭ گۈللۈكتىكى شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرغانلىقىنى
كۆردۇق . مانا بۇلار ئەمدىلىكتە كۆز ئالدىمىزدا ھازىر بولغان نەرسىلەر
ئىدى .

شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ قەشقەردىكى ھېلىقى ئۆيلىرى
ھېلىغىچە شۇ ئورنىدا ساقلىنىپ تۇرغان بىلەن بۇ ئۆيلەر ئەنگلىيە باش
كونسۇلخانىسىنىڭ ئۆيلىرىدەك ھەيۋەتلىك ئەمەس ئىدى . بىراق ، ئۇنىڭ
نۇرغۇن جايلىرىدىن خوگبېرگنىڭ قۇرۇلۇش لايىھىلەشتىكى ئالاھىدىلىك-
لىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . مەن 1929 - يىلى قەشقەرگە بارغىنىمدا ،
شۋېتسىيە دىن تارقىتىش پونكىتى ئۆيىنىڭ ئەڭ يۇقىرىقى قەۋىتىدىن بىر
ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم . شۇ جايدىكى ئۇيغۇر
ئەربابلار شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا مېنى « ogozadaki bala sahib »
( ئۆگزىدىكى بالا ساھىب ) ، يەنى « ئۆگزىدىكى بالا ئەپەندى » دەپ
ئاتاشقانىدى . ئەتراپىمدىكىلەر بىلەن سىلىشتۇرغاندا ، مېنى « بالا » دەپ
ئاتاش تامامەن توغرا ئىدى . چۈنكى ، باشقىلار قورامىغا يەتكەنلەردىن
ئىدى ؛ sahib ( ساھىب ) دېگەن بۇ ئاتالغۇ شۇ چاغلاردا شۇ يەرلىك كى-
شىلەر بارلىق ياۋروپالىقلارنىڭ نامىنى ئاتاشتا قوللىنىدىغان بىر سۆز
ئىدى . مەن قەشقەرگە بېرىپ بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ، 22 ياشقا
تولغانلىق خاتىرە كۈنۈمنى ئۆتكۈزدۈم . دىن تارقىتىش پونكىتىدا تۇرغان-
لىقىم ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالدى — كېيىنكى بىر بابتا بۇ ۋەقە ئۈستىدە
توختىلىپ ئۆتىمەن . مەن شۇ يەردە تۇرغانلىقىم ئۈچۈن دىن تارقاتقۇچى
بولىدىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەردە بولىدىغان ھازىرقى دىن

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/15.asp?isim=[2010-12-31 00:20:20]

alma uyghur book

تارقىتىش ئۈمىكىنىڭ پائالىيىتىگە نىسبەتەن ئويغىنىش ۋە كۆزىتىش ئىق-
تىدارىغا ئىگە بولدۇم  مەن دىنىدىكى ئىخلاسمەنلىك ۋە ھېرىسمەنلىكىنى،
ئۇنىڭ ئىختىيارى، شۇنداقلا ھەقىقىي ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشكە باشلى-
دىم  ئىشىنىمەنكى، بۇ شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۈمىكىدىكىلەرنىڭمۇ
ئالاھىدىلىكى ئىدى  ئۆزۈممۇ دىنىي پائالىيەتلەرنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇ-
ۋاتقان مۇھىتتا تۇغۇلغان ۋە چوڭ بولغان، ئاتا - ئانام ئىنجىل دىنداشلار
جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرىدىن ئىدى. بۇ دىنداشلار جەمئىيىتى بىلەن ئىن-
جىلچىلارنىڭ تەبىئەتنىڭ پەرزەنتلىرى جەمئىيەتنى بىرلىكتە سكانىيىنىڭ
كولا بېكتېن رايونىدىكى دىنىي تۇرمۇشقا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى  شۇ سە-
ۋەبتىن شۋېتسىيە دۆلەتلىك دىن جەمئىيىتى بىلەن قارشىلاشمايتتى  ئۇ
يەردىكى خرىستىئان دىنىنىڭ دىنىي شەكلى قەشقەردىكى شۋېتسىيە دىن
تارقىتىش ئۈمىكىدىكى دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ ماڭا قويغان تەلىپىدىنمۇ
قاتتىق ئىدى  ئۇلارنىڭ كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ،
خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرۇش پائالىيىتى توغرۇلۇق مۇھاكىمە ئېلىپ
بارغان - بارمىغانلىقىمىز ئېسىمدە قالماپتۇ  ئەمما، ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەت
ھەرگىز ئانچە يېقىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، بىز ئۇلارنىڭ مەزھىپىگە تەۋە
ئەمەس ئىدۇق  مەن شۇ چاغدا دىن تارقىتىش ئۈمىكىدىكىلەرنىڭ 30 -
يىللاردىكى قەشقەردە يولۇققان قىيىنچىلىقلىرىنى بىلەتتىم، شۇنداقلا بۇ
دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن « دىنىي ئوغرىلار » دەپ ھاقا-
رەتلىنىپ كەلگەنلىكىدىنمۇ خەۋىرىم بار ئىدى. مەن يەنە بەزى ئۇيغۇرلار
ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ، خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندا ئائىلىسىدە پا-
جىئە يۈز بەرگەنلىكىنىمۇ ئۇققانىدىم  مۇبادا ئۇلار دىنىي ئېتىقادىنى
ئۆزگەرتىدىغان بولسا، بەزىلەرنىڭ ئۇلارنى شۇ يەردىن كېتىشكە مەجبۇر
قىلىدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى  ئىسلام دىنىدىن ئاجرىلىپ چىقىپ
« ناسارا » ( يەھۇدىي دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى ئىسلام دىنى مۇرتلىرىنىڭ
خرىستىئان دىنىدىكىلەرنى ئاتىشى ) غا ئېتىقاد قىلغۇچىلار كۆپ ھاللاردا
دىنىغا بولغان ئىنتىلىشى ئۇنچە قاتتىق بولمىغان جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن
قاتلىمىدىكى كىشىلەر بولغاچقا، بۇنىڭ ئىنكاسى ئانچە گەۋدىلىك بول-

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/15.asp?isim=[2010-12-31 00:20:20]

alma uyghur book

مايتتى  بىراق ، جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى ئاقسۆڭەكلەر
تەبىقىسىدىن ۋە بايلار تەبىقىسىدىن چىققان بىرەرى ياكى ئىسلام دىنىنىڭ
مۆتىۋەرلىرى قەشقەردىكى شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىدىلەر تارقاتقان
خرىستىئان دىنىغا قىزىقىپ قالىدىغان بولسا ، ئەھۋال بۇنىڭغا تامامەن
ئوخشىمايتتى  ئىش بۇلارنىڭ دىنىغا بېرىپ تاقالغاندا ، جەمئىيەتتىكى بىر
قىسىم كىشىلەر بۇنىڭغا ھەرگىز قاراپ تۇرمايتتى
شۇڭا ، دوختۇرخانا خىزمىتى بىلەن مائارىپنى يولغا قويۇش دىن
تارقاتقۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۈچۈن يول راسلاش ، كۆۋرۈك سېلىشتىن
ئىبارەت ئىدى  مەن كۇندۇزلىرى كېسەللەرنىڭ ۋە مېيىپ ـ مەجرۇھلار-
نىڭ دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن بىر ـ بىرىنى قىستاپ كىرىپ
كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم  ئېھتىمال ، بۇ راگۇيتنىڭ دىن تارقىتىش ئۆ-
مىكىدە تۇرغان مەزگىلدە قەشقەر دوختۇرخانىسىنى راۋاج تاپقۇزغان
دەسلەپكى ئون يىلدا ئىشلىگەن خىزمىتىنىڭ نەتىجىسى بولسا كېرەك
يوقسۇللار ياكى بايلار بولۇشتىن قەتئىينەزەر ، دوختۇرخانا ئۇلارنىڭ
كېسىلىنى ئوخشاشلا داۋالاۋېرەتتى  كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەنلەردىن
ھېچكىم رەت قىلىشقا ئۇچرىمايتتى  يوقسۇللار ھەقسىز داۋالىناتتى ، پۇل
تۆلىيەلەيدىغانلار پۇل تاپشۇراتتى  قەشقەردىكى شۋېتسىيە دوختۇرخانە-
سىنىڭ داڭقى يىراق ـ يىراقلارغا تارالغانىدى . مەن 1935 ـ يىلى
سرىناگاردا ئىرقشۇناسلىق ئۇستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان چې-
غىمدا ، ئۇ يەردە شىنجاڭدىن قارا قورۇم تاغ تىزمىلىرى ۋە خونزا يولى
ئارقىلىق ئۆتكەن دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر پونكىتى بار ئې-
كەن  قەشقەردىن كەلگەن نۇرغۇن ئۇيغۇر ھاماملار ئۆزلىرىنىڭ شۇ
دوختۇرخانىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكلىرىنى سۆزلەپ بەردى .
ھېلىمۇ يادىمدا تۇرۇپتۇ ، مەن 1935 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر
كېچىسى ، ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى چاردالا ( « تۆت جىلغا » دېگەن
مەنىدە ) دېگەن بىر يېرىدە ئافغانىستاننىڭ بىر يۈك ئاپتوموبىلىغا چۈشۈپ
قۇندۇزغا كېتىۋاتاتتىم ، مەن بىلەن يەنە 20 دىن ئارتۇق ئافغان ۋە ئۆزبېك
بىللە ماڭغانىدى  چاردالىدا بىر كېچە قونۇشىمىزغا توغرا كەلدى  شۇ

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/15.asp?isim=[2010-12-31 00:20:20]

alma uyghur book

كەنتتە ئەمدىلا پۇتكەن بىر ساراي بار ئىكەن ، بۇ ساراي يېقىندا پۇتكەچكە تاملىرىنىڭ سۇۋاقلىرى تېخى قۇرىمىغان بولسىمۇ ، يولۇچىلار چۇشۇشكە باشلىغانىدى . ۋىجىك كەلگەن ، چاچلىرى ئاقارغان سارايۋەن ئالدىمىزغا چىقىپ بىزنى كۇتۇۋالدى . بىر بىللە چاي ئىچكەچ پاراڭلاشتۇق . مەن يات كىشى ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئافغانىستانىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يېرىلاردا ساياھەت قىلىۋاتقان بولغاچقا ، ئۇلار مەندىن نۇرغۇن سوئاللارنى سوراشتى . سارايۋەنمۇ ئۆزىنىڭ سەپەر كەچۇرمىشلىرىنى بايان قىلىشقا باشلىدى . ئۇمۇ قەشقەرگە بارغانىكەن ، ئۇنىڭ ئۇستىگە كېسەل بولۇپ قەشقەردە يېتىپ قالغاندا ، شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكى قەشقەردە ئاچقان دوختۇرخانىسىدا داۋالىنىپ ساقايغانىكەن . ئۇ بىر شۋېتسىيىلىكنىڭ ئۇنىڭ سارىيىغا چۇشۇشنى ئويلىماپتىكەن . ئۇنىڭ ماڭا بولغان قىزغىنلىقىنى تەسۋىرلەش قىيىن ئىدى . مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى قەشقەردىكى شۋېتسىيىلىكلەرنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم قىلغانلىقىدىن ئىدى .

سىرناگاردا ئۆتكۇزگەن بىر كېچىمۇ ئېسىمدە ، شۇ چاغدا روسىيىلىك دوختۇر يالوۋېنكو ماڭا جون ئادېرسون ۋە ئۇنىڭ 30 ـ يىللاردا قەشقەر ۋەقەسى باشلانغان چاغدا ياردارلار ئۇچۇن كۆرسەتكەن بارلىق خىزمەتلىرىنى سۆزلەپ بەردى .

شۇ چاغدا جون ئاندېرسون شۋېتسىيىنىڭ قەشقەردىكى دىن تارقىتىش ئۆمىكى دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى ئىدى . 30 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ، قەشقەرنىڭ شىمالىدىكى مارالۋېشى ( ھازىرقى مارالۋېشى ناھىيىسى ) دا خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قاتتىق جەڭ بولغان . ئاندېرسون شۇ يەرگە بېرىپ ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ، ئىنتايىن ئېپتىدائىي شارائىتتا ، قۇتقۇزغىلى بولىدىغان بارلىق ياردارلارنى قۇتقۇلدۇرۇۋالغان . ناھايىتى روشەنكى ، شۇ چاغدا يالوۋېنكومۇ شۇ يەردە بولغان . گېيوتېبورگدىن كەلگەن بۇ قورقماس ، رەھىمدىل ساخاۋەتچى دوختۇر — ئاندېرسون يالوۋېنكودا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان .

مەن قەشقەردىن كەتكەندىن كېيىن ، جون ئاندېرسون بىلەن دائىم ئالاقىلىشىپ تۇردۇم . ئەمما ، 30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ، شۋېتسىيە دىن

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/15.asp?isim=[2010-12-31 00:20:20]

alma uyghur book

تارقىتىش ئۆمىكى قەشقەردە داۋاملىق تۇرالماي قالغاچقا ھىندىستانغا يۆتكىلىپ كەتتى. جون ئاندېرسونمۇ تامامەن ئۆزگىچە مۇھىتتا دىن تارقىتىش ۋە دوختۇرلۇق قىلىشنى يەنە داۋاملاشتۇردى قەشقەردىن ھىندىستانغا پاناھ ئىزدەپ بارغان ئۇيغۇرلار ياكى ھىندىستان ئارقىلىق مەككىگە ھەج قىلغىلى بارغان ئۇيغۇرلار بومبايغا بېرىپ ئاندېرسوننى يوقلاپ ماڭاتتى قەشقەر خەلقى ئۇنى رادىلا ئۇنتۇپ قالغىنى يوق مەن ھىندىستاندا بولغان يىللاردا ئاندېرسون سودا كېمە خادىملىرىنىڭ داۋالىنىش ئىشلىرىغىمۇ مەسئۇل ئىدى بىر بىر قانچە يىل خەت ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ تۇردۇق ئاندېرسون ئۇيغۇرچىنى سۇدەك سۆزلەيتتى مەن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئىرق تەزكىرىسى ھەققىدىكى تۆت توملۇق ئەسىرىمنى يازغان ۋە نەشر قىلدۇرىدىغان ۋاقىتلىرىمدا، ئۇ ماڭا دائىم ياردەم قىلىپ تۇردى مەن ئۇنىڭ ۋاپاتى ھەققىدىكى خەۋەرنى قانداق ئۇقىنالىقىمنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن: 1972 - يىلى 8 - ئايدا — مەن ئۇ چاغدا ئوتتۇرا شەرقتە توقۇنۇشنى كېلىشتۈرگۈچىلىك خىزمىتىنى ئۆتەۋەتاتتىم، ۋېكوندىكى ئۆيۈمگە يېڭىلا كېلىپ تۇراتتىم نيۇ - يوركقا بېرىشىمدا ۋە نيۇ - يوركتىن قايتىشىمدا دائىم مۇشۇ يەردە توختاپ ئۆتەتتىم — مەن ئۆيگە كېلىپ بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىنلا تېلېفون جىرىڭلىدى تېلېفوننى جون ئادېرسوننىڭ ئوغلى بېنگېرت لوندوندىن بەرگەنىكەن ئۇ شۇ چاغدا گيۇتېبورگتىكى بىر گېزىتنىڭ لوندوندا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى ئىدى ئۇ تېلېفوندا دادىسىنىڭ ستوكھولم شەھىرىنىڭ سىرتىكىدىكى لىندىنگو ئارىلىدا قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراپ قازا قىلغانلىقىنى ئېيتتى بۇ خەۋەرگە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ پاكىتنى قوبۇل قىلىش ماڭا بەكمۇ تەسكە چۈشتى

شۋېتسىيەدىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ قەشقەردە ئۆز ئالدىغا باسمىخانىسى بار ئىدى بۇ ئەينى چاغدا، پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە بىردىنبىر باسمىخانا ئىدى 1000 چاقىرىمدىن ئوشۇق يولنى بېسىپ، شىنجاڭنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىگە بارغاندىلا، ئاندىن ئىككىنچى بىر باسمىخانىنى تاپقىلى بولاتتى ۋەھالەنكى، بۇ مۇساپىنى ئاتلىق ياكى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/15.asp?isim=[2010-12-31 00:20:20]

alma uyghur book

جۇڭگو پوچتا ھارۋىسغا چۈشۈپ ماڭغاندا ئىككى ئايدەك ۋاقىتتا ئاران
بېسىپ بولغىلى بولاتتى . ئۇ چاغلاردا باشقا قاتناش قورالى يوق ئىدى
قەشقەردىكى بۇ باسمىخانىدا كىتاب بېسىلىپلا قالماستىن ، كەلگۈسى
ئۈچۈن يەر تۈزۈلۈشىنى ئۆلچەش خادىملىرىمۇ تەربىيىلىنەتتى . بۇ يەر
ئۇنداق كىشىلەرگە ناھايىتى موھتاج ئىدى مالىمانچىلىق بولغان يىللاردا ،
شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ باسمىخانىسى ۋەقەنى قوزغىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي كىتابچىلارنى بېسىپ بەرگەن ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ
گېزىتى ( « يېڭى ھايات » گېزىتى ) نىمۇ بېسىپ بەرگەن شۇ چاغلاردا ،
دىن تارقىتىش ئۆمىكى ھەتتا تېخى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋاقىتلىق قەغەز
پۇلىنىمۇ بېسىپ بەرگەن ، پىلە بېقىش توغرىسىدىكى كىتابچە دېگەنگە
ئوخشاش كەسپىي تەلىم - تەربىيىگە ئائىت دەرسلىك ماتېرىياللارنىمۇ
باسقان مانا بۇلار تېخىمۇ تەرەققىيپەرۋەرلىك يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ قارشى
ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان دىن تارقىتىش ئۆمىكى تەرىپىدىن قۇرۇلغان
بۇ باسمىخانا قۇرۇلغاندىن تارتىپلا دىنىي ئەسەرلەر ۋە « ئىنجىل » نىڭ
تەرجىمىسىنىلا ئەمەس ، بەلكى باشقا مەزمۇندىكى ماتېرىياللارنى بېسىشنى
مەقسەت قىلغانىدى 1909 - يىلى راگۇيت شىنجاڭدا تۇنجى بولۇپ كالېندار ئىشلىگەن بۇ كالېندار كېيىنكى چاغلاردا كۆندە بىر ۋارىقى
يىرتىپ تاشلىنىدىغان كالېندارغا تەرەققىي قىلغان قەشقەردىكى سودىگەرلەر بۇنداق كالېندارغا بەكمۇ موھتاج ئىدى بۇ باسمىخانىدا بېسىلغان
ماتېرىياللارنىڭ كۆپ قىسمى دىن تارقىتىش ئۆسكى ئاچقان مەكتەپلەرگە
كېرەكلىك دەرسلىك ئىدى ئۇلانىڭ ئىچىدە تەبىئىي پەنلەر ماتېماتىكا ۋە
ھەرىپلەرنى قوشۇپ يېزىش قائىدىسى جەھەتتىكى ماتېرىياللار ، شۇنداقلا
يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى دېگەن بىر دەرسلىكمۇ بار ئىدى مانا
شۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرچە چىقىرىلغان ئىنتايىن ياخشى دەرسلىكلەر
ئىدى شۇ يەردە بېسىلغان كىتابلار ئىچىدە « خوئىول تاللانما ئەسەرلىرى »
نىڭ تەرجىمە قىلىنىغان نۇسخىسى ، سېلما لاگېلوف [11] يازغان
« خرىستوسنىڭ تەرجىمھالى » دىكى بىر ھېكايە بار ئىدى . شۇنىڭ بىلەن
بىر چاغدا ، باسمىخانىدا ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/15.asp?isim=[2010-12-31 00:20:20]

alma uyghur book

خادىن يازغان ساياھەت دوكلاتىمۇ بېسىلغانىدى شۇ كىتاب ۋە باسمىخانىدا بېسىلغان باشقا نەشر بۇيۇملىرى بۈگۈنكى كۈندە كاتولوگ ئەسەر يادىكارلىقلىرى ئىچىدىكى ئەتىۋارلىق نەرسە بولۇپ قالدۇ

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئېلىپ بارغان يۇقىرىقى مەدەنىيەت ـ ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرىدىن باشقا شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىدە ئىسمىنى تىلغا ئېلىشقا ۋە ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىققا تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن كىشىلەر بار راگۇيت شۋېتسىيىلىكلەرنىڭ ئۇيغۇر تىل گىراماتىكىسىنى ، ئىككى خىل تىلنىڭ ئاساسىي سۆزلۈكلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ۋە تىلشۇناسلىققا ئائىت باشقا تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىشقا ئاساس سالغانىدى راگۇيت بىلەن زامانداش بولغان ماگنوس باكروندمۇ ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلغان ، بىراق ئۇ كېزىك بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ، ناھايىتى ئىستىقباللىق بۇ تىلشۇناس ياش تۇرۇپلا ئۆلۈپ كەتكەن گۇستاف ئالبېرت ( 1884 ـ 1943 ) بىلەن خىگفولېت مون ( 1897 ـ يىلى تۇغۇلغان ) ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەم خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى پىششىق بىلىدىغانلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى ئوسلېر خېممانسون ( 1889 ـ 1951 ) « ئىنجىل » نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان ئۇلۇغ تەرجىمان ؛ جورگ روبېنتس ( 1897 ـ يىلى تۇغۇلغان ) دىن تارقىتىش ئۆمىكى باسمىخانىسىنىڭ ئەڭ پائالىيەتچان ، شۇنداقلا مەسىلە تازا كۆپ بولغان مەزگىلىدىكى مەسئۇلى ئىدى بۇ تىزىملىكتىكى ئىسىملار تېخىمۇ جىقراق بولۇشى كېرەك ئىدى چۈنكى ، دىن تارقىتىش ئۆمىكىدىكىلەر شىنجاڭدا تۇرغان مەزگىلىدە ھەممىسى دېگۈدەكلا شۇ جايدىكىلەرنىڭ تىلى ۋە يېزىقىنى قوللىنىپ خىزمەت قىلاتتى ئۇلارنىڭ مۇشۇ رايونغا بەك قىزىقىدىغانلىقىغا ئائىت نەتىجىلەرنىڭ بىرى بۈگۈنكى كۈندە ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان شەرق قولىيازمىلىرىدىن ئىبارەت بۇ قولىيازمىلاردىن خەۋەردار كىشىلەر كۆپ بولمىسىمۇ ، ئەمما بۇ قولىيازمىلار خەلقئارا شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتىدا مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە .

مەن 1975 ـ يىلى راگۇيتنىڭ ھايات چېغىدا نەشردىن چىقمىغان

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/16.asp?isim=[2010-12-31 00:19:30]

بىر ئەسىرنى ئىنگلىزچە شەرھىسى بىلەن نەشر قىلدۇردۇم. ئۇنىڭ
ئىسلام دىنىغا بولغان لىللا پوزىتسىيىسى مېنى تەسىرلەندۇردى. راگۋيت
ئۆزىنىڭ ئەسىرىگە « قاسىم ئاخۇننىڭ ئىستانبۇلدىكى دوستى كامىل ئە-
پەندىگە ياشاش ئۇسۇلى توغرىسىدا يازغان خېتى » دەپ ناھايىتى ئۇزۇن
ماۋزۇ قويغان. بۇ كىتابتا 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئابرۇيلۇق ئائىلى-
دىن كېلىپ چىققان قەشقەرلىك يىگىت ھاشىم ئاخۇننىڭ قانداق قىلىپ
ئىستانبۇل ( شۇ چاغدا كونستانتىنوپول دېيىلەتتى ) غا ئوقۇشقا ئەۋەتىل-
گەنلىك جەريانى بايان قىلىنغانىدى. ئۇ ئىستانبۇلدا خرىستىئان
دىنىدىكىلەر بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلاپ، ئامېرىكا دىن جەمئىيىتىنىڭ
مەكتىپىدە ئوقۇيدۇ. كېيىن بېيرۇتتىكى ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا
ئوقۇيدۇ. بۇ خەۋەر قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر
ئۇنىڭ ئۆز يۇرتىغا دەرھال قايتىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى،
ئۇلار ئۆز پەرزەنتىنىڭ خرىستىئان دىنىغا بەيئەت قىلىشىنى خالىمايتتى.
ئۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئالەمشۇمۇل چوڭ گۇناھ ھېسابلىناتتى.
راگۋيت ھاشىمنىڭ ئۆز يۇرتىغا قانداق قايتىپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلى-
دۇ. كىشىلەر ئەلۋەتتە راگۋيتنىڭ دىن تارقاتقۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن
ياش ھاشىم ئاخۇننىڭ خرىستىئان دىنىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى ۋە ئىدىيە-
سىنىڭ تەسىرىنى قانداق قىلىپ زور دەرىجىدە ئۆزىگە يوقتۇرغانلىقىنى
بايان قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەمما، ھاشىم ئاخۇن خرىستىئان دىنىي
مەكتەپلىرى ۋە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقان بولسىمۇ، ئۇ
شۇۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىگە نىسبەتەن ئېتىراپ قىلىش پوزىتسىيە-
سىنى تۇتقان. ئىسلام دىنىغا نىسبەتەن بەزىبىر تەنقىدلەش خاراكتېرىدىكى
ئىسلاھات قاراشلىرىدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا شۇ يەردىكى
ئىسلام دىنىنىڭ سادىق مۇخلىسى بولىدۇ. مەن راگۋيتنىڭ ئىرقشۇناسلىق
ۋە دىن تارىخى جەھەتتىن ناھايىتى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولغان بۇ
ئەسىرىنى نېمىشقا ھايات ۋاقتىدا نەشر قىلدۇرمىغانلىقىنى رادى چۈشىنەل-
مەي كەلدىم. قارىشىمچە، ئۇ كىتابنى 1914 - يىلى ياكى 1915 - يىلى
يېزىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئىسلام دىنىغا نىسبەتەن ئوچۇق

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/16.asp?isim=[2010-12-31 00:19:30]

alma uyghur book

پىكىرلىك پوزىتسىيىدە بولغان بۇ كىتابنى ئاشكارا نەشردىن چىقىرىشقا ھەرگىز بولمايتتى  ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ چاغدا لارس ئېرىك خوگبېرگ ۋە شىنجاڭغا ئالدىن كەلگەن شۋېتسىيىدىن تارقاتقۇچى باشقا خادىملىرىنىڭ شۇ يەردىكى خەلقلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ناھايىتى قوپال بولغانىدى چۈنكى ، ئۇلار شۇ يەردىكى خەلقلەرنى روھى مەڭگۈ دوراخقا كىرىدىغانلار ، خۇراپىي ، كاللىسى ساختا ئېتىقاد بىلەن تولۇپ كەتكەنلەر ، دەپ قارىغانىدى  ھالبۇكى ، راگۇيىت دەسلىپىدە شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى يېتىشسىزلىكلىرىگە تازا كەڭ قورساقلىق قىلالمىغانىدى  بىراق ، بىر كىتاب يېزىپ ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلارنىڭ جەمئىيىتىدىكى مۇھىملىقىنى تولۇق چۈشەنگەنلىكىنى ئىپادىلىگەن  مېنىڭچە ئەينى چاغدا ، شۋېتسىيىدىن تارقىتىش جەمئىيىتى راگۇيىتنىڭ بۇ كىتابنى دىن تارقىتىش ئەدەبىياتى سۈپىتىدە نەشر قىلىشقا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ ، دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن ، لېكىن ھازىر بۇ كىتابنى نەشر قىلىشتا ھېچقانداق مەسىلە يوقتۇر دەپ ئويلايمەن

شۋېتسىيىدىن تارقاتقۇچىلىرى زامان ۋە ماكانىنىڭ تەلىپىگە بارا ـ بار ماسلىشىشقا مەجبۇر بولغان  مەن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك دىنىي ھېسسىياتىدىن قەشقەر ، يەركەن ۋە يېڭىسارنى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى خرىستىئان دىنىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرۇش ئارزۇسىدىن ئەزەلدىن ۋاز كەچمىگەنلىكىگە ئىشىنىمەن  ئەمما ، مۇھىت ئۇلارنى ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يېڭى چارىسىنى تېپىش ئۈچۈن قايتىدىن ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلغان  دىن تارقىتىش ئۆمىكى ئۈچۈن ئېيتقاندا ، شۇ جايدىكى ئاساسلىق ئەربابلار ۋە ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى تۆرە ـ ئاقساقاللار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلاش مۇھىم ئىدى  بۇ يەردىكى مەسىلە داۋاملىق تۈردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىنلا ئىبارەت ئىدى  بۇ كېسەل بولغاندا بازارغا بېرىپ ، كېسەل داۋالاشنى بىلمەيدىغان ، پەقەت دۇئا ئوقۇش ، پىرىخونلۇق قىلىشنىلا بىلىدىغان جاھانكېرەر تېۋىپىنلا ئىزدەشنى بىلىدىغان يوقسۇللار ئۈچۈن ھەممىدىن

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/16.asp?isim=[2010-12-31 00:19:30]

alma uyghur book

مۇھىم ئىدى . ئەمما ، بايلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ، مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى بايلار كۆز گۆھىرىگە ئاق چۈشۈش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغاندا ، ئۇلارنى شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكى ئاچقان دوختۇرخانا ئوپېراتسىيە قىلىپ ساقايتالمىسا ، ئۇلار پۇل خەجلەپ ھىندىستانغا بېرىپ كېسىلىنى داۋالىتالايدۇ شۇنداقتىمۇ قەشقەردە دىن تارقىتىش ئۆمىكى ئاچقان بىر دوختۇرخانىنىڭ بولۇشى ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ قولايلىق ، ئەلۋەتتە

مەن 1930 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى سەھەردە ، يېڭىسار بازار ئەتراپىدىكى تۆت كوچا ئاغزىغا جايلاشقان ئېيستېر بىلەن موننىڭ ئۆيىدە بىر قانچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن ، قەشقەرگە قايتماقچى بولدۇم . مون ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مەكتىپىدىكى بىر نەچچە ئوقۇغۇچى مېنى ئۇزىتىپ چىققانىدى ئۇ يەردە كېتىدىغان مېھمان بىلەن بىر پەس بىللە مېڭىپ ئاندىن ئۇنى ئۇزىتىپ قويىدىغان ئادەت بار ئىكەن ، ئۇزاتقان كىشىلەر قانچىكى كۆپ بولسا ، كەتمەكچى بولغان مېھماننىڭ ھۆرمىتى شۇنچە چوڭ بولىدىكەن دىن تارقىتىش ئۆمىكى ئاچقان مەكتەپتىكى ھېلىقى ئوقۇغۇچىلار شۋېتسىيىنىڭ « دۇنيا بەك گۈزەل » دېگەن ناخشىسىنى ئۇيغۇرچە ئوقۇدى قەدىمىي ۋە تونۇشلۇق بۇ ناخشا يىراقتىكى تېرەكلىك ۋە خام كېسەكتىن سېلىنغان ئۆيلەر ئەتراپىدا ياڭرىماقتا ئىدى شۇ چاغدا شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرى شۋېتسىيىنىڭ نۇرغۇن دىنىي ناخشىلىرىنى ۋە مۇقەددەس ناخشىلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى شۋېتسىيىلىك دىن تارقاتقۇچىلارمۇ مۇشۇنداق دىنىي ناخشىلارنى ۋە مۇقەددەس ناخشىلارنى ھەرخىل تىللارغا تەرجىمە قىلغان ، بىراق بۇ شۋېتسىيە ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭى ۋە مەزمۇنى ھامان ساقلاپ قېلىنغانىدى مۇنداق تەرجىمە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بۇ دۆلەت ئۆزىنىڭ خام ماتېرىياللىرىنى ئىشلەتسە تېخىمۇ ئوبدان بولماسمىدى ؟ پەيدا بولۇپ بولغان دىنىي مۇراسىملارغا مۇناسىپ كېلىدىغان دىنىي ناخشىلارنى ئىجاد قىلسا بولمامدىغاندۇ ؟ دېگەندەك تەنقىدلىرىگە ئۇچرىغانىدى ھازىر ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بۇلار كىچىك

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/16.asp?isim=[2010-12-31 00:19:30]

مەسىلىلەر ، خالاس ئەمما ، ئەينى چاغدا ، مەن شۇ ناخشىلارنى تەرجىمە قىلىشقا قارىتا تەنقىدىي پوزىتسىيىدە ئىدىم « دۇنيا بەك گۈزەل » دېگەن ناخشا شىنجاڭنىڭ كەڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىغا تارقىتىشقا ماس كەلمەيتتى

ھازىر مەن بۇنىڭغا تارىخ نۇقتىسىنەزىرىدىن قاراۋاتىمەن 8 ـ ئەسىردە مانى دىنى مۇخلىسلىرى ۋە نېستورى دىنى مۇخلىسلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەممىلا يېرىگە تارقالغانىدى ئۇلارنىڭ مۇقەددەس ناخشىلىرى ۋە دىنىي ناخشىلىرىمۇ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغانىدى بۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ ، 30 ـ يىللىرى قەشقەردە پەيدا بولغان ئەھۋاللارغا ئوخشاپ كېتەتتى مانى دىنى ۋە نېستورى دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى ئۆزلىرىنىڭ ناخشىلىرى ئارقىلىق مۇشۇ يەرنىڭ مۇھىتىغا تەسىر كۆرسىتىش جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى ئەگەشكۈچىلىرىگە ئوخشاش ىىتاقەت ئىدى مەن ھەمىشە ئۆزۈمگە : خوتەننىڭ ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئۇدا تەكرارلىنىدىغان دۇرۇتقا ئوخشاش ئاڭلىنىدىغان بولغاچقا ، ئۇ نېستورى دىنىدىن تەرجىمە قىلىنغان بىر ناخشىنىڭ بۇگۈنكى كۈندىكى ئەكس ساداسىمىدۇ ؟ دەپ سوئال قويۇيتتىم

شوخلۇق ياۋا ئۆرۈك شاخلىرىدىن ،
قېرى ئايال قولىدىن ،
شەپقەتلىك خۇدا قۇتقازغىن بىزنى ! *

يۇقىرىدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتكىنىمدەك ، بىراۋ ئۆز ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ ، خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندا ، ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە ئەتراپىدىكىلەر بۇنىڭغا نىسبەتەن ئىنكاس قايتۇرغانغا ئوخشاش دىن تارقاتقۇچىلار ئۇلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىشى ، ھەتتا پاجىئەگە مۇپتىلا بولۇشى تۇرغان گەپ . پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخى مۇنداق پاجىئەلىك مىساللار بىلەن تولغان دىندا تامامەن يېڭىلاش ئاللىقاچان پەيدا بولۇپ بولغان ئېتىقادىنى قاندۇرىدىغان يېڭى توساق ـ پەردە ھاسىل قىلىشنىڭ

* ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى : بۇنى مۇشۇ كىتابنىڭ ئاپتورى شۋېدچىگە ئۇيغۇرچىدىن بىۋاستە تەرجىمە قىلغان .

www.alma.cn

alma uyghur book

ھاجىتى يوق مەيلى دىنىي، مەيلى سىياسىي ۋە ياكى ئىدىئولوگىيە تۈسىنى ئالغان بولۇشتىن، گاھىدا ئوگاي قوبۇل قىلىنىش ۋە ماختاشقا سازاۋەر بولۇشتىن، شۇنداقلا ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن يەنە لەنەتكە ئۇچراشتىن قەتئىينەزەر، ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل تارىخى ئېتىقادنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى تارىختىن ئىبارەت. قەشقەردىكى شۋېتسىيلىك دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىمۇ دەل ئاشۇ تارىخنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تارىخىنى كىشىلەر تېخى يېزىپ چىقمىدى

## كىتابپۇرۇش روزى ئاخۇن

لوند ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ۋاقتىمدا، قەشقەردىن قايتىشىمدا ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بىر تۈركۈم ئۇيغۇر قولىيازما توپلاملىرىنى ئېلىپ كېلىمەن دەيدىغان ئويۇم ۋە ۋەزىپەم بار ئىدى. بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ لەۋزى قىلغانىدىم. ئەمما، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنلا لوند ئۇنىۋېرسىتېتى ماڭا تاپشۇرغان ۋەزىپىگە ئىنتايىن قىزىقساممۇ، لېكىن ۋەزىپەمنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ماڭا ئازراقمۇ خىراجەت بەرمىگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇڭا، خىراجەت بولمىسىمۇ ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىشىمغا توغرا كەلدى. ئېھتىمال، ماڭا ئالدىنئالا خىراجەت بەرمىگەنلىكىگە مەندەك بىر ياش ياردەمچى كۈتۈپخانا خادىمىنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىدىن گۇمانلانغانلىقىدىن ئىبارەت ھەددىدىن زىيادە ئېھتىياتچانلىق سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن؛ ئۇلار مېنى ئۇ پۇلنى باشقا ئىشلارغا سەرپ قىلىۋېتەرمىكىن ۋە ياكى ئەمدى زادى قايتىپ كەلمەسمىكىن، دەپ ئويلىغان بولۇشلىرىمۇ مۇمكىن

مەن قەشقەرگە بېرىپ بىر قانچە كۈندىن كېيىن بازارغا چىقتىم، يەنى كىتاب ۋە قولىيازمىلارنى ساتىدىغان بازارغا باردىم. ئۇ يەردە سېتىلىدىغان كىتابلار ئىچىدە تاش باسمىدا بېسىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا كلاسسىك ئەسەرلىرى، ئىسلام دىنىغا ۋە ئېتىكىغا ئائىت نۇرغۇن كىتابلار بار ئىدى. بۇلاردىن باشقىلىرى تاشكەنت، بۇخارا ۋە سەمەرقەنتتە بېسىلغان بەك

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/16.asp?isim=[2010-12-31 00:19:30]

alma uyghur book

ئۇزۇن مەنسىر ئەدەبىي ماتېرىياللار بولۇپ، قولىيازمىلار كۆرۈنمەيتتى سەللە ئورىغان مويسىپىت موللىلار دۇكانلىرىدا ئولتۇراتتى ئۇلاردا كىتابلىرىنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان بىر چەت ئەللىككە سېتىپ بېرىدىغان ئويى رادىلا يوق ئىدى ئۇلارنىڭ بۇنداق پورتسىيىسى سوغۇق تەلەتىدىن چىقىپ تۇراتتى كىتاب ۋە قولىيازمىلارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن باشقا بىر ئامال ئىزدەش لازىملىقى دەرھال ئېسىمگە كەلدى كېيىن ساقاللىق، سەللە يۆگىگەن سەييارە تىجارەتچى روزى ئاخۇن ئالدىمغا كەلدى-دە، باش قېتىنچىلىقىمنى ھەل قىلدى

ئۇ بىر كۈنى بالىخانىدىكى ئۆيۈمگە مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپلا پەگادا ئولتۇرۇپ، دۇمبىسىدىكى خۇرجۇنىدىن ساتىدىغان نەرسىلىرىنى چىقاردى ئۇ باشتا ماگا نەپىس گۈللەر چېكىلگەن خوتەننىڭ مىس چۆگۈنىنى كۆرسەتتى، كەينىدىن قەشقەردە سوقۇلغان كۈمۈش رىرىنى تەگلىدى بۇ ئىككى نەرسىنى شۇ ئانلا ياقتۇرۇپ قالدىم ئۇ خۇرجۇنىدىن يەنە جۇگگونىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىنىڭ مەلۇم يېرىدە ئىشلەنگەن كۈرۈشكا، سىر بېرىلگەن قاچا، بىر نەچچە كەشتە ۋە باشقا نۇرغۇن نەرسىلەردىن چىقاردى مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر ھازاغىچە سودىلىشىپ يۈرۈپ، مىس چۆگۈن بىلەن كۈمۈش رىرىنى ئالدىم قالغان نەرسىلەر ئۆزىگە قالدى مانا بۇ روزى ئاخۇن بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى سودا-سېتىقنىڭ باشلىنىشى، شۇنداقلا ئۆز ئارا تونۇشۇشىمىزنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى كېيىنچە بۇ خىل تونۇشۇش دوستلۇققا ئايلاندى روزى ئاخۇن نېمىگە بەك قىزىقىدىغانلىقىمنى سورىدى مەن ئۇنىڭغا كىتاب ۋە قولىيازمىلارغا قىزىقىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم ئۇ كېلەركى نۆۋەتتە ئەكىلىشكە لەۋزى قىلدى

بىر نەچچە كۈن ئۆتە-ئۆتمەيلا، روزى ئاخۇن تاللىغان كىتابلىرىنى يۈدۈپ يەنە كەلدى ئۇ بىرىنچى بولۇپ خۇرجۇنىدىن «قۇرئان كەرىم» نىڭ قولىيازمىسىنى ئالدى قۇرئاننىڭ بىرىنچى پارىسى كۆركەم رەڭ بىلەن، بولۇپمۇ كۆك ۋە قىزىل رەڭ بىلەن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ كەشمىر قولىيازمىسى ئىدى. ئۇ ئارقىدىنلا «قىسسەسۇل

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/16.asp?isim=[2010-12-31 00:19:30]

alma uyghur book

ئەنبىيا » دېگەن كىتابنى چىقاردى روزى ئاخۇن چېچەنلىك بىلەن : گەرچە بۇنىڭ باش ـ ئاخىرى يوق بولسىمۇ ، بىراق بۇ كىتابنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى بولۇپمۇ بۇ كىتابنىڭ يەھيا پەيغەمبەرگە ئائىت قىسسىسى ، يەنى ئەيسا پەيغەمبەر ھەققىدىكى مەزمۇن ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ئۇنىڭدا ئۇيغۇرچە شېئىرلار توپلىمىدىن بىرى بار بولۇپ ، ئۇ بۇنىڭدىكى بىر قانچە شېئىرنى يادقا ئوقۇيالايتتى بىر كۇپلېتىنى يادقا سۇدەك ئوقۇيتتى روزى ئاخۇن موللا بولۇپ ، كلاسسىك ئەسەرلەرگە كامىل ئىدى ئۇ ھەم ئوقۇيالايتتى ھەم يازالايتتى ، شىنجاڭ ئىسلام ئەدەبىياتىنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى . ئەمما ، ئۇ مەرتىۋىلىك موللىلاردىن ئەمەس ئىدى ھەقىقىي يۇسۇندا ياخشى تەلىم ئالغان موللىلار ئۆزلىرىنى « داموللا » دەپ ئاتىشاتتى « دا » دېگەن بۇ ئالدى قوشۇلغۇچى خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ ، « ئۇلۇغ ، كاتتا » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ روزى ئاخۇن ئادەتتىكى موللىلار ئىچىدىكى تۆۋەنرەك ئورۇندا تۇرىدىغان موللا ئىدى ئۇ مېنىڭ نېمىگە قىزىقىدىغانلىقىمنى ناھايىتى تېزلا بىلىۋالدى شۇڭا ، مەندىكى قولىيازما ساقلانمىلىرى بارا ـ بارا كۆپىيىشكە باشلىدى بۇنىڭ ئىچىدە ھەرخىل ئەتىۋارلىق نۇسخىلار بار ئىدى

مەن بىر كۈنى روزى ئاخۇنغا ئاللادىن يامغۇر تىلەش ھەققىدىكى راراخەتمىگە بەك قىزىقىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم ئۇ ماڭا قاراپ كۆزىنى پۈرۈشتۈرۈپ : يامغۇر تىلەش ھەققىدىكى كىتابنى ھەرگىز تاپقىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى يامغۇر تەلەپ قىلغۇچى ئەۋلىيالار ئۇنىڭ سىرىنى بەك قاتتىق ساقلايدىكەن ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يامغۇر تەلەپ قىلىشتىكى دۇرۇت ـ ئەپسۇنلىرىنى ئەزەلدىن ئاشكارىلىمايدىكەن مەن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىدىن بىرىنى تېپىپ بېرىشنى دەپ باقتىم ئۇ يەنىلا تاپقىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى شۇنداقتىمۇ كېيىنچە باشقا ئەپسۇن ، پەند ـ نەسىھەت كىتابلىرىنى ئېلىپ كەلدى مەسىلەن ، قاسساپلارنىڭ ، مىسكەرلەرنىڭ ، ماشىنىچىلارنىڭ ، ناۋايلارنىڭ ئەپسۇنلىرى دېگەنگە ئوخشاشلار بۇلارغا تۇرلۇك ھۈنەر ـ كەسىپ پىرلىرىنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغانىدى بۇ ئەپسۇن ، پەند ـ نەسىھەت كىتابلىرى ناھايىتى كىچىك ،

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/16.asp?isim=[2010-12-31 00:19:30]

alma uyghur book

ناھايىتى رەتلىك يېزىلغان ئەپچىل قولليازمىلار ئىدى بۇلار ئۇرۇندىن
بېرى چاپاننىڭ ئىچ يانچۇقىدا ساقلىنىپ كەلگەچكە، بىر ئاز كونىراپ
كەتكەنىدى چاپان بىرخىل ئۇزۇن كىيىم بولۇپ، ئۇنى قورامىغا يەتكەن
ئۇيغۇر ئەرلىرى كىيەتتى ئارىدىن ھېچقانچە كۈن ئۆتمەي، مەيىن شا-
مال، ئىللىق ئاپتاپلىق بىر كۈنى، روزى ئاخۇن بىر risale
( رىسالە ) نى ئېلىپ كەلدى، بۇ risale ھەقىقىي رىسالە ئىدى، ئەمما
ئۇنىڭ بىرىنچى قىسمىلا بار ئىدى شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدا يامغۇر تەلەپ قىل-
غاندا ئوقۇيدىغان ئەپسۇن - ئايەتلەر بار ئىدى ئەلۋەتتە، شۇنىڭغا
ئوخشاشلا مۇھىم بولغان يامغۇرنى توختىتىدىغان سېھىرلىك مەزمۇنلارمۇ
بار ئىدى ئۇ كىتابتا سۇغا سېلىنغان يامغۇر تەلەپ قىلىدىغان، تاشنى
قانداق ئىشلىتىش، شۇنداقلا تاشنى سۇغا سالغاندا ئوقۇلىدىغان يامغۇر تە-
لەپ قىلىدىغان، قار تەلەپ قىلىدىغان، مۆلدۈر تەلەپ قىلىدىغان بىر
يۈرۈش ئەپسۇن، ئايەتلەر تونۇشتۇرۇلغانىدى بۇنىڭدىن 50 يىل بۇ-
رۇن، قەشقەردە يامغۇر تەلەپ قىلىدىغان ئەۋلىيالارنى تاپقىلى بولاتتى
يېقىندا، قەشقەرنى قايتا زىيارەت قىلغىلى بارغىنىمدا، بۇ ئىشنى سورىسام،
ئۇلار ماڭا خىجىللىق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ، بۇ يەردە بۇنداق ئىشلار
كەلمەسكە كەتتى قەشقەر رامانۋى شەھەرگە ئايلىنىپ بولدى، دەپ
جاۋاب بەردى

يامغۇر تەلەپ قىلىش سېھرى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇزاق
تارىخقا ئىگە چىڭگىزخان ۋە تۆمۈرلەڭگە ئوخشاش ھەربىي
قوماندانلار ئۆز قوشۇنلىرىدا yadachis ( يامغۇر تەلەپ
قىلغۇچى ) ئەۋلىيالارنى بىللە ئېلىپ يۈرەتتى ئىلگىرى باي-
قالغان يىلنامىلەردە يامغۇر تەلەپ قىلىدىغان ئەۋلىيالارنىڭ جەڭ
باشلىنىشتىن بۇرۇن قانداق قىلىپ بوران چىقىرىپ يامغۇر
ياغدۇرۇش، شىددەتلىك شۇۋرغان ۋە قاتتىق مۆلدۈر پەيدا قى-
لىش ئارقىلىق دۈشمەنلەر سېپىگە غايەت زور ھەيۋە
كۆرستىپ، ئۇلارنى ساراسىمىگە سېلىۋەتكەنلىكىدىن ئىبارەت مەن-
زىرىلەر تەسۋىرلەنگەن

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/16.asp?isim=[2010-12-31 00:19:30]

alma uyghur book

روزى ئاخۇننىڭ يامغۇر تەلەپ قىلىدىغان ئاشۇ كىتابىنى ئەينى ۋاقىتتا ماڭا قانچە پۇلغا سېتىپ بەرگەنلىكى ئېسىمدە قالماپتۇ لېكىن، شۇ چاغلاردا بۇنداق كىتابلارنىڭ باھاسى شۈبھىسىزكى ناھايىتى قىممەت ئىدى. شۇ كۈنى، ئۇ يەنە بىر سالاچىنى بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. بۇ سالاچى ۋىجىك كەلگەن، پاكار سەممىي قىياپەتكە كىرىۋالغان، ياغلىما گەپكە ئۇستا بىر بوۋاي ئىدى. مەن ئارىدىن بىرەر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، روزى ئاخۇن ھەر قېتىم بىر نەرسە ئېلىپ كەلگەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭغا ناھايىتى ئۇستۇن باھا قويىدىغان چاغدا ياكى بىرەر كىتاب ماتېرىيالىنى ماڭا كۆرسىتىشتىن ئوڭايسىزلىق ھېس قىلىدىغان چاغدا، ئاشۇ سالاچىنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا زەن قويىدىغان بولدۇم. بۇ سالاچى گەپنى سىلىق - سىپايە قىلاتتى ئۇنىڭ كاللىسى سىزنى مالنى ئېلىشقا كۆندۈرىدىغان ھىيلە - مىكىرلەر بىلەن تولغانىدى ئەنە شۇنداق ئۇزاققىچە سودىلىشىش جەريانىدا، ئۇيغۇر تىل ئىقتىدارىم كۈنسايىن ئۆسۈپ باردى

روزى ئاخۇن ئېلىپ كەلگەن قولىيازمىلىرىنىڭ باھاسىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ بىر كۈنى بىر قولىيازمىنى ئېلىپ كەلدى - دە، مېنىڭ ئۇ قولىيازمىغا بولغان دىققىتىمنى قوزغاشقا خېلى ئۇرۇندى بۇ قولىيازما ئارىسىغا قىستۇرۇلغان بىر قوشۇمچە نەرسە قولىيازمىنىڭ باھاسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. قولىيازما ئىچىگە بىر باغاقچە قىستۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا 1903 - يىلى يېڭىساردا تۇغۇلغان بىر تەنلىك قوشماق بوۋاق ھەققىدىكى ھېكايە يېزىلغانىدى بۇ قوشماق ئوغۇل بالا تۇغۇلۇپ ئىككى ھەپتىلىك بولغاندا، ئاتا - ئانىسى ئۇلارنى قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ، قەشقەرنىڭ دوتېيىگە كۆرسىتىپتۇ، شۇنداقلا قەشقەردىكى باشقا ئامباللارغا ۋە بايلارنىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ بېرىپ، ئۇلارغىمۇ كۆرسىتىپتۇ ھەتتا ئەنگلىيە ۋە روسىيىنىڭ كونسۇلخانىلىرىدىكىلەرمۇ بۇ « مۆجىزە » نى كۆرۈشكە ئىجازەت ئاپتۇ. ئامبال - بايلار بۇ قوشماق ئوغۇل بالىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاتا - ئانىسى ئۇلارنى قەشقەر شەھىرىدىكى كىچىك - چوڭ ھەممىسىگە كۆرسىتىپتۇ بۇ باغاقچىغا ھېلىقى بوۋاقلارنىڭ ئاتا -

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/16.asp?isim=[2010-12-31 00:19:30]

alma uyghur book

ئانىسىنىڭ بىر تەنلىك قوشماق ئوغۇل بالىنى ئەل ـ جامائەتكە كۆرسىتىش ئارقىلىق سوۋغا ـ سالام تەرىقىسىدە نۇرغۇن تەڭگە ۋە پۇلغا ئېرىشكەنلىكى يېزىلغانىكەن مەن ئاشۇ باغاقچىنى ئوقۇۋاتقىنىمدا ، روزى ئاخۇن چىرايىمغا زەن سېلىپ تۇردى . مەن ئۇنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇ كىتابقا باھا قويدى . باھاسى ناھايىتى يۇقىرى بولسىمۇ ، مەن ئۇ كىتابنى سېتىۋالدىم بۇ كىتاب لوندون ئۇنىۋېرسىتېت كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ ۋە مەن ئېلىپ كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا قولىيازمىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى

مەن كېسەل بولۇپ قالغان چاغدا — بۇ ئىش ئۇستىدە كېيىن توختىلىپ ئۆتىمەن — روزى ئاخۇننىڭ مېنى يوقلىشىنى قاتتىق مەنئى قىلدىم . بىر كۈنى كېسىلىم ئاخىر ساقايدى . ياتىقىمنىڭ ئىشىكى ئاۋايلاپ ئېچىلىپ ، ئىشكتە روزى ئاخۇننىڭ يېقىملىق چىرايى ، بۇرۇت ـ ساقاللىق يۈزى پەيدا بولدى . ئۇ كۆزلىرىنى پۇرۇشۇپ :

— kitab bar ، غوجام ، كىتاب ئېلىپ كەلدىم ! — دېدى بوش ئاۋازدا

ئۇنى كىرگۈزۈشتىن بۆلەك ئامال يوق ئىدى شۇنداق قىلىپ ، ئۇ ئېلىپ كەلگەن قولىيازمىلار ھەققىدە سۆھبىتىمىز باشلاندى ئاشۇ قولىيازمىلارنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ئۇنىڭ باھاسى ئۇستىدە سۆزلەشتۇق تېنىم بەك ئاجىز بولغاچقا ، بۇ نۆۋەت ئۇنىڭ بىلەن ئىمكانقەدەر باھا تالاشمىدىم ھەمدە روزى ئاخۇننىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق سودىلىشىپ ، باھا تالىشىپ ئولتۇرمىدىم ئۇ ئاشۇ بىر قانچە ھەپتىدە خېلى نۇرغۇن پۇل ئۇندۇرۇۋالدى . ئاشۇ ۋاقىتنىڭ ئارىمىزدىكى سودا مۇناسىۋىتى ئەڭ ئوبدان بولغان ، ئەمما سودا قېتىمى كۆپ بولمىغان بىر قانچە ھەپتە بولغانلىقى شۈبھىسىز ئىدى

سالامەتلىكىمنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ئەگىشىپ ، سېتىۋالغان قولىيازمىلىرىمنىڭ سانىمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ، چاتاق بولغىنى قولۇمدىكى خىراجىتىمۇ بارغانسېرى ئازلىماقتا ، ئۇنىڭ ئۇستىگە شۋېتسىيىگە قايتىدىغان ۋاقتىممۇ بارغانسېرى قىستاپ قالماقتا

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/17.asp?isim=[2010-12-31 00:28:03]

alma uyghur book

ئىدى روزى ئاخۇن مېنىڭ شۈبىتسىيگە پات ئاردا قايتىدىغانلىقىمنى ھەمدە ئەڭ ئوبدان خېرىدارىدىن پات ئاردا ئايرىلىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، مەن ئالىدىغان قولىيازمىلارنىڭ نەرخىنى ئاز - ئازدىن ئۆستۈرگىلى تۇردى. تېخى ئۇنى ئاز دەپ، ھەر نۆۋەت ئېلىپ كېلىدىغان نەرسىلەرنىڭ سانىنىمۇ ئۈزلۈكسىز تۇردە كۆپەيتكىلى تۇردى. ئۇ ياتىقىمغا كۈندە دې-گۈدەك كېلەتتى. ھەر قېتىمدا كىشىنىڭ روقىنى قوزغايدىغان يېڭى - يېڭى نەرسىلەرنى ئەكىلەتتى. مەن ئۇ ئەكەلگەن نەرسىلەرنى سېتىۋالمىسام بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدىم.

بىر كۈنى روزى ئاخۇن خۇرۇمدا مۇقاۋىلانغان بىر كىتابنى ئە-كەلدى. كىتابنىڭ تېشى كىرلىشىپ، مايلىشىپمۇ كەتكەنىدى. ئۇ ھېلىقى كىتابنى ماڭا قوش قوللاپ سۇندى — بۇ ئۇنىڭ بۇ كىتابنى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئىنتايىن قەدىرلەيدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ماڭا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرەتتى، ئاندىن بوغۇق ئاۋازدا:

— بۇ كىتابدا جىن - ئالۋاستىلارغا ئائىت نۇرغۇن مەزمۇنلار بار، — دېدى. بۇ كىتابنى سامانى يازغان بولۇپ، بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى بۇرۇنقى رامالدا نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزىدىغان چاغدىكى مۇراسىملار ۋە قائىدە - يوسۇنلۇق سۆزلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇيغۇرچىدىكى dua — akhon (دۇئا ئاخۇن) دېگەن سۆز «قۇرئاننى يادقا ئوقۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دېمەك، بۇ كىتابتا يېزىلماي قالغان ھېچقانداق نەرسە يوق بولۇپ، قانداق قارغاش، مەسىلەن، چىش ئاغرى-قىدەك ئۇششاق - چۈششەك ئاغرىق - سىلاقلىرىنى ساقايتىدىغان دۇرۇت - ئەپسۇندىن تارتىپ ئوغرىلىغان نەرسىنى قايتۇرۇشقا بۇيرۇيەدىغان ئەپسۇنغىچە، يەنە بەتنىيەتلەرنىڭ بىگۇناھ كىشىلەرگە شۇم نەزەرى بىلەن قاراش ئارقىلىق ئېلىپ كەلگەن ئاقىۋەتلەردىن كىشىلەرنى خالاس قىلىش ھەققىدىكى سېھىر - جادۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. مەن بۇ كىتابقا بەكلا قىزىقىپ قالغانىدىم. لېكىن، روزى ئاخۇننىڭ كىتابنى ماڭا قوش قوللاپ سۇنۇشى مېنى ئۇ كىتابقا باھانى ناھىيىتى يۇقىرى قويىدىغان بولدى، ئۇنىڭ باھاسىغا چىقىشالمايدىغان بولدۇم دېگەن ئەندىشىگە

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/17.asp?isim=[2010-12-31 00:28:03]

alma uyghur book

سالدى ئادىتىمىز بويىچە، سودىلىشىشنى يەنە باشلىدۇق. ئەمما، ھېچبىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدۇق — سودىدا پۈتۈشەلمىدۇق. ئۇ ئەتىسى يەنە كەلدى، بىراق كىتابنىڭ باھاسىنى بىر تىيىنمۇ چۈشۈرمىدى ئەھۋال كىشىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلاتتى. لېكىن، روزى ئاخۇننىڭ كۆزى كىتاب جاۋىنىمىدىكى ئېگىز دۆۋىلەنگەن شۋېدچە گېزىتكە تىكىلگەنىدى بۇ گېزىتلارنى بىر قانچە ئايدىن بېرى توپلىغانىدىم مەن ئۇنىڭدىن بۇ گېزىتنىڭ غايەت زور قىممىتىگە، ئۇنىڭدىكى يېڭى خەۋەرلەرنىڭ مەزمۇنلىرىغا، شۇنىڭدەك مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ماقالىلەرگە دىققەت قىلىشنى ئۆتۈنۈدۇم، ئەمما ئۇ گەپلىرىمگە قىزىقمىدى. مەن بىر پارچە گېزىتنى يايدىم. شۇ چاغلاردا شۋېتسىيە گېزىتىنىڭ ھەجمى بەك چوڭ ئىدى. روزى ئاخۇن ئاخىر ماڭا يول قويدى مەن ھېلىقى سامانىنىڭ كىتابىغا ئېرىشتىم. روزى ئاخۇن بولسا شۋېتسىيىنىڭ جەنۇبىدىن تارقىتىلىدىغان گېزىتتىن بىر كىلوگرامىغا ۋە يەنە بىر ئاز نەق پۇلغا ئىگە بولدى بۇ سودىمىزدىن ھەر ئىككىلىمىز ئىنتايىن مەمنۇن بولدۇق

مەن روزى ئاخۇننىڭ شۋېتسىيىنىڭ گېزىتىگە نېمىشقا قىزىققانلىقىنىڭ سەۋەبىنى كېيىنچە ئۇقتۇم ئۇ بۇ گېزىتلەرنى قەشقەرنىڭ ماشىنىچىلىرىغا ساتىدىكەن. شەھەر خەلقى قىشتا ئۇزۇنلۇقى تاپانغا چۈشىدىغان ناھايىتى قېلىن تون كىيىدۇ. شۋېتسىيىنىڭ جەنۇبىدىن چىقىدىغان گېزىتنى تولۇق يايغاندا، ھېلىقى توننىڭ ئارقا بويىنىڭ چوڭلۇقىغا توغرا كېلىدىكەن بۇ گېزىتنى ئاشۇ تونغا قوش ئەستەر قىلىپ سىرىۋەتسە — تولا چاغلاردا يۇڭ توقۇلمىلار ئارىسىغا ئېلىنىدۇ — چۆل باياۋاندىكى ھەر قانچە قاتتىق بورانمۇ ئۇنىڭدىن ئۆتمەيدىكەن.

قەشقەردىن ماڭىدىغان چېغىمدا، روزى ئاخۇن مېنى ئۇزاتقىلى چىققان نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن بىللە سېپىلدىن خېلى ئۇزاق يەرگىچە ئۇزىتىپ باردى. مەن شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى قايتا كۆرەلمىدىم، شۇنداقلا كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ قانداق بولغانلىقىنىمۇ ئۇقالمىدىم. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى دوستۇم گۇستاف ئالىبېرت ماڭا يازغان خېتىدە ئۇققانىدىم. ئۇ خېتىدە، روزى ئاخۇننىڭ ئۇنىڭدىن دائىم مېنىڭ ئەھۋا-

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/17.asp?isim=[2010-12-31 00:28:03]

alma uyghur book

لىمنى سۇرۇشتۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ، مېنىڭ قەشقەرگە يەنە قاچان كېلىدىغانلىقىمنى سورىغانلىقىنى يازغانىدى . ھالبۇكى ، مەن بۇ يەرگە قايتا كەلگەندە ، بۇ يەردە روزى ئاخۇنمۇ ، ئۇنىڭ قولىيازمىلىرىمۇ يوق ئىدى ئەمدىلىكتە بۇ يەردە بارى كىتابخانا پوكىيى ئىچىدە ئىللىق كۆلۈمسىرەپ تۇرغان قىزلار سېتىۋاتقان باسما زاۋۇتىدا بېسىلغان كىتابلار ئىدى ، خالاس

## دەشت ــ باياۋانغا بېرىپ تاۋاپ قىلىش

قەشقەر شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى ناھايىتى يىراققا جايلاشقان تەكلىماكان چۆلى ئىچىدە كەڭ كەتكەن بىر پارچە يەر بار ، ئۇ يەردە نۇرغۇن ئۇلۇغلارنىڭ قەبرىسى بار ، ئۇنىڭدا شۇ چاغدا كۆنسېرى گۈللەپ ــ ياشناۋاتقان ئىسلام دىنىي كۈچلىرى بىلەن قەشقەر رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بۇددا مۇخلىسلىرى ئوتتۇرىسىدا بولغان جەڭلەر تارىخى خاتىرىلەنگەن ئاشۇ قەبرىلەر ئىچىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئەڭ ، ئەڭ مۇھىم بىر قەبرىگە ئۇدام پادىشاھىنىڭ ئىسمى ئويۇلغان بۇ قەبرە شۇ جاينىڭ نامىمۇ بولۇپ قالغان . ئادەت بويىچە بەلگىلەنگەن تاۋاپ قىلىش ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قەشقەر خەلقى ــ مىڭلىغان ، تۈمەنلىگەن ئەر ــ ئاياللار ۋە بالىلار دەشت ــ باياۋاندىكى بۇ قەبرىگاھنى تاۋاپ قىلىدۇ ئۇلار ئۇزۇن سەپ بولۇپ تىزىلىپ ، تېرەك خادىسىغا باغلانغان تۇغ ــ ئەلەملىرىنى لەۋھەلەر ۋە ھەرخىل لاتىلارنى كۆتۈرۈپ ، ئۈنلۈك جار سېلىپ ، مەرسىيە ، مەدھىيەلەرنى ئوقۇپ ، ئۇلۇغلارغا ھەمدۇ سانا ئوقۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارغا بولغان ئىززەت ــ ئىكرامىنى بىلدۈرىدۇ . بۇ تاۋاپ قىلغۇچىلار قەشقەردىكى مۇقەددەس يەرگە ئەسەبىيلەرچە ئېتىقاد قىلغۇچىلار ھېسابلىنىدۇ ئۇ يەرنى تاۋاپ قىلىشنى شۇ جايدىكىلەر ئاپىرىن ئوقۇشقا ھەقلىق ئىش ، ئەگەر ئۇلۇغلارنىڭ قەبرىگاھىنى دائىم تاۋاپ قىلىپ تۇرسا ، بۇنىڭ روھى يىراق مۇساپىلەرنى بېسىپ بارىدىغان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بېرىش ئاسانغا

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/17.asp?isim=[2010-12-31 00:28:03]

alma uyghur book

چۈشمەيدىغان مەككىگە ھەج ـ تاۋاپ قىلغان بىلەن ئوخشاش دەپ قارايتتى. ئاشۇ قەبرىگاھنى تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ دىنىي روھى بەك ئەسەبىي بولغاچقا، ئۇلار يولدىن ئۆتكەندە دىنسىزلار ئۇلارغا يول بوشىتىپ بېرىشى شەرت ئىدى  بىر قېتىم مەلۇم دۆلەتنىڭ كونسۇلى ئاشۇ يەردىكى قەبرىگاھنى ئېكسكۇرسىيە قىلماقچى بوپتۇ  شۇ چاغ تاۋاپ قىلىش مەزگىلى بولمىسىمۇ، جۇڭگو تەرەپ ئۇنى قوغداشقا ئەسكەر ئەۋەتىپتۇ  چۈنكى، جۇڭگونىڭ قەشقەردىكى ئەڭ چوڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىمۇ تەۋەككۈلچىلىك قىلىشنى خالىمايتتى.

مەن 1929 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى جون تورېنكۇست بىلەن بىرلىكتە ئۇدامنى تاۋاپ قىلغىلى باردىم. تورېنكۇست شۋېتسىيىلىك قەشقەردىكى دىن تارقىتىش ئۆمىكىدىكى تەققى ـ تۇرقى راۋۇرۇس بىر بوۋاي ئىدى. بىز تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ لىگىشىپ، سىلكىنىپ تۇرىدىغان ئۈچ مەپىگە چۈشۈپ يولغا چىقتۇق. ئات قوشۇلغان بۇ خىل مەپىنىڭ ئىككى چاقى بەك يوغان، مەپە ئۈستىگە كۆك رەخت يېپىلغان بولۇپ، ئۇنى بىر ئات سۆرەيتتى. تورېنكۇست بىلەن ئىككىمىز بىردىن مەپىگە چۈشتۇق، يەنە بىر مەپىگە يۈك ـ تاقلىرىمىزنى باستۇق. تورېنكۇست شۋېتسىيىنىڭ قەشقەر يېڭىشەھەردىكى دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ مەسئۇلى ئىدى. ئۇنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقىنىغا بىر قانچە ئون يىل بولغانىدى  ئۇ خەنزۇچىنى سۇدەك سۆزلىگىنى بىلەن، ئۇيغۇرچىنى ئانچە راۋان سۆزلىيەلمەيتتى  ئەمما، يەنىلا قاملاشتۇراتتى  تورېنكۇست ئەدەبىي تالانتقا، شۇنداقلا بەدىئىي خۇسۇسىيەتكىمۇ ئىگە كاتتا فوتوگراف ئىدى. مەن ئۇ تارتقان شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا ئائىت شۇنچە ئېسىل سۈرەتلەرنىڭ ھازىر نەدىلىكىنى ئۇقمايمەن  ئۇ بىر نەچچە قىسىم ساياھەت خاتىرىسىمۇ يازغانىدى. ياشىنىپ قالغان بۇ دىن تارقاتقۇچىنىڭ نۇرغۇن مەسىلىلەردە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل كۆز قارىشى بار ئىدى  ئۇنىڭ نۇرغۇن پىكىرلىرى دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىدىيىسى بىلەن كۆپ ھاللاردا بىردەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ناھايىتى قاملاشقان سەپەرداش، ھېرىش ـ چارچاشنى بىلمەيدىغان، ئوچۇق ـ يورۇق، قىزىقچى ئادەم

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/17.asp?isim=[2010-12-31 00:28:03]

alma uyghur book

ئىدى

مەپىمىر يېڭىشەھەرنىڭ ئەگمە دەرۋازىسىدىن چىققاندا تاڭ ئاتتى كىشىلەر ئىشەكلىرىگە كۆكتات ۋە يەل ـ يېمىشلىرىنى ئارتىپ شەھەرگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى بىر مۇنبەت ئېتىزلىقلار ئارىسىدىن ئۆتكەن يول بەلەن ماڭدۇق ، ئېتىزلىقتىكى كۆممقوناق ۋە ئاق قوناق ئادەم بويى ئېگىزلىكتە ئۆسكەنىدى يول ياقىسىدىكى قاشقا سۆگەت تىكىلگەنىدى ھەربىر بۆلەك ئۆلكە ئېتىزنى قاش توساپ تۇراتتى يول يۈزىنى قىلىن بىر قەۋەت ئۆلۈك توپا قاپلاپ تۇراتتى يولنى نۇرغۇن ئېرىقلار توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەچكە ، مەپىمىر ئۇچۇن نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كەلگەنىدى مەپىمىر ئاشۇنداق ئېرىقلاردىن ناھايىتى تەستە ئۆتەتتى بىر بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن ، سازلىققا كەلدۇق ، يول بويىدا بىر كىچىك كۆل بار بولۇپ ، كۆلنىڭ سۈيى سېسىپ كەتكەنىدى بۇ كۆلنىڭ ئىسمى قاراسۇ ئىكەن كۆلگە يېقىنلاپ كەلگىنىمىزدە ياۋا ئۆردەكلەر توپ ـ توپ بولۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى بىر چۇش بولغاندا ، دۈشەنبە دېگەن جايغا كەلدۇق بۇ جاينىڭ ئىسمى « دۈشەنبە كۈنى بازار بولىدۇ » دېگەن مەنىدە بىر دۈشەنبىدىن ئۆتكەندە قۇم بوران چىقىپ كەتتى ، قەشقەر تەرەپنىڭ ئاسمىنى كۆكۈچ تۇسكە كىرگەنىدى بىردەمدىن كېيىن يەنە قىرغۇچ سېرىق رەڭگە ئۆرگەردى قاتتىق بوران قۇم ـ توپىلارنى ئۇچۇرۇپ ، ئارقا ـ ئارقىدىن قۇيۇنلارنى ھاسىل قىلاتتى كۆكۈچ ئاسماننى ئاقچىلىق قاپلىغانىدى شۇ يەردىكىلەر قۇيۇندا « جىن » بار دەپ ئىشىنىدىكەن ، يەنى شۇملۇق چىللايدىغان جىن ـ ئەرۋاھ بار دەيدىكەن بىز بوران ئىچىدە تۇرغىنىمىزدا ، ھېلىقى قۇيۇنلار قانداقتۇر بىر نەرسە تەرىپىدىن تارقىتىۋېتىلگەندەك قىلدى ـ دە ، ئاسماننى چاڭ ـ توزان قاپلاپ ، بىر نەچچە مېتىر نېرىدىكى نەرسىنى پەرق ئەتكىلى بولماي قالدى گۈلدۈرلەپ چىققان بوران نۇرغۇن دەرەخلەرنى ئۆرۈۋەتتى مەپىمىر دەڭگە كىرگەندە ، بوران پەسىيىشكە باشلىدى ھاۋا قايتىدىن سۈرۈلدى

بىز دەڭدىن بىر ئۆي ئالدۇق ، ئۆيدىن سېغىز پۇرىقى پۇراپ تۇر-

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/17.asp?isim=[2010-12-31 00:28:03]

alma uyghur book

سىمۇ ، لېكىن ئۇ يې پاكىر ئىدى بىر بازارنى پىيادە ئايلىنىۋېدۇق ،
كىشىلەر بىزدىن قاتتىق ھەيران بولۇشتى ئىلگىرى بىر كىمنىڭ
Ferangis ( فەرەڭ ، يەنى ياۋروپالىق ) نى كۆرگەنلىكىنى ھېچكىمنىڭ
ئېسىدە قالماپتۇ بىر توپ كىشىلەر ئارقىمىزدىن ئەگىشىپ دەڭگىچە
باردى ئۇلار دەڭگە كىرگەندىن كېيىن ، توختاپ بىرگە ۋە بىرنىڭ
يۇرۇش - تۇرۇشلىرىمىزنى كۆزىتىشكە باشلىدى تۇركچە دوپپا كىيگەن
بىر ئۇيغۇر ياتىقىمىزغا كىردى ھەممە توپا يەردىلا چازا قۇرۇپ ئولتۇردى
ئۇ ئۆزىنىڭ ئىستانبۇلدىن كەلگەنلىكىنى ، بىزنىڭ روسىيىلىك ياكى ئەنگ-
لىيىلىك ئىكەنلىكىمىزنى بىلمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى بۇ ئادەم بىزنىڭ
روسىيىلىكمۇ ، ئەنگلىيىلىكمۇ ئەمەسلىكىمىزنى بىلگەندىن كېيىن ، كۆڭلى
ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى ئۇ يۇرتىنى سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن
ئىستانبۇل ھەققىدە توختىماي سۆزلىگىلى تۇردى ئاتا - ئانىسىنىڭ ۋە
قېرىنداشلىرىنىڭ ھېلىھەم ئاشۇ يەردە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى بىر ئۇنىڭدىن
ئىستانبۇلنى شۇنچە سېغىنغان ئىكەنسىز ، ئۇنداقتا نېمىشقا قايتىپ كەتمەي-
سىز دەپ سورىساق ، pul yoq ( پۇل يوق ) دەپ جاۋاب بەردى كېيىن
بىر ئۇنىڭ دۇشەنبىدىكى بىردىنبىر « دوختۇر » ئىكەنلىكىنى بىلدۇق ئۇ
بىزنى بۇ يەرگە ئۆزى بىلەن ئورۇن تالاشقىلى كەلگەن ئوخشايدۇ ، دەپ
ئويلىغانىكەن ئەتىسى ئەتىگەندە ، بىزنى ئىككى خەنزۇ يوقلاپ كەلدى
ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خرىستىئان مۇخلىسلىرىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتتى
ئۇلاردىن بىرىنىڭ بويى ناھايىتى ئېگىز ، ئۆزى ئاۋاق بولۇپ ، بەئەينى
ئىسكىلىتتەكلا ئىدى بىرلا كۆزى بار ، قۇلىقىمۇ پاك ئىدى ( قەستەن
شۇنداق قىياپەتكە كىرىۋالغان بولۇشى مۇمكىن ) ئۇنىڭ قىياپىتى ئادەم-
نىڭ ئېسىدىن ئوڭايلىقچە چىقمايتتى ئۇ ئىككىسى گۆرۈخانا
خوجايىنلىرى ئىكەن بىر قونالغۇدىن يولغا چىقىپ ئىككىنچى ئۆتەڭگە
بارغاندا ، كىشىلەرنىڭ ھېلىقى ئاۋاق ئىسكىلىتنى padishah ( پادىشاھ )
دەپ ئاتايدىغانلىقىنى بىلدۇق چۈنكى ، ئۇ ئىلگىرىكى بىر قانچە يىلدا نا-
ھايىتى جىق مال - دۇنيا يىغىۋالغانىكەن

بىر ئەتىسى چېكىنگە كۆر يەتمەيدىغان شورتاڭلىققا كەلدۇق ئۇ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/17.asp?isim=[2010-12-31 00:28:03]

alma uyghur book

يەردىكى يەر ئۈستىنى ناھايىتى قېلىن ، بەك قاتتىق شور قاپلىغان بولۇپ ھەممە يەر ئاپئاق كۆرۈنەتتى  غۇژمەك بولۇپ ئۆسكەن قۇملۇق ئۇت ـ چۆپلىرى ئۇ يەر ، بۇ يەردە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى  بۇ خىل يېقىمسىز مەنزىرە چىرايلىق بىنەپشە چېچەك ئاچقان توپ ـ توپ يۇلغۇنلۇق تەرىپىدىن بەربات بولۇپ تۇراتتى  قاتتىق شورتاڭ كاتاڭدا مەپە چاقىدىن خۇددى چويۇندەك ئويۇپ كەتكەن قار ئۈستىدە مىڭىۋاتقان چانىدىن چىققان ئاۋازدەك غاچىلدىغان ئاۋاز چىقىپ تۇراتتى  بىر باشقا مەپە چاقى قالدۇرغان غۇۋۋا كاتاڭ ئىزىنى بېسىپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتاتتۇق ، تۆت ئەتراپ ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدىغان رېرىكشلىك مەنزىرە بىلەن تولغانىدى  مەپىدە كېتىۋېتىپ كۆڭلۈمگە : مۇبادا سۇ بولىدىغان بولسا ، كىشىلەر بۇ يەرگە بىر نەرسە تېرىپ ئۈندۈرەلەرمۇ ، ئېھتىمال كىشىلەر ئىلگىرى بۇ يەرلەردە تېرىقچىلىق قىلغان بولۇشى ، شورلىشىپ كەتكەنلىكتىن بۇ يەرنى تېرىماي تاشلىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن ، دېگەن ئوي كەلدى

بىردەمدىن كېيىن ، شورتاڭلىق بارا ـ بارا ئارقىمىزدا قېلىپ ، كۆز ئالدىمىزدا ئۆرلەشتۈرۈلگەن ۋە زىرائەت تېرىلغان يەرلەر پەيدا بولدى  بىز قاش قارايغان چاغدا ئاچچىق دېگەن يەرگە كەلدۇق  بۇنىڭ مەنىسى « تۇزلۇق ، شورلۇق يەر » دېگەندىن ئىبارەت  بۇ يەردىكى ئاھالىلەرمۇ دۇشەنبىدىكىگە ئوخشاش بىزنى كۆرگىلى دەڭگە يىغىلدى ئۇلاردىن بۇرۇن ياۋروپالىقنى كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىنى سورىساق :

ــ كىچىككىمدە Ferangis ( فەرەڭ ) نى بىر قېتىم كۆرگەنىدىم ، ــ دەپ جاۋاب بەردى  مەن ئوقۇغان كىتابىمغا ئاساسەن ، ئاشۇ ياۋروپالىقنى ئەنگلىيە ئارخېئولوگى ئاۋرېل ستەين بولسا كېرەك ، دەپ ئويلىدىم ، تەخمىنەن بۇنىڭدىن 25 يىل بۇرۇن ، ئۇ مۇشۇ جايغا كەلگەنىدى  تورېنكۇست شۇ جايدا تۇرغانلاردىن سورىسا ، ئۇلاردىن بىرى :

ــ پەقەت بىرلا خەنزۇ بار ، ــ دەپ جاۋاب بەردى  تورېنكۇست يەنە ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا ، ئۇلار گۆرۈخانا

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/17.asp?isim=[2010-12-31 00:28:03]

alma uyghur book

خوجايىننى، دەپ جاۋاب بەردى شۇ مۇناسىۋەت بىلەن گەپ جازانە بېرىش ۋە ئۆسۈم - پايدا ئېلىشقا يۆتكەلدى ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسىدە جازانىخورلۇق قەتئىي مەنئى قىلىناتتى بۇ يەردىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار بۇ بەلگىلىمىگە قاتتىق ئەمەل قىلغان لېكىن، كىشىلەر دائىم قەرز ئېلىشقا توغرا كەلگەچكە، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان گۆرۈخانىنىڭ خوجايىنىدىن قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولغان بۇ خىلدىكى جازانىخورلار ھەممىلا يەردە بار ئىدى ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يا خەنزۇلار، يا ھىندىلار ئىدى ئۇلار قىلچە ئەيمەنمەستىن جازانىخورلۇق قىلىپ پايدا ئالاتتى مەن دەڭدىكىلەرگە قاراپ:

— بىر بىر ئىشتىن تولىمۇ ھەيران قالدۇق، ئۇ بولسىمۇ سىلەر مۇسۇلمان تۇرۇپ، ھاجەتمەن بولغاندا بىر - بىرىڭلارغا ياردەم قىلمايدىكەنسىلەر، — دېدىم كىشىلەر توپى ئىچىدىكى يۈرەكلىك بىرى يۇقىرى ئاۋازدا:

— گۆرۈخانىنىڭ خەنزۇ خوجايىنى بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمانغا بىر گەزچە كېلىدىغان قوتاز قۇيرۇقىنى بىرىشنى خالىمايدۇ! دېگەنتى، — دېدى ئۇلاردىن قانچىلىك جازانە تۆلەيدىغانلىقىنى سورىغىنىمىزدا، ھېلىقى ئادەم يەنە مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئۇ بىر تونغا سەككىز تەڭگە (تەخمىنەن بىر شۋېتسىيە كروناسىغا تەڭ كېلىدۇ) بېرىدۇ بىر ھەپتىدىن كېيىن، بىر 12 پۇل (تەخمىنەن ئۈچ ئۆلىن — شۋېتسىيە پۇل بىرلىكى، بىر ئۆلىن بىر كرونانىڭ يۈزدىن بىرىگە باراۋەر كېلىدۇ) تۆلەيمىز مۇبادا ئالتە ئايدىن ئېشىپ كەتسە، گۆرۈگە قويغان تۆت تونىنى قايتۇرۇۋالالمايمىز گۆرۈخانا خوجايىنى تونىنى سېتىۋېتىدۇ!

مەن شۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ دۈشەنبىدىكى ھېلىقى ئاۋاق، بىر كۆزلۈك ئادەمنى «پادىشاھ» دېيىشىنىڭ قىلچىلىكمۇ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق ئىكەن، دەپ ئويلىدىم كېيىن ئۇلار بىردە دورا بار - يوقلۇقىنى، كېسەل كۆرۈشنى بىلىدىغان - بىلمەيدىغانلىقىمىزنى سورىدى ئۇلار ئۈچ، تۆت ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز بالىنى ئالدىمىزغا ئېلىپ كەلدى بۇ بالا

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/17.asp?isim=[2010-12-31 00:28:03]

alma uyghur book

قان بۇزۇلۇش كېسەللىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، ئەپتى قورقۇنچلۇق ئىدى. تۇرپىنگوست ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ:

— بىردە ھېچقانداق دورا يوق، ئەمما مۇبادا خالىساڭلار بۇ بالىنى قەشقەرگە ئاپىرىپ دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ دوختۇرخانىسىغا كۆرسەتسەڭلار، بالىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولىدۇ، — دېدى. يەنە نۇرغۇن ئادەم كەلدى. ئۇلارنىڭمۇ ئۇنداق ياكى مۇنداق كېسىلى بار ئىدى. بىر ئۇلارغا قەشقەرگە بېرىپ دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ دوختۇرخانىسىنى ئىزدىسە، ئۇ يەردىكى دىن تارقاتقۇچىلار ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتۇق.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۈچ ھارۋىكەشنى ئويغىتىشىمىز ناھايىتى تەسكە چۈشتى. چۈنكى، ئۇلار كېچىچە ئوشۇق ئويناپ چىققاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرى بىلەن قىمار ئويناشنى خالايدىغان نۇرغۇن ئادەملەرنى تاپقاندى. ئۇلار دەڭدە كېچىچە ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلغاچقا، تورپىنكوست بىلەن ئىككىمىز ئۇخلىيالمىغاندۇق. ئۇلار ھەر قېتىم ئوشۇق ئاتقاندا مەيدىسىگە قاتتىق مۇشتلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى، بۇ ئوشۇق ئېتىپ قىمار ئويناشنىڭ بىرخىل شەكلى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئويۇنغىنى قوينىڭ ئوشۇقى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئالاھىدە بەلگىسى بار ئىدى

بىر يولغا چىققاندا قۇياش خېلىلا ئۆرلىگەنىدى. بىر بازاردىن بىر ئاز تاۋۇر ۋە نان ئېلىۋالدۇق، بۇ يېمەكلىكلەر بىزنىڭ تەكلىماكان چۆلىدە ئىككى - ئۈچ كۈن يېيىشىمىزگە يېتەتتى. بىر يەنە بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن چۆلگە كىرىپ، ئۇدام پادىشاھىنىڭ قەبرىگاھىغا بارىدىغان يولغا چىقاتتۇق

قەشقەر يېڭىشەھەردىن ماڭىدىغان چاغدا، ھارۋىكەشلەر باشلىقى بىرگە كېپىللىك قىلىپ، ئۇدام پادىشاھىنىڭ قەبرىگاھىغا بارىدىغان يولنى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندى. ۋەھالەنكى، ئاچچىققا كەلگەندە ئۇ سەل ئىككىلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن موردۇزنىڭ ياش بىر شاگىرتىنى يول باشلاشقا ئېلىۋالدى. بۇ يىگىت ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنى ئىلاھىيەتچىلىكىنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ھەمدە بىر قانچە تەڭگە بەرسەكلا بىزنى باشلاپ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/17.asp?isim=[2010-12-31 00:28:03]

alma uyghur book

بىرىنچى ماقۇل بولدى .
مەپە شورتاڭلىقتا غىچىرلاپ بىر نەچچە سائەت ماڭغاندىن كېيىن ،
ئالدىمىزدا قۇملۇق كۆرۈندى قاتار - قاتار تېرەك خادىلىرىغا ئې-
سىلغان توغ - ئەلەملەر ۋە لاتا - پۇرۇچلار يىراقتىن كۆرۈنۈشكە
باشلىدى ئاشۇ مازار ئۇلۇغلار قەبرىگاھلىقىدىكى بىرىنچى مازار بولۇپ ،
شۇ يەردىكىلەر ئۇنى « دوست بۇلىقىم مازارى » دەپ ئاتايدىكەن مازار
بۇلاق قورغانىغا ئېلىنغان چوڭ كۆل ئىدى بۇرۇنقى رىۋايەتلەردىن
قارىغاندا ، ئۇدام پادىشاھنىڭ بىر مۇرتى خەنجەرنى يەرگە شۇنداق بىر
تىقسا ، شۇ يەردىن شۇ زامانلا بىر بۇلاق ئېتىلىپ چىققانىمىش خەنجەرنى
يەرگە سانجىپ سۇنى ئېتىلدۇرۇپ چىققاچقا ، ھېلىقى دوست بۇلىقىمۇ
بۈگۈنكى كۈندە رېئاللىق بولۇپ قالغان مازارنىڭ چوققىسىغا بىر ئابىدە
ياسالغان ، ئۇنىڭدىن سىرت بۇ مازارلىقنى كۆركەم ، ھەيۋەتلىك تۈسكە
كىرگۈزۈش مەقسىتىدە مازارلىققا يوغان بىر ساراي - خانىغا سېلىنغانىدى
يۇملاق گۈمبەزلىك مازار بىر كىچىك تاغ ئۈستىگە سېلىنغان بولۇپ ،
ئىلگىرى ئۇ يەردە بىر بۇتخانا بولغان بولۇشى مۇمكىن ئۇنىڭ يېنىدىكى
مازارلار ئۈستىدە كۆتىكى پەسكە ساڭگىلىتىلغان بەئەينى سۇپۇرگىگىلا
ئوخشايدىغان بىر نېمە دۆۋىلەكلىك تۇراتتى . ئۇ ئۇرۇن بىر باغلام شاخ -
شۇمبا بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۇچىغا باغلانغان توغ - ئەلەملەر شامالدا لەپىلدەپ
تۇراتتى مازارلىق يېنىدا بىر sheikh ( شەيخ ) نىڭ ئۆيى بار بولۇپ ، ئاپ-
ئاق ساقال بۇ بوۋاي كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى ئۇنىڭغا بىر
ئاز پۇل بەردۇق ئۇ بىزنى چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى ھەمدە ئۇدام پا-
دىشاھ ھەققىدىكى رىۋايەتنى سۆزلەپ بەردى
ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، مازارلىق ياقۇپ بەگ زامانىدا
سېلىنغانىكەن شۇ چاغ 19 - ئەسىرنىڭ 60 - ياكى 70 - يىللىرى بولۇپ ،
ئىسلام دىنى شىنجاڭدا راسا ئەۋج ئالغان دەۋر ئىدى شۇ دەۋرنىڭ ئالا-
ھىدىلىكى باشقا قۇرۇلۇشلارنى قىلىش بىلەن بىر چاغدا نۇرغۇن دىنىي
خاتىرە مۇنارىلىرىنىمۇ سالدۇرغانلىقىدىن ئىبارەت
ئۇدام پادىشاھ ھەققىدىكى رىۋايەت ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/18.asp[2010-12-31 00:28:48]

alma uyghur book

كىرگەندىن تارتىپلا بارلىققا كەلگەن. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان بىرىنچى ھۆكۈمران توغرىسىدىكى ھېكايىلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى سۇتۇق بۇغراخان بولۇپ، ئۇ مىلادى 944 ـ يىلى تۇغۇلغان، ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغاندا ئاران 12 ياشقا كىرگەنىدى. ئۇنىڭ توغرىسىدا رىۋايەتلەر ناھايىتى كۆپ، ھەم ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

سۇتۇق بۇغراخان ئالەمگە كۆز ئاچقان كۈنى كارامەت بىر ئىش يۈز بېرىپتۇ: يەر ـ زېمىن قاتتىق سىلكىنىپ، بۇلاق سۈيى يەرنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، بىپايان كەڭ زېمىننى سۇغىرىپتۇ. شۇ چاغ گەرچە قىش پەسلى بولغان بولسىمۇ، لېكىن دەل ـ دەرەخلەر چېچەك ئېچىپ نوتا چىقىرىشقا باشلاپتۇ. سۇتۇق بۇغراخانىنىڭ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشى تۆۋەندىكى ئۇسۇلدا بوپتۇ: بۇنىڭدىن ئالتە يىل ئىلگىرى دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەن سۇتۇق بۇغراخان بۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى بوپتۇ. بىر كۈنى، ئۇ قەشقەر شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى مەلۇم بىر جايدا شىكار قىلىۋاتقاندا، بىر توشقان تىكەنلىك چاتقاللىقتىن سەكرەپ چىققان پېتى ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. سۇتۇق بۇغراخان قىرىق نۆكىرىنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ، ئۆزى ھېلىقى توشقاننى قوغلاپتۇ. ئۇ يانىڭ كىرىچىنى تارتىپ ئوق ئۈزەي دەپ تۇرۇشىغا، ھېلىقى توشقان تۇساتتىن توختاپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا ئادەمگە ئايلىنىپتۇ، ئۇ سۇتۇق بۇغراخاندىن يېقىنراق كېلىشنى ھەمدە سۆزىگە قۇلاق سېلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئۇ سۇتۇق بۇغراخاندىن:

ــ بۇغراخان، سەن نېمە ئۈچۈن يەنە بۇدقا چوقۇنىسەن؟ نېمە ئۈچۈن رەسۇلۇللاغا ئەگەشمەيسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ. كېيىن ئۇلار ئۆزئارا ئۇزۇن سۆھبەت قىپتۇ. ھېلىقى ئادەم ئاخىرىدا:

ــ ئاھ، بالايىخەتەرگە يولۇققان بالام، سېنىڭ ياش تېنىڭنى دوزاختا كۆرگۈم يوق، ئاشۇ مەنزىرىنى خىيال قىلسام قاتتىق ئازابلىنىمەن! ــ دەپتۇ. سۇتۇق بۇغراخان ئىلگىرى دوزاخ دېگەن سۆزنى زادى ئاڭلاپ باقمىغاچقا، ئېھتىياتچانلىق بىلەن:

ــ ھەي، تەقۋادار دانا، دوزاخ دېگەن زادى نەدە؟ ــ دەپ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/18.asp[2010-12-31 00:28:48]

سوراپتۇ. دانا ئۇنىڭغا:

— بالام، دوزاخ ـ ئوت مەڭگۈ لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرىدىغان جاي، ئۇ يەر چايانلار بىلەن تولغاندۇر، گۇناھى ئېغىر بارلىق كىشىلەر، بارلىق دىنسىزلار شۇ يەردە جازاسىنى يەيدۇ، ئۇلار شۇ يەردە بارلىق ئازاب ـ ئۇقۇبەتلەرنى يەتكۈدەك تارتىدۇ، — دەپتۇ. سۇتۇق بۇغراخان بۇلارنى ئاڭلاپ تېنى شۈركۈنۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭدىن نېمە ئىشلارنى قىلغاندا ئاشۇ يەرگە كىرىشتىن خالىي بولغىلى بولىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. دانا ئۇنىڭغا بۇغراخاننىڭ ئۆزىگە ئەگىشىپ ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرىغا ئېتىقاد قىلىشى لازىملىقىنى ئېيتىپتۇ بۇغراخان ئۇنىڭ دېگىنىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ھۆكۈمران بولۇپ قاپتۇ. ۋەھالەنكى، سۇتۇق بۇغراخان ھېلىقى دانانىڭ گېپىنى تەكرارلاشتىن ئاۋۋال، ئۇ كىشىدىن ھېلىقى ئىستىغپارنىڭ مەنىسىنىڭ نېمىلىكىنى سورىغاندا، ئۇ:

— ئوغلۇم، سەن مۇشۇ ئىستىغپارنى ئېيتساڭ مۇسۇلمان بولىسەن، مانا بۇ سېنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىڭدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ يەردە، گۈزەل پەرىلەر، يىگىتلەر ۋە ئېسىل شارابلار بار. ئەمما، ئەگەر سەن مەن ئېيتقان ئىستىغپارنى تەكرارلاپ ئېيتمىساڭ، دوزاخقا كىرىسەن، ئۇ يەردە قاباھەتلىك جەبىر ـ زۇلۇملارنى تارتىسەن، — دەپتۇ سۇتۇق بۇغراخان ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن قايسىنى تاللىۋېلىش لازىملىقى تەس ئەمەس، ئەلۋەتتە

بۇ رىۋايەت سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىزى ئالانۇر جەبرائىل تەرىپىدىن داۋاملاشتۇرۇلىدۇ ئۇ بىر ئوغۇل تۇغىدۇ، بالىنىڭ ئاتىسى مالا ئىكە جەبرائىلدۇر. بۇ گەپلەر روھتىن ھامىلدار بولۇش ھەققىدىكى رىۋايەت ۋە بۈۋى مەريەم ئانا ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەرلەر بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا، ئالانۇر بىر كۈنى شىرغا ئۇچراشقان چاغدا ھېلىقى ئوغۇل بالا قورسىقىدا قالغانىمىش. شۇ ۋەجىدىن بۇ بالا تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭ ئىسمىنى سەئىد ئېلى ئارسلانخان قويغانىكەن. Arslan (ئارسلان) دېگەن شىر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ

www.alma.cn

alma uyghur book

ئاشۇ ئۇغۇل كېيىنكى كۈنلەردە، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان
بۇتپەرەسلەرگە قارشى جەڭ قىلىدۇ قەشقەرگە يېقىن بىر جايدا بولغان
قاتتىق جەڭدە، دىنسىزلار بەدەر قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا
ئارسلانخان ۋە ئۇنىڭ ياساۋۇللىرى تەرىپىدىن ئەسىرگە چۈشىدۇ بىراق،
بىر قېتىملىق قوغلاپ زەربە بېرىش جېڭىدە ئارسلانخانغا ئوق تېگىپ قۇر-
بان بولىدۇ ئۇنىڭ ئىنىسى ھەسەن بۇغراخان ئاكىسىنىڭ جەستى
ئالدىدا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدۇ دەل ئاشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، قاتتىق بوران
چىقىپ قۇربان بولغان ھەقىقىي مۇسۇلمانلارنىڭ جەسىتىنىڭ ئۈستىنى بىر
قەۋەت تۇر قاپلايدۇ بۇ ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى
ئىدى جەسەتنى ساقلاشتا تۇزنىڭ ياكى قۇمنىڭ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك
ئىكەنلىكىگە بىر نەرسە دېيىش ناھايىتى تەس.

ئۇلۇغلار مازىرى تەكلىماكان چۆلىنىڭ بىر چېتىگە جايلاشقان
بىر دوست بولىقىم مازىرىدىن ئۆتۈپ، يەنە بىر مازارغا قاراپ ماڭدۇق بۇ
مازارنىڭ ئىسمى قىزىل يېرىم ئىدى رىۋايەت قىلىنىشىچە، ناھايىتى بۇ-
رۇنقى زامانلاردا بۇ يەردە نۇرغۇن قان تۆكۈلگەچكە، شۇنداق نام
قويۇلغانىكەن بۇ يەردىكى شەيخنىڭ بىزنى ياقتۇرمىغانلىقى مانا مەن دەپ
چىقىپلا تۇراتتى، ئۇنىڭ بىر بىلەن پاراڭلاشقۇسى كەلمىدى، شۇنداقلا بۇ
قەبرىگاھلىقنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ بېرىشكىمۇ خۇش ياقمىدى بۇ يەردىن
جەنۇبقا ئۇدۇل قارىسا، كۆتىكى تەرەپ پەسكە قارىتىپ ئېسىپ قويۇلغان
سۇپۇرگە شەكىللىك بىر نەرسە يىراقتىن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ
ئۇچىغا تۇغ ـ ئەلەملەر ئېسىلغانىدى ئۇ ئودام پادىشاھنىڭ مازىرى بو-
لۇپ، قۇم بارخىنى ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى ئۇ بىر بېرىش ئالدىدا
تۇرغان مەنزىلگاھ ئىدى ھېلىقى شەيخ بىزنى باشلاپ بېرىشقا ماقۇل
بولدى، ئىشىمىز ئوڭغا تارتقانىدى چۈنكى، ئاچچىقتىن بىزگە يولباشچى
بولۇپ كەلگەن ھېلىقى يىگىتنىڭ بىلىدىغانلىرى بىزدىن كۆپ ئەمەس
ئىدى

ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن، شەرق تەرەپكە قاراپ مېڭىش
لازىملىقىدىن خەۋەر تاپتۇق ئودام پادىشاھنىڭ مازىرى جەنۇبتا ئىدى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/18.asp[2010-12-31 00:28:48]

ئەمدىلا قوزغالغىنىمىزدا، ئالدىمىزدا يول باردەك قىلغانىدى بىراق، مەپىلىنىك بىر نەچچە سائەت ماڭغاندىن كېيىن، يولنى خاتا مېڭىپ قالدۇقمۇ نېمە، دەپ ئەنسىرەشكە باشلىدۇق ئەمما، يولباشچى بىزگە كاپالەت بېرىپ، يولنى خاتا ماڭمىغانلىقىمىزنى ئېيتتى ھەمدە بىزگە قۇملۇقتىكى يوللار تولا چاغلاردا ئەگرى - بۈگرى كېلىدۇ، قۇم بارخانلىرىنى چۆرگىلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىر - بىرىگە تۇتاشقان بولمايدۇ، دەپ ئەسكەرتىپ قويدى. ئارقىدىنلا يول تۇيۇقسىز ئۈزۈلۈپ قالدى. ناھايىتى ئېنىقكى، بىر ئېگىز قۇم دۆۋىسى يولنى توسۇپ قويغانىدى بىز دائىم سىيرىلىپ تۇرىدىغان قۇمغا يامىشىپ قۇم تىزمىسىنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق كۆز يەتكۈسىز قۇم دېڭىزى مەنزىرىسىنى كۆرۈپ جاۋابقا ئېرىشتۇق. يىراق - يىراققا كۆز تاشلىساق، تۇتاش كەتكەن قۇم بارخانلىرى كۆرۈنەتتى. كۆتىكى پەسكە ساڭگىلىتىپ قويۇلغان سۈپۈرگە شەكىللىك بىر نەرسە ئېسىلغان ئودام پادىشاھىنىڭ مازىرى تېخى يىراقتا بولۇپ، بىز تۇرغان يەردىن يەنىلا يىراق ئىدى

باشقا ئامال بولمىغاچقا، كەلگەن يولىمىز بىلەن قايتىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئاتلار چارچاپ ھالىدىن كەتكەنىدى. مەپىكەشلەر كوتۇلدىشىپ قاتتىق ئاغرىنىۋاتاتتى. بۇلۇتتىن قىلچىلىكمۇ ئەسەر يوق كۆپكۆك ئاسماندىكى قۇياش نۇرى تونۇردەك لاۋۇلدايتتى يولباشچىمىز ئۆزىنى مەپىنىڭ ئىچىگە دالدىغا ئالغان بولۇپ، سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى، يەنە بىر سائەتچە يول يۈرگەندىن كېيىن، يول تېپىلدى ئۇ بار - يوقنىڭ ئارىسىدىكى ئەبجەق بىر يول بولغاچقا، بىز ئۇنى كۆرمەي ئۆتۈپ كېتىپتۇق. مەپە ئىچكىرىلەپ ماڭغانسېرى قۇمغا شۇنچە پاتماقتا ئىدى مەپە چاقى ھەرقانچە يوغان بولسىمۇ، ئودام پادىشاھىنىڭ مازىرىغا مەپىگە چۈشۈپ كەلمەسلىكىمىز لازىملىقىنى تېزلا ھېس قىلدۇق. ئاقىلانە ئۇسۇل يا پىيادە مېڭىش، يا تۆگىگە مىنىپ مېڭىش ئىكەن ئېغىر مەپىنى سۆرەپ مېڭىشقا ئاتنىڭ كۈچى يەتمەيتتى گاھىدا مەپە قۇمغا پېتىپ قالاتتى، گايىدا مەپىنىڭ كۇدا - قازىنىغا يول بويى قۇم كىرىۋالدى. ئەمما، شۇ چاغدا بىزدە باشقا ئامال بولمىغاچقا، مەپىدە ئولتۇرۇپ بىر دەم يول

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn

alma uyghur book

يۈرگەندىن كېيىن توختاپ ئۇزاق ھاردۇق ئالدۇق . يولباشچىمىز مەيدىنى
سەكرەپ چۇشۇپ قىزىق قۇمغا بىرىنچى بولۇپ ئۆزىنى ئاتتى . ئۇنى ئاز
دەپ ئۇ يولىنىڭ قەيەردىلىكىنىمۇ ئۇقمايتتى . خۇداغا شۇكۇر ، ھەرنېمە
بولسا ئاچچىقتىن يېتەرلىك تاۋۇز ئېلىۋالغان ئىكەنمىز ، ئۇنىڭ شىرنىلىك
قىزىل ئەتلىرىنى سۇنىڭ ئورنىدا يېدۇق . ئاتلىرىمىز بولسا يېشىل شاپاق-
لىرىنى يېيىشتى .

بىز بىر قانچە قۇم بارىخانلىرىدىن ئۆتۈپ ، داۋاملىق ئالغا
ئىلگىرىلىدۇق . ھالبۇكى قۇم بارىخانلىرى بارغانسېرى ئېگىزلىمەكتە ئى-
دى ئاخىردا ، ھەممەيلەننىڭ مەيدىن چۈشۈپ ، ئات ۋە مەپىلەرنىڭ قۇم
بارىخانلىرىدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم قىلماقتىن باشقا ئامال بولمىدى قۇم
بارىخانلىرى ئۈستىدىن تۆۋەنگە مېڭىش ناھايىتى ئاسانىدى — ئات ، ئادەم
ۋە مەپىلەر بىرلىكتە ئۆرۈلۈپ ، سوقۇلۇپ چۈشۈپ كېتەتتى بىر دەم ماڭ-
غاندىن كېيىن ، ئىككى بۇلاقنىڭ بويىغا كەلدۇق . بۇ يەردە خاسىيەتلىك
ئىككى بۇلاق بار بولسىمۇ ، لېكىن ياراتقان تەڭرىنىڭ ئېسىدىن چىقىپ
كەتكەن باشقا ھەرقانداق قاقاس جاڭگالغا ئوخشاش قاقاس مەنزىرە
ھېلىھەم مەۋجۇت ئىدى بۇ ئىككى بۇلاقنىڭ ئۈستىنى نېپىز قاڭالتىر بى-
لەن يېپىپ قويۇلغانىدى قاڭالتىرلار كونا ماي تۇڭىدىن قىلىنغانىدى —
ئۇنىڭدىكى روسچە خەتلەر ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى . بۇلاق سۈيى تۇز-
لۇق بولغاچقا ، ئىچكىلى بولمايتتى

ئۇدام پادىشاھنىڭ مازىرىغا يېتىپ بارغاندا ، گۇگۇم چۈشكەنىدى
بىز ئالدىراپ - تېنەپ يۈرۈپ بۇ يەردىكى ئەڭ ئوبدان دەڭگە ئورۇنلاش-
تۇق . دەڭدە بىرمۇ ئادەم يوقتەك قىلاتتى . چۈنكى ، بۇ چاغ تاۋاپ
قىلىدىغان ئاۋات مەزگىل ئەمەس ئىدى بىز كاتتا شۆھرەتكە ئىگە ئاشۇ
مازارغا قاراپ ئۇدۇل ماڭدۇق — يول ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى .
ئۇ يەردە بىر دۆۋە تېرەك خادىلىرى بار ئىدى ، ئۇنىڭ ئۇچىغا توغ - ئە-
لەملەر ، لاتا - پۇرۇچلار ئېسىلغانىدى . خادىنىڭ ئېگىزلىكى ئاز دېگەندە
ئون مېتىر كېلەتتى . بىز كىشىلەردىن يېڭى خادىنى ۋە لاتا - پۇرۇچلارنى
ئۇنىڭ ئۈستىگە قانداق باغلىغانلىقىنى سورىساق ، ئۇلار بىزگە بۇ يەرگە

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/18.asp[2010-12-31 00:28:48]

alma uyghur book

كەلگەن كىشلەرنىڭ ئۆزلىرى تاپالىغان ئەڭ ئۇزۇن تېرەك خادىلىرىنى يىراق - يىراق يەرلەردىن مۇشۇ يەرگە ئەكىلىدىغانلىقىنى، ئاندىن كېيىن تاۋاپ قىلغۇچىلار ئىچىدىكى ئەڭ چاققان كىشلەرنىڭ سۇپۇرگە شەكىللىك خادا دۆۋىسىنىڭ ئەڭ ئۈستىگە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يامىشىپ چىقىپ، يېڭى خادىلارنى ۋە كونا خادىلارنىڭ ئۇچىغا باغلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. مانا بۇ كۆتىكى پەسكە ساڭگىلىتىپ قويۇلغان سۇپۇرگە شەكىللىك خادا دۆۋىسىنىڭ بارغانسېرى ئېگىزلەپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى ئىكەن.

يوغان سۇپۇرگە شەكىللىك خادا دۆۋىسى يېنىدا بىر موللا ۋە ئۈچ ئايال ئۆزلىرىنىڭ ئودام پادىشاھقا بولغان ئېتىقادىنى ئىرھار قىلىۋاتاتتى. موللا بىردەم بوش ئاۋازدا ئۆكسۈپ يىغلايتتى، بىر دەم رىكرى قىلاتتى، يەنە بىردەم ئۇزۇن خەتمە قۇرئان قىلاتتى. ئاياللار بوغۇلۇپ يىغلايتتى، ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلايتتى، شۇنداقلا ئاللا - توۋا كۆتۈرۈپ بىردەممۇ شۈك تۇرمايتتى. ئۇلار تا كۈن ئولتۇرۇپ تۈن پەردىسى ئودام پادىشاھنىڭ مازىرىنى قاپلىمغۇچە دۇئا - تىلاۋەتلىرىنى توختاتمايتتى.

مەن شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە، قۇملۇقتىكى مەھەللىنى ئاستا ئارىلاپ چىقتىم، سۈتتەك سۈزۈك تولۇنئاي نۇرىنى قۇم بارىخانلىرىغا بىر نەچچە يۇر ئۆيلۈك بۇ مەھەللىگە چاچماقتا ئىدى. بۇ مەھەللىدىكىلەر تاۋاپ قىلغىلى كەلگەنلەرنى ئاش - تاماق، ئورۇن - ياتاق بىلەن تەمىنلەشكە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. بەزى ئۆيلەرنىڭ يېرىمى قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆينىڭ ئەتراپىدىكى قۇم بارىخانلىرى بورانلارنىڭ ئۇچۇرتىشى بىلەن دائىم كۆچۈپ تۇراتتى. كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان بىردىنبىر جانلىق مەۋجۇداد «ھاۋ - ھاۋ» دەپ قاۋاپ تۇرىدىغان ئىت ئىدى. دەڭدىكى تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئادەملەرنىڭ خو-رەكلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىزنىڭ ھارۋىكەشلىرىمىز بولسا ئوشۇق ئويىنىماقتا ئىدى. ئوشۇق ئاتقاندا ئالىقىنى بىلەن مەيدىسىنى مۇشتىلىغان رەتلىك ئاۋازلار ئۇيغۇرلارنىڭ زەردىسىنى قاينىتىدىغان قارغاش ئاۋازلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەنىدى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/18.asp[2010-12-31 00:28:48]

alma uyghur book

ئەتىسى ئەتىگەندە ، دەڭ خوجايىنى بىلەن مەپەكشىمىز بىرگە مۇتلەق ئاز ئۇچرايدىغان altun dash ( ئالتۇن داش ) نى كۆرستىمىز دەپ تۇرۇۋالدى ئەمەلىيەتتە ، بۇ ناھايىتى يوغان چۆيۈن قازان بولۇپ ، دىئامېتىرى ئىككى مېتىرچە كېلەتتى بۇ يەرگە تاۋاپقا كەلگەنلەر مۇشۇ داشقازاندا ئېتىلگەن تاماقنى يەيتتى داشقازان ئۆي ئىچىگە ئورنىتىلغان بولۇپ ، ئۆينىڭ ئىچىدىكى پۇراق راستىنلا سەسكىنىشلىك ئىدى ئۇنى مال سويغاندا ئىشلىتىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى چۈنكى ، سويۇلغان مال گۆشى ئۇ داشقازانغا بىمالال پاتاتتى بىراق ، بۇ ئۆيگە ئەزەلدىن سۇپۇرگە تەگمىگەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇراتتى

ئاشۇ كۈنى تاۋاپ قىلغان ئاخىرقى كۈنىمىز ئىدى بىر ھېسابلاپ كۆرسەك ، كەچ كىرىشتىن بۇرۇن يېگىسارغا يېتىپ بارالايدىكەنمىز بىر يېگىدىن بىر يولباشچى تاپتۇق ، ئۇ بىر « سوپى » — ئىسلام دىنىنىڭ ئىنئام – سەدىقە يىغقۇچى كەسپىي خادىمى ئىدى ئۇ يۇرت بىلەن مازار ئارىلىقىدىكى ھەددى – ھېسابسىز مايماق – سايماق ، ئەگرى – بۈگرى يوللارنى بىلەتتى ، ئۇ يولنى ھەقىقەتەن بىلەتتى بىراق ، يولدا يولۇققان ئاۋارىچىلىككە ھېچقانداق ئامال قىلالمايتتى بىر ئالدىنقى كۈنى كەلگەن چاغدىكىگە ئوخشاش ، ئېگىز قۇم بارخانلىرىدىن مىڭبىر جاپا – مۇشەققەتتە ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدۇق بۇ يەردىكى كۆرۈنۈش غەلىتە ئىدى سان – ساناقسىز لاتا – پۇرۇچلار باغلاغلىق سۇپۇرگە شەكىللىك خادا دۆۋىلىرى بىر – بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن قۇم بارخانلىرىدىن ھا-سىل بولغان مەنزىرىنى ئۇرۇپ تاشلىغانىدى ۋەھالەنكى ، سۇپۇرگە شەكىللىك ھېلىقى خادا دۆۋىلىرى ئاشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان ئۇلۇغ ياكى ئۇلۇغ بولمىغان شۇ جەسەتكە سىمۋوللۇق قىلاتتى

بىر بىر مازاردىن ئۆتتۇق بۇنىڭغا دەپنە قىلىنغان ئادەم ھايات ۋاقتىدا ئودام پادىشاھقا مېۋە ھەدىيە قىلغانىكەن ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ مازار « مېۋە – چېۋە مازىرى » دەپمۇ ئاتىلىدىكەن بىر ئېگىز قۇملۇق تاغ بېلىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ، « دۇئالىق تاغ » قا كەلدۇق . ئودام پادىشاھ ئۇنىڭ چوققىسىدا تۇرۇپ ، غەلىبىلىك جەڭ قىلغان قوشۇنغا ئاتاپ دۇئا –

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/18.asp[2010-12-31 00:28:48]

alma uyghur book

تىلاۋەت قىلىنغانلىقتىن ئاشۇنداق نام قويۇلغانىكەن. ئاشۇ قۇملۇق تاغ ئۈستىدە «نىشانەم مازىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۇلۇغ زاتنىڭ قەبرىسى بار بولۇپ، ئۇ «تۇغ ـ ئەلەمىمىزنىڭ مازىرى» دېگەن مەنىدە ئىدى. يولباشچىمىزنىڭ قارىشىچە، بۇ يەرگە تۇغ ـ ئەلەم كۆمۈلگەن بولماستىن، ئەكسىچە بىر ئۇردا ياساۋۇلى ئاشۇ قۇملۇق تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ بىر تۇغنى يۇلاڭلاتقانىكەن، خالاس. بىر بۇ يەردىن قۇملۇقنىڭ ئايغىنى كۆرەلىدۇق. يىراقتىكى يېشىل ئېتىزلار، شۇنداقلا تۇرخۇن ـ مورىلاردىن چىقىۋاتقان كۆكۈچ ئىسلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ يەر دېھقانچىلىق رايونى ئىدى. ئەمما، ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى تېرەك خادىلىرى قادالغان ۋە لاتا ـ پۇرۇچلار ئېسىلغان مازارلاردىن ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلەتتى — بىر ئۇلۇغلار مازىرىدىن تېخى چىقىپ بولمىغانىدۇق

بىر چۇش ۋاقتى بولغاندا، ئاخىرقى بىر مازار ئالدىغا كەلدۇق، «ھەزرەت بېگىم» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ مازار ئۇدام پادىشاھنىڭ بىر سەركەردىسى خاتىرىسىگە ياسالغانىدى. بىر ئاتنى ھاردۇق ئالدۇرۇش مەقسىتىدە ئۇ يەردە بىر قانچە سائەت تۇرۇشنى پىلانلىدۇق. ئاتلار قۇملۇقتا قاتتىق سىناققا بەرداشلىق بەرگەنىدى. ئالدىنقى ئاخشام ئۇدام پادىشاھنىڭ مازىرىدا كۆرگەن ھېلىقى موللا بىلەن ئۈچ ئايال مۇشۇ مازار ئالدىدا ئولتۇراتتى. ئۇلار ئالدىنقى ئاخشامدىكىگە ئوخشاش، قايغۇ ـ ھەسرەت ۋە دەرد ـ ئەلەمگە لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ سەۋر ـ تاقەت قىلماقتا ئىدى. ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇلار ئايدىڭدا يېرىم كېچىدە بۇ يەرگە كەلگەنىدى

ئاشۇ كىچىك بازاردا بىر دەڭ بار ئىدى. خۇددى بۇرۇنقىغا ئوخشاش، كىشىلەر ئەتراپىمىزغا ئولىشىپ بىزگە قاراشماقتا ئىدى. بىزمۇ ئۇلارغا قارىدۇق. ئۇلارنىڭ سىفلىس كېسىلىنىڭ قاتتىق ئازابىنى تارتىۋالغانلىقىنى يۈزلىرىدىكى يوشۇرغىلى بولمايدىغان جاراھەت ئىششىقىدىن بىر قاراپلا كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. شۇ چاغدا، سىفلىس ھەممە يەرگە يامراپ كەتكەن بولۇپ، بۇ شۇۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىدىكىلەر دائىم داۋالاشقا تېگىشلىك بولغان كېسەللەردىن بىرى ئىدى. سىفلىسنى ئۇيغۇرچىدا yel (يەل) sowaq yel (سوغۇق يەل) دەپ ئاتايدۇ. ئېھتىمال

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/18.asp[2010-12-31 00:28:48]

كىشلەر سىفلىس شامالدىن بولىدىغان كېسەل، دەپ ئىشەنسە كېرەك

مىڭبىر تەسلىكتە هارۋىكەشلەرنى ئالدىن بېكىتكەن ۋاقىتتا يولغا چىققۇزدۇق، ئۇلار ئاتلاردىنمۇ بەكرەك چارچىغاندەك قىلاتتى

## كېزىك

مەن 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى بالىخانىدىكى ياتاقتىن پەسكە چۈشكىنىمدە بەدەنلىرىم بوشىشىپ كەتكەنىدى شۇ كۈنى مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم ئىدى مۇشۇ بىنانىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدە تۇرۇۋاتقان روت بىلەن گۇستاف ئالبېرت تۇغۇلغان كۈنۈمنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن مېنى ئەتىگەنلىكى غىزاغا تەكلىپ قىلدى گەجگەم قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى ئولتۇرالمايتتىم، ئولتۇرسام ئۆرە بولالمايتتىم مەن شۇ چاغدا بۈنىڭ سەۋەبىنى ھېلىقى تار ھەم يېقىمسىز بىربېزىنت كارىۋاتتا ئۇراق ۋاقىت ياتقانلىقىمدىن دەپ ئويلاپتىكەنمەن ئەھۋالىمدىن ياخشىلىنىش بولمىغاچقا، بالىخانىدىكى ياتىقىمغا قايتىپ ئارام ئالدىم شۇ ئاخشىمى قاتتىق قىزىپ كەتتىم بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، كېسىلىمنىڭ كېزىك ئىكەنلىكى، يەنە كېلىپ يامان خاراكتېرلىك ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى كېسىلىم ناھايىتى ئېغىر بولغاچقا، بىرەر ئايغىچە ئەس ـ ھوشۇمنى بىلەلمىدىم ھوشۇمغا كەلسەم 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ قاپتۇ ئېسىمدە قالغان بىردىنبىر نەرسە ـــ ئاشۇ كۈنى چاڭ ـ توزان يېغىپ، دېرىزە سىرتىنى سىرىق تۇمان قاپلاپ كەتكەنىدى چاڭ ـ توران قەشقەر شەھىرىگە ھەدەپ تەھدىت سالماقتا ئىدى ھالبۇكى، بەدەن تېمپېراتۇرام يەنە ئۆرلەپ، كېزىك كېسىلىم قايتىلانغانىدى مەن بىر مەزگىلىچە، ھايات ـ ماماتلىق ئارىسىدا يۈردۈم كېسىلىم ئېغىرلىشىپ كەتكەچكە، ئاڭلاش سېزىمىمدىن مەھرۇم بولدۇم ئۇنىڭ ئۈستىگە گەپمۇ قىلالمايدىغان بولۇپ قالدىم جون ئاندېرسون بىلەن روت ئالبېرت ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ، مېنى قۇتقۇزۇۋالدى نەرسە ـ كېرەكلىرىم ئىچىدە، كونىراپ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن بىر خاتىرە دەپتەر بار ئۇنىڭغا ئۇ ئىككىيلەننىڭ ماڭا

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn

alma uyghur book

يېزىپ كۆرسەتكەن سۆزلىرى يېزىلغان، چۈنكى مەن ئاڭلاش سېزىمىمنى
يوقاتقانىدىم. بىر كۈنى بەدەن تېمپېراتۇرام بىردىنلا تۆۋەنلەپ ھوشۇمغا
كەلدىم. قارىسام جون ئاندېرسون، رۇت ئالبېرت ۋە دىن تارقىتىش ئۆ-
مەكدىكى شۋېتسىيىلىك دوختۇر كرىستىئان خېلمانۇد يېنىمدا تۇراتتى
ئۇلار مەن ۋە كېسىلىم توغرۇلۇق پاراڭلىشىۋاتاتتى، خېلمانۇد:

— ئۇ ساقايمايدۇ، — دېدى. شۇ چاغدا، ناھايىتى ئاجىزلاپ
كەتكەنلىكىمدىن، شۇ ئۆلۈم ھۆكۈمنامىسىغىمۇ ھېچقانداق ئىنكاس
قايتۇرالمىغانلىقىم ھازىرمۇ ئېسىمدە. ھەرنېمە بولسا مەن ساقىيىپ ھايات
قالدىم سالامەتلىكىم ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ئاشۇ كۈنى كەچقۇرۇن
خېلمانۇدنىڭ قىلغان ھېلىقى بىر ئېغىز گېپىنى ئاڭلاپ قالغانلىقىمنى
ئۇنىڭغا ئېيتتىم، ئۇ مېنى ئاڭلىمايدۇ، دەپ شۇ گەپنى قىلغانلىقىنى ئې-
تىراپ قىلدى. بەدەن تېمپېراتۇرام بىراقلا چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن،
ئاڭلاش سېزىمىم ئەسلىگە كېلىپ قالغاندۇر ئېھتىمال. مېدىتسىنا ئىلمى
بۇنى يېشىشى مۇمكىن

قىزىقىۋېرىش نەتىجىسىدە، شۇ كۈنلەردە مېنى دائىم قارا باسىدىغان
بولۇپ قالدى بۇنىڭ كۆپىنچىسى لۇند بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.
ئۇلاردىن بىر قىسمى ھېلىمۇ ئېسىمدە لۇنددىكى چوڭ چېركاۋ
كارىۋىتىمنىڭ يېنىدىكى ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغاندەك، چېركاۋنىڭ ئىككى
مۇنارىنى ئېنىق كۆرگەندەك قىلاتتىم. ئەسلىدە ئۈستەل ئۈستىگە ئىككى
بوتۇلكا قويۇپ قويۇلغان بولۇپ، بىرىدە قايناقسۇ، يەنە بىرىدە روسىيە
ئۈزۈم ھارىقى بار ئىدى. قايناق سۇ بىلەن ئۈزۈم ھارىقىنىڭ ئارىلاشمىسى
شۇ چاغدا مەن ئىچەلەيدىغان بىردىنبىر نەرسە ئىدى مەن قويۇق
يېمەكلىكلەرنى يېيەلمەيتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچەيىمدىن دائىم قان چې-
قىپ تۇراتتى كېسىلىم ناھايىتى ئېغىرلاشقان بىر مەزگىلنى باشتىن
كەچۈرگەندىن كېيىن، ئورۇقلاپ ئىسكىلىتقا ئوخشاپ قالغانىدىم، پۇت ـ
قوللىرىممۇ بوشاپلا كەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دائىم قارا بېسىپ
تۇراتتى يا قارا بېسىش ئەمەس، يا چۈش كۆرۈش ئەمەس، ئىش قىلىپ
ئۇنى نېمە دەپ ئاتىسا بولىۋېرەتتى بىر قېتىم مۇنداق قارا بېسىپ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/19.asp?isim=[2010-12-31 00:26:28]

alma uyghur book

قاپتىمەن ، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلار ئويۇشمىسى ئۆتكۈزگەن بەزمە كېچىلىكىگە قاتنىشىپتىمەن  شۇ يىللاردا تەلەپ قىلىنغىنىدەك ، ھەممىمىز چىرايلىق كىيىملىرىمىزنى كىيىپ ، بىر رەت بولۇپ تىزىلىپتۇق ھۆرمەتكە سازاۋەر پروفېسسور لاۋرېنس ۋىبۇل كىرىپتۇ ـ دە ، ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆپچىلىككە مېھرىبانلىق بىلەن ئېھتىرام بىلدۈرۈپتۇ  ئۇ ئالدىمغا كېلىپ ، كۆرۈشۈش ئۈچۈن قولىنى ماڭا سۇنغاندا ، قولۇم ئۇنىڭ قولىغا يەتمەي ، ئۇنىڭ ئالدىدىلا پولغا يىقىلىپ چۈشۈپتىمەن  كۆزۈمنى ئاچسام ، يەردە ياتىمەن  روشەنكى ، كارىۋاتتىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرۈش كېسىلىمنىڭ بىر قىسمى ئىدى  لېكىن ، بۇ خىل ئۇرۇنۇش كېسىلىمنى ياخشىلىيالمىغانىدى .

قاتتىق ئاغرىپ ئۇزۇن يېتىپ قېلىشىم نەتىجىسىدە ، تىل جەھەتتىكى ئىپادىلەش ئىقتىدارىمغا تەسىر كۆرسەتتى  كېسەل بولۇشتىن ئىلگىرى سكانىيە شېۋىسىدە چىرايلىق سۆزلەيتتىم  كېسەل بولغاندىن كېيىن بولسا ، يۇرتۇمنىڭ شېۋىسىدە سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغانىدىم . بۇ خىل شېۋىدىكى قوش سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۆزگىچە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئېغىز تىلىمدا يەنە كۆرۈلۈشكە باشلىدى . ھالىمدىن خەۋەر ئالىدىغان ھېلىقى ئىككى دىن تارقاتقۇچى دوستۇمنىڭ كېسىلىم تۈپەيلىدىن كۆڭلى يېرىم بولسىمۇ ، لېكىن مېنىڭ زورلىنىپ گەپ قىلىشىم ئۇلارغا بەك كۈلكىلىك تۇيۇلغانىدى  ھازىر ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى . مەن بەزىلەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردە كېسەللىكنىڭ تىلغا بولغان تەسىرى ئۈستىدە توختالغانلىقىنى ئۇچراتتىم ، بۇ يەردە مېنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم سۋېن دېلبرانكىنىڭ « غاردىكى كىشىلەر » ناملىق كىتابىدىن ئىبارەت . بۇ يەردە ئۇنىڭدىكى مۇنۇ بىر ئابزاسنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتىمەن : « شۇ يىلى كۈز مەن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقىنىمدا ، دادام پۇكسىئونىڭ روھىي كەيپىياتى ناچارلىشىپ ، ئاخىر كېسەل بولۇپ قالدى . ئۇنىڭدىكى كېسەللىكنىڭ بىرىنچى ئالامىتى شۋېد تىلىنى ئۇنتۇپ كېتىپ ، ئىتالىيان تىلىدىلا سۆزلىيەلەيدىغانلىقى ئىدى ، بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا خۇددى ئۇنىڭ ئىلگىرى سۆزلەيدىغان تىلى ئەسلىگە كېلىپ قالغاندەك

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/19.asp?isim=[2010-12-31 00:26:28]

alma uyghur book

بولغانىدى . » بىراق ، ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، كۇرابىگېتىس سكانىيە شىۋىسى قايتا تىرىلگەنىدى ئۆزۈم ئۆگەنگەن لۇند شىۋىسىنى بولسا پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەنىدىم ، ئەمما كېيىن ئەسلىمگە كەلدىم ئاڭلاش سېزىمىمۇ ئەسلىگە كەلدى بۇ يەردە شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمەنكى ، ئاشۇ قاتتىق كېسەل سەۋەبىدىن چېچىم پۈتۈنلەي چۈشۈپ كەتتى قېشىممۇ تۆكۈلۈپ كەتتى ئەمما ، كېيىن چېچىم بىلەن قېشىم ئاز - تولا يەنە ئۆستى ئىككىنچى يىلى 4 - ئايدا لۇندقا قايتقىنىمدا ، ئەمدىلا ئۆسۈپ چىققان يۇمران چاچلىرىم بەزى كىشىلەردە مېنى غەلىتە بولۇپ قاپتۇ ، دېگەن تەسىر قالدۇردى

مەن ئىلگىرى قەشقەردىكى شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ باسمىخانىسى باسقان ئەدەبىي ئەسەرلەر كاتالوگىنى تۈزگەن چېغىمدا ، « دىن تارقىتىش ئۇيۇشمىسى » دېگەن ھەپتىلىك ژۇرنالنى كۆرگەنىدىم ئۇنىڭدا دوستۇم جون تورېنكۇستنىڭ 1930 - يىلى يازغان بىر ماقالىسىدە قەشقەردە كېسەل بولغانلىق ئەھۋالىم تىلغا ئېلىنغانىدى مەن ئۇ يەردە تەلىيى ئوڭدىن كەلمىگەن بىردىنبىر ئادەم ئەمەس ئىدىم ، قەشقەرگە بارغۇچە بولغان يىراق سەپەردە روبېنتىس بىلەن كونستروممۇ بىرلا ۋاقىتتا كېسەل بولۇپ قالغانىدى روبېنتىس بەزگەك بولۇپ قالدى كونستروم بولسا مۇرەككەپ ئۆت ئوپېراتسىيىسى قىلىندى جون تورېنكۇست قەشقەردە كېسەل بولۇپ قالغانلىقىم ھەققىدە ماقالە يازغانلىقىنى ماڭا رادىي دېمىگەنىدى ئارىدىن نۇرغۇن يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، ستوكھولم پادىشاھلىق كۇتۇپخانىسى ئىچىدىن تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىم ئۈچۈن بېرىلگەن بىر بۆلۈكتە ئولتۇرۇپ ئاشۇ ماقالىنى ئوقۇپ ھەققەتەن بەكلا ھەيران قالدىم ئۇ ماقالىسىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى :

« بىز تۇرغان ئۇينىڭ ئۇستۇنكى قوتىدىكى تاغ تىرمىتىكى كىچىك ئۇيدە كۆرگەن ئېچىنىشلىق بىر ئىش بىزنى ناھايىتى قاتتىق ئازابلىدى دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ بىر يىل ( قەشقەر ) دە دائىم كېسەل يوقىتىۋېلىشى نورمال ئىش ئىدى بىز ئاسىياغا كېلىش ئالدىدىلا مۇشۇ خىلدىكى كۆتۈلمىگەن ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/19.asp?isim=[2010-12-31 00:26:28]

روھىي ھالەت جەھەتتە تەييارلىق قىلىپ قويغانىدىم. شۇڭا، بىر دىن تارقاتقۇچى كېسەل بولۇپ قالسا، ئاتىمۇ قايغۇرۇپ كەتمەيتتىم. شۇنداقتىمۇ كىشىنى تەمتەمتە قىلىدىغىنى شۇكى، كېسەل بولۇپ قالغاندا، دىن تارقىتىش ئورنىدىن ئايرىلىپ، بىر مەزگىل يا ئۇزۇن، يا قىسقا ئارام ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. دىن تارقاتقۇچى بولغان كىشىنىڭ ئازاب چېكىشى ۋە قېيىن مۇھىتتا تۇرۇشى ھەقلىق ئىش ئىدى. لېكىن، بەزىبىر سادا ھالان كېلىپ تۇراتتى. ئۇلار كېسەلگەندىكى چاغلىرىدا يېرىم تىللىرىنىڭ ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندەك قىلاتتى.

لېكىن، بەرھەزىنەتتىن ئىشلەنگەن قاتىلىما كارىۋاتتا ياتقان ئادەم دىن تارقاتقۇچى ئەمەس ئىدى. ئۇ بەك ياداڭغۇ، سولغۇن بولغاچقا، ئۇنىڭ لوند ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى گۈزەل يارلىق ئىگىلىكىنى يىرىڭ ئىشتىكلى بولماي قالغانىدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى بىر نەچچە دىن تارقاتقۇچى بىلەن بىللە قەشقەرگە كەلگەنىدى. ئۇ بۇ يەرگە كېلىشتە ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشنى، لوند ئۇنىۋېرسىتېتىغا قايتقاندا ماگىستېر ئۇنۋانىنى ئېلىشنى، كېيىن ئاسىيا تىللىرىنى تەتقىق قىلغۇچى پەلسەپە دوكتورى ئۇنۋانىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغانىدى. بىز ئۆتكەن قېتىم كۆرۈشكەندىن كېيىن بۈگۈنكىچە بولغان ئىككى ھەپتە ئىچىدىكى ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىدىكى شۇنچىۋالا چوڭ ئۆزگىرىش بىزنى ھەيران قالدۇردى. ئىككى ھەپتە ئالدىدا، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەلەيتتۇق. ئەمدىلىكتە بولسا سۆزلىشىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالمايتتى، گەپمۇ قىلالمايتتى. ئۇنىڭ كۆزى، قۇلىقى ۋە ئاغزىدىن يىرىڭلىق زەرداب ئاقاتتى. مەن بىللە كەلگەن دوختۇرغا تىكىلدىم، بۇ مەقسىتىمنى چۈشەندى: «شۇنداق، ھەممىدىن يامان بولغىنى بۇنداق قاتتىق كېزىك كېسەللىكىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن كېسەل، ئادەتتە دائىم قايتىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ بەك خەتەرلىك ئىش. مانا بۇ دەل مۇشۇ يەردە پەيدا بولۇپ بولغان ئەھۋال. مەن ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، ئەڭ يامان ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشى قېبىلىشقا تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدىم. بىراق، ئۇ ھازىر ئىككى كۈننىڭ ئالدىدىكىدىن كۆپ ياخشىلىنىپ قاپتۇ» دېدى. ئەڭ ئاخىرقى بىر ئېغىز گەپ ماڭا تەسىر قىلدى - دە، شۇنىڭ بىلەن بېشىمنى پەسرەك قىلىپ، ئىمكانقەدەر كېسەلگە ئۈنلۈك ئاۋازدا: «خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك تۇرىسىز» دېدىم. ئۇنىڭ ماڭا تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن گېپىمنى ئاڭقىرغانلىق ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. بىر

www.alma.cn

ئىلاجسىزلىقتىن ئۇ يەردىن قايتىپ چىقتىم. ھېلىقى بەرىزېنت كارىۋاتقا يەنە بىر رەت نەزەر سالدىم، ئەجەبا ئاشۇ كارىۋاتتا ياتقان ئادەم بىر نەچچە ھەپتىنىڭ ئالدىدا مەن بىلەن بىللە تۇزۇم بارىخانىلىرىنى كەزگەن، مەن بىلەن بىللە چۆلدە سەير قىلغان، تېنى ساغلام ھېلىقى يىگىتمىدۇ؟ مەن ئۇنىڭ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغان چاغدىكى جۇشقۇنلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا: «سىز ئاسىياغا كېلىش ئۈچۈنلا تۇغۇلغان ئوخشايسىز» دېگەنىدىم. ئۇ بەزى تەرەپلەردە مەندىن قابىل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ھەممە جاينى غەلىتە يۇراۋ قايىلاپ كەتكەن بازاردىكى بىرلىك تاماقلارنى يېيىشكە كۆنۈپ كەتكەنىدى. ئەمما، ئەمدىلىكتە كېلىگەندە، ئۇ مانا مۇشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. مەندە ئۇنىڭغا ئاتاپ دۇئا- تىلاۋەت قىلىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. خېلسىنبورگتىن بىر قانچە ئىنگلىز مىلى يىراقتىكى بىر جايدىكى ئاتا بىلەن ئانا بولسا ئۆزلىرىنىڭ ئوغلىغا ئاتاپ توختىماي دۇئا- تىلاۋەت قىلىپ تۇراتتى. دەل ئاشۇ ۋەجىدىن بۇ بالىنىڭ كېيىنكى ئىشلىرى چەزمەن بەختلىك بولىدۇ»

ئۇيلايمەنكى، ئالبېرتنىڭ مېنىڭ خەۋىرىم يوق ئەھۋالدا ئاتا- ئانامغا يازغان خېتىنىڭ كېسەللىمنىڭ ئەڭ خەتەرلىك باسقۇچى ئۆتۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ قولىغا تېگىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى چۈنكى، ئۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ياۋروپا ئوتتۇرىسىدىكى پوچتا ئىشى ناھايىتى ناچار ئىدى. سالامەتلىكىمنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىك ھەققىدىكى خەۋىرىمۇ ئاتا- ئانامغا ئوخشاشلا ناھايىتى ئۇزۇندا يېتىپ باراتتى. بۇ خەۋەرنىڭ ئۇلارنى چۆچۈتۈۋېتىشى ۋە قاتتىق ئازابلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئۇلار مېنىڭ قەشقەردىكى دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ دوختۇرخانىسىدا باشقا ھەرقانداق جايدىكىدىن ئوبدان داۋالىنىۋاتقانلىقىمنى ۋە كۈتۈلىدىغانلىقىمنى بىلسە، ئاتا- ئانام بىر ئاز خاتىرجەم بولۇپ قالغان بولاتتى. شۇنى كېسىپ ئېيتىمەنكى، ئەگەر شۇ دوختۇرخانىدا داۋالانمىغان ۋە كۈتۈلمىگەن بولسام، بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇ بىر قانچە قۇر خەتنىمۇ يازالمىغان بولاتتىم

سالامەتلىكىمنىڭ ئەسلىگە كېلىشى چىدامچانلىقىم ئۈچۈن بىر

www.alma.cn

alma uyghur book

سىناق بولدى. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، يەنە ھاياتىمدىكى ئەڭ گۈزەل بىر مەزگىل بولدى — مەھرۇم بولغىلى قىل قالغان ھاياتىم ساقلاپ قېلىندى. روشەنكى، دۇنيادا قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىشكە بەكمۇ تەقەززا بولۇپ كەتكەنىدىم بۇنىڭغا مېنىڭ باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالمىغان ۋاقتىمدا ئۆزۈمنىڭ باشقىلار بىلەن ئالاقىلاشقان چاغدا ئىشلەتكەن خاتىرە دەپتىرىم دەلىل - ئىسپات بولالايدۇ. جون ئاندېرسون خاتىرە دەپتىرىمگە مۇنداق دەپ يازغان: « گېزىتلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئەپقويدۇق، كېسىلىڭىز ساقايغاندىن كېيىن سىزگە بېرىمىز، قىزىتمىڭىز ئۆرلەپ تۇرغاندا، گېزىت ئوقۇشنىڭ سىزگە بەك زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭىز لازىم ئەمما، بۇ ئىشنى مەن دوختۇردىن سوراپ باقاي. » ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزدىن رەھىمدىل ئاندېرسوننىڭ ئېھتىياجىمنى چۈشەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. لېكىن، « دوختۇر » خېلمانرود مۇنداق ھەددىدىن ئوشۇق ئېھتىياجنى چۈشەنمەيتتى ئۇ قىزىتمامنىڭ ئاستا - ئاستا چۈشۈپ، سالامەتلىكىمنىڭ پەيدىنپەي ئەسلىگە كەلگۈچە بولغان مەزگىلدە، كارىۋاتتىن چۈشمەي جىم يېتىشىمنى ئېيتقانىدى مىدىر - سىدىر قىلالماي ياتقاندا. بەزى بىر ئىشلارنىڭ ئېسىڭىزگە قانداق كېلىپ قالىدىغانلىقى ئادەمنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ مەسىلەن، ھەر كۈنى ئەتىگىنى سائەت دەل سەككىز بولغاندا، بىر قەشقەر قارا قارغىسى دېرىزەمنىڭ سىرتىدىكى دەرەخكە قونۇپ بىر پەس تۇرۇپ: « قاق، قاق » دەپ بىرنەچچىنى قاقىلداپ بولۇپ تۆت ئەتراپقا قارايتتى ئاندىن « قاق، قاق » دەپ يەنە بىر نەچچىنى قاقىلداپ ئۇچۇپ كېتەتتى، ئەتىسى ئەتىگىنى يەنە كېلەتتى ئەتىگەنلىرى ھېلىقى قارغا ماڭا ھەمراھ بولاتتى مۇبادا ئۇ مېنىڭ كارىۋاتتا ياتقانلىقىمنى راستتىنلا دېرىزىدىن كۆرگەن بولسا، سالامەتلىكىم ئەسلىگە كېلىپ، مەن ئاشۇ ياتاقتىن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ قارغا جەزمەن مېنى سېغىنىدۇ. چۈنكى، مەن شۇنىڭغا دىققەت قىلدىمكى، ھېلىقى قارغا كېيىن بۇ يەرگە ئىككىنچىلەپ كەلمىدى.

خاتىرەمدىن شۇنى ئۇقتۇمكى، سالامەتلىك ئەسلىگە كېلىشكە

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/19.asp?isim=[2010-12-31 00:26:28]

alma uyghur book

باشلىغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، تىل تاۋۇشلىرى ئارقىلىق كۆزىتىش ماتېرىياللىرىنى يېزىشنى باشلاپتىمەن، يازغان پۇچۇركام بۇنى چۈشەندۇرۇپ بېرەتتى. شۇ چاغدىكى پۇچۇركام سەككىز ياشلىق بالىنىڭ يازغان خېتىدەكلا مايماق ـ سايماق، ئەگرى ـ بۈگرى ئىدى. قەشقەرنىڭ جەنۇبىدىكى تاشمىلىق دېگەن يەردىن كەلگەن شۈكۈر ئاخۇن ئىسىملىك بىر « خىرمەتكار » ىم بار ئىدى، ئۇ ياتىقىمغا كېلىپ ئىشلىرىمغا ياردەملىشەتتى. ئۇ ھەركۈنى ئەتىگەندە كېلىپ، مەشكە ئوت ياقاتتى، ئاشخانىدىن تاماق ئەكىلىپ بېرەتتى، ياتاقنى پاكىز تازىلاپ بولغاندىن كېيىن مەن بىلەن پاراڭلىشاتتى. ئۇ ساۋاتسىز بولۇپ، ھازىرقى رامان قېلىپلاشقان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلمىغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىل شېۋىسىدە سۆزلەيتتى. مەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاچ، مايماق ـ سايماق خاتىرىلەيتتىم.

شۈكۈر ئاخۇنىنىڭ سۆزىدىكى نۇرغۇن ئالاھىدە نەرسىلەر مەن كېيىنكى چاغدا ئىلمىي ئۇنۇۋانى ئېلىش ئۈچۈن يازغان ئىلمىي ماقالەم « ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى ھەققىدە تەتقىقات » قا كىرگۈزۈلدى. بۇ ئىلمىي ماقالەم كېيىن سېتىلىپ تۈگىدى، ھەتتا بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياج يەنىلا ناھايىتى كۈچلۈك.

سالامەتلىكىم تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىشكە باشلاش بىلەن بىر چاغدا، قورسىقىممۇ بەك ئاچىدىغان بولۇپ قالدى. ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتكەن بەدىنىم ئوزۇقلۇققا بەك تەشنا ئىدى. ئەمما، رۇت ئالبېرت بىلەن جون ئاندېرسون ماڭا ناھايىتى ئوبدان قاراپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن غىزالىنىشىمغا ئىنتايىن دىققەت قىلاتتى. خاتىرە دەپتىرىمدىكى ئالاقىدار مەزمۇنلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەر كۈنلۈك تامىقىمغا ئوماچ ( بوغداي ئومىچى )، كۆكتات شورپىسى، كالا سۈتى، شورپا، ياڭيۇ قىيمىسى ۋە گۆش شىرنىسى قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلاتتىم. ناھايىتى روشەنكى، دەسلەپتە بۇ خىل ئاددىي تاماققا پىكرىم بولغانىدى. چۈنكى، ھېلىقى خاتىرە دەپتەردىن، جون ئاندېرسوننىڭ خاتىرىسىدىن مۇنداق بىر ئابزاس سۆزنى ئۇچراتتىم: « سىر سىكاننىيەدىكى ئۆيىگىرگە قايتقاندىن

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/19.asp?isim=[2010-12-31 00:26:28]

كېيىن، ئامال قىلىپ سىكاننىيىلىك ئاشپەزدىن بىزگە بىرنى تېپىپ مۇشۇ يەرگە ئەۋەتىلىك  ئۇ بىزگە چوشقا گۆشى بىلەن پۇرچاق قورۇمىسى ۋە باشقا تاماق قورۇمىلارنى قورۇپ بەرسۇن ۋە ئېتىپ بەرسۇن.» شۇ چاغدا ئېچىرقاپ كەتكەنلىكىمدىن ئازراق گۆش سېلىنغان تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، تەخسىنى يەنە پاك ـ پاكىز يالىۋەتتىم

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى تورېنكۇست بىلەن ئىككىمىز كېزىك كېسىلىنى قەيەردە يۇقتۇرۇۋالغانلىقىمىز ئۈستىدە ئويلاپ كۆردۇق  بىز بۇ خىل كېسەلدىن يوشۇرۇن مەزگىلگە ئاساسەن، بۇ كېسەلنى تەكلىماكان چۆلىگە قىلىنغان سەپەرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يۇقتۇرۇۋالغان، دەپ قارىدۇق  چوقۇم سايغاندىكى ھېلىقى دەڭدە يوقتۇرۇۋالغان، دەپ جەزم قىلدۇق  ئاشۇ كۈنى كېچىسى تۈن قاراڭغۇسىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان توپ ـ توپ ئۇيغۇرلار توپى ئىچىگە قىستاپ كىرىشكە، ئۇلار ئارىسىدا قىستىلىپ يېتىشقا مەجبۇر بولغاندۇق  دەڭنىڭ ھەممە يېرىدىن گەندە ـ سۈيدۈك پۇراپ تۇراتتى  ئەتىسى ئەتىگەندە، دەڭدىن كېتىدىغان چېغىمىزدا، بىر قىسىم كىشىلەر بۇ يەردىن كەتكەن بولسىمۇ، بىراق يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھېلىھەم تام تۈۋىدە ياتقانلىقىنى كۆرگەندۇق  بۇ كىشىلەر چوقۇم بىرەر كېسەلگە گىرىپتار بولغاندى ئەمما، شۇ چاغدا بىز بۇلارغا ئۇنچىۋالا پەسەنت قىلمىغاندۇق  مۇشۇ ئەھۋاللار ئۈستىدە توختالغاندا، ئاشۇ ئاخشىمى دەڭگە كەلگەندە، چارچاپ ھالىمىزدىن كەتكەنلىكىمىزدىن ئۆتۈكىمىزنىلا سالغانلىقىمىز — بۇنىڭ ئالدىدا ئۆتۈكىمىزنى كېيىگەن پېتى دەڭ قورۇسى ئىچىدە گەندە ـ سۈيدۈكنى دەسسەپ، ئۇياق ـ بۇياققا ماڭغانلىقىمىز ئېسىمىزگە كەلدى ناھايىتى ئېنىقكى، قولىمىز ئەنە شۇنداق بۇلغانغانىكەن، تورېنكۇست شىنجاڭدا بىر قانچە ئون يىل تۇرغان ھەر كۈنى خىلمۇخىل ۋىرۇسلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى يەرلىك كېسەللىكلەرگە ئوڭايلىقچە گىرىپتار بولمايتتى  بىراق، مەن كېسەلنى ئوڭايلا يۇقتۇرۇۋېلىپ ئۇنىڭ ئازابىنى تارتقاندىم.

لۇندتىن يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى، پروفېسسور

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/19.asp?isim=[2010-12-31 00:26:28]

alma uyghur book

جون فۇرسمان — ئۇ تېببىي ساھەدىلا ئەمەس، بەلكى باشقا ساھەلەردىمۇ ناھايىتى مەشھۇر ھەم ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى ئىدى. مېنى يولۇقۇش ئېھتىمالى بولغان ھەرخىل كېسەللەرنىڭ ۋاكسىنىسى بىلەن ئەملىگەنىدى. مەن لۇندقا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، بىر كۈنى شەھەردە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم ئۇ مېنىڭ كېزىك بولۇپ قالغانلىقىمغا بەك قىزىقىدىكەن، مەنمۇ ئۇنىڭغا كېزىك بولۇپ قېلىش ئەھۋالىمنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم — ئېھتىمال سۆزۈمدىن ئۇنىڭ مېنى ئەملىگەن ۋاكسىنىسىغا نىسبەتەن مەلۇم دەرىجىدىكى تەنقىد پۇرىقى چىققان بولۇشى مۇمكىن — ياكى ئۇ ئاشۇنداق چۈشىنىۋالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن شۇڭا، ئۇ مەن كېسەل بولغاندىن كېيىن تارتقان شۇنچە جىق ئازابلىرىم ھەققىدىكى گەپلىرىمگە ناھايىتى قىسقىلا رەددىيە بېرىپ:

— ئەگەر مەن سىزنى ئاشۇ ۋاكسىنا بىلەن ئەملىمىگەن بولسام، بۈگۈنكىچە ھايات تۇرالمىغان بولاتتىڭىز، — دېدى - دە، لۇندىدا ناھايىتى قارشى ئېلىنىدىغان بۇ پروفېسسور كوچا سەيلىسى قىلىپ كېتىپ قالدى

## قايتا تاۋاپ قىلىش

مەن 1930 - يىلى 1 - ۋە 2 - ئايدا، خوتەنگە بېرىپ ئىككى ئاي تۇرۇشنى پىلانلىغانىدىم. خوتەن يېپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقانىدى ئەمما، بۇ پىلان مېنىڭ ئاتلىق ياكى مەپىلىك ئادەمنىڭ جۇلقىنى چىقىرىۋېتىدىغان توپتوغرا ئون كۈنلۈك مۇساپىنى بېسىشىمغا توغرا كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسەلدىن ئەمدىلا ساقىيىپ قوپۇپ ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا مۇنداق سەپەرگە ئاتلانسام، سالامەتلىكىمنىڭ يار بەرمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن سىرت، شۋېتسىيىگە قايتىدىغان ۋاقتىمنىڭمۇ بارغانسېرى يېقىنلاپ قېلىۋاتقانلىقىنى، ئاتلىق ئىككى ھەپتە زورۇقۇپ يول يۈرۈپ، پامىرنىڭ ئېگىز چوققىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈش ئۈچۈن، بىر ئاز كۈچ توپلىمىسام بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم شۇڭا، خوتەنگە بېرىش

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/19.asp?isim=[2010-12-31 00:26:28]

alma uyghur book

نـىـيـتىمدىن يېنىشقا مەجبۇر بولدۇم  بۇ تولىمۇ كۆڭۈلسىز ئىش بولدى
سەۋەبى شۇ چاغدا خوتەن شىۋىسىنى سىرت جايدىكىلەر
ئۇقمايتتى . شۇڭا ، مەندە 1935 ـ يىلىغا بارغاندا ، ئاندىن ئاشۇ شىۋە بىـ
لەن ئۇچرىشىشتىن بۆلەك ئامال يوق ئىدى ، شۇ چاغدا كەشمىرنىڭ
سىرناگار دېگەن يېرىدىكى يەتتىنچى بىرىگادا تۇرۇشلۇق جايدا خوتەندىن
كەلگەن بىر قىسىم سودىگەرلەر بار ئىدى

مەن قەشقەردىكى چاغدا ئوقۇغان ئۇيغۇر تارىخى قولىيازمىلىرى
ئىچىدە ( بۇ قولىيازمىلارنى كىتابپۇرۇش دوستۇم روزى ئاخۇندىن ئالغانـ
دىم ) Tazkire — yi — Satuq Bughra Khan ( تەزكىرەئى سۇتۇق
بۇغراخان ) ، يەنى « سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى » دېگەن بىر قولىيازما
مەندە ناھايىتى زور ئىشتىياق پەيدا قىلدى  بۇ قولىيازما ئوتتۇرا ئاسىيادىكى
تۇنجى، ئىسلام ھۆكۈمرانى بولغان بۇ بىر زات ھەققىدىكى بارلىق رىۋايەتـ
لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى  مەن ئودام پادىشاھنىڭ مازىرىغا بېرىش
سەپىرىمدە ، بۇ رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغانىدىم  سۇتۇق بۇغراخان كىچىك
بازار ئاتۇشقا ، يەنى قەشقەرنىڭ شىمالىدىن 50 كىلومېتىر يىراقتىكى بىر
جايغا ⑫ دەپنە قىلىنغان  ئۇ يەرگە بارىدىغان ھېچقانداق يول يوق ئىـ
دى

مەن 2 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىكى ھاۋا تۇتۇق بىر كۈنى ئەتىگەندە ،
سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرىنىڭ زادى قانداق ئىكەنلىكىنى ، شۇنداقلا ئاـ
تۇشنىڭ رادى قانداق بىر بازار ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ
بېقىش مەقسىتىدە ئاتۇشقا قاراپ يولغا چىقتىم  مەن ئىلگىرىكىگە ئوخشاش
ئۇ يەرگە مەپىلىك باردىم . مەپىكەشنىڭ ئىسمى كىتابپۇرۇش دوستۇمنىڭ
ئىسمى بىلەن ئوخشاش روزى ئاخۇن ئىكەن  ئۇ شۇ چاغدا خىزمەتكارىم
ۋە ئاشپىزىم بولۇشقا ماقۇل بولدى  شۇ چاغدا ، شىنجاڭدا ساياھەت قىلىـ
دىغان ياۋروپالىقلاردىن خىزمەتكار ئېلىپ يۈرمەيدىغىنى يوق ئىدى
ئەگەر خىزمەتكارى بولمىسا ، ئۇنىڭ يۈرى تۆكۈلەتتى ، ئابرۇيى بولمايتـ
تى

بىر ئەتىگەن سائەت بەش يېرىم ئەتراپىدا مەپىگە ئولتۇرۇپ يولغا

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/19.asp?isim=[2010-12-31 00:26:28]

alma uyghur book

چىقىپ، قەشقەرنىڭ تار كوچىلىرىنى ئارىلاپ ماڭدۇق  كوچا - يول بويلىرىدىكى ئۆيلەردە جىن چىراغ يورۇتۇقلۇق بولۇپ، كىشىلەر زوۋلۇق يېپىشكە تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى  قىش كۈنلىرى روۋلۇقنى تاڭ تولۇق سۈزۈلۈپ، بىر تال قارا يىپ بىلەن ئاق يىپنى پەرقلەندۈر گۇدەك ۋاقىت كىرىشتىن بۇرۇن يەپ بولۇش شەرت ئىدى  روۋلۇقتىن كېيىن تا كۈن تولۇق ئولتۇرغۇچە بولغان ئارىلىقتا روزا تۇتۇلاتتى  قىشتا كۈندۈز قىسقا بولسىمۇ، لېكىن سوغۇقتا روزا تۇتۇش يازدا روزا تۇتقاندىنمۇ بەك تەس ئىدى

بىر شەھەردىن چىقىپلا ئەگرى - بۈگرى يوللاردا ماڭدۇق  شورتاڭ يەرلەردىن ئۆتۈپ، ئېگىز - پەس دۆڭلۈكلەردە يۈردۇق  بىر بىر نەچچە دەريا - ئېقىننى كېچىپ ئۆتتۇق  دەريا - ئېقىندىكى ئېرىگەن مۇزلار دەريادىكى سۇنى ئۇلغايتقانىدى، مانا بۇ ئەتىياز پەسلىنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى  مەيمىر پاتقاق سايدىن ئۆتتى، بۇ پاتقاق ساي قار - مۇزلارنىڭ ئېرىشى تۈپەيلىدىن ھاسىل بولغانىدى  بىر چۈشتىن كېيىن سائەت تۆت ئەتراپىدا كوچىسى ئۇزۇن كەتكەن ئاتۇش بازىرىغا يېتىپ كەلدۇق  يولنىڭ ئىككى قاسنىقى دۇكان بىلەن تولغانىدى  بىر ھەممە يەرنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىقىپ، شۇ جايدىكى ئەڭ ئوبدان سارايدىن بىرنى تاپتۇق  ئەمما، بۇنداق دېگەنلىك بۇ ساراي مېھمانلارغا قالتىس ئازادە شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس  بازاردىكى چېغىمىردىلا كىشىلەر مېنىڭدەك بىر چەت ئەللىكنى بايقىۋېلىشتى، خېلىلا چوڭ بولۇپ قالغان بىر توپ باللار ھەممە يەرگە يۈگۈرۈپ بېرىپ: « بىر ئۇرۇس كەپتۇ » دەپ جار سېلىشتى  ھەش - پەش دېگۈچىلا ساراي قورۇسى زادى نېمە گەپتۇ دېگەننى ئۇققىلى كەلگەن كىشىلەر توپى بىلەن توشۇپ كەتتى  ئۇلار ئاشۇ ئۇرۇسنى كۆرۈپ باقماقچى بولغانلار ئىدى

مەن ئاتۇشلۇقتەك بىر نەرسىگە بەك قىزىققان كىشىلەرنى زادى ئۇچراتمىغانمەن  ئۇلار مەن چۈشكەن ھۇجرا ئىشىكىنىڭ يوچۇقىدىن مېنى مارىشتى، بەزىلىرى تېخى ئۆگزىگە يامىشىپ چىقىپ، مېنىڭ زادى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/20.asp?isim=[2010-12-31 00:25:48]

alma uyghur book

قانداق بىر ئادەملىكىمنى تۇڭلۇكتىن كۆرمەكچى بولۇشتى كىشىلەرنىڭ
دىققىتىنى ئاشۇنداق قورغاش ھەققەتەن ئادەمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈر-
گەچكە، مەن روزى ئاخۇننىڭ ياردەم قىلىشىنى ئۆتۈندۇم ئەمما. ئۇنىڭ
قولىدىن كەلمەيتتى ئۇ ھۇجرىدىكى ئوچاققا ئوت يېقىپ، مىس چۆگۈندە
چاي قاينىتىۋاتاتتى بۇ ئىشتىن ئەتراپتىكىلەر شۇ زاماتلا تېخىمۇ بەك
ھەيران بولۇشتى يېڭىدىن كەلگەن بۇ ئۇرۇس رامىزان تۇتۇشتىن ئىبا-
رەت قائىدىنى ئەيمەنمەستىن بۇزۇپ تاشلىغانىدى بۇ سارايىنىڭ يېنىدىلا
ئېگىز بىر ئىمارەت بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى لىڭشىپ تۇرىدىغان ياغاچ
پەلەمپەيىنىڭ يۇقىرىسىدا — ئۆيىنىڭ سىرتىدا ھاجەتخانا بار ئىدى مەن
شۇ كۈنى خېلى كەچ كىرگەندە ئۇ يەرگە چىقتىم قارىسام ئىككى تە-
رەپتە، پەستە مېنى كۆزىتىپ تۇرغانلار بار ئىكەن ئاتۇشلۇقلارنىڭ بىر
نەرسىدىن ھەيران بولۇشى قەشقەردە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا
ئۇچراتقان مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەيران بولۇشلاردىن ئېشىپ
چۈشكەنىدى مەن 1978 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۇرۇمچىدىكى بىر تۇرلۇك ماللار
ماگىزىنىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان چېغىمدىمۇ، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ چەت
ئەللىكلەرگە بولغان قىرىقىشى يەنىلا ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەن قەشقەر-
دىكى بىر كىتابخانىدىكى ئەھۋالمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاش بولدى ئۇلارنىڭ
نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغانلىقى ماڭا نامەلۇم بۇنىڭ ئەڭ ئاددىي جاۋابى بۇ
رايوننىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ شۇنچىۋالا
ئۈزۈۋېتىلگەنلىكى ئىدى بىراق، مۇشۇ جاۋابلا كۇپايە قىلارمۇ؟

ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ چاغ 1937 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئىسسىق بىر
كۈنى ئىدى مەن لۇند كوچىسىدا كېتىۋاتاتتىم، توساتتىن بىر توپ
ياشنىڭ ۋارقىرىشىپ سۈرەن سېلىشىۋاتقانلىقى قۇلىقىمغا كىردى ئارقى-
دىنلا ئۇلارنى ئۇچراتتىم بېرىپ قارىسام، ئۇلار: «جوڭگولۇق،
جوڭگولۇق، توڭرا پاچاق!» دەپ ۋارقىرىشىۋاتاتتى كىشىلەر توپى
ئارىسىدا بىر جوڭگولۇق ساياھەتچى قورقىنىدىن داڭ قېتىپ تۇرۇپلا
قالغانىدى ئومۇمەن ئاتۇشتا بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن خىرىس قىلىش تۇ-
سىدىكى ھەيران قېلىش ئالدىدا تېز پۈككەنىدى ئەمەلىيەتتە، ئاتۇشتىكى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/20.asp?isim=[2010-12-31 00:25:48]

ھەيران قېلىش تېخىمۇ كۆپ ھالىغا يېتىش ۋە كۆيۈنۈش تۇسىنى ئالغانىدى چۈنكى، ئۇلار پەقەت مېنى ئورۇۋېلىپلا تاماشا كۆردى ئەمما، ھاقارەت تۇسىنى ئالغان گەپلەرنى قىلمىدى يەنە شۇمۇ ئېسىمدىكى، مەن لوند كوچىسىدا ھېلىقى بىر توپ ھارامزادىلەرگە بىر نەچچە ئېغىز قوپال گەپ قىلدىم — ئەينى چاغدا بۇنداق قىلىش قانۇنغا خىلاپ ئەمەس ئىدى شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ھارامزادىلەر كېتىشتى ھېلىقى جۇڭگولۇق قېرىندىشىم ماڭا رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن، لوند مەنزىرىسى ئۈستىدىكى ئىردىنىشىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇۋەردى

ئاتۇشقا كەلگەنلىكىم ھەققىدىكى خەۋەر تېزلا تارقالدى ھەش-پەش دېگۈچىلا بىر بەگ (ئۇيغۇر، يەرلىك ئامبالنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى) ئىمكانقەدەر داۋراڭ سالماستىن مېنىڭ تەكتىمنى ئېنىقلاش مەقسىتىدە مېنى يوقلاپ كەلدى مېنى ئورۇس ئىكەن دېگەن گەپكە ئۇمۇ ئىشىنىپتۇ مەن تەمكىنلىك بىلەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ ئورۇس ئەمەس، بەلكى ferangis (فەرەڭ) ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىم مانا مۇشۇ ۋەجىدىن ئاتۇشتىكى ئىشىم ئاسانغا توختىدى بۇ يەردىكىلەر ساياھەتكە كەلگەن چەت ئەللىكلەردىن قاتتىق گۇمان قىلىدىكەن بىراق، دېگەن گەپلىرىمنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەنمۇ؟ ھېلىقى بەگ پاسپورتىمنى كۆرىمەن دېدى ۋەھالەنكى، چاتاق بولغىنى پاسپورتىمنى قەشقەردە قويۇپ كەپتىمەن ئاتۇشتىكى بىر نەچچە كۈنلۈك زىيارىتىمدە سالاھىيىتىمنى پاسپورت ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى رادىلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن مەن ھەتتا ئۈستىمدە خەنزۇچە خېتى بار قىزىل رەڭلىك ناھايىتى يوغان تەكلىپنامەمنىمۇ ئالماي كەپتىمەن ھېلىقى بەگ بىلەن قائىدە - يوسۇنلۇق خوشلاشتۇق ئىش شۇنىڭ بىلەن ھەل بولغاندۇر دەپ ئويلىدىم

ھەيرانلىق ئىلكىدە تۇرغان كىشىلەر ھېلىغىچە قورۇدا ئىدى ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، تالاغا قارىسام ئۇلار بىر خىل سېھرىي كۈچ تەرىپىدىن ھەيدىۋېتىلگەندەكلا غايىب بولۇپ كېتىپتۇ ساراي دەرۋازىسىدىن قاچالمايدىغانلار قورۇ تېمىدىن ئاتلاپ قېچىپتۇ قالغانلىرى ساراي ئىچىدە كۆزدىن غايىب بوپتۇ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋا-

www.alma.cn

alma uyghur book

قىتتا ، مەزكۇر شەھەرنىڭ ئەڭ ئالىي ئەمەلدارى كىرىپ كەلدى . ئۇ ئاتۇشنىڭ ئامبىلى ( ھاكىمى ) ⑬ سالاھىيىتى بىلەن بىر توپ ئەسكەرلەر ۋە ئەمەلدارلار ھەمراھلىقىدا كەلگەنىدى . بۇ ئەمەلدارلارنى ھاكىمنىڭ كاتىپ ـ مىرزىلىرى دەپ قاراش تېخىمۇ مۇۋاپىق ئىدى . بۇ ھاكىم ياش ئىدى ھۇجرامغا كىرگەندە ، ئاغزىدا تاماكا چىشلەگلىك تۇراتتى . ھۇجرىدا ئۈچ جاھازىدىن بىرەرسىمۇ بولمىغاچقا ، ئۇنى پەگاھدا ئولتۇ- رۇشقا تەكلىپ قىلدىم . ھېلىقى ئۇيغۇر بەگمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بار بولۇپ ، ئۇيغۇرچىنى خەنزۇچىغا ، خەنزۇچىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قى- لىش بۇرچىنى ئادا قىلىپ تۇراتتى

ھاكىمنىڭ مېنى يوقلاپ كېلىشتىكى ئاساسىي مەقستى مېنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىمنى ئېنىقلاش ئىدى ئۇ مېنىڭ مەن روسىيىلىك ئەمەس ئىكەنلىكىم توغرىسىدىكى باياناتىمنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇنى ئىسپاتلاپ بېرەلەمسىز ؟ دەپ سورىدى « ياق » دەپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىم تۇرغان گەپ ئىدى ، ئەلۋەتتە چۈنكى ، پاسپورتۇمنى ئېلىپ كەلمىگەنىدىم مەن قەشقەردىن كەلگەن بولغاچقا ، ئۇ مېنىڭ دەرھال شۇ يەرگە قايتىپ كېتىشىمنى ئېيتتى ئۇ بۇ بۇيرۇقنى خېلىلا ئەدەب بىلەن ئىزھار قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ تەلەپپۇزى ناھايىتى كەسكىن ئى- دى ئۇ يەنە دىپلوماتىيە سۆزى بىلەن مېنى باشقىلارنىڭ ھامىيلىقىدا قايتۇرۇۋەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى ئۇ سىلىقلىق بىلەن يەنە مەندەك بىر كاتتا زات ئۇنىڭ شەھىرىگە زىيارەتكە كەلگەندە شەھەردە ياكى قايتىپ كېتىش سەپىرىدە بولسۇن ، مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئادەمنىڭ بولۇشى كې- رەكلىكىنى ، چۈنكى مېنىڭ ھەرخىل خېيىمخەتەرگە ۋە قىيىنچىلىققا يولۇقۇشۇم مۇمكىنلىكىنى ، شۇڭا مېنى ئاپىرىپ قويۇشقا مۇھاپىزەتچى ئەسكەر ئەۋەتىشنى قارار قىلغانلىقىنى ئېيتتى ئۇ گېپىنى تەكرارلاپ ، مېنىڭ دەرھال قايتىپ كېتىشىمنى ئېيتتى مەن ئۇنىڭغا گەپنى ئەگىتىپ- رەك قىلىپ ، سالاھىيىتىمنىڭ بۇنىڭغا توشمايدىغانلىقىنى ، ماڭا ئوخشاش ئالاھىدە مەرتىۋىسى يوق ئادەمنى ئاپىرىپ قويۇشقا مۇھاپىزەتچى ئەسكەر ئەۋەتكەندە ، مەن ئۇچۇن رىيادە شۆھرەت ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ، ئۇنىڭ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/20.asp?isim=[2010-12-31 00:25:48]

alma uyghur book

ئۈستىگە ئۆزۈمنىڭ ھازىرنىڭ ئۆرىدىلا قەشقەرگە قايتىپ كېتىش ئىشىغا
كەلسەك ، جىسمانىي جەھەتتىن ئېيتقاندا ، سالامەتلىكىمنىڭ يار
بەرمەيدىغانلىقىنى ، مەيگە قاتقان ئاتنىڭ بەك ھېرىپ كەتكەنلىكىنى ،
ئۇنى دەم ئالدۇرۇشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ، ئەتىسى تاڭ ئېتىش بىلەن
تەڭ يولغا چىقىپ قايتىپ كېتىشكە ۋەدە بېرىدىغانلىقىمنى ، ئۇنىڭدىن
سىرت ، مېنىڭ شۇنچە يىراق يولنى بېسىپ قەشقەردىن ئاتۇشقا سۇتۇق
بۇغراخاننىڭ مازىرىنى كۆرۈشكە كەلگەنلىكىمنى ، ئەمدىلىكتە بىردىنبىر
مۇمكىنچىلىك تېخى قاراڭغۇ چۈشمىگەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ،
ئاشۇ جايغا بېرىپ ئۇنى كۆرۈش ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم  ھاكىم بۇ جەھەتتە
يول قويدى . ئۇ ھېلىقى بەگكە ماڭا ھەمراھ بولۇپ بېرىپ ، ئاتۇشنى زور
نام - ئاتاققا ئىگە قىلغان ئاشۇ كاتتا مازارنى كۆرسىتىپ كېلىش ھەققىدە
يوليورۇق بەردى  ئۇ يەنە شۇ كۈنى كەچقۇرۇندا قەشقەرگە قاراپ يولغا
چىقىشىم لازىملىقى ھەققىدىكى گېپىدە چىڭ تۇردى ھەمدە بەگكە بارلىق
ئىشلارنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى  ئاندىن
كېيىن ماڭا باشتىن ئاياغ ئەدەب بىلەن مۇئامىلە قىلغان ھېلىقى ھاكىم
ئىشخانىسىغا قايتىپ كەتتى

مەن بىردەمدىن كېيىن سۇتۇق بۇغراخان مازىرىغا قاراپ يولغا
چىقتىم ، ھېلىقى بەگ ماڭا ھەمراھ بولۇپ ماڭدى  ئارقىمىزدىن سانى ئۇر-
لۇكسىز ئاۋۋاتقان كىشىلەر توپىدىن ھاسىل بولغان تاماشا كۆرگۈچىلەر
ئەگىشىپ ماڭماقتا ئىدى  ئاخىردا ھېلىقى كىشىلەرنىڭ سانى ئاتۇش با-
زىرىنىڭ ئاھالىسىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلغانلىقىدا گەپ يوق ئىدى
بوۋايلار مېنىڭدىن ئىبارەت يات ئادەمنى ئوچۇق كۆرۈۋېلىش ئىمكانىيىتىگە
ئىگە قىلىش مەقسىتىدە ، نەۋرىلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋالغانىدى  كىشىلەر
توپى ئىچىدە پىيادە يول مېڭىشى تەسكە چۈشىدىغانلار ۋە دوكلارمۇ بار
ئىدى  بىر پاكار قورغان ئىچىگە ئېلىنغان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىغا بار-
غان چېغىمىزدا ، مازارغا قارايدىغانلار ، شۇ يەرلىك بىر نەچچە موللىلار ۋە
ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا كىشىلەر بىزنى ساقلاپ تۇرغانىكەن
مازارغا قارىغۇچى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەخلاق - پەزىلەتلىرىنى ناھايىتى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/20.asp?isim=[2010-12-31 00:25:48]

alma uyghur book

قاتتىق ئاۋازدا بايان قىلدى ھەمدە « تەزكىرەئى سۇتۇق بۇغراخان » دېگەن كىتابقا ئاساسەن ، بۇ خاننىڭ ھاياتىنى بايان قىلدى مەن ئۇ تەزكىرىنى تەپسىلى ئوقۇپ چىققاندىم ۋەھالەنكى ، شىنجاڭدىكى تۇنجى ئىسلام ھۆكۈمرانى دەپنە قىلىنغان بۇ مازار بىر قېتىمقىلىق يەر تەۋرەش تۈپەيلىدىن قاتتىق ۋەيران بولغان قەدىمكى زاماندا ، بۇ مازارنىڭمۇ ھەزرىتى ئاپاق مازارىغا ئوخشاش . كىشىلەر يادىدىن پەقەت چىقمايدىغان مازار ئىكەنلىكىدە گەپ يوق مەن بۇنى كېيىنكى كۈنلەردە ، ئەنگلىيىلىك كاپىتان ئى ف چاپمادان 1874 ـ يىلى تارتقان مۇشۇ مازارغا ئائىت بىر سۈرەتتىن بايقىدىم چاپمان شۇ چاغدا 1873 ـ يىلى يەكەن ۋە قەشقەر ھۆكۈمرانى ( ئەمرى ) بىلەن كۆرۈشكىلى بارغان سېر فورسىت باشچىلىقىدىكى ئەنگلىيە ئەلچى ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى ئىدى بۇ سۈرەت ئاشۇ ئەلچى ئۆمىكى 1874 ـ يىلى كالكۇتىدا ئېلان قىلغان بىر تەپسىلىي دوكلاتقا قوشۇپ بېسىلغان . مەن ئاشۇ قېتىمقى زىيارەت ھەققىدە خاتىرەمگە : « ئىلگىرى مەۋجۇت بولغان كاتتا ئىمارەت ئەمدىلىكتە ئۇششاق تاشلارغا ئايلىنىپ ، يەردە دۆۋىلىنىپ يېتىپتۇ » دەپ يازغانىدىم بىر يەنە شۇ يەردىكى مەدرىسىنىمۇ زىيارەت قىلدۇق ھەمدە دىنىي بىلىم ئۆگىنىۋاتقان ياش تالىپلار بىلەن كۆرۈشتۇق

بەگ سارايىغا قايتىپ كېتىۋاتقاندا ، مېنىڭ قەشقەرگە قايتىش ئىشىمنى قايتا ـ قايتا تىلغا ئېلىپ ، ھاكىمنىڭ دېگىنى بويىچە دەرھال يولغا چىقىشىم ھەققىدە تەكلىپ بەردى مەن ئاتۇشنى زىيارەت قىلىشتىكى ئاساسىي مەقسىتىمنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى ، بۈگۈن ئاخشام كەتسەم بولىدىغانلىقىنى ، ئەمدىكى گەپنىڭ مەپكەش روزى ئاخۇننىڭ نېمە دەيدىغانلىقىدا قالغانلىقىنى ، ئۆزۈمنىڭ ھاكىمنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىدىغانلىقىمنى ئەگىتىپ ئېيتتىم

مەن سارايغا كەلگەندىن كېيىن ، روزى ئاخۇننى كۆندۈرۈشكە شۇنچە كۈچىگەن بولساممۇ ، قىلچە كار قىلمىدى ئۇ شۇ كۈنى كەچتە ئاتۇشتىن يولغا چىقىشنى قەتئىي رەت قىلدى

ـــ ماڭمايمەن ، ئېتىم چىدىمايدۇ ، بەزى جايلاردا دۆڭگە چىقىش

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/20.asp?isim=[2010-12-31 00:25:48]

alma uyghur book

ناھايىتى قىيىن ، ئۇنىڭدىن سىرت ، پاتقاق سايدىن ئۆتىمىز ، قاراڭغۇ ئات ئۇ يەرنى پەرق ئېتەلمەيدۇ . بىز يولنى ئېنىق پەرق ئېتەلمىگەچكە ، مەپە موللاق ئېتىپ ئۆرۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن ، — دېدى . بەگ روزى ئاخۇننىڭ شۇ كۈنى كەچقۇرۇندا قايتىپ كېتىشكە قارشى ئېيتقان ئاشۇ سۆزلىرىگە نېمە دەپ رەددىيە بېرىشنى ئويلاپ يېتەلمىگەچكە ، پىلان بويىچە بىزنى ئاتۇشتىن كەتكۈزىۋېتىشكە ئامالسىز قېلىپ ، بىزگە يول قو- يۇشقا مەجبۇر بولدى .

— قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، — دېدى ئۇ يەنە ، — ھاكىم سىزنى ئاپىرىپ قويۇشقا مۇھاپىزەتچى ئەسكەر ئەۋەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقان . بىز مېھمانلارنى كۈتكەندە ئۇلارغا ئەدەبلىك مۇئامىلە قىلىشىمىز شەرت . ئۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق .

بەگ قايتىپ كەتتى . روزى ئاخۇن پاسكىنا بىر قازاندا مەززىلىك پولۇ ئېتىشكە باشلىدى . ئۇ بۇ قازاننى قەشقەردىن ئېلىپ كەلگەنىدى ھەش - پەش دېگۈچە قازاندا پىشۇاتقان قوي گۆشى ، پىياز ۋە گۈرۈچتىن مەززىلىك پۇراق دىماغقا ئۇرۇلۇشقا باشلىدى  ھېلىقى قىزىققاق كىشىلەر بىر كۈن روزى تۇتۇپ قورساقلىرى ئېچىپ كەتكەچكە ، ئۆيلە- رىگە قايتىپ كەتكەنىدى . مەن تاماقنى يەپ بولۇپ ، جىمجىت ئاتۇش كوچىرىلىرىدا بىر ئايلاندىم . ئەتراپتا ئادىمىزاتنىڭ ئەسىرى يوق ئىدى ئۆيلەردىن جىن چىراغ نۇرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى ، شۇنداقلا شادلىق سادالىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى  كىشلەر پۇرقىراپ ھور چىقىپ تۇرغان قازان ئەتراپىنى چۆرىدەپ ئولتۇراتتى .

بىز ئەتىسى ئەتىگەندە ، قەشقەرگە قايتىپ كېتىش مەقسىتىدە ، تاڭ يورۇشتىن بۇرۇنلا ئورنۇمدىن تۇردۇم . سارايۋەننى ئىسىم كارتوچكامنى ئېلىپ ھاكىم بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىشكە ئەۋەتتىم . بۇ دوستلۇقنى ئىزھار قىلىش يولىدىكى مەقسەتسىز ، بىر مەھەللىلىك ھاياجانلىنىشتىن پەيدا بولغان ھەرىكەت ئىدى . كېيىن مەن دىپلوماتىيە ئەمە- ەلدارى بولغان چاغلىرىمدا ، ئىسىم كارتوچكامنىڭ ئۈستىگە P. P. C — Pour Predre Conge ⑭ دېگەن سۆزنى دائىم يېزىپ قويە-

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/20.asp?isim=[2010-12-31 00:25:48]

alma uyghur book

دىغان بولدۇم. ئەمما، قەشقەردىكى چېغىمدا دىپلوماتىيە قائىدە-يوسۇنلىرىنى تېخى ئۇقمايتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى ھاكىمنىڭمۇ بۇ جەھەتتە بىلىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز ئىكەن. ئىسىم كارتۇچكام ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى.

بىز مەپىگە ئولتۇرۇپ ھاكىمنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدۇق. مۇھاپىزەتچى ئەسكەر بىزنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئۇ ئاتۇشتا تۇرۇشلۇق جۇڭگو ھەربىي گازارمىسىدا ئاتلىق ئەسكەرلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئىكەن. ئۇ لام-جىم دېمەي ئارقىمىزدىن ئاتلىق يورەتتى. ھەممىدە ماڭغان يولىمىزنىڭ توغرا-خاتا ئىكەنلىكىنى ئېنچىكىلىك بىلەن رەن قويۇپ كۆزىتىۋاتاتتى. قەشقەرگە يېقىنلاشقاندا يولدا كىشىلەر خېلى كۆپەيدى. ھېلىقى مۇھاپىزەتچى ئەسكەر ئېتىنى قامچا سېلىپ، مەپىمىزنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ يول بوشاتقۇزۇپ ماڭدى. شۇڭا، قەشقەرگە قايتىشىمىز قەشقەردىن يولغا چىققان چاغدىكىدىن كۆپ ئوڭۇشلۇق بولدى. روزى ئاخۇن ھېلىقى مۇھاپىزەتچى ئەسكەرنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، ئېتىنى قامچىلاپ مەپىنى تېز ھەيدەپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ كوچىلىرىنى قىلچىلىكمۇ پەرۋا قىلماي بۆسۈپ ئۆتتى. بىر ئولتۇرغان مەپە نۇرغۇن ئېشەك ھارۋىلىرىنى قوپاللىق بىلەن يولنىڭ چېتىگە قىستاپ چىقىرىۋەتتى.

مەن دىن تارقىتىش ئۆمىكىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھېلىقى جۇڭگولۇق ھەربىيگە ئۈستىدە خەنزۇچە خېتى بار توق قىزىل رەڭلىك بىر پارچە رەھمەت خېتىمنى بېرىپ، ئۇنىڭغا مېنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئەكىلىپ قويغانلىقىنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ھاكىمىغا بېرىشنى، ئۇنىڭدىن سىرت يەنە ھاكىمغا ئۆزۈمنىڭ پاسپورتۇمنى يېنىمدا ئېلىۋالمىغانلىقىم ئۈچۈن يەنە بىر نۆۋەت كەچۈرۈم سورىغانلىقىمنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئېيتتىم. مەن مۇھاپىزەتچى ئەسكەرگە «چاي پۇلى» ئۈچۈن سەككىز تەڭگە بەردىم. بۇ پۇل شۇ چاغدا بىر شۋېتسىيە كروناسىغا تەڭ ئىدى. بۇنىڭدىن ھەر ئىككىلىمىز خۇرسەن ۋە رازى بولدۇق.

مەن 1978-يىلى قەشقەرگە قايتا بارغىنىمدا، ئۇلار قەيەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلغۇڭىز بار، دەپ سورىدى. مەن ئاتۇشنى يەنە بىر قېتىم بېرىپ كۆرۈپ كەلسەم، بوغراخاننىڭ مازىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلسام بولاتتى، دەپ ئەگىتىپرەك

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/20.asp?isim=[2010-12-31 00:25:48]

alma uyghur book

ئېيتتىم چۈنكى، ئۇ يەر بىلەن قەشقەرنىڭ ئارىلىقى 50 كىلومېتىرچە كېلىدىغان بولغاچقا، كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپلا بارساق بولىدىغۇ دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، بۇ ئارزۇيۇمنىڭ قارشى ئېلىنمايدىغانلىقىنى شۇ زامات ھېس قىلدىم. دەسلەپ ئۇلار بىر پەس جىم تۇرۇۋېلىپ بىر دەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— بۇ ئۈنچىۋالا ئاسانغا چۈشمەيدۇ، ھازىر ئاتۇش قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى شۇڭا، ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن ئالاھىدە تەستىق ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. ئاشۇنداق ئالاھىدە تەستىق ئېلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى بار - يوقلۇقى ماڭا نامەلۇم ئىدى، مېنى كۈتۈۋالىدىغان ئادەمنىڭ چىرايىدا ئەپسۇسلىنىش ئالامەتلىرى قايتا ئىپادىلەنگەچكە، بۇ ئارزۇيۇمدىن ۋاز كەچتىم. بولۇپمۇ سۇتۇق بۇغراخان مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۈنچىۋالا مۇھىم ئەمەس ئىدى. مەن شۇنداقتىمۇ، مەيلى 1978 - يىلدا بولسۇن، ياكى 1930 - يىلدا بول- سۇن، ئاتۇش ئوخشاشلا زىيارەت قىلىش ناھايىتى تەسكە چۈشىدىغان بىر جاي ئىكەن دېگەندىن ئىبارەت مۇشۇ بىر ئەمەلىيەتنى راستتىنلا ئويلاپ قالدىم

ئىزاھات

① لۇند — شۋېتسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر شەھەر، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى ئاشۇ شەھەرگە جايلاشقان ئۇ شىمالىي ياۋروپادىكى داڭلىق بىلىم يۇرتى

② ئۇپسالا — ستوكھولمنىڭ شىمالىدىكى شەھەر بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتى

③ «يېڭى ئۇيغۇر تىلى» دېگىنى ئۇيغۇرچە كونا يېزىقنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى (لاتىنچىلاشتۇرۇلغان يېزىق) نى ئەمەس، بەلكى چاغاتاي يېزىقىغا نىسبەتەن ئېيتىلغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى كۆرسىتىدۇ

④ جۇڭغار خانلىقى دەۋرىدە، نۇرغۇن ئۇيغۇرلار جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلى ئەتراپىغا كۆچۈپ كېلىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، ئادەتتە ئۇلار «تارانچى» دەپ ئاتىلاتتى بۇ سۆز موڭغۇلچىدا «يەر تېرىغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ

⑤ چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭچىڭ يىللىرىدا، ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىغا داڭلىق غۇلجا ئىبادەتخانىسى ياسالغانىدى كېيىن شۇ جايدىكى كىشىلەر ھازىرقى غۇلجا شەھىرى ئەتراپىنى غۇلجا دەپ ئاتىغان

⑥ سۈيىن ھېيدىن ئەينى چاغدا جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدا ئىلمىي

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/20.asp?isim=[2010-12-31 00:25:48]

alma uyghur book

تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئۈمىكىگە خىراجەت يىغىش ئۈچۈن ، بېرلىنغا ئالاھىدە كەلگەن « ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ كۆلەمدە ئېكسپېدىتسىيە قىلىش » 1927 - يىلى تەشكىللەنگەن جۇڭگو - شۋېتسىيە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئۈمىكىنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ

⑦ ئانىنې مارىيە گابائىننىڭ خەنزۇچە ئىسمى گې مالى ، ئۇ مەشھۇر تۈركشۇناس ۋە بۇدداشۇناس

⑧ « ستېنكا رازىن » ، يەنى سېتىفان رازىن ئۇ روسىيەدىكى چار پادىشاھقا قارشى قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى ئىدى بۇ يەردە ۋولگا دەرياسىدىن ئۆتكەندە ، كىشىلەرنىڭ ئۆتكەن ئىشلارنى ئېسىگە ئالغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ

⑨ مالمىيۇ — شۋېتسىيىنىڭ جەنۇبى چېتىگە جايلاشقان ، دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئۇدۇلىدىكى دانىيىگە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل قارىشىپ تۇرىدىغان پورت شەھىرى

⑩ تاراس بولبا — روسىيە يازغۇچىسى گوگولنىڭ شۇ ناملىق رومانىدىكى پېرسوناژ . ئۇ ئاجايىپ خىسلەتكە ئىگە ، ۋەتەن ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشتىن يانمايدىغان كازاك قەھرىمان

⑪ سېلما لاگېلوف — (1858 — 1940 ) شۋېتسىيىلىك ئايال يازغۇچى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى . ئۇنىڭ « نىلسىنىڭ غاز ئۈستىدىكى ساياھىتى » قاتارلىق ئەسەرلىرى بار

⑫ سۇتۇق بۇغراخان مازىرى ، يەنى « سۇلتان مازارى » بولۇپ ، بۇگۈنكى ئاتۇشنىڭ سۇنتاغ يېزىسىدا

⑬ ئامبال — چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەنسەپ نامى ، ئۇ ئوردىدىن ئەۋەتىلگەن يەرلىك باشلىققا باراۋەر كېلىدۇ 1930 - يىلى ئاتۇش قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق بازار ئىدى 1938 - يىلىغا بارغاندىلا ئاتۇش مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان 1942 - يىلغا كەلگەندە دەرىجىسى ناھىيىگە كۆتۈرۈلگەن كۆرۈشكىلى كەلگەن كىشى راستىنلا ھاكىم ( ئەينى چاغدا ناھىيە ئامبىلى دەپ ئاتىلاتتى ) بولىدىغان بولسا ، ئۇ ھالدا قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى

⑭ بۇ فرانسۇزچە « خوشلىشىش ئۈچۈن » دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ ، شۇ ئادەمنىڭ قارشى تەرەپ بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندە قوللىنىلىدۇ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/20.asp?isim=[2010-12-31 00:25:48]

alma uyghur book

# ئۈچىنچى باب 1978

## قەشقەرگە قايتىپ كېلىش

1978 - يىلى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ، جۈمە . مەن قەشقەر ئايرودرومىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىمىنوف ھامۇتنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتىم . ئۇ ئۇيغۇر ئىدى ، دەۋر ئۆزگەرگەن بىر تۈرلۈك يېڭى ئىدىئولوگىيە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ ، مەن ئۇنى كۆرۈش بىلەن تەڭ ئىلگىرى قەشقەردە كۆرگەن ئەدەبىلىك ۋە مۇلايىم ھەمدە چوڭقۇر پىكىرلىك كىشىلەر يادىمغا كەلدى . ئىمىنوف ھامۇت 53 ياش ئىدى . ئۇ ئۇچىسىغا قەشقەر پاسونىدىكى ، ئەمما جۇڭگوچە ئۆزگەرتىپ تىكىلگەن كىيىم ، بېشىغا ئوتتۇرا ئاسىيا بادام دوپپىسىنى كىيگەنىدى   مەن ئۇنىڭ ھەمراھلىقىدا شەھەر مەركىزىدىن سەككىز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئايرودرومدىن شەھەر رايونىغا كەلدىم .

— 1953 - يىلى ، بۇ يەردە پەقەت بىرلا تاشلىقيول بار ئىدى ، — دېدى ئۇ ماڭغا ، — بىراق ، بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ، بۇ يول ئۇزۇل - كېسىل زامانىۋىلاشتۇرۇلدى

ئىمىنوف ھامۇت يېڭى ئۇيغۇر تىلىدا ۋە خەنزۇ تىلىدا سۆزلەيتتى . ئۇنىڭ ئوچۇق ، سىپايە سۆزلىگەن ئۇيغۇرچە سۆزىنى ئاڭلاپلا ئۇيغۇرچە ئېغىز تىلىم ئوخشىمىغان بىر خىل نەرسىنى ، يەنى ئابدۇللا بىلەن پاراڭلاشقان چاغدىكىدىن تېخىمۇ قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىنى ھېس قىلدىم ئابدۇللا قەشقەردە تۇغۇلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇرۇمچى تەلەپپۇزىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ شىمالىي شېۋىسىدە ، يەنى ئىلى ئۇيغۇر تىلىدا ياكى ئاتالمىش « تارانچى » تىلىدا سۆزلەيتتى .

مەن بۇ نۆۋەت بۇ يەرگە كېلىپ ، بۇنىڭ 1929 — 1930 - يىللىرى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/21.asp?isim=[2010-12-31 00:25:08]



ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە مەجمۇئەسى

# قەشقەرگە قايتا سەپەر

ياررىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى

ئاپتورى: گۇننار ئالفرېد ياررىڭ (شىۋېتسىيە)

تۈزگۈچى: ياڭ لىن

www.alma.cn

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

alma uyghur book

ئېسىمدە قالغان قەشقەردىن ناھايىتى چوڭ پەرقلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىل-
دىم . ئەمما ، يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ مەنزىرىسى ئېسىمدىكى مەنزىرە بىلەن
تامامەن ئوخشاش ئىدى : يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئېگىز ئۆسكەن
سۆۋادانلار ، تاختا ـ تاختا ئۆلكە ئېتىزلار ، بۇلار ھېلىمۇ etiz ( ئېتىز )
دەپ ئاتىلاتتى . كىشىلەر ئىلگىرىكىدەك ئېگىز ئۆسكەن قوناقلىقلاردا ياكى
قوغۇن ـ تاۋۇزلار دۆۋىلەنگەن ئېتىزلىقلاردا ئىشلىمەكتە ئىدى  ئاياللار
بۇرۇنقىغا ئوخشاش رەڭدار كىيىملەرنى كىيىۋالغانىدى . بىز شەھەرگە
كىرگەندىن كېيىن ، بىر كوچىدىن ئۆتتۇق  بۇ كوچىمۇ ئېسىمدىكىدەكلا
تۇراتتى  كوچىنىڭ ئىككى ياقىسى ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار : موزدۇز ، ما-
شىنىچى ، قاداقچى قاتارلىقلار بىلەن تولغانىدى  ناۋايلار چازا قۇرۇپ
ئولتۇرۇپ دۆۋە ـ دۆۋە گىردە ۋە ھەمەك نانلارنى ساتاتتى  بۇ ئىككى
خىل نان ئەڭ ئادەتتىكى نانلار ئىدى  بىر تۆمۈرچى بىر ئاتنى ئەپچىل
دارغا مەھكەم باغلىغاندىن كېيىن ، بىردەمدىلا ئۇنىڭغا يېڭى تاقا قاقتى .
ئەمما ، قەدىمكى كوچىلار خىيالىي تۇسكە ئايلانغان بولۇپ ، قەدىمىي
قەشقەرنىڭ كۆپلىگەن جايلىرى ئۆزىنىڭ كونا تۇسىنى يوقاتقانىدى
كوچىلاردا بېشىغا يوغان سەللە يۆگىگەن موللىلار كۆرۈنمەيتتى . ئېسىمدە
قېلىشىچە ، سەللىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى شۇ كىشىنىڭ ياش ـ قورامىنى ،
ئىلمىنى ۋە مەتۇسىنى بىلدۈرەتتى  ئېشەككە مىنىپ تۆگىنى يېتىلەپ
كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ « posh , posh » ( پوش ، پوش ) دەپ ۋارقىرى-
غان ئاۋازلىرى ئەمدى ئاڭلانمايتتى  ئەكسىچە ئاپتوموبىللارنىڭ
« دۈت ، دۈت » قىلغان قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى
بۇ يېڭى ئۇيغۇر تىلىدا signal bermak ( سىگنال بەرمەك ) ياكى
tat — tat qilmaq ( تات ـ تات قىلماق ) دېيىلىدۇ  بۇنىڭدىن 50 يىل
ئالدىدا ، بۇنداق سۆزلەر يوق ئىدى  ئىلگىرىكىدەك كۆپ تۆگىلەرمۇ
كۆرۈنمەيتتى  ئىلگىرى بۇ يەردە ، تۆگىلەر بازارنىڭ ئەڭ يىراق بۇلۇڭ ـ
پۇشقاقلىرىغىچە بىمالال ھەيدەپ بېرىلىپ ، ئۈستىدىكى ئېغىر يۈكلەرنى
چۈشۈرۈۋېلىش ئۈچۈن يەرگە تىزلاندۇرۇلاتتى . ئەمدىلىكتە بولسا ،
تۆگىلەرنىڭ كۆرسى رور دەرىجىدە چۈشۈپ ، يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ كونا

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/21.asp?isim=[2010-12-31 00:25:08]

alma uyghur book

چاقى سېلىنغان رېزىنكە چاقلىق هارۋىغا قوشۇپ ئادەتتىكى ئىشلارغا
سېلىنىدىغان ئۇلاغقا ئايلىنىپ قالغانىدى . بۇ خىل رېزىنكە چاقلىق هار-
ۋىلاردا ئېغىر نەرسىلەر توشۇلاتتى . يۈك ئاپتوموبىللىرى ئۇزۇن يوللۇق
ترانسپورتقا ئىشلىتىلەتتى . بۇ يەردە ئېشەك ھېلىھەم بار بولغانىدىن سىرت ،
ئۇنىڭ سانى ئاشقانىدى بىراق ، هازىر ئېشەكلەر هەرخىل هارۋىلارنى
سۆرەشكە ئىشلىتىلەتتى كىشىلەر ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قاتناش
قورالى — ئىككى دانە رېزىنكە چاق ئۈستىگە قۇرۇلغان
« resinka araba » ( رېزىنكە چاقلىق هارۋا ) دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك
هارۋا ( قول هارۋىسى ) ئىدى بۇنداق هارۋىلار ئادەم ۋە يېنىك مال تو-
شۇشقا ئىشلىتىلەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىدىكى ئىككى خىل ئەھۋالدا :
مالنى هارۋا كۆتۈرىشچە قاچىلاشتىن ئىبارەت ئوخشاش بىر خىل قائىدە
قوللىنىلاتتى ئاشۇنداق هارۋىغا گاهىدا بەش ، ئالتە ئادەم چىقىۋالاتتى .
ئەمەلىيەتتە بولسا ئىككىلا ئادەم ئولتۇرۇشقا بولاتتى . بۇ هارۋىلار ھەممە
پىكاپ ، يۈك ئاپتوموبىلى ۋە موتسىكلىتلار كەلتۈرۈپ چىقارغان
قالايمىقانچىلىقلاردىن سىرت ، كوچىلاردا يەنە سان - ساناقسىز ۋېلىسى-
پىتلارمۇ بار ئىدى .

كوچىلار ئاجايىپ قايناق - ئاۋات بولۇپ ، هەرخىل سۇرەن -
سادالار قۇلاقنى يېرىۋەتكۈدەك دەرىجىدە ئىدى . هەر بىر تۆت كوچا ئاغ-
زىدا ساقچىلار ۋە يول كۆرسىتىش چىراغلىرى بار ئىدى . قاتناش
قىستاڭچىلىق بولىدىغان چاغلاردا ئىختىيارىي نۆۋەتچىلىك قىلىدىغان قات-
ناش خادىملىرى قويۇلاتتى . ئۇلار فورمىلىرىنى كىيمەي ، بىلىكىگە
نوپۇزىنى كۆرسىتىدىغان يەڭ بەلگىسىلا تاقىۋالاتتى . كىنوخانىلارنىڭ يو-
غان ئېلان تاختىلىرىغا شۇ كۈنى ئاخشامدا قويۇلىدىغان فىلىملەرنىڭ
ئېلانلىرى يېزىلاتتى . ھەممىلا يەرگە ياگراق كارنايلار ئورنىتىلغان بولۇپ ،
تۈرلۈك مۇزىكىلار بېرىلەتتى ، شۇنداقلا شەھەر ئەمەلدارلىرى بۇ ئارقىلىق
كىشىلەرگە مۇھىم ئۇقتۇرۇش - ئېلانلارنىمۇ ئاڭلىتاتتى ياگراق كارناي
يېڭى ئۇيغۇر تىلىدا karnay ( كارناي ) دېيىلىدۇ . بۇ پارسچىدىن قوبۇل
قىلىنغان سۆز بولۇپ ، « كارناي » ياكى « نەي » دېگەن مەنىنى

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/21.asp?isim=[2010-12-31 00:25:08]

alma uyghur book

بىلدۈردۇ. رادىئودا ئەتىگەندە ئورۇندىن تۇرۇش مۇزىكىسى بېرىلەتتى،
شۇنىڭ بىلەن بىرلا چاغدا يەنە قەشقەردىكى ئېشەكلەرمۇ ھاڭراشقا
باشلايتتى. ئېشەكلەر قاتتىق، ئەمما بوغۇق ئاۋازدا ھاڭرايتتى. قەدىمدىن
بېرى بۇ بىر خىل ۋەھىمىلىك ئاۋاز ئىدى. ئېشەكنىڭ ھاڭرىشى ھارۋىغا
قېتىلغانلىق سەۋەبىدىن بولغانلىقى ياكى ھاڭراش ئارقىلىق ھارۋىغا قېتىشقا
قارشى تۇرغانلىق ئىكەنلىكى ماڭا نامەلۇم ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇنى ھېچكىم
بىلمەيدۇ.

ئەمما، ئىلگىرى تۇرغان يېرىمگە قايتا ساياھەتكە كېلىپ، يولنى
پەرق ئېتەلمەسلىكىمنىڭ سەۋەبى بۇ يەردە كەڭ يوللار، يېڭى ئۆيلەر،
كاتتا بىنالار ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ يوغان ھەيكىلى پەيدا بولغانلىقىدىلا ئەمەس
ئىدى. قەدىمكى شەھەر سېپىلى — شەھەر ئىچىدىكىلەرنى قوغداپ تۇرـ
دىغان توساق — ئېلىپ تاشلانغاچقا، شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇبنى
ئايرىيالماي قالغانىدىم. بىر ھېيتگاھ جامەسى — بۇنىمۇ تونۇيالـ
مايتىمەن — ئالدىدىكى سەينادىن ئۆتتۇق. كاللامدا ئۇ يەردە سېپىل بار
دەپ ئويلايتتىمەن. شۇنىڭ يېنىدىكى qum darvaza (قۇم دەرۋازا) دەپ
ئاتىلىدىغان شەھەر دەرۋازىسى يېنىدا، سابىق شۋېتسىيە دىن تارقىتىش
ئۆمىكى ۋە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ دوختۇرخانىسى بار ئىدى. ئەمما،
ئەمدىلىكتە بۇ دەرۋازىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. شۇنچە كۆپ پىششىق
خىش ۋە توپىنى يۆتكىۋېتىش ئىلگىرى ئۇنى ياسىغان چاغدىكىگە ئوخـ
شاشلا تەس ئىش ئىدى. سترىنبېرگ ① نىڭ يورۇقلۇق ۋە ھاۋا ئۆچۈن
شەھەر سېپىلنى ئېلىپ تاشلاش لازىملىقى ھەققىدىكى خىتابنامىسى بىرـ
دىنلا يادىمغا كېلىپ قالدى. ياش چېغىمدىن تارتىپلا بۇ يەردىكى
سېپىلنىڭ ئۆرىلا ماڭا بىر خىل كەيپىيات بولۇپ تۇيۇلغانىدى. ئۇ دائىم
مېنى تەقىپ قىلىپ قويۇلغاندەك سېزىمغا كەلتۈرەتتى. بۇ مەن تېخى
قەشقەرگە كېلىشتىن بۇرۇن سۈيىن ھېدىننىڭ «كىشىلەرنىڭ ئايىغى
تەگمىگەن چىغىر يولنى بويلاپ» دېگەن كىتابىدىكى سۈرەتلەرنى
كۆرۈش ئارقىلىق پەيدا بولغان تەسىرات ئىدى. لېكىن، ئىمنوف ماڭا
ئاشۇ دەرۋازىلارنىڭ ئىسمىنىڭ ھېلىھەم ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئاشۇ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/21.asp?isim=[2010-12-31 00:25:08]

alma uyghur book

ئىسىملارنىڭ بۇ شەھەرنىڭ ئوخشاشمايدىغان قىسىملىرىنىڭ نامى بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى .

تۇمەن دەرياسى دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك بىر دەريا قەشقەر شەھىرىدىن ئۆتەتتى . تۇمەن دېگەن بۇ سۆزنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە بىر نېمە دېيىش ناھايىتى قىيىن ئىدى . Tuman ( تۇمەن ) 10 مىڭنى بىلدۈرىدۇ ، ئەمما ئۇ يەنە كىچىك دەريا ـ ئېقىنلاردا سۇنى توساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان باغلام ـ باغلام شاخ ـ شۇمبىلارنىمۇ كۆرسىتىدۇ تۇمەن دەرياسى ھېلىھەم ئۆز جايىدا ئىدى تاغدىكى قارلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان سۇلار پەسىلگە قاراپ ئازىيىدىغان بولغاچقا ، كۈزدە دەريادا ھېچقانچە سۇ قالمىغان بولسىمۇ ، لېكىن سۇ يىغىلىدىغان ئازگاللاردا ئايااللار بۇرۇنقىدەكلا كىر ـ قات يۇماقتا ئىدى .

شەھەرنىڭ جەنۇبىغا يېقىنىغى بىر مېھمانخانا سېلىنغانىدى ، ياكى ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا ، ئۈچ مېھمانخانا سېلىنغانىدى مەن ئۇنىڭ بىرىگە چۈشىدىغان بولدۇم . مېھمانخانىغا بارىدىغان يول يېگىدىن چېپىلغان يوغان ئۆستەڭنى بويلاپ ئېلىنغانىدى ئۆستەڭ سۈيى ئىتتىك ئاقاتتى . بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى قەشقەردىكى قىزىل دەريا دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر ئېقىندىن كېلەتتى . مېھمانخانىغا بارىدىغان يول يۈزىدە ئۈندەك يۇمشاق بىر دىيۇم قېلىنلىقتىكى ئۆلۈك توپا بار بولۇپ ، ئاپتوموبىللارنىڭ چاقى تېگىشى بىلەنلا پۇرقىراپ ئۇچۇپ ھەممە يەرنى چاڭ ـ توزانغا تولدۇرۇۋېتەتتى ، بىز ئاشۇنداق چاڭ ـ توزان ئىچىدە مېھمانخانىغا باردۇق بۇ جاي كىشىگە تونۇشلۇقتەك تۇيۇلاتتى ھەمدە كىشىگە شاد ـ خۇراملىق بەخش ئېتەتتى

بۇ مېھمانخانا ھەقىقەتەن ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى . ئۇنىڭ سېلىنغىنىغا بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بولغانىدى . بۇ مېھمانخانا سېلىنىشتىن بۇرۇن ، سابىق روسسىيە ۋە ئەنگلىيە كونسۇلخانىلىرى بۇ يەردە مۇھىم مېھمانلارنى ياتاق بىلەن تەمىن ئېتەتتى . ۋەھالەنكى ، ئۇلار ئەمدىلىكتە ئادەتتىكى سارايغا ئايلىنىپ قالغانىدى . ماڭا مېھمانخانىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىن بىرىدە مۇنچىسى بار ، يەنە بىرىدە مېھمان قوبۇل قىلىدىغان

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/21.asp?isim=[2010-12-31 00:25:08]

alma uyghur book

ئۆيى بار ئىككى ئېغىزلىق ياتاق ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى ئۆيلەر ناھايىتى ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ياتاق سايمانلىرى ئۆزگىچە، ئاستىغا قەشقەردە توقۇلغان گىلەم سېلىنغانىدى. ياتاق سىرتىدىكى گۈللۈكتە ھەرخىل گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغانىدى ئۇنىڭدىن سىرت، يەنە مېۋىلىك دەرەخ ۋە كۆكتاتلارمۇ بار ئىدى مانا بۇلار كىشىلەر قەشقەردە بولۇشنى ئارزۇ قىلغان نەرسىلەر ئىدى ھازىرقى زامانغا ۋەكىللىك قىلىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر ئىچىدە يەنە ئىسسىق، سوغۇق سۇيى تەييار مۇنچىخانىسى، دۇش ۋە ھاجەتخانىسى، شۇنداقلا «Victory» دەيدىغان تاۋار ماركىسىمۇ بار ئىدى. «Victory» جۇڭگودا ئىشلەنگەن ياكى ئىمپورت قىلىنغان ماللاردا دائىم قوللىنىلىدىغان سودا ماركىسى ئىكەنلىكى ناھايىتى روشەن ئىدى. چۈنكى، ئۈرۈمچى ۋە بېيجىڭدىمۇ ئاشۇنداق سودا ماركىسى ئىشلىتىلگەن مەھسۇلاتلارنى ئىشلەتكەنلىكى كۆزگە چېلىقاتتى.

بىز چۈشلۈك غىزانى تېز يەپلا قەشقەردىكى بىر ھەپتىلىك پائالىيىتىم ئۈستىدە مۇزاكىرىلەشتۇق بىردەك پىكىرگە كېلىشىمىز تەسكە چۈشمىدى ئاۋۋال ئارام ئېلىشىمىزغا توغرا كېلەتتى، بۇ ئەڭ مۇھىم ئىش ئىدى بىز بۇنىڭ ئالدىدا دەم ئېلىش توغرۇلۇق كۆپ مۇزاكىرىلەشكەندۇق. مەن ئاخىر بۇنىڭغا مېنىڭ ياشىنىپ قالغان كىشى ئىكەنلىكىمنىڭلا سەۋەب بولغانلىقىنى چۈشەندىم جۇڭگودا 60 ياشتىن ئاشقان كىشىلەرگە ھەر جەھەتتىن بەك ئېتىبار قىلىنىدىكەن. مەن ئۇلارنىڭ گېپىگە رەددىيە بېرىپ، ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ 6000 كىلومېتىر يولنى بېسىپ، سەپەر قىلىشىم قانغىدەك ئۇچۇپ ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئەمەسلىكىنى ئېيتتىم ئەمما، بۇ گەپلىرىم كارغا كەلمىدى ئۇلار ئارام ئېلىشىم لازىملىقىنى بېكىتتى. كۈندە ئارام ئالىدىغانغا بەلگىلىك ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇلغاچقا، مەن ئاشۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ بۇ يەردىكى كەچۈرمىشلىرىمنى ۋە ئىگىلىگەن ئەھۋاللىرىمنى قايتىدىن تولۇق ئەسلەپ ئۆتتۇم.

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/21.asp?isim=[2010-12-31 00:25:08]

alma uyghur book

# قەشقەردىكى ھۆكۈمەتنىڭ كۈتۈۋېلىشى

شۇ كۈنى، 50 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، قەشقەردە تۈنجى كېچىنى ئۆتكۈزۈشۈم ئىدى. ئىمىنوف ھامۇت مېنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ كەلگەنىدى. ئەمما، مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن زىياپەت كېچىكتۈرۈلۈپتۇ. بىز خەۋەر كېلىشىنى ساقلاپ تۇرغان ۋاقىتتا، ئۆز ئەھۋالىمىز توغرۇلۇق، قەشقەردە تۇرغان چاغلىرىم، قەشقەرنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالى ئۈستىدە پاراڭلاشتۇق. ئىمىنوف ھامۇتمۇ ئۆزىنىڭ ئەھۋالى، شۇنداقلا ئۆمرىدىكى بەزى ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭ سېلىپ بەردى. ئۇ ناھايىتى سۆزمەن، ئوچۇق ئادەم بولغاچقا، ئۇنىڭ گەپلىرى ئادەمنى تولىمۇ خۇرسەن قىلاتتى.

ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ 60 ـ يىللاردا جۇڭگو ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن بىللە ئۇزۇن مۇساپىلىك بىر قېتىملىق زىيارەتكە قاتنىشىپ مىسىر ۋە سۇداننى زىيارەت قىلغانلىقىنى، يەنە غەربىي ئافرىقىدىكى گۋىنىيىگە بېرىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن تامامەن يېڭى بولغان نەرسىلەرنى كۆرگەنلىكى ۋە ئۆگەنگەنلىكىنى، شۇ چاغدا ھېچقانداق چەت ئەل تىلىنى بىلمىگەچكە، ئۆزىنى شۇنچە ئىقتىدارسىز ھېس قىلغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ئىنگلىزچە سۆزلەشنى قەتئىي ئۆگىنىشكە بەل باغلىغانلىقىنى، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قوزغالغانلىقىنى، ئۇ چاغدا چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشنىڭ زامانغا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى، ھازىر يەنە رادىئودىن ئىنگلىز تىلى دەرسى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى، 53 ياشقا كىرىپ قالغاچقا، ئىنگلىزچە ئۆگىنىشنىڭ ناھايىتى تەسكە چۈشۈۋاتقانلىقىنى، ئىنگلىزچە سۆزلەشتە تەلەپپۇز قىلىشنىڭ ناھايىتى تەسلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەركۈنى مەشىق قىلىش پۇرسىتىنىڭ يوقلۇقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ يەنە باشقىلار بىلەن ئىنگلىزچە سۆزلىشەلەيدىغان بولۇش ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانلىقىنى ئېيتتى. چۈنكى، ھازىر «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغانىدى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/21.asp?isim=[2010-12-31 00:25:08]

alma uyghur book

— ئادەم ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم. شۇڭا مەن ھەر كۈنى ئاز - ئازدىن ئىنگلىزچە سۆزلەش قارارىغا كەلدىم، — دېدى ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

ئىمىنوف ھامۇت قاق سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ زىياپەت تەييارلىقىنى سۈرۈشتۈرگىلى كەتتى. مەن بىر ھازا تەنھا ئولتۇرۇپ، سىرتتىكى ئاۋازلارغا قۇلاق سالدىم. يىراقتىن ئاپتوموبىللارنىڭ سىگنال بەرگەن ئاۋازى، خىلمۇ خىل تووۋلاش - ۋارقىراشلار ۋە ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۇساتتىن «ماياك» ② رادىئو ئىستانسىسىنىڭ بەلگە مۇزىكا ساداسىنى ئوچۇق ئاڭلاپ قالدىم. يېقىن ئەتراپتا بىرى سوۋېت ئىتتىپاقى «ماياك» رادىئو ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىنى ئاڭلاۋاتاتتى — ئۇنى كىمنىڭ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى بىلمىدىم، ئەمما بۇ بەك مۇھىم ئەمەس ئىدى.

ئىمىنوف ھامۇت قايتىپ كېلىپ مېنى زىياپەتكە ئېلىپ باردى. بۇ زىياپەتكە قەشقەر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ تۆت ئەزاسى قاتناشتى. ئۇلار زىياپەتتە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىن تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇھىملىقى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ بۇزغۇنچىلىقى ئۈستىدە توختالدى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ مەملىكەت بويىچە تەرەققىي قىلمىغان ئۆلكە - رايونلاردىن بىرى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر پاكىت ئۈستىدىمۇ توختالدى. مەن ئۇلارنى ئىمكانقەدەر بىر ئاز خۇشال قىلىش مەقسىتىدە قالتىس تەرەققىياتلارغا ئېرىشتىڭلار، دەپ ئېيتتىم. مەن «تىك لىنىيە» بويىچە، يەنى ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى - ئاخىر رېتى بويىچە، سېلىشتۇردۇم. بۇ ئۇسۇل «توغرا لىنىيە» بويىچە يەنى باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ۋە دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئەكسى ئىدى. «تىك لىنىيە» بويىچە سېلىشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئۇسۇل تېخىمۇ توغرىراق بولاتتى، شۇنداقلا مۇشۇنداق ھېسابلىغاندا، كىشىلەرگە تېخىمۇ ئىلھام بەخش ئېتىدىغان ھۆكۈمنى چىقارغىلى بولاتتى.

ئاشۇ كۈنى كېچىدە ناھايىتى تاتلىق ئۇخلىدىم. يېقىن ئەتراپتىكى ئىتلار قاۋاشقا باشلىغاندىلا ئويغىنىپ كەتتىم. بۇ ئىتلار توختىماي بىر

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/21.asp?isim=[2010-12-31 00:25:08]

هازىغىچە قاۋىدى ئىتلارنىڭ قاۋىشى ئۇزۇن تۈن مۇزىكىسى بولغاچقا ، ئۇنىڭغا كۆنۈشكە توغرا كېلەتتى بۇ ئىتلار كۈندۈزلىرى مەلۇم بىر جاي-دىكى سايىدا سونايلىنىپ ياتاتتى . بۇ ئۇلارنىڭ ئارام ئالىدىغان ۋاقتى ئىدى . سائەت ئالتە ئەتراپىدا تاڭ ئېتىشقا باشلىدى ، لېكىن ئەتراپ يەنىلا بىر ئاز قاراڭغۇ ئىدى . تاڭ يورىدى ، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئېشەكلەرنىڭ ھاڭرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . يەنە بىر پەستىن كېيىن كارنايدىن ئەتىگەن-لىك مۇزىكا بېرىلىشكە باشلىدى ، بۇ مۇزىكا ناخشا بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈلۈپ ئاڭلىتىلاتتى . قەشقەر ئويقۇسىدىن ئويغانغانىدى

بىز چۈشتىن كېيىن مېھمانخانىدا كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بىر يىغىن ئاچتۇق ، يىغىنغا يەنە ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ۋە قەشقەر دارىل-مۇئەللىمىننىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ قاتناشتى ئىمىنوف ھامۇت ماڭا ھازىرقى قەشقەرنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش يۈزىسىدىن دوكلات بېرىشكە لەۋزى قىلغانىدى . ئۇ خەنزۇچە يېزىلغان ماقالىنى ئوقۇماقتا ئىدى مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا ، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئۇقۇش مۇھىم ئىدى مەن ئۇنىڭ ماقالىسىدىن ھەربىر بەتنىڭ چەتلىرىگە ئەرەب ئېلىپبەسى بويىچە بېرىلگەن ئىزاھاتلارغا دىققەت قىلدىم — ئېھتىمال بۇ ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ نۇقتىئىنەزەرىدىن قوشقان مەزمۇنلىرى بولسا كېرەك ئۇ ئەھۋالنى خەنزۇچە تونۇشتۇردى ، ۋاڭ جۈجى خېنىم شۆبىدىچىگە تەرجىمە قىلىپ بەردى ئۇ ئەھۋال تونۇشتۇرۇش جەريانىدا پات - پات توختاپ ، بەزى سۆزلەرنى ۋە ئاتالغۇلارنى يېڭى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلاتتى ياكى ئۇلارنى يېڭى ئۇيغۇر تىلى بىلەن چۈشەندۈرەتتى ئەھۋال تونۇشتۇرۇش ناھايىتى ئۇزۇن داۋاملاشتى

## قەشقەرنىڭ مائارىپى

( Dar—ul—muallimin ) ( دارىلمۇئەللىمىن ) « ئوقۇتقۇچىلار ئۆيى » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ مۇئەللىملىرىنى يېتىشتۈرىدىغان مەكتەپ ياكى ئىنىستىتۇت قەشقەردىكى بۇ مەكتەپ

alma uyghur book

1935 - يىلى قۇرۇلغان، ئۇنىڭ كۆلىمى ئەينى چاغدا ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. ئۇ 1964 - يىلدىن بۇرۇن تېخى ھازىرقى ئورنىغا يۆتكەلمىگەن، شۇنداقلا ھازىرقىدەك مائارىپ كۆلىمىنى شەكىللەندۈرمىگەنىدى. بۇ مەكتەپ ھازىر قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي چېتىگە — سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا ماڭىدىغان سودا يولىنىڭ بويىغا جايلاشقان. بىزنى مەكتەپ ھويلىسىدىن مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى كۈتۈۋالدى  مەڭزى قىزىل، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، ئابدۇكېرىم ئىسىملىك ئۇيغۇر بولۇپ، بېشىغا بادام دوپپا كىيىۋالغانىدى. ئۇ بىزنى ئاۋۋال بىر قانچە سىنىپقا كىرىپ دەرس ئاڭلاپ بېقىشقا، ئۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپ ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلاشقا تەكلىپ قىلدى.

بىز يىمشىشىق خىشتىن سېلىنغان ئۇزۇن بىنانىڭ 2 - قەۋىتىگە چىقىپ، قىزلار سىنىپىدا دەرس ئاڭلاشنى باشلىدۇق. سىنىپقا كىرگىنىمىزدە، قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن دەس تۇردى  مۇئاۋىن مۇدىر ئۇلارغا مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى، قەشقەرگە نېمىشقا كەلگەنلىكىمنى تونۇشتۇردى. ئۇلارغا ئەدەبىيات تارىخى دەرسى ئۆتۈلۈۋاتقان ئىكەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ھەمدە دەرس ئۆتۈۋاتقان ئوقۇتقۇچىمۇ ئۇيغۇر ئىدى  ھېلىمۇ ئوقۇتقۇچى روھلۇق ھالدا ناھايىتى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى سۆزلەۋاتاتتى  يەنە بىر سىنىپتا، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان خەنزۇ تىلى دەرسى ئۆتۈلۈۋاتاتتى  مۇئاۋىن مۇدىر ئالدىنقى سىنىپتىكىگە ئوخشاش، مېنى ئۇلارغا تونۇشتۇردى  ئۇ بىز ئېكسكۇرسىيە قىلغان سىنىپلارنىڭ ھەممىسىدە مېنى ئۇلارغا تونۇشتۇردى  بىز كىرگەن 2 - سىنىپتىكى ھېلىقى ئوقۇتقۇچى خەنزۇچە خەت يېزىلغان دوسكا ئالدىدا تۇرۇپ، قولى بىلەن بىر خەنزۇچە خەتنى كۆرسەتسە، سىنىپتىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلار ئۇ خەتنى ئۈنلۈك ئوقۇيتتى، دېمەك ئۇلار ھېلىقى خەتنىڭ ئوقۇلۇش ئاھاڭىنى ئۈنلۈك ئوقۇيتتى، كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئاۋازىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ قانچىلىك ئوقۇغۇچىنىڭ ئاشۇ خەتنى ئوقۇيالايدىغانلىقىنى بىلىۋالالايتتى. بەزىدە ئاران بىر نەچچە

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/22.asp?isim=[2010-12-31 00:44:14]

ئوقۇغۇچىنىڭ ئاۋازىلا چىقاتتى . يەنە بىر سىنىپتا خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا
يېڭى ئۇيغۇر تىلى ③ دەرسى ئۆتۈلۈۋاتاتتى . دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلى
ئالدىنقى سىنىپتىكىلەر بىلەن ئوخشاش ئىدى ، ئەمما بىر يېرى ئوخشى-
مايتتى بۇ سىنىپتا ھەممە ئوقۇغۇچى تەڭ جاۋاب بېرىدىغان ئىش يوق
ئىدى . ئوقۇتقۇچى ئۇيغۇرچە بىر سۆزنى كۆرسەتسە ، ئوقۇغۇچىلار نۆۋەت
بويىچە ئۇنى ئوقۇيتتى . بىر قىز ئوقۇغۇچى دوسكىدىكى سۆزنى ئوقۇيال-
ماي ، دوسكىدىكىسى كىتابتىكىسى بىلەن ئانچە ئوخشاشمايدىكەن ، دېدى .
لېكىن ، ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭ پىكرىنى توغرا كۆردى ؛ يەنە بىر سىنىپقا
كىرسەك ، ماتېماتىكا دەرسى ئۆتۈلۈۋاتقانىكەن ، ئوقۇغۇچىلار سىنۇس ،
كوسىنۇسنى يېشىشنى ئۆگىنىۋاتقانىكەن ؛ 5 ـ سىنىپقا كىرسەك ، رەسىم
دەرسى ئۆتۈلۈۋاتقانىكەن ، ئوقۇغۇچىلار ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ،
ھەرخىل نۇقتىدىن ھەرخىل نەرسىلەرنى سىزىۋاتاتتى ؛ بىز ئاخىرىدا 6 ـ
سىنىپقا كىرسەك ، سىنىپتىكىلەر ناخشا ئېيتىۋاتقانىكەن . ئوقۇتقۇچى ئۇي-
غۇر بولۇپ ، بويى ئانچە ئېگىز ئەمەس ، مۇلايىم ، چىرايلىق ، ئەمما ئىنتايىن
روھلۇق ئىدى . ئۇ ئوغۇل ، قىز ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان سىنىپ
بولۇپ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش پەرقى چوڭ ئىدى . تام تۈۋىگە ھەرخىل
ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى قويۇقلۇق تۇراتتى . ئۇنىڭ كۆپ ساندىكىسى
راۋاب — ماندانلىنغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان چالغۇ ئەسۋابى ئىدى . دوس-
كىغا نوتا يېزىلغانىدى . دېمەك ، ئۇ مۇزىكىدىكى بەش سىزىقلىق نوتا
بويىچە ئەمەس ، بەلكى خەنزۇچە سان بويىچە يېزىلغان نوتا ئىدى ئو-
قۇتقۇچى دوسكىدىكى ئاشۇ سانلارنى كۆرسىتەتتى ، ئوقۇغۇچىلار ناخشا
ئېيتاتتى مەن ناخشىنىڭ تېكىستىنى ئۇقالمىغان بولساممۇ ، لېكىن ناخشا
ئاۋازىدىن « ماۋ زېدۇڭ » دېگەن بىر سۆزنى تەكرار ـ تەكرار
ئېيتقانلىقىنى ئۇقتۇم . بىز بارلىق سىنىپلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ بولغان-
دىن كېيىن ، مەكتەپ مەيدانىغا چۈشتۇق ئۇ يەردە بىر سائەتلىك
گىمناستىكا مەشقى ۋە توپ ئويناش مەشقى دەرسى كۆردۇق مانا بۇلار
ئاشۇ دارىلمۇئەللىمىن يولغا قويۇۋاتقان تەلىم ـ تەربىيىنىڭ بىر قىسمى
ئىدى .

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/22.asp?isim=[2010-12-31 00:44:14]

alma uyghur book

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ مەكتەپ ۋە مەكتەپ خىزمىتى ھەققى-
دىكى تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاش ئۈچۈن مۇدىر ئىشخانىسىغا كىردۇق. بۇ
ئىشخانا ناھايىتى چوڭ بولۇپ، تام تۈۋىگە ئۇرۇن ئورۇندۇق، شىرە ۋە
ئورۇندۇقلار تىزىلغانىدى. شىرەگە قوغۇن، تاۋۇز، ئۈزۈم، ئەنجۈر
قاتارلىق ھەرخىل مېۋىلەر لىق تىزىلغانىدى، بۇلار 9 - ئايدىكى ئەڭ ئېسىل
مېۋىلار ئىدى. شىرە يېنىدىن ئەمدىلا ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇشىمىزغىلا
بىرى بۇ يەرگە يەنە مېۋە، ھەرخىل بولكا ۋە چاي ئېلىپ كىردى.
ئۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇكېرىم تام تۈۋىنى بويلاپ ئورۇن ئالغان ئوقۇتقۇ-
چىلارنى ھەمدە ھەربىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى تونۇشتۇرۇپ
ئۆتتى. ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن
بۇرۇن، بۇ مەكتەپتە ئاساسلىقى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى تەر-
بىيىلىنىدىكەن، ھازىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ تەربىيىلىنىدىغان
بوپتۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىن، يېڭى ئۇيغۇر تىلى،
ماتېماتىكا، تەنتەربىيە ۋە رەسىم دەرسىگە ئوخشاش يېڭى دەرسلەر ئو-
رۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. بۇنداق دېيىش ئارقىلىق ماڭا «مەدەنىيەت زور
ئىنقىلابى» جەريانىدا، يېڭى ئۇيغۇر تىلى دەرسى ئۆتۈلمىگەنلىكى ئەگە-
تىپ ئېيتىلغانىدى. بۇ يىل ئۇلار مەكتەپ تارىخىدا تۇنجى بولۇپ ئىنگلىز
تىلى دەرسىنى تەسىس قىلىشنى پىلانغا كىرگۈزگەنىكەن. بۇ دەرسلەر
بۇنىڭدىن كېيىنكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش كۆردە
تۇتۇلۇپ، ئالاھىدە تەسىس قىلىنىغانىكەن.

ھازىر، بۇ مەكتەپتە 670 نەپەر ئوقۇغۇچى بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ
80% ى ئۇيغۇر، تاجىك، خۇيزۇ (تۇنگان) ۋە قىرغىزلار، قالغان 20% ى
خەنزۇلار ئىكەن. 1978 - يىلى 277 نەپەر ئوقۇغۇچى مەكتەپ پۈتتۈرگەن،
ئۇلارنىڭ ھەممىسى خىزمەتكە تەقسىملەنگەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ
ئىجتىمائىي ئەھۋالى ئۇلارنىڭ 90% ى ئىشچىلار ۋە دېھقانلار ئائىلىسىدىن
كېلىپ چىققانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى،
شۇنداقلا ئوقۇتقۇچىلىقنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى تىرىشىپ، قېتىرقىنىپ
ئۆگىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدىكەن

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/22.asp?isim=[2010-12-31 00:44:14]

— ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلىنىش شارائىتى بىلەن تەمىن ئېتىشكە ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە تىرىشتۇق ، — دېدى ئابدۇكېرىم ، — بىردە تەجرىبىخانا ، كۇتۇپخانا بار ، ئۇنىڭدىن سىرت يەنە تىرىشىپ نۇرغۇنلىغان ئۇسكۇنە ـ جاھازلارنى سېتىۋېلىشنىڭ يولىنى قىلىۋاتىمىز بىردە 131 ئەر ئوقۇتقۇچى ، 26 ئايال ئوقۇتقۇچى بار ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالىي مەكتەپ ياكى ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر . بۇنىڭدىن باشقا ، بىردە يەنە مۇشۇ مەكتەپتە ئۇزۇن يىل ئىشلىگەن بىر تۈركۈم پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار بار

مەن ئۇنىڭ گېپىدىن ئۇلارنىڭ ئالغان تەربىيىسى قالغان رور ساندىكى ئوقۇتقۇچىلارغا يەتمەيدۇ ، دەۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلدىم

— ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى ، — دېدى ئابدۇكېرىم يەنە ، — لېكىن بىز ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا خەنزۇ تىلى دەرسى ئۆتىدىغان ، ئاساسلىقى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا خەنزۇ تىلى دەرسى ئۆتىدىغان ، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىلى دەرسى ئۆتىدىغان بولغاچقا ، بۇ ئىككى خىل دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى بىر گۇرۇپپىغا تەشكىللىدۇق ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى بەك يېقىن . مەن شۇنداق دېيەلەيمەنكى ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ يېرىمى خەنزۇچە بىلىدۇ ، شۇنداقلا خەنزۇچە سۆزلىيەلەيدۇ .

مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئاخىرقى ئاشۇ بىر ئېغىز گېپىنى قىلىپ بولۇپ ، ئەھۋال تونۇشتۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇردى ھەمدە مېنىڭدىن يەنە سورايدىغان سوئاللىرىم بار ـ يوقلۇقىنى سورىدى .

مەن بىرىنچى بولۇپ ، مەكتەپنىڭ ئۇيغۇرچە دەرسلىك كىتابى ھەققىدە سورىدىم بۇ دەرسلىك كىتابلار يېڭى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغانمۇ ؟ ئۇنى شىنجاڭدا باسقانمۇ ؟ ئۇلار بۇ دەرسلىكلەر خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بېيجىڭدا بېسىلغان ، دەپ جاۋاب بەردى مەن مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغاچقا ، ئۇ ئەھۋال تونۇشتۇرۇۋاتقاندا ، ئۇنىڭ ئەرەب ئېلىپبەسى بو-

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/22.asp?isim=[2010-12-31 00:44:14]

alma uyghur book

يىپچە يازغان خاتىرىسىگە زەن قويغانىدىم، شۇڭا ناھايىتى تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇرچىنى لاتىنچە ھەرپ بىلەن يېزىشتىن ئىبارەت يېزىق ئىسلاھاتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى قانداقلىقىنى سورىدىم  ئۇ بۇنىڭ ھېلىمۇ يولغا قويۇلۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. مېنىڭچە، بۇ يېزىقنى ياشلارنىڭ قوللىنىشىدا گەپ يوق، بىراق ياشانغانلار بىر ئاز قىينالغاچقا، ئۇلار ھېلىمۇ ئەرەب ئېلىپبەسىنى قوللىنىۋېتىپتۇ  يەنە بىر سوئالىمغا بېرىلگەن جاۋابتىن بۇ مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتە ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيدىغانلىقىنى، تاماق، ياتاقنىڭ ھەقسىز ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

## يېزا ئىگىلىك

ئىمىنوف ھامۇت ئەھۋال تونۇشتۇرغاندا، جۇڭگونى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان زامانىۋى سانائەت دۆلىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدىكى « تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش » نىڭ ئالدىنقى ئىككىسىنى تىلغا ئالدى، ئەمما قالغان ئىككىسى دۆلەت مۇداپىئەسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن پەن - تېخنىكىنى تىلغا ئالمىدى  مەن بۇنىڭدىن ھەيران بولمىدىم يېزا ئىگىلىك ۋە سانائەت مۇھىم بولغان ئۇل تارماقلار، ئەلۋەتتە

قەشقەردىكى زىيارىتىمنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈستىدە مۇزاكىرە بولغاندا، بىرەر دېھقانچىلىق مەيدانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ناھايىتى قىزىقىدىغانلىقىمنى ئېيتقانىدىم  بۇنىڭدا مېنىڭ سكاننىيەدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانلىقىم ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىكىگە باغلىنىشلىق كۈچلۈك مۇھەببىتىمنىڭ بولغانلىقىدىن ئىبارەت بىر سەۋەب بار ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، مەن ئىلگىرى تىلشۇناسلىق — مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتى ھەققىدە يازغان بىر ئىلمىي ماقالەمدە شىنجاڭنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى يېزا ئىگىلىكى تېخنىكىسىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلغانىدىم. شۇڭا، بۇ جەھەتتىكى يېڭى تەرەققىياتلارغا بەك قىزىققانىدىم  ئاخىرقى بىر سەۋەب شۇكى، بۇ شەھەرنىڭ شەھەر رايونلىرىنىڭ ئەھۋالى بىلەن ھەركۈنى ئۇچرىشىپ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/22.asp?isim=[2010-12-31 00:44:14]

alma uyghur book

تۇرغاچقا، قەشقەرنىڭ سەھرا - يېزىلىرىغا قىزىقاتتىم.

ئاخىر بىزنىڭ پاختەكلە دەپ ئاتىلىدىغان خەلق كوممۇنىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشىمىز بېكىتىلدى. بۇ كوممۇنا قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا ئىدى. دەرۋەقە، ژان مىردالى بۇ كوممۇنىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان، شۇنداقلا بۇ كوممۇنا ھەققىدە ئەسەرمۇ يازغانىدى. بۇ كوممۇنا ئىزچىل تۇردە داڭلىق بولۇپ كەلگەن. ئەمما، مەن ئوخشىمايدىغان بىر خىل ئۇسۇل بىلەن ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆزىتىش ۋە ئۇلار ئارىسىغا بېرىپ كۆرۈپ بېقىشقا تەشنا ئىدىم. بۇ كوممۇنىنىڭ توغرا ئىسمى پاختەكلىك ( Pahteklik ) ( « پاختەك ماكانى » دېگەن مەنىدە ) ئىدى. بۇ ئىسىم ماڭا ناتونۇش ئىدى. شۇ جايدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭ نامىنى Pakhtekla ( پاختەكلە ) دېگىنىنى ئاڭلاپ، بۇ سۆزنىڭ تومۇرىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرىۋالىمىدىم. بۇ كوممۇنا ئۇزاق تېرىقچىلىق تارىخىغا ئىگە كەڭ بىر رايونغا جايلاشقان. بۇ رايون توققۇزاق دېيىلىدۇ. بۇ toquz — aq — bazar ( توققۇز ئاق بازار ) دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، « كۈندىلىك توققۇز بازار » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بىز بىر يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتوموبىلدا قەشقەر شەھىرىنى ئايلاندۇق. يەكشەنبە بازار بولىدىغان كۈن ئىدى. بىز شاد - خۇراملىققا چۆمۈپ بازارغا كېتىۋاتقان توپ - توپ قەشقەر ئاھالىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇق. بۇرۇن قەشقەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردا بىر بازار سىستېمىسى بار بولۇپ، بىر ھەپتىنىڭ ھەر كۈنى بىر يەردە بازار بولاتتى. ھەر يەرنىڭ ئايرىم بازار كۈنى بار ئىدى — مانا بۇ بىر ھەپتىنىڭ ھەربىر كۈنىدە نۆۋەت بىلەن بازار قىلىشتىن ئىبارەت بازار سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ھەر بىر كۈننىڭ نامى، ئەمەلىيەتتە، شۇ يەرنىڭ نامى بولۇپ قالغانىدى. مەسىلەن، بۈگۈن يەكشەنبە بولغان بولغاچقا، مۇشۇ كۈندە بازار بولىدىغان بىر جاينىڭ نامى yakshanba ( يەكشەنبە ) بازار، يەنى « يەكشەنبە كۈنى بولىدىغان بازار » دېيىلەتتى. ئەمنوف ھامۇت ماڭا بۇرۇنقى كونا سىستېمىلارنىڭ قوللىنىلمايدىغان بولغانلىقىنى، ھازىر پۈتۈن قەشقەر رايونىدا بىرلا كۈندە — يەكشەنبە كۈندە بازار

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/22.asp?isim=[2010-12-31 00:44:14]

alma uyghur book

بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى

بىر ئارىلاپ ئۆتكەن بىر قانچە بازاردا سودا - سېتىق قايناپ كەتكەن، ھەرخىل مول مەزمۇنلۇق پائالىيەت راسا قىزىپ كەتكەنىدى بازاردا خىلمۇ خىل توقۇلمىلار، گۈللۈك دوپپا - قالپاقلار، گىلەم - شىرداقلار، ھەددى - ھېسابسىز قوغۇن - تاۋۇزلار سېتىلماقتا ئىدى مەن تىجارەتچىلەرنىڭ شەخسىي تىجارەت قىلىدىغان - قىلمايدىغانلىقىنى سورىۋىدىم، شەخسىي سودا دەيدىغان ئىش يوق دېگەن جاۋاب بېرىلدى 50 - يىللاردىلا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلگەن، ھەممە ئىشلار كوللېكتىپ ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىكەن مەن يەنە ئۇلاردىن شەھەرلەردە ۋېلىسىپىت مىنگەنلەرنىڭ ۋېلىسىپىتى ئۆزىنىڭمۇ ياكى باشقىلارنىڭمۇ دەپ سورىۋىدىم، ئۆزلىرىنىڭ دېگەن جاۋاب بېرىلدى

— ئىشتىرلىقتا ئىشلەۋاتقان ئاۋۇ ئادەم ئاشۇ كىچىك بىر پارچە يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلالامدۇ ؟ — دەپ سورىدىم يەنە

— ھەئە، ئىگىدارچىلىق قىلالايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىلدى

پەرىزىمچە، كەنت ئەتراپىدىكى يەرلەر شۇ كەنتتىكى ئاھالىلەرنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىدەك قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى بازاردا ئىختىيارىچە سېتىشقا رۇخسەت قىلىناتتى، بىراق شەھەرنىڭ بىر كوچىسىدىكى قەپەستەك كىچىك دۇكانلاردا ئولتۇرىدىغان موردۇزلار كوللېكتىپ ئۈچۈن ئىشلەيتتى روشەنكى، ئۇلار يېزا - قىشلاقلاردىكى شەخسىلەرنىڭ تەشەببۇسكارلىق رولىغا ۋە ئالغا ئىنتىلىش ئىرادىسىگە نىسبەتەن بىر قەدەر ئەركىن مۇئامىلە قىلىدىكەن.

بىر ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ قىزىل دەريادىن ئۆتتۇق بۇ دەريانىڭ سۈيى راستىنىلا قىزىل ئىدى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى قىزىل رەڭلىك سۇنى ئىچىدىغانلىكى جايلاردىكىلەردىن پوقاق كېسىلىگە گىرىپتار بولىدىغانلىرى چىقمايدىغانلىقى، قەشقەرنىڭ سۈيىنىڭ قىزىل ئىكەنلىكى ھەممەيلەنگە ئايانىدى يەكەننىڭ سۈيى ئاق رەڭلىك ئىكەن، بۇ شەھەر پوقاق كېسىلى بار ئادەملەرنىڭ كۆپلىكى بىلەن داڭلىق ئىكەن قىزىل رەڭلىك سۇدا يود ماددىسى بار بولۇپ، ئۇ پوقاق كېسىلىنىڭ ئالدىنى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/22.asp?isim=[2010-12-31 00:44:14]

ئالالايدىكەن، بۇ پاكىتلار ئىمنوف هامۇتقا بەك تونۇشلۇق ئىكەن.

بىز ئولتۇرغان ئاپتوموبىل كەڭ ئاسفالىت يولدىن ئۆتۈپ توققۇزاق تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بىز بۇ يەرنىڭ يوللىرىنىڭ ناهايىتى پاسكىنا ئىكەنلىكىگە، يول يۈزىنى دائىم قېلىن بىر قەۋەت قۇملۇق توپا قاپلاپ تۇرىدىغانلىقىغا، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ ئاسمان پەلەك ئېگىز ئۆسكەنلىكىگە دىققەت قىلدۇق. مانا بۇ پاختەكلىككە بارىدىغان ئاساسلىق يول بولۇپ، يولدىكى چوڭقۇر كاتاڭچىلار بۇ يولدا ئاپتوموبىل، هارۋىلارنىڭ بەك تولا ماڭىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. تاغدىكى قار - مۇزلار ئېرىپ، يوللار ئۇيغۇر تىلىدا ئېيتىلىدىغىنىدەك patiq (پاتقاق) بولۇپ كېتىپ، ئاپتوموبىل، هارۋىلار ماڭالمايدىغان بولۇپ كەتكەندە، بۇ يولنىڭ قانداق هالەتكە كېلىدىغانلىقى ئىختىيارسىز كۆز ئالدىمغا كەلدى

پاختەكلە كوممۇنىلىق ئىنقىلابىي كومىتېتىدىكى رەهبەرلەر كوممۇنىنىڭ ئاساسلىق بىناسى ئالدىدا بىزنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. كېلىشىمىز بىلەنلا بىزنى ناهايىتى چوڭ بىر مېهمان قوبۇل قىلىش ئۆيىگە باشلاپ كىردى. شىرەگە چاي ۋە قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋىلەر تىزىلغانىدى. بىر رەهبەر قارشى ئېلىش نۇتقى سۆزلىدى. هەممە جۇڭگو — شۋېتسىيە ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنىڭ يىراق يەردىكى شۋېتسىيىلىك بىر مېهماننى پاختەكلەنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا يەنە باشلاپ كەلگەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭدىن خۇرسەن بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ سۆزى دىپلوماتىك پۇراققا ناهايىتى باي، شۇقەدەر سەممىي ئىدى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا نۇرغۇن پاكىتلار ئارقىلىق مەزكۇر كوممۇنىنىڭ قۇرۇلغان چاغدىكى ئەهۋالى ۋە هازىرقى ئەهۋالىنى تونۇشتۇردى

پاختەكلە خەلق كوممۇنىسى قەشقەر شەهرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، قىزىل دەرياسى بىلەن تالچۇق دەرياسىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان، يېرى كەڭ، تۈز بولۇپ، تېرىلغۇ كۆلىمى 24 مىڭ مو ئىكەن. ئازادلىقتىن بۇرۇن، بۇ يەر ئوت - چۆپلەر بېسىپ كەتكەن سازلىق بولۇپ، بۇ يەردە بىر نەچچە يوقسۇل دېهقان ئائىلىسىلا تۇرىدىكەن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش

www.alma.cn

alma uyghur book

سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن ئىكەن ئاھالىلەر تىرىكچىلىك قىلىش مەقسىتىدە ياقا يۇرتلارغا سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان، ئۇنىڭدىن سىرت، بۇ يەردىكى دېھقانلار پومېشچىكلارنىڭ ئېزىشىغا ئۇچرىغان، بۇ يەردىكى يەرلەرنىڭ 80% ى باي دېھقانلارنىڭ قولىدا بولغاچقا، مۇتلەق كۆپچىلىك نامرات دېھقانلار كۈن بويى ئۇلارغا ئىشلەيدىكەن. 1949 ـ يىلى ئازاد بولغاندىن كېيىن نامرات دېھقانلار يەرنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلانغان ماۋ زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە 1952 ـ يىلى يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، پومېشچىكلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلگەن. 1952 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى پاختەكلە دېھقانلىرى ماۋ رېدۇڭغا ئۇرۇن خەت يازغان، شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ماۋ رېدۇڭ ئۇلارغا جاۋاب خەت يازغان ( بۇ خەت رامكىغا ئېلىنىپ تامغا ئېسىلغان، ئۇنىڭ يېنىغا ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى رامكىغا ئېلىنغان ) ماۋ زېدۇڭ خېتىدە، پاختەكلىدىكى دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە پاراۋانلىقىنى ئاشۇرۇشلىرىنى ئۈمىد قىلغان ماۋ زېدۇڭ ئاشۇ خەتنى يازغان ۋاقىتتىن ھازىرغىچە 26 يىل ۋاقىت ئۆتكەن، دېھقانلار ئۇنىڭ يولىيورۇقى بويىچە ئىشلەپ، بۇرۇنقى سازلىق ـ قاقاسلىقنى گۈزەل ئېكىنزارغا ۋە ئورمانزارلىققا ئايلاندۇرغان كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش يىلدىن ـ يىلغا ئاشقان، تۇرمۇش سەۋىيىسى يىلدىن ـ يىلغا ياخشىلانغان

ئۇ ئاشلىق مەھسۇلاتى ھەققىدىكى بىر قاتار تەپسىلىي سان ـ سىفىرلارنى مىسال كەلتۈردى، مەن بۇ يەردە بۇلارنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىپ ئولتۇرمايمەن ئۇلار ماڭا قوغۇن، تاۋۇز تېرىسا خېلى پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى بۇ كوممۇنا ھەرخىل سورتلۇق قوغۇن، تاۋۇزنى 10 مىڭ مو يەرگە تېرىپ، مو بېشىدىن 1000 كىلوگىرامدىن مەھسۇلات ئالغان بىر دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ قوغۇن، تاۋۇزى پۈتۈن قەشقەرنى تەمىنلىگەن

بىر مېھمان قوبۇل قىلىش ئۆيىدىن چىقىپ، ئېتىزلىقنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق ـ ھەممە يەر پارچە ـ پارچە ئېتىزلىقلارغا بۆلۈنگەن، ھەربىر

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/22.asp?isim=[2010-12-31 00:44:14]

alma uyghur book

ئېتىر سەككىز كۋادرات كىلومېتىر چوڭلۇقتا ئىدى  ئېتىرلىقنىڭ بىر تەرىپىدىكى يول ياقىسىدىكى قاتار ـ قاتار كەتكەن سۇۋادانلار ئاسمان پەلەك ئۆسكەن، ئۆرۈنىسىغا، توغرىسىغا چېپىلغان ئېرىقلار گىرەلىشىپ كەتكەنىدى  ئېتىرنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى يول بويىغا قاتار ـ قاتار سۆگەتلەر قويۇلغانىدى  بۇ سۆگەتلەرمۇ ئىلگىرى سىكانىيە يېرىلىرىدا تىكىلگەن سۆگەتلەرگە ئوخشايتتى  بۇ يەردىكى سۆگەتلەر ئىلگىرى سىكانىيە يېزىلىرىدىكىگە ئوخشاش يېقىلغۇ قىلىش ئۈچۈن تىكىلگەنىدى بىر ئىككى تەرىپىگە ھەرخىل زىرائەت تېرىلغان تۆت ـ بەش كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولنى بويلاپ ماڭدۇق، ھەممىلا يەردە مەھەللىلەر، ئۇيغۇر ئۇسلۇبىدىكى پاكار، ئۆگزىسى تەكشى ئۆيلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى  بىر ئاۋۋال بىر قوغۇنلۇقتا توختىدۇق  مول ھوسۇل مەۋسۇمى ئۆتۈپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى، بىر قۇرۇپ قالغان بىر ئېرىقتىن ئاتلاپ، قوغۇنلۇققا كىردۇق  قوغۇنلۇقنىڭ ھەممىلا يېرى پىشىپ كەتكەن قوغۇن بىلەن تولغانىدى. قوغۇنلۇقنىڭ بىر چېتىدە، شاخ ـ شۇمبىدىن ياسالغان بىر ساتما تۇراتتى، قوغۇنچى كۈندۈزى پىژ ـ پىژ ئاپتاپتا ئاشۇ يەردە ئارام ئالاتتى، شۇنداقلا قوغۇن ۋە سۇ باقاتتى، زۆرۈر تېپىلغاندا، سۇنى ئېرىققا چىقىرىۋەتتى  ئۇلار قوغۇندىن بىر قانچىنى پىچتى، بىر ھەرخىل سورتلۇق قوغۇنلارنى تېتىپ كۆرۈپ، ماختىشىپ كەتتۇق  مەن ئۇلارغا قوغۇننىڭ سايىقىدىن كېسىۋېتىلگەن ھېلىقى پارچىسىنى ئۇيغۇرچىدا «satan» (شەيتان) نى ئېلىۋېتىش دەيدىغانلىقىنى ئېيتىشىم بىلەن تەڭ ھەممەيلەن پاراقىدە كۈلۈپ، توغرا ئېيتقانلىقىمنى تەستىقلاشتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە، شەيتان قوغۇننىڭ كېسىۋېتىلگەن سايىقىنى غالتەك قىلىپ، بۇ يەردىن ئۇ يەرگە چېپىپ يۈرىدىكەن  كېسىۋېتىلگەن قوغۇننىڭ سايىقىنى شەيتانغا غالتەك قىلىپ ئويناتماسلىق ئۈچۈن، ئۇنى ئۇششاق قىلىپ توغرىۋېتىش ئادەت بولۇپ قالغان  ئۇلار پاختەكلەدىكى قوغۇنلۇقتا ئۇنداق قىلمىدى  بۇلار ھازىرقى زامان كىشىلىرى بولغاچقا، قوغۇننىڭ قىممىتىگە ئوزۇقلۇقى ۋە ئۆزلىرىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغانلىق تەرىپىدىن ناھايىتى ئەمەلىي قارايدىكەن  ئۇلار ماڭا قىش كۈنلىرى قو-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/22.asp?isim=[2010-12-31 00:44:14]

غۇننى 5℃ — 8℃ قىچە بولغان تېمپېراتۇرىدا تۆت ـ بەش ئاي ساقلىغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قەشقەر رايونىدىكىلەر بىر قانچە يۇر يىل ياكى بىر قانچە مىڭ يىلدىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان تەجرىبىگە ئاساسەن، قوغۇننى گەمىدە ساقلاش جەھەتتە ئاجايىپ باغۋەنچىلىك تارىخىغا ئىگە ئىكەن. ماركو پولو قەشقەرنىڭ باغلىرىنى ۋە ئۇ يەردە ئۆسىدىغان مېۋىلەرنى تەسۋىرلىگەن، ئەمما قوغۇننى تىلغا ئالمىغان!

بىر ھەدەپ قوغۇن يەۋاتقان چېغىمىردا، يولغا نۇرغۇن كىشىلەر توپلاشتى، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى بالىلار ئىدى. ئۇلاردىن نۇرغۇنلىرىنىڭ يۈزلىرىگە يەل تاشما چىقىپ كەتكەن بولۇپ، قارىسا ئادەمنىڭ كۆڭلى بۆلەكچە بولۇپ قالاتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئەپتىدىن قارىغاندا ئۇرۇقلۇقى ياخشى، ناھايىتى ساغلام كۆرۈنەتتى. ئۇلارنى كۆرگەندە كونا زاماندىكى قەشقەر ئادەمنىڭ ئېسىگە كېلەتتى، تازىلىق ۋە ساغلاملىقنى ياخشىلاش جەھەتلەردىكى تىرىشچانلىقلارنىڭ ھەممىلا يەردە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ كېتەلمىگەنلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

مەن ھەر يىلى مۇشۇ مەزگىلدە شۇدىگەر قىلىنىدىغان يەرنىڭ قانچە مو كېلىدىغانلىقىنى سورىدىم، ئۇلار ماڭا ئۇنىڭ سانىنى دەپ بەردى، ئارقىدىنلا مېنى شۇدىگەر قىلىنىۋاتقان يەرگە باشلاپ باردى. بۇنداق يەرلەر ئۇيغۇرچىدا aq yer (ئاق يەر) دېيىلىدۇ. تېرىلماي شۇدىگەر قىلىنغانلىقتىن، تۇپراق بىر مەزگىل ھاردۇق ئېلىۋالىدۇ. «ئاق» دېگەن سۆزنىڭ دېھقانلار تىلىدا يەنە باشقا بىر مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقى ئېسىمگە كەلدى. شۇدىگەر قىلىنغان ئاق يەرلەرگە تۇپراق قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۆۋە ـ دۆۋە قىغ تۆكۈلگەنىدى.

بىر كىشىلەر كېۋەز تېرىۋاتقان بىر ئېتىزلىقنىڭ يېنىدا توختىدۇق. بۇ يەرلەرگىمۇ پاختىكىلىدىكى باشقا يەرلەردىكىگە ئوخشاش، تۆت ئەتراپىغا ئاپتاپپەرەس تېرىلغانىدى. ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقى ئاساسلىقى ياغ تارتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. ئۇيغۇر يىگىتلىرى ۋە قىزلىرى توپ ـ توپ بولۇپ قەدىمكى زاماندىكىگە ئوخشاش قاتار تۇرۇپ، تەڭ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئورغاق بىلەن شال ئورۇشماقتا ئىدى. ئورۇش ـ يىغىشتا

www.alma.cn

پۇتۇنلەي ماشىنىغا تايىنىلمايدىكەن لېكىن ، ئۇلار ماگا تېرىغاندا ماشىنا
بىلەن تېرىيدىغانلىقىنى ئېيتتى ، شال ئەنجىسى ئۇيغۇرچىدا pakhal ( پا-
خال ) دېيىلىدىكەن ، ئۇنى باشقا ئۇلاغقا بەرگەندە بەك يېرىكلىك
قىلىدىغان بولغاچقا ، پەقەت تۆگىگىلا يەم قىلىپ بېرىلىدىكەن ، ئېشەكمۇ
يەيدىكەن ئۇلاغلار ئۆزلىرىنىڭ يېمەكلىكىنى ناھايىتى ئىلغايدىكەن
ئېتىزلىقنى بىر نەچچە سائەت ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن ،
چۈشلۈك غىزا ۋاقتى بولۇپ قالغاندى پاختەكلە كوممۇنىسى تۇرۇشلۇق
جايىنىڭ مەركىزىدە كۈلۈپ دېيىشكە بولىدىغان بىر ئىمارەت بار ئىدى
توق قىزىل رەڭلىك خەنزۇچە بېغىشلىما بىلەن زىننەتلەنگەن دەرۋازا ئال-
دىدا ئۇيغۇرچە رەڭگا رەڭ كىيىم كىيگەن بىر توپ ياش بىزنى كۈتۈپ
تۇرغانىكەن ، ئۇلار بىزنى ناخشا ـ ئۇسسۇل بىلەن قارشى ئالدى ۋە بىزنى
ئۇزۇن بىر ئۆيگە باشلاپ ئەكىردى بۇ ئۆينىڭ تاملىرى ۋە تورۇسلىرىغا
ياماشقان ئۈزۈم باراڭلىرىدىن پىشقان ساپ ـ ساپ ئۈزۈملەر ساڭگىلاپ
تۇراتتى يەرگە خوتەن ۋە قەشقەر گىلىمى سېلىنغان ، نۇرغۇن گىلەم
نۇسخىلىرى ھازىر قوللىنىلمايدىغان قەدىمكى نۇسخىلاردىن ئىدى قىزىل
ۋە كۆكرەڭلىك ھەرخىل ئانارگۈل نۇسخىلىرى ـــ رەڭگى بىلەن تەبىئىي
تۇس كارامەت ماس كەلگەنىدى بىر گىلەمدە ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ئال-
دىمىزغا چاي ۋە قوغۇن ـ تاۋۇز ، مېۋە ـ چېۋىلەر كەلتۈرۈلدى
بىلمىدىم ، شۇنچىۋالا كۆپ ئۈزۈم ۋە قوغۇن ، تاۋۇزلار بىچارە قورسىقىمغا
قانچىلىك سىغاركىن تاڭ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئويۇن قويۇلدى
كونسېرتلارنىڭ تولىسى ماۋ زېدۇڭنى مەدھىيىلەيدىغان كونسېرتلار ئى-
دى . ئۇلار ناخشا ، ساز ۋە ئۇسسۇل ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ماۋ زېدۇڭنىڭ
تەلىمى ۋە فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىش ، ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىپ ، ئىشلەپچى-
قىرىشنى ئاشۇرۇش ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ياخشىلاشنىڭ
كاپالىتى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيتتى ئوينالغان ئويۇنلارنىڭ ئالدىنقى يې-
رىمى « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نى سۆكىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ
بۇرغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئۈستىدىن دەرد تۆكىدىغان ئويۇنلار بىلەن
ئاخىرلاشتى كېيىنكى يېرىمى پومېشچىكلارنىڭ دېھقانلارنى

www.alma.cn

alma uyghur book

ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان جىنايەتلىرىگە بېرىپ تاقالدى. بىر ئۇيغۇر يىگىتى ئىلگىرىكى aq saqal (ئاقساقال) رولىغا چىققانىدى. «ئاقساقال» دېگەن سۆز ئىلگىرى يۇرت - مەھەللىلەردىكى يېشى چوڭ مويسىپىتلارنى ئاتاشتا قوللىنىلاتتى، بۇنداق ئاقساقاللار ھوقۇقلۇق ۋە نوپۇزلۇق ئىدى. بىر ياش ئۇيغۇر ئايال ھېلىقى ئاقساقالنىڭ ئايالىنىڭ رولىغا چىققانىدى. ئۇلار بىر ۋەقەلىكنى نۇۋۋەتلىشىپ ناخشا تەرەننۇمىدە بايان قىلدى، ۋەقەلىكنىڭ مەزمۇنى پومېشچىكلارنىڭ زامانىدا، تۇرمۇش زىندانىدىكىدەك ئۆتەتتى، ماۋ رېدۇڭ يېڭى زامانغا ئىگە قىلدى دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بۇ سەنئەت ئەترىتىنىڭ ئىشتىن سىرتقى ئەترەت ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئادەتتە ئۇلار ئېتىزدا ئىشلەيدىغان مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ ئىختىيارىي ئەزالىرىدىن ئىكەن، ئۇلار كوممۇنىغا ئەزىز مېھمانلار كەلگەندە ياكى كوممۇنىدىن مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئويۇشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان سورۇنلاردا ئويۇن قويىدىكەن. ئادەتتە ئاشۇنداق ئويۇن ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن ئەزىز مېھمانلار ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىنىدىكەن، ياشىنىپ قالغانلىقىمنى نەزەرگە ئېلىپ، مېنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىشنى كەچۈرۈم قىلىۋەتتى. ياشانغانلارنىڭ ئارزۇسى ھۆرمەتلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇلار مېنى ئاشۇنداق پائالىيەتكە قاتناشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇۋالمىدى.

بىر قەشقەرگە قايتقۇچە قەشقەر تەنتەربىيە مەيدانىدا توختاپ ئۆتتۇق. ئىمىنوف ھاموت ماڭا بۇ شەھەردىكى پۇتبول كوماندىسىنىڭ داڭقى بارلىقىنى ئېيتتى. قەشقەرلىك بىر يىگىت جۇڭگونىڭ ئەڭ ياخشى پۇتبول كوماندىسىنىڭ ۋارتارى بولغانىكەن. ئۇ بېيجىڭ ۋە باشقا چوڭ شەھەرلەردە پۇتبول ئوينىغانىكەن. ئۇيغۇرچىدا توپ سولايدىغان ئېغىزنى باقىدىغان ئادەمنى voroter (ۋاراتار) دەيدىكەن. ئىلگىرى قەشقەردە تۇرغان چېغىمدا، بۇ سۆزنى رادى ئاڭلىماپتىكەنمەن. چۈنكى ئۇ چاغدا بۇ يەردە ھېچقانداق تەنتەربىيە پائالىيىتى يوق ئىدى. بىراق، بۇ سۆز ماڭا تونۇشلۇقتەكلا قىلاتتى. مەن بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن، بىردىنلا ئۇ سۆزنىڭ روسچە vratar دېگەن سۆزدىن كەلگەنلىكىنى چۈشەندىم. ئوي-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/23.asp?isim=[2010-12-31 00:24:29]

غۇرچىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇشى تۈپەيلىدىن vratar دېگەن سۆز varatar دېگەن سۆزگە، كېيىن يەنە voreter دېگەن سۆزگە ئايلىنىپ قالغان

قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سادىر بولغان بىر ئىش ماڭا چوڭ بىر بىخەستەلىكنى، يەنى دىپلوماتىيە ئاتالغۇسىدىكى une gaffe (فرانسۇزچە سۆز بولۇپ، تاسادىپىي كەتكۈزۈپ قويۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) دېگەنگە ئوخشاش بىخەستەلىكنى سادىر قىلىپ قويغانلىقىمنى تونۇتتى. شىنجاڭدا «شىنجاڭ گېزىتى» دېيىلىدىغان بىر يەرلىك گېزىت بار ئىدى. مەن ئۈرۈمچىدىكى ۋاقتىمدا، ئاشۇ گېزىتتىن بىر سان كۆرۈپ بېقىش تەلىپىنى قويغانىدىم، ئەمما ھېچكىم تەلىپىمنى ئورۇنداپ بېرەلمىدى. شۇ چاغدا بۇنىڭدىن قايغۇرۇپمۇ كەتمىدىم، ئىچىمدە بىرەر سان تېپىلىپ قالار، دەپ ئويلىدىم. مەن قەشقەر مېھمانخانىسىدا ئاشۇ گېزىتنىڭ بىر مۇخبىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. مەن ئۇنىڭدىن گېزىتنى نەدىن سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى سورىسام، ئۇ جاۋاب بېرەلمەي خىجىل بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قېشىدا ئىنگلىزچە سۆزلەيدىغان بىر يىگىت تۇرۇۋىتىكەن، ھېلىقى ئۇيغۇر مۇخبىر سوئالىمنى چۈشەنمىگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئۇنىڭدىن قايتا سورىدىم، ئۇ يىگىتمۇ تەڭلىكتە قالدى. شۇندىلا بىرەر سەۋەنلىكنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدىم، كېيىن بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابىنى تاپتىم  جۇڭگودا چەت ئەللىكلەرگە سېتىپ بېرىشكە بولىدىغان ئۈچلا گېزىت بار ئىكەن، ئۇنىڭ بىرى «خەلق گېزىتى» ئىكەن، يەرلىك گېزىتلەرنى ھەرقانداق ۋاقىتتا چەت ئەللىكلەرگە سېتىپ بېرىشكە بولمايدىكەن  مەن قەستەن بولمىسىمۇ، ئۇلارغا قانائەتلەندۈرگىلى بولمايدىغان ئارزۇيۇمنى قويۇپ، ئۇلارنى يەرگە قارىتىپتىمەن. كېيىن ئاممىۋى قىرائەتخانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا، كىشىلەرنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن ئاشۇ يەرگە قويۇپ قويۇلغان «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى ئۇچراتماي قالمىدىم  بىراق، ئاشۇ گېزىتتە قانداق مەزمۇنلارنىڭ بارلىقىنى بۈگۈنكىچە بىلمەيمەن.

www.alma.cn

alma uyghur book

# سانائەت

بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇن، قەشقەردە سانائەت يوق ئىدى. شۇ چاغدىكى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى بارلىق جايلاردىمۇ ئەھۋال شۇنداق ئىدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىستېمال بۇيۇملىرى بولۇپ، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياكى ھىندىستاندىن ئىمپورت قىلىناتتى ۋە ياكى مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۈرۈمچى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى جايلاردىن بارلىق نەرسىلەر تۆگە كارۋىنى ئارقىلىق توشۇپ كېلىنەتتى. قەشقەر قول سانائەت شەھىرى ئىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزگەرگەنىدى. قەشقەر تېخى مۇھىم سانائەت مەركىزى بولمىسىمۇ، لېكىن ئاشۇ نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. مەن توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بىلەن گىلەمچىلىك زاۋۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم. ئەسلىدە بىر يىپەكچىلىك فابرىكىسىنىمۇ ئېكسكۇرسىيە قىلماقچى بولغانىدۇق، ئەمما ۋاقىت يار بەرمەي قالدى.

«قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى» — ئۇلار بۇ زاۋۇتنى شۇنداق دەپ ئاتايدىكەن — شەھەرنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. فابرىكا قورۇلۇشىنىڭ كۆپ قىسمى كەڭرى، باغچىدەك بىر جايغا سېلىنغان، فابرىكا ھويلىسىغا تېرەك ۋە باشقا دەرەخلەر قويۇلغانىدى. بىز ئۇ يەرگە بېرىشىمىزغىلا مەمۇرىي بىناغا باشلاپ چىقىلدۇق. 2 ـ قەۋەتتە ناھايىتى چوڭ بىر مېھمان قوبۇل قىلىش ئۆيى بار ئىكەن، ئۇ ئۆينىڭ تام تۈۋلىرىگە ئۇزۇن ئورۇندۇق، شىرە قويۇلغانىدى، شۇنداقلا ئىلگىرى بارغان جايلاردىكىگە ئوخشاش، شىرەگە قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋىلەر تىزىلغان، يەرگە خوتەن ۋە قەشقەر گىلىمى سېلىنغانىدى. ماركس، ئېنگېلس، لېنىن ۋە ستالىندىن ئىبارەت بۇ تۆت ئۇلۇغ شەخس تامدىن بىزگە قاراپ تۇراتتى. فابرىكا ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى — بىر خەنزۇ سۆز قىلىپ، يىراقتىن كەلگەن ئەزىز مېھمان بولغان مېنى قارشى ئالدى. ئۇ شىرەگە تىزىلغان قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋىلەرنى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/23.asp?isim=[2010-12-31 00:24:29]

alma uyghur book

كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— سىزنى كۈتۈۋالغۇدەك ئانچە كۆپ نەرسىمىز يوق، شۇنداقتىمۇ مۇشۇ يۇرتتىن چىققان قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋىلەرگە ئېغىز تەگكۈزۈپ بېقىڭ، — دېدى. ئۇنىڭ كەمتەرلىك بىلەن قىلغان ئاشۇ سۆزلىرىگە بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە بۇنچىۋالا جىق قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋىگە كۆپ پۇل خەجلەشكە توغرا كېلىدۇ، دېگەن بىر ئېغىز گەپنىلا قىلالايتتىم

قائىدە - يوسۇن خاراكتېرىدىكى تونۇشتۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن، بىز بۇ فابرىكىغا ئائىت ئەھۋاللار بىلەن تونۇشتۇق  بۇ فابرىكا 1958 - يىلى ئاساسىي قۇرۇلۇش قىلىشقا كىرىشىپ، 1960 - يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن؛ تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بوياقچىلىق سېخى قۇرۇلۇپ، 1966 - يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن

— 1958 - يىلى فابرىكىنى قۇرۇشقا تۇتۇش قىلغاندا، جۇڭگودىكى بىر ئالاھىدىلىك تېز تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى، ھازىرمۇ تېز تەرەققىي قىلىش مەزگىلى، — دېدى ھېلىقى مۇئاۋىن مۇدىر يەنە  بۇ مۇئاۋىن مۇدىر بىزگە قابرىكىدا 1200 رەخت توقۇش ماشىنىسى بارلىقىنى، يىلىغا 20 مىليون مېتىر پاختا رەخت توقۇپ چىقىرىلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن يىلىغا 30 مىڭ تاي پاختا كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. كۆلەم جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ فابرىكىنى زامانىۋى فابرىكا دېگىلى بولاتتى، ئۇلار پاختا رەختنىلا ئىشلەپ چىقىرىدىكەن، بىرىكمە تالاغا قىزىقمايدىكەن  بۇ يەردە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رەختلەرنىڭ رەڭگى ئوچۇق، تۈرى كۆپ، شىنجاڭنىڭ جەنۇبى قىسمىدىكىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ بۇنىڭغا ئېھتىياجى ناھايىتى كۆپ ئىكەن، يېزا - كەنت ئاياللىرى ھېلىھەم يوغان گۈللۈك پاختا رەختلەرگە ئېھتىياجلىق ئىكەن، شەھەردىكىلەر بولسا رەڭگى ئۆزگىچە، كۆركەم رەختلەرنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن  مەن بىزگە ئەھۋال تونۇشتۇرغان مۇئاۋىن مۇدىرنىڭ گېپىدىن شەھەردىكىلەرنىڭ ئارزۇسىغا ماس كېلىدىغان رەختلەرنى ئىشلەشنى بەكرەك تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلدىم. ئۇلارنىڭ ئاز بىرقىسىم مەھسۇلاتى پاكىستانغا ئېكسپورت قىلىنىدىكەن. مەن بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/23.asp?isim=[2010-12-31 00:24:29]

alma uyghur book

بولغانلىقىنى چۈشىنەلمىدىم. چۈنكى، پاكىستاننىڭ ئۆزىدىمۇ خېلى
سالماقنى ئىگىلەيدىغان توقۇمىچىلىق سانائىتى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە
قەشقەرنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ پاكىستان بىلەن رىقابەتلىشىشى
ناھايىتى تەس ئىدى. بۇ ھەقتە ئۇلار ماڭا بۇنىڭ چېگرا سودىسى ئىكەن-
لىكىنى چۈشەندۈردى. پاكىستانغا ئېكسپورت قىلىنىدىغان توقۇلما
بۇيۇملار يېڭىدىن ياسالغان قارا قۇرۇم تاشيولى ئارقىلىق پاكىستاننىڭ
شىمالىدىكى ئەڭ چەت چېگرا رايونغا توشۇلىدىكەن، شۇنىسى ناھايىتى
روشەنكى، ئۇ يەردىكى قىرغىز كۆچمەن چارۋىچىلىرىغا ۋە تاغ جىلغىلى-
رىدا ئولتۇراقلاشقان ئاز ساندىكى ئاھالىلەرگە قەشقەردىن مال يەتكۈزۈپ
بېرىش پاكىستاننىڭ سانائەت شەھەرلىرىدىن ئەكەلگەندىن ئاسانراق ئىدى،
بۇنداق ئېكسپورتنىڭ سان جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيىتى يوق ئىدى. ھېلىقى
مۇئاۋىن مۇدىر ئۆزلىرىنىڭ ھەربىيلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىگە كېرەكلىك
پاختا رەختنىمۇ ئىشلەپچىقىرىدىغانلىقىنى قوشۇپ قويدى.

بۇ فابرىكىنىڭ بارلىق ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى جۇڭگودا ئىشلەن-
گەن، ھەممىسى توك كۈچى بىلەن ماڭىدىكەن. ھازىر ئۇلار ئۈسكۈنە -
سايمانلارنى ياخشىلاش يولىدا تىرىشىۋېتىپتۇ. ئۇلار ئاشۇ ماشىنا - ئۈس-
كۈنىلەردە يەنە بەزى مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئاساسلىقى
تاراق - تۇرۇقىنىڭ بەك كۆپلۈكىنى، خىزمەت مۇھىتىنىڭ تېخى بەك
ياخشى بولۇپ كەتمىگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىكەن. فابرىكىدا ھازىر 3030
ئىشچى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېرىمى ئاياللار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە
يېشى 39.5 ياش، ئايلىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 68 يۈەن ئىكەن. بۇ ئىش
ھەققى ناھايىتى تۆۋەن دەپ قارىلىدىكەن. ئىشچىلارنىڭ مىللەت تەركىبى
جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ، خەنزۇ، ئۆزبېك، موڭغۇل،
شىبە ۋە مانجۇ قاتارلىق ھەرقايسى مىللەتلەردىن تەركىب تاپقانىكەن. فاب-
رىكا قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغدا، ئىشچىلار شاڭخەيگە ۋە باشقا
شەھەرلەرگە كەسپىي تېخنىكا ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلگەن، ئۇلار شىنجاڭنىڭ
جەنۇبىدىكى بىرىنچى ئەۋلاد توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى ئىكەن. بىزگە
ئەھۋال تونۇشتۇرغان بۇ مۇئاۋىن مۇدىر ئىشچىلار ئۆزلىرىدىن تەلەپ قى-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/23.asp?isim=[2010-12-31 00:24:29]

alma uyghur book

لىنغان نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، خىزمەتتە ناھايىتى تىرىشچانلىق
كۆرسىتىدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىدى.

ئېكسكۇرسىيىمىز ئاشۇ فابرىكىنىڭ جەنۇبى تەرىپىدىكى ئىشلەپچى-
قىرىش تارماقلىرىدىن باشلىنىپ، فابرىكىنىڭ شىمالىدىكى تۇرمۇش رايونى
بىلەن ئاھالىلەر تۇرالغۇ رايونىدا ئاخىرلاشتى  ھەممە يەر پاكىز ئىدى، بىز
ئېكسكۇرسىيە قىلغان يەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئىدى — پاكىزلىق
ئىشىنى ئىمكانقەدەر كىشىنى خۇشال قىلغۇدەك دەرىجىدە ياخشى قىلىش
ئارزۇسىنىلا ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلەيدۇ  ئەمما، سېختىكى تاراق ـ
تۇرۇق، گۇلدۇر ـ گۇلاپ ئاۋازلار قۇلاقنى پاڭ قىلىۋەتكۈدەك دە-
رىجىدە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋا بوشلۇقىنى پاختا
توزانلىرى قاپلاپ كەتكەنلىكتىن سېخلار ئاق تۇمان ئاستىدا
كۆمۈلۈپ قالغانىدى، ئىشچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ماسكا
تاقىۋالغانىدى. ناھايىتى روشەنكى، تېخنىكىلىق دەرىجىسى
ئۈستۈن، ئەڭ مۇرەككەپ ئىشلارنى خەنزۇ ئىشچىلار قىلاتتى
توقۇمىچىلىق سېخىدىكى ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا قىزلار ئىدى،
ئۇلارنىڭ يېرىمى ئۇيغۇر، يېرىمى خەنزۇ ئىدى. بىز فابرىكىنىڭ
لايىھىلەش تارمىقىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. لايىھىلىگۈچىلەر چېرتيوژنى مېتال
تاختىغا ئويۇپ چىقىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى رەختكە باسىدىكەن  بىز شۇ يەردە
ئۇيغۇر ئايال بىلەن كۆرۈشتۇق، ئۇ نەمۇنىچى ئىشچى ئىكەن  دېمەك،
ئىشچىلارنىڭ ئۈلگىسى ئىكەن  ئۇنىڭغا بېرىلگەن مۇكاپات — ئۇنى بېيجىڭغا بىر
قېتىم ئېكسكۇرسىيىگە ئەۋەتىش، رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىلەن قول ئېلىشىپ
كۆرۈشتۈرۈش بوپتۇ  بىز ئۇنىڭ بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشتۇق. ئۇنىڭدىن كې-
يىن بىز يەنە چېرتيوژ سىزىش بۆلۈمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق  تۆت خەنزۇ خادىم
ئۇ يەردە يېڭى نۇسخا سىزىۋاتقانىكەن  ئۇنىڭ ئۈچى ئايال ئىدى
كۆرگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىدىكى ناھايىتى چوڭ بىر مەسىلە — سىزىلغان نۇسخىلار
يا خەنزۇلار نۇسخىسىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى، يا خەنزۇلارنىڭ نۇسخىسىدىن
ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن نۇسخىلار ئىدى، بولۇپمۇ گۈللۈك نۇسخىلار شۇنداق ئى-
دى. ھەقىقىي ئۇيغۇرلارنىڭ نۇسخىسى كۆزۈمگە چېلىقمىدى.

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/23.asp?isim=[2010-12-31 00:24:29]

alma uyghur book

بىر فابرىكىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى فابرىكا دوختۇرخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق ئۇ يەردە كېسەل كارىۋىتىدىن 40 ى بار ئىكەن ھەربىر كېسەللخانىغا تۆتتىن كارىۋات قويۇلغان ، سەرەمجانلىرى ناھايىتى ئاددىي ، ئەمما ناھايىتى ئوبدان ، ناھايىتى پاكىز ئىدى بىر ئىممۇنىتېت بۆلۈمى بىلەن باللار بۆلۈمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق . ئۇ يەردە بىمار يوق ، ياتاقلار بوش ئىكەن بىر يەنە فابرىكىنىڭ يەسلىسىگە كەلدۇق . ئۇ يەردە بىزنى قۇلاقنى يارغۇدەك ناخشا ساداسى قارشى ئالدى خەنزۇ باللار ئىككى دائىرە بولۇپ شوخلۇق بىلەن ناخشا ئېيتقاچ ئۇسسۇل ئوينىدى ئۇلارنىڭ نېمە ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى سورىسام ، بىرى بۇنىڭ « 〈 تۆت كىشىلىك گۇرۇھى 〉 نى ئاغدۇرايلى » دېگەن ناخشا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى مەن ئۇ يەردە بىرمۇ ئۇيغۇر بالا كۆرمىدىم ئۇيغۇر ئىشچىلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئۆيلىرى فابرىكىغا يېقىن بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ باللىرىغا ئۆرۈق - تۇغقانلىرى قاراپ بەرسە كېرەك دەپ قىياس قىلدىم خەنزۇ ئىشچىلارنىڭ تۇرىدىغان جايلىرى يىراقراق بولسا كېرەك بىر ئۇزۇن بىر كارىدوردىن ئۆتتۇق ، كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپىدە دەرسخانا ۋە دەم ئېلىش ئۆيلىرى بار ئىدى بەزى دەرسخانىلاردا دەرس ئۆتۈلۈۋاتاتتى ، بىر يىراقلاپ ماڭغانسېرى ، باللارنىڭ « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نى تەنقىد قىلغان ناخشا ساداسى ئارقىمىزدا قالماقتا ئىدى بىرى مەندىن 2 - قەۋەتتىكى بوۋاقلار بۆلۈمىنى كۆرگۈم بار - يوقلۇقىنى سورىدى مەن ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتىپ كۆرمەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم قايتىشىمىزدا ھېلىقى باللارنىڭ يېنىغا باردۇق ، ئەمدى ئۇلار ناخشا ئېيتمىغانىدى شۇڭا ، بىز قول ئىشارىتى ئارقىلىق سۆھبەتلەشتۇق ئۇلار بۇنى ئاسانلا چۈشەندى . ئەمما ، مەن مۇئەللىمىنىڭ ئۇلارنى داۋاملىق ناخشا ئېيتىشقا ئۈندەۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدىم شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇ يەردىن ئۆتۈپ ، قۇياش نۇرى جىلۋە قىلىپ تۇرغان بىنا سىرتىغا چىقتۇق فابرىكىنىڭ گۈللۈكىدىكى گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى بىز خۇشاللىق ئىچىدە ئۆزئارا خوشلىشىپ ، ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ قەشقەرگە قاراپ ماڭدۇق يولدا ئېشەك ھارۋىسى ۋە ئېغىريۈك بېسىلغان تۆگە ھارۋىلىرى قاتناپ تۇرماقتا

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/23.asp?isim=[2010-12-31 00:24:29]

alma uyghur book

ئىدى. بىر يەردە يول ياسىلىۋاتقانىكەن. ئۇيغۇر ئاياللار ئۇ يەردە توپىنى گۈرجەك بىلەن زەمبىلگە ئۇسۇپ توشۇۋاتاتتى. يېڭى دەۋر ئۇلارنى باراۋەر هوقۇقتىن، هېچ بولمىغاندا ئەمگەك قىلىش جەھەتتە باراۋەر بولۇشتىن بەھرىمەن قىلغانىدى.

گىلەمچىلىك زاۋۇتى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدە بولۇپ، ئايرودرومغا يېقىنلا ئىدى. يول بويىدا سىرىق خىشتىن ياسالغان قەشقەر بويىچە ئەڭ چوڭ دوختۇرخانا بار ئىدى. بۇ يول ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە بېرىشتىكى ئاساسلىق يول بولغاچقا قاتناش قىستا - قىستاڭ ئىدى، يولدىكى ئاپتوموبىللارنىڭ كۆپ قىسمى ئېغىر يۈك باسقان يۈك ئاپتوموبىللىرى ئىدى. بىر چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتە بولغاندا، گىلەم زاۋۇتىغا يېتىپ كەلدۇق، بۇ ئەلۋەتتە بېيجىڭ ۋاقتى، قەشقەر ۋاقتى سائەت تۆت ئىدى. بىزنىڭ بارغان ۋاقتىمىز چۈشتىن كېيىنكى سىمېنا ئالمىشىدىغان ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالغانىكەن، ئىلگىرىكى قېتىملاردىكىگە ئوخشاش، ئۇلار ئاۋۋال بىزنى زاۋۇتنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىپ، ئالدىمىزغا قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، چاي - پاي ئېلىپ كىردى، شۇنداقلا شۇ جەريانىدا بىزگە زاۋۇتقا ئائىت بىر قىسىم سانلىق مەلۇماتلارنى تونۇشتۇردى. زاۋۇت رەھبەرلىرى ئەھۋال تونۇشتۇرغاندا، كۆنۈپ قالغان ئادىتى بويىچە «تۆت كىشىلىك گورۇھ» نى تەنقىد قىلىپ ئۆتتى. بۇ نۆۋەتتىكى تەنقىدتە كەسكىن سۆزلەر ئىشلىتىلگەچكە، ئۇلار بۇ سۆزلەرنى ماڭا قانداق قىلىپ تېخىمۇ مۇۋاپىق، تېخىمۇ تولۇق تەرجىمە قىلىپ بېرىش ئۈستىدە مەسلىھەت قىلىش كېرەك ئىدى. مەن تەرجىمە قىلىنغان سۆزلەرنىڭ بىرئاز ئۆزگەرتىۋېتىلگەنلىكىنى پەملىدىم، ئەمما «تۆت كىشىلىك گورۇھ» نىڭ قاتتىق تەنقىد قىلىنغانلىقىنى ئوخشاشلا چۈشەندىم. بۇ زاۋۇت ناھايىتى يېڭى بولۇپ، ئىككى توقۇش ماشىنىسى، ئالتە ئىشچى بىلەن 1973 - يىلى قۇرۇلغان، بەش يىل جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق ھازىر گىلەم توقۇش ماشىنىسى 120 گە، ئىشچىسى 302 گە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ ئىشچىدىن 25 ى، خۇيزۇ ئىشچىدىن ئىككىسى، تاجىك ئىشچىدىن ئىككىسى، ئۆزبېك

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/23.asp?isim=[2010-12-31 00:24:29]

alma uyghur book

ئىشچىدىن بىرى، ئۇيغۇر ئىشچىدىن 272 ى بار ئىكەن.

— زاۋۇتىمىزدىكى ئىشچىلار ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ، گىلەمنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش يولىدا بارلىق تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ، — دېدى زاۋۇت رەھبىرى ئەھۋال تونۇشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، — 1973 - يىلى 200 كۋادرات مېتىر گىلەم ئىشلەپچىقىرىلغانىدى 1974 - يىلى 600 كۋادرات مېتىر گىلەم ئىشلەپچىقىرىش پىلانلانغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە 900 كۋادرات مېتىر گىلەم ئىشلەپچىقىرىلدى. مەھسۇلات پۇختا قەدەم بىلەن ئاشتى 1977 - يىلى 2600 مېتىر گىلەم ئىشلەپچىقىرىش پىلانلانغانىدى ئەمەلىيەتتە 3000 مېتىر ئىشلەپچىقىرىلدى. بۇ يىلقى ( 1978 - يىلىدىكى ) پىلان 2700 مېتىر ئىدى. ھازىرغىچە 2400 مېتىر ئىشلەپچىقىرىلدى. يىل ئاخىرىغا بارغاندا 3200 مېتىر گىلەم ئىشلەپچىقىرىش نىشانىغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتىمىز

ئېتىراپ قىلىشقا تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، مەن يۇقىرىدىكى ئەھۋال تونۇشتۇرۇشتىن «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ بۇ زاۋۇتقا ئېلىپ كەلگەن بۇزغۇنچىلىقلىرىنىڭ قايسى جەھەتتە كونكرېت ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى زادىلا سېزەلمىدىم.

زاۋۇت رەھبىرى ئۇنىڭغا ئۇلاپلا گىلەم توقۇش تېخنىكىسى ئۈستىدە توختالدى.

— توقۇلغان گىلەملىرىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلدى. 1976 - يىلغا قەدەر بۇرۇنقى چېرتيوژ بويىچە گىلەم ئىشلەپچىقارغاندۇق، — دېدى ئۇ، — لېكىن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يېڭى چېرتيوژ لايىھىلەشنى قارار قىلدۇق، ئىككى چېرتيوژ يېڭىدىن لايىھىلەندى، تېخىمۇ كۆپ چېرتيوژلار لايىھىلىنىش ئۈستىدە تۇرماقتا. بوياق ماتېرىياللىرىغا كەلسەك، ئىلگىرى بىز ئۇنى ئۆسۈملۈك ۋە مېۋىلىك دەرەخلەر، مەسىلەن، ئۈزۈم، ئۆرۈك، ئانار، شاپتۇل ۋە زاراڭزا دەپ ئاتىلىدىغان مايلىق دان ئۆسۈملۈكىدىن ( مەن ئۇلارنىڭ قايسى خىل ئۆسۈملۈكلەر ئائىلىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئۇقمايدىكەنمەن )، ئەنە شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى ۋە قوۋزىقىدىن ئالاتتۇق. ئەمدى بۇلارنىڭ

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/24.asp?isim=[2010-12-31 00:27:12]

alma uyghur book

ھەممىسى زامانىۋىلاشتى ، بىر ئۈنىڭدىمۇ ياخشى خىمىيىۋى بوياقلارنى ئىشلىتىدىغان بولدۇق .

ئۈنىڭ بۇ گېپى ئولتۇرغانلار ئىچىدە قىزغىن بەس - مۇنازىرە قوزغىدى

— ئۆسۈملۈك بوياقلىرى ياخشىراق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇتەخەسسىسلەر ساپ ، تەبىئىي ئۆسۈملۈك بوياقلىرىنى ئىرچىل تۇردە ئىزدەۋاتىدۇ ، — دېدىم گەپنى ئەگىتىپ . مەن بۇ گېپىمنى ئىسپاتلاپ بېرىش مەقسىتىدە ئافغانىستاندا سۈنئىي بوياقتىن پايدىلىنىشنىڭ ئۈزۈندىن بۇيان مەنئى قىلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالدىم . ئەمما ، بۇ زاۋۇتتىكى قەشقەرلىكلەر ئۆز قارىشىنى ئۆزگەرتكىلى ئۇنىماي ، خىمىيىۋى بوياقنى ئەڭ ياخشى دەپ قارىدى ، ئۇلارنىڭ دەلىلى — شىنجاڭنىڭ گىلىمى ئەنگلىيىگە ئوخشاش ئەللەردە ناھايىتى چوڭ بازارغا ئىگە دېگەندىن ئىبارەت ئىدى

— كونا ئۇسۇلنى قوللىنىپ ئۆسۈملۈك بويىقىنى ئىشلىتىدىغان بولساڭلار ، تېخىمۇ بازار تاپىسىلەر ، — دېدىم ئۇلارغا . ئەمما ، بىر ئاخىر بىردەك قاراش ھاسىل قىلالمىدۇق

ياش ئۇيغۇر قىز - چوكانلار سېغ سىرتىدا قەدىمدىن بېرى داڭق قازىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بىلەن گىلەم توقۇماقتا ئىدى — ئىچىمدە بىر ئائىلىۋى گىلەم توقۇش دۇكىنىنى ياكى ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىۋاتمايدىغاندىمەن ؟ دەپ ئويلاپ قالدىم چۈنكى ، بۇ زاۋۇتنىڭ ئۇسكۈنە - جابدۇقلىرى تولىمۇ ئىپتىدائىي ، ئورنى بەك كىچىك ئىدى . ئەمما ، ساپ ھاۋا ناھايىتى يېتەرلىك ئىدى . بولۇپمۇ ئىشىك ، دېرىزىلەرنىڭ ھەممىسى ئېچىۋېتىلگەچكە ، كۆرنىڭ ئىللىق ھاۋاسىدا قىزلار ئاجايىپ ياش كۆرۈنەتتى . گىلەملىرىنىڭ سۈپىتى خېلى ياخشى بولسىمۇ ، لېكىن نۇسخىسى ۋە رەڭگى كۆڭلۈمگە ياقمىدى . ئارزۇ قىلىدىغىنىم قەشقەرنىڭ قەدىمكى anar — gul ( ئانار گۈللۈك ) گىلىمى — قىزىل ، كۆك رەڭ ئىچىگە ئانار گۈلى قوندۇرۇلغان گىلەم ئىدى . ۋەھالەنكى ، ئۇلار خوتەننىڭ ھېلىمۇ شىنجاڭنىڭ گىلەمچى-

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/24.asp?isim=[2010-12-31 00:27:12]

alma uyghur book

لىك مەركىزى ئىكەنلىكىنى، قەشقەرنىڭ خوتەن بىلەن رىقابەتلىشىش ئۈچۈن، خېلى ئۇراق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىكەن

## قەشقەرنىڭ ھازىرقى داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى

مەن بېيجىڭدىكى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنىدا ئۇيغۇر دورىگەرلىكى تەتقىق قىلىنغان قېلىن بىر كىتابقا ئېرىشتىم بۇ كىتابنى تۇردى مۇھەممەت ئاخۇن ئىسىملىك ئۇيغۇر مۇتەخەسسىس يېڭى ئۇيغۇر تىلىدا يازغان 950 بەتلىك بۇ يوغان كىتابنىڭ نامى «ئۇيغۇر دورىگەرلىك قوللانمىسى» ئىدى بۇ كىتاب 1977 ـ يىلى شىنجاڭدىكى دۆلەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان مەن قەشقەر دورىگەرلىك تەتقىقاتىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر دورىگەرلىك تەتقىقاتى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى جەمئىيەتتە قوللىنىلىشى بىلەن ئالاھىدە باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى بايقىدىم مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىرەك بولغان ماتېرىياللىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى 8 ـ ئەسىرگىچە سۈرگىلى بولىدۇ ئۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلار دورىگەرلىككە ۋە تىببىي ئىلىم نەزەرىيىسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن شىنجاڭدىكى يىپەك يولىدىن تېپىلغان قولىيازمىلار ئىچىدە تېخى تولۇق رەتلىنىپ بولۇنمىغان تىببىي ماقالە ـ ئەسەرلەر بار ئىدى ئۆزۈمنىڭ ھېلىھەم قەدىمكى تىببىي ئۇسۇل بويىچە كېسەل داۋالايدىغان كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈشكە بەك تەقەززا ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلىمەن

9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، چارشەنبە، قەشقەردە كەمدىنكەم ئۇچرايدىغان ھاۋا ئوچۇق بىر كۈن ئىدى ھاۋا ساپ، قۇياشنى خىرە كۆرسىتىدىغان چاڭ ـ تورانلاردىن ئەسەر يوق ئىدى ئاسماندا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى، ئەتىگەنلىك سالقىن ھاۋا ئادەمگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى جەنۇبقا نەزەر سالغاندا، كوئېنلۇن تاغ تىزمىلىرى ۋە قارا قۇرۇم تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئاپئاق قار قاپلىغان چوققىلىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى ئەمما، مۇزلۇق تاغلارنىڭ ئاتىسى بولغان مۇز تاغ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/24.asp?isim=[2010-12-31 00:27:12]

alma uyghur book

چوقىلىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى بىر ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسىنى
ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ماڭدۇق . بۇ دوختۇرخانا غەربتىكى بىر جايدا
ming yol ( مىڭ يول ) غا ماڭىدىغان يول بويىدا ئىكەن بۇ يول سوۋېت
ئىتتىپاقىغا تۇتىشاتتى دوختۇرخانىدا ئىمارەتلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى ،
بۇلار ئىچىدە بىر نەچچىسى ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئىدى دوختۇرخانىدىكى
تېۋىپ ئابدۇراخمان قارىم قارشى ئېلىپ ئالدىمىزغا چىقتى . ئۇ 75 ياشقا
كىرگەن ، مۇشۇ دوختۇرخانىدا پۈتۈن كۈچىنى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ،
دورىگەرچىلىكىنى تەتقىق قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا سەرپ قىلغان ئۈچ
تېۋىپنىڭ بىرى ئىكەن قالغان ئىككىسىنىڭ 78 ياشقا كىرگەن بىرى
كېلەلمەي قالغان ، يەنە بىرى يېقىندىلا ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن ئابدۇراخ-
مان قارىم قاردەك ئاپئاق ئۇزۇن ساقىلى يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان قەشقەر
ئەرلىرىدىن ئىدى ئۇ كىچىك پېئىل ، مىجەزى ياخشى ، كۆزلىرى يوغان ،
ئىنتايىن روھلۇق ، بەك سەزگۈر ئادەم ئىكەن ئۇ مېنىڭ ياش ۋاقتىمدا
قەشقەردە تۇرغانلىقىمنى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بىلەن ئۇيغۇرچە
سۆزلىشىپ پىكىر ئالماشتۇرالايدىغانلىقىمنى بىلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ
كۆزلىرىدىن جاسارەت نۇرلىرى ئۇرغۇشقا باشلىدى ئۇنىڭ يېنىدا قادىر
مەھەممەت ئىسىملىك 50 ياشتىن ھالقىغان بىر ئۇيغۇر بار ئىدى ئۇ مۇشۇ
دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىكەن ئۇ چوقۇر ، ئۇچىسىغا ئاق
خالات كىيىۋالغان بولۇپ ، ئۇ سۆھبەت يىغىنىمىزغا رىياسەتچىلىك قىل-
دى مېھمان قوبۇل قىلىش ئۆيىدىكى تامدا سۈرەت يوق ئىدى لېنىننىڭ
ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدىكى مەتبەئەدە بېسىلغان ئۇيغۇرچە ئۇزۇندە
سۆزىلا ئېسىقلىق تۇراتتى دېرىزىدىن سىرتقا نەزەر سالغاندا ، گۈللەر
ھۇپپىدە ئېچىلغان گۈللۈك ئىككى قەۋەتلىك ناھايىتى يوغان سېرىق
بىنانىڭ تۆۋىنگىچە تۇتىشىپ كەتكەن ، بۇ بىنا دوختۇرخانا بىناسى ئىدى
مېھمان قوبۇل قىلىش ئۆيىدىكى شىرەگە ھەرخىل قوغۇن - تاۋۇز ، مېۋە -
چېۋىلەر ناھايىتى كۆپ تىزىلغان ، ئوتتۇرىسىغا يوغان بىر قوغۇن
قويۇلغانىدى مەن ئۇنىڭ رىننەت بۇيۇمى بولۇپ قېلىشىنى ھەقىقەتەن
ئارزۇ قىلاتتىم . ئۇنى كۆرۈپلا پاختەكلە خەلق كوممۇنىسىدىكىلەر

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/24.asp?isim=[2010-12-31 00:27:12]

alma uyghur book

شۋېتسىيىگە ئالغاچ كېتىڭ دەپ ماڭا سوۋغا قىلغان، 16 قاداق ئېغىرلىقتىكى ھېلىقى يوغان قوغۇن يادىمغا يەتتى. مەن ئۇنى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىپ بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىپ، مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدىكى بىر بۇرادىرىمنىڭ ساقلاپ بېرىشىگە تاپشۇرغانىدىم. بۇ دوختۇرخانىدا قوغۇن-تاۋۇزنى كۆپرەك يېيىشنى رەت قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. چۈنكى، قوغۇن-تاۋۇزنى تولا يەپ كەتكەنلىكتىن، ئاشقازىنىم قاتتىق تەسىرگە ئۇچرىغانىدى. يېڭى بۇرادىرىم بۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنى چۈشىنىدىغانلىقى ھەققىدە ئىنكاس قايتۇردى — ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك مۇتەخەسسىسى بولغان ئادەمگە قوغۇن، تاۋۇزنىڭ تاھارەتنى راۋان قىلىش ئىقتىدارى ناھايىتى ئايانىدى.

ئابدۇقادىر ئۆزىنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىنى سۈرئىتى تېز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا باشلىدى سۆھبەتكە قاتناشقان بىر جۇڭگولۇق ئاۋۋال ئۇنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى ئاندىن ۋاڭ جۇجى ئۇنى شۋېدچىگە تەرجىمە قىلدى شۇنداق بولغاچقا، مەن ئابدۇقادىرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئىككى نۆۋەت چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالىتتىم. ئىمنوف ھامۇت ئۇنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىنى ناھايىتى زور ئىشتىياق بىلەن ئاڭلىدى پات-پات ئىزاھات بېرىپ، سۆزىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىگە ۋە خەنزۇچە تەرجىمىدىكى خاتا كەتكەن جايلىرىغا تۈزىتىش بېرىپ تۇردى

— ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك 2500 يىللىق تارىخقا ئىگە، — دېدى ئابدۇقادىر دەسلەپ شۇ چاغدا، ئىچىمدە شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، بىراق بۇ خەنزۇچە ماتېرىياللاردا دەلىللەنگىنى ھېساب-دە، دەپ ئويلىدىم

— ئازادلىقتىن ئىلگىرى، — دېدى ئابدۇقادىر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇيغۇر تىبابىتى ئىزچىل تۇردە تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي كەلگەنىدى ئۇ چاغدا كېسەل كۆرىدىغان، داۋالايدىغان دوختۇرخانا يوق ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، ئەھۋال ئۆزگەردى. كوممۇنىستىك پارتىيە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى. 1956-يىلى، قەشقەردە تىببىي ئىلىم ھەمكارلىق مەركىزى قۇ-

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/24.asp?isim=[2010-12-31 00:27:12]

رۇلدى. ئۇنىڭغا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنى بىلىدىغان تېۋىپتىن ئالتىسى كىردى، ھازىر بۇلاردىن ئىككىسىلا ھايات. ئۇنىڭ بىرى ئابدۇراخمان قارىم. 1957 ـ يىلىغا كەلگەندە، بۇ مەركەز كېڭەيتىلدى، ئالتە شاگىرت كۆپەيتىلدى. ئۇنىڭ بىرى مەن بولىمەن. 1959 ـ يىلى، بۇ ھەمكارلىشىپ داۋالاش مەركىزى تەرەققىي قىلىپ دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى ئاممىۋى دوختۇرخانىغا ئايلاندى

— ئەينى چاغدا، — دېدى ئابدۇ قادىر، — دوختۇرخانىمىزدا ئاران 20 كېسەل كارىۋىتى بار ئىدى. 1960 ـ يىلىغا كەلگەندە، كېسەل كارىۋىتى 40 قا، تىببىي خادىم 36 گە يەتتى. 1976 ـ يىلىغىچە دوختۇرخانا مەمۇرىي جەھەتتە قەشقەر شەھىرىگە قارايتتى؛ ھازىر قەشقەر ۋىلايىتىگە قارايدۇ كېسەل كارىۋىتىدىن 100 ى بار، تىببىي خادىم 103 گە يەتتى يېڭى بىنا سېلىنىۋاتىدۇ بۇ بىنا پۈتسە دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش ئىقتىدارى يەنىمۇ ئاشىدۇ 1976 ـ يىلىدىن ئىلگىرى، دوختۇرخانىدا زامانىۋى ئۈسكۈنە ـ سايمانلار يوق ئىدى، دورىلارنىڭ ھەممىسى قول بىلەن ياسىلاتتى. ئەمما، بىز رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۇيغۇرچە تىبابەتنى ياۋروپا تىبابىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئەڭ ياخشى داۋالاش ئۈنۈمىگە ئىگە بولۇشى ھەققىدىكى تەلىمىگە ئەمەل قىلدۇق. ئەمدىلىكتە نۇرغۇن ئۈسكۈنە ـ سايمانلارغا ئىگە بولدۇق مەسىلەن، بىر ئېلېكتروكاردىئوگراممىلىق تەكشۈرۈشنى ئىشلىيەلەيدىغان بولدۇق بۇلتۇردىن باشلاپ ئۇلترا بىنەپشە نۇرلىنىشنى مەلۇم كېسەللەرنى داۋالاشتا تەدبىق قىلىۋاتىمىز

دەرۋەقە، قەدىمكى ئۇيغۇر تېۋىپلىرى دورىنى ئوكۇل بىلەن ئادەم بەدىنىگە سېلىشنى زادى بىلمەيتتى بىراق، 1973 ـ يىلىدىن بۇيان، ئۇلار ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدىمۇ دورىنى ئوكۇل بىلەن سېلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان ھەمدە ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن

ئابدۇقادىر ئارقىدىنلا ئۆزلىرى ئىزچىل تۈردە ئالاھىدە دىققەت ـ ئېتىبارىنى سەرپ قىلىپ كېلىۋاتقان aq kessal ( ئاق كېسەل ) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تېرە كېسىلى ئۈستىدە توختالدى. 1961 ـ يىلى ئۇلار

www.alma.cn

alma uyghur book

مۇشۇ كېسەلنى ئالاھىدە تەتقىق قىلىشقا باشلىغان  ھازىر ئۇلار داۋالاش نەتىجىسىدە داۋالىغان كېسەلدىن 8.4% ى ساقايغان ، 50% ى كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئىگە بولغان  « ئاق كېسەل » ئىلگىرى ئىزچىل تۈردە « ساقايماس كېسەل » دەپ قارىلاتتى  بۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىنىڭ چىرايى بەك قورقۇنچلۇق بولغاچقا ، كىشىلەردىن تامامەن ئايرىۋېتىلەتتى ، بۇنداق قىلىش بىمارنى ئىنتايىن ئۇمىدسىزلەندۈرۈلەتتى ، ئەلۋەتتە  كونا كۆز قاراش بويىچە بولغاندا « ئاق كېسەل » نى ھەر يىلى ئاپتاپ راسا قاتتىق بولىدىغان مەزگىلدىلا داۋالىغىلى بولىدۇ ، دەپ قارىلاتتى

— بىر 5 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە داۋالاشنى تەجرىبە قىلىپ كۆردۇق ، — دېدى ئابدۇقادىر ، — بىراق ، كېيىن بىر تېخىمۇ قەدىمكى تىببىي ماتېرىيالغا ئېرىشتۇق  بىر بۇ خىل كېسەلنى كىشىلەرنىڭ بىر يىلنىڭ باشقا چاغلىرىدىمۇ داۋالىيالايدىغانلىقىنى بىلىۋالدۇق

1956 ـ يىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنى ئەۋج ئالدۇرۇشقا ھەممىدىن بالدۇر تۇتۇش قىلغان ئالتە تېۋىپنىڭ بىرى 1975 ـ يىلى بۇ خىل تىبابەت ئىلمىنىڭ تارىخىنى يېزىپ چىقتى  ئۇ تېۋىپنىڭ ئىسمى يۇسۇپ ھاجى ، قەشقەردىن ئىدى  بۇ كىتاب يېزىلىپ قولدىن چىققاندا ، ئۇ 77 ياشقا كىرىپ قالغانىدى  ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى  ئەمما ، ئۇنىڭ ئوغلى ئاشۇ مېھمان قوبۇل قىلىش ئۆيىدىكىلەر قاتارىدا ئولتۇراتتى  ئۇ ئاتىسى يازغان كىتابتىن بىرىنى ماڭا ھەدىيە قىلدى  كىتابنىڭ ئىسمى « Qanuncha » ( قانۇنچە ) ئىدى . بۇ كىتاب 290 بەت بولۇپ ، شىنجاڭ ھۆكۈمەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغانىدى  مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ھېلىقى كىتابقا ئوخشاش ، بۇ كىتابمۇ ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا بېسىلغان ، ئاپتورنىڭ يېشىنى نەزەرگە ئالغاندا ، بۇنى چۈشىنىشكە بولاتتى  بۇ كىتابتا « تىببىي ئاتالغۇلار ئاچقۇچى » مۇ بار ئىدى  ئابدۇقادىر يۇسۇپ ھاجىنىڭ بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن 60 يىل ۋاقىت سەرپ قىلغانلىقىنى ، ئۇنىڭ روھى باشقىلارنى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ھەققىدە

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/24.asp?isim=[2010-12-31 00:27:12]

alma uyghur book

تېخىمۇ كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىشقا ئىلھاملاندۇرغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار مۇشۇ مەزمۇندىكى كىتابلارنىڭ كۆپرەك چىقىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان بۇ بىنا «ئامبولاتورىيە بىناسى» دېيىلىدىكەن، بۇ رۇسچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزگە تولىمۇ ئوخشايتتى. مەن دوختۇرخانىنىڭ رېنتگېن ئورنىتىلغان ئۆيىنى، يەنە ئېلېكترو كارئوگراما ئىشلەيدىغان ئۆيىنى كۆردۈم. بىر گۈل دېڭىزىغا ئوخشايدىغان گۈللۈك ئارىسىدىن ئۆتۈپ ئاساسىي بىناغا پىيادە كەلدۇق. گۈللۈكتىكى ئاشۇ گۈللەر تىبابەتچىلىكتە دورا ياساشتا ئىشلىتىلىدىكەن.

سول تەرەپتىكىمۇ يېڭى چوڭ بىنا سېلىنماقتا ئىدى. بۇ بىنا پۈتسە دوختۇرخانىنىڭ كېسەل قوبۇل قىلىدىغان كارىۋىتىدىن 100 ى كۆپىيىدىكەن. بىر ئاساسلىق بىنانىڭ 2 ــ قەۋىتىگە چىقىپ، كېسەلخانىلارنى ئارىلىدۇق. ھەربىر كېسەلخانىدا 8 ــ 10 غىچە بىمار بار ئىدى. بۇ يەرنىڭ ئۆلچىمىنى يۇقىرى دېسە بىر ئاز مۇبالىغە قىلىۋەتكەنلىك بولىدۇ. قارىغاندا، بىمارلار كېسەلخانىدا يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغاندەك قىلاتتى، شۇنداقلا ھېلىھەم بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە كېسەل بېقىۋاتقانلار بىمار بىلەن بىر يەردە تۇراتتى، ئاق كېسەلگە گىرىپتا بولغان بىمارلار ئۈچۈن راسلانغان بىر كېسەلخانىنى كۆردۇق. ئۇلار ئىنتايىن ئېھتىخارلانغان ھالدا بىزگە بۇ بىمارلارنى كۆرسەتتى، چۈنكى، ئۇلارنىڭ كېسىلى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە ئىدى. ئۇ يەردە شوخ بىر ئوغۇل بالا بار ئىكەن. ئۇنىڭ بىر قولىقىنىڭ يېنىدا قار ئۇچقۇنىدەك يوغانلىقتا بىر ئاق يەر تۇراتتى، ئەمما ئۇ پۈتۈن يۈزىنى قاپلاپ كەتكەن ئاقنى داۋالاپ ساقايتقاندىن كېيىن قېپقالغان كىچىككىنە ئاق ئىدى. ئۇ يەردىكى تېۋىپلار ئۇنىڭ ساقىيىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن. بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ تولىسى خەنزۇلار ئىكەن. ئۇلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا بۇ دوختۇرخانىدا خەنزۇ ئاساسەن يوق ئىدى. مەيلى بىمارلار بولسۇن ياكى خىزمەتچى خادىملار بولسۇن، ھەممىسى ئۇيغۇرلار ئىدى. ئۇيغۇر تېۋىپلىرى ئاق كېسەلنى داۋالايدىغان مۇتەخەسسىسلەر ئىكەن. بۇ راستەك

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/24.asp?isim=[2010-12-31 00:27:12]

alma uyghur book

قىلاتتى چۈنكى، خەنزۇلارنىڭ داۋالىنىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنلىكى بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى ئاق كىيىمى بۆلۈمى مەزكۇر دوختۇرخانىنىڭ ئىپتىخارى ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى چۈنكى، ئۇلار بەزى بىمارلارنىڭ ياۋروپادىن ۋە ئامېرىكىدىن ۋە ياكى تېخىمۇ يىراق جايلاردىن داۋالانغىلى كەلگەنلىكىنى قايتا ـ قايتا تىلغا ئالدى بىر بىمارلار بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشتۇق. دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى دەسلەپتە كېلەلمىگەنىدى ھازىر ھېلىقى بۆلۈمدە بىر بىلەن ئۇچراشتى ئۇ ئۇيغۇر بولۇپ، مىجەزى ئوچۇق، ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كېلىدىغان ئادەم ئىدى

بىر دورىخانىنى ئارىلاپ چىقتۇق ئۇ ئۇچىسىغا يېڭىلا دەزماللانغان ئاپئاق خالات كىيگەن ياش ئۇيغۇر ئايال بۇ دورىخانىنى باشقۇرىدىكەن رەت ـ رەت فار ـ فور قۇتا ـ شىشىلەر جاۋەنگە قاتارقىلىپ تىزىلغان، ئە- چىگە ھەرخىل دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ شىرنىسى قاچىلانغانىدى ھېلىقى ئايال بىر قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىش بىلەن تەڭ ئاجايىپ ھىدلىك بىر خىل پۇراق ئۆيىنى بىر ئالدى مېنىڭ ئاشۇ دورىنى بىر تېتىپ كۆرگۈم كەپكەتتى! ئۇنىڭ پۇرىقىدىنلا ئۇنىڭ ناھايىتى شىپالىق دورا ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلغىلى بولاتتى ئۆسۈملۈكتىن ياسىلىدىغان دورىلار باشقا بىنالاردىن يىراقراق، ئۇرۇنسىغا سېلىنغان پاكار ئۆيلەردە تەييارلىناتتى، بىر ئۆيدە قارىماققا چۈچۈكبۇيىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكى قاينىتىلىۋاتاتتى بۇ دورا ئۆسۈملۈكى قەشقەر ئەتراپىدىكى تاغدىن ئېلىپ كېلىنگەن ئۆسۈملۈك ئىدى يەنە بىر ئۆيگە تابلېت دورا ياسايدىغان بىر ماشىنا ئورنىتىلغانىدى بۇ ماشىنا جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى مەلۇم بىر جايدا كەشىپ قىلىنغان ۋە ياسالغانىدى بۇ ماشىنا دورا ئۆسۈملۈك مەلھەمدىن تەييارلانغان دورىلارنى ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن ئىشلەپچىقىراتتى مەن ئۇلارنىڭ دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى يىغىشنى قانداق تەشكىللەيدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئاشۇ خىل ئۆسۈملۈكلەر كۆپ ئۆسىدىغان تاغقا كىشىلەرنى تەشكىللەپ چىقىرىش ئەھۋالىنى ئۇققۇشتۇم دورا ئۆسۈملۈكلەر پاكىز سومكىلارغا ياكى خالتىلارغا قاچىلىنىپ، قايتە- تىلىپ قىيام قىلىنغۇچە مەخسۇس ساقلاش ئۆيىدە ساقلىنىدىكەن

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/24.asp?isim=[2010-12-31 00:27:12]

alma uyghur book

ئۇلارنىڭ دورا ئۆسۈملۈكلىرىگە ناھايىتى ھەۋەس قىلىدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە دورا ئۆسۈملۈكى ھەققىدىكى قېلىن بىر كىتابنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكۈم كېلىۋاتىدۇ. بۇ كىتاب ئۇيغۇر تىلىدا شىنجاڭدا نەشر قىلىنغان 670 بەت تېكىست، 293 رەڭلىك سۈرەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەرخىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نامى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ۋە لاتىنچە يېزىلغان. كىتابتا ھەربىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈش شەكلى، ئۇنى يىغىشتا قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل، ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىش لازىملىقى ھەم ئۇنىڭ ئۇنۇمى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان. مەن ئۇ كىتابنى شۇنداقلا ۋاراقلىسام badam (بادام) دېگەن بىر ئاتالغۇ چېقىپ قالدى badam — بادام ئۆرۈكىنىڭ مېغىزى دېگەن مەنىدىكى سۆز ئىدى. مەن ئاشۇ كىتابتىن ئۇنىڭ قىزىتمىنى ياندۇرىدىغان دورا ئىكەنلىكىنى ھەمدە بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرەلەيدىغانلىقىنى، مەلۇم جەھەتتىن يۆتەلنى داۋالاشقا ئىشلىتىدىغانلىقىنى چۈشەندىم. كىتابتا ئاشۇلار تولۇق بايان قىلىنغان.

## قەشقەردىكى ئىسلام دىنى

شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى «ئالتە شەھەر» ⑤ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغىچە يەنىلا ئىسلام دىنىنىڭ ئاسىيادىكى قورغىنى ئىدى. بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى خېلى كۈچلۈك بولۇپ، ئىسلام دىنىدىكى بارلىق ئەمىر - مەرۇپ ۋە تەلىماتلارغا رىئايە قىلاتتى شۇڭا، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا تۇرغان شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ شىنجاڭنىڭ شىمالىدا تۇرغان جۇڭگو قورۇقلۇق رايونىدىكى دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ مەزكۇر رايوندا تۇرغان بىر قانچە يىلدا، كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىش جەھەتتە ئانچە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغانلىقى قىلچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئىسلام دىنى بۇ يەردىكى خەلقلەر ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقانىدى.

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/24.asp?isim=[2010-12-31 00:27:12]

alma uyghur book

ئۇلارنىڭ تىلى ئىسلام دىنى ماتېرىياللىرى تىلىنىڭ تەسىرىگە قات-
تىق ئۇچرىغان ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرەب تىلىنىڭ تەسىرىگە بەكرەك
ئۇچرىغان ، ئۇنىڭدىن باشقا ، پېرسىيە ئىسلام دۆلىتى بولغاندىن كېيىن ،
پارس تىلى ئەرەب تىلىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ ، ئۆزىنىڭ لۇغەت
تەركىبىنى بېيىتقان بۇمۇ شىنجاڭنىڭ تىلىغا نىسبەتەن مۇھىم تەسىر
كۆرسەتكەن . بىز بىر كۈنى ئۇرۇمچىدە ، توساتتىن ئەرەب تىلىنىڭ
ئۇيغۇر تىلىغا بولغان تەسىرى ئۈستىدە پاراڭلىشىپ قالدۇق ئاپتونوم را-
يونلۇق تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇللا مۇنداق
دېدى :

— بىر سالام - سائەت قىلىغاندا دەيدىغان
« assalam aleykum » ( ئەسسالام ئەلەيكۇم ، « ئامان - ئېسەنلىك
سىزگە يار بولغاي » دېگەن مەنىدە ) دېگەن قەدىمكى سۆزنى ئەمدى
دېمەيدىغان بولدۇق بۇ سۆزنى ھازىر ياشانغان كىشىلەرلا قوللىنىدۇ .
ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشۈپ سالام -
سائەت قىلىشقاندا ، « Yahshimu siz ? » ( ياخشىمۇ سىز ؟ )
دەيدۇ

شۇنىسى ناھايىتى روشەن ئىدىكى ، 50 يىلنىڭ ئالدىدىكىگە قارى-
غاندا ، ئۇيغۇر تىلىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن . بۇ گەپ
تىلغا ئېلىنغاندا ، ئاخبارات تىلىدا ، شۇنداقلا ئەدەبىي تىلدا خەنزۇچىدىن
قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ناھايىتى كۆپىيىپ كېتىپتۇ ، ھەتتا لۇغەت بولمى-
سا ، گېزىتتىكى سىياسىي ماقالىلەرنى ۋە باشقا نەشر بۇيۇملىرىنى
چۈشەنگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قاپتۇ ئەرەب ۋە پارس تىلىنىڭ
دىن جەھەتتىكى تەسىرى قالمىغان بولسىمۇ ، ئەمما بۇ تىللارنىڭ ئۇيغۇر
تىلىغا بولغان تەسىرىنى ھېلىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ مەن قەشقەردە ،
ئەھۋال سوراشتا قوللىنىدىغان « assalam aleykum » ( ئەسسالام ئە-
لەيكۇم ) دېگەن سۆزنىڭ ياشلار ئارىسىدا يوقالغانلىقىنى بايقىدىم ، ئەمما
يېشى چوڭراق كىشىلەر ئۇ سۆزنى يەنىلا قوللىنىدىكەن ، لېكىن ئۇ پەقەت
قىسقارتىلما شەكلىلا ئىكەن بۇ خىل قىسقارتىلغان ئۇسۇلدا

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/25.asp?isim=[2010-12-31 00:33:04]

alma uyghur book

« salam » ( سالام ) دېيىش بۇرۇنمۇ بار ئىدى . ھەيران قالارلىقى شۇكى ، ئۇيغۇر تىلىدىكى « ھەشقاللا » دېگەن سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى « ئاللاغا رەھمەت » دېگەن مەنىدە بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنتىقى جەھەتتىن ئېيتقاندا ، بۇ سۆز تېخىمۇ ئاممىباب بولغان « Rahmat » ( رەھمەت ) دېگەن سۆزگە ئورۇن بوشىتىپ بېرىشكە توغرا كەلگەن ، لېكىن ھېلىھەم داۋاملىق قوللىنىلىۋاتاتتى . ئاپئاق سەللىلىكلەر كوچىلاردا كۆرۈنمەيتتى ، ئەمما ئەڭ چوڭ مەسچىت — ھېيتگاھ جامەسى ئاشۇ چوڭ مەيداندا ھېلىھەم قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . يەنە باشقا ئالامەتلەرمۇ ئىسلام دىنىنىڭ كۈچى ۋە تەسىرىنىڭ بۇ يەردە يەنىلا ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى

قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا بىر مازار بار . بۇ « ئەۋلىيا مازىرى » نىڭ تەسىرى ھېلىمۇ ناھايىتى زور . مەن 1930 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۇ يەرنى زىيارەت قىلغانىدىم ( ئاشۇ قېتىملىق زىيارىتىم ھەققىدە كېيىن توختىلىمەن ) ئۇ مازار ئاپاق خوجىنى ، يەنى Khoja Hidayetullah ( خوجا ھىدايەتۇللا ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمى ) نى خاتىرىلەش ئۈچۈن ياسالغانىدى ئاپاق خوجا « خوجىلار دەۋرى » دەپ ئاتالغان دەۋردىكى ئالتە شەھەر تارىخىدا ئەڭ مۇھىم بىر ئىسىم ئىدى ، خوجىلار دەۋرى پۈتكۈل 17 ـ ئەسىرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى

ئاپاق خوجا دېگەن بۇ ئىسىمنى ئېھتىمال « دۇنيانىڭ خوجىسى » دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولار ، بۇ ئۇنىڭ ھوقۇقى تازا كامال تاپقان مەزگىلدە بېرىلگەن نام ئىدى ئۇ چاغدا ، ئۇ قەشقەر ، يەكەن ، خوتەن ، ئاقسۇ ، كۇچا ۋە تۇرپاندىن ئىبارەت ئالتە شەھەرنىڭ ھۆكۈمرانى — خوجىسى ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ دىنىي داھىيسى بولغانىدى . ئۇنىڭدىن سىرت ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ، ھىندىستاندا ، روسىيىدە ئۇنىڭ نۇرغۇن تەرەپدارلىرى بار ئىدى شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ، ھەرىيلى كەشمىر ۋە بەدەخشاندىكى مۇرىتلىرى ۋە جۇڭگو تۇڭگانلىرى ( خۇيزۇلار شۇ چاغدىن تارتىپلا قەشقەردىكى بۇ مازارنى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس جايى دەپ بىلەتتى ) دىنىمۇ ئۆشرە يىغاتتى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/25.asp?isim=[2010-12-31 00:33:04]

alma uyghur book

1873 ـ يىلى ئەنگلىيىنىڭ يەكەندىكى دىپلوماتىيە ئەلچى ئۆمىكى-
نىڭ ئەزاسى دوختۇر بېللوف ئاشۇ سىياسىئون ھەزرىتى ئاپاق خوجا
ھەققىدە ناھايىتى ئۇزۇن بىر ماقالە ئېلان قىلغانىكەن بېللوف ئاپاق خو-
جىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭلا ئارقىسىدا تۇرىدىغان پەيغەمبەر دەپ
قارىغان ئۇ كېيىنلىكە داۋا تېپىپ ئادەمنى قۇتقۇزالايدىغان، سەكراتتىكى
ئادەمنى تىرىلدۈرەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە ئىكەن، مۇشۇ نۇقتىدىن ئۇ
پەيغەمبەر يەھيا بىلەن تەڭ تۇرالايدۇ، دەپ قارالغان ئۇنىڭ روھىي جە-
ھەتتىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئۆزىلا خەلققە نىسبەتەن سېھرىي
كۈچكە ئىگە ئىكەن. ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا پەيدا بولغان چاغلاردا كىشىلەر
شادلانغىنىدىن يىغا ـ زار قىلىپ، زىكرە ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ،
سەكرەپ ـ ئويناپ كېتىدىكەن ياكى ھالقە بولۇپ چۆرگىلىشىدىكەن. بە-
زىلەر ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ قالىدىكەن. ھەممە ئادەم بىر خىل
سېھرىي كۈچ تەرىپىدىن چولغىۋېلىنىدىكەن ئاپاق خوجىنىڭ كۆرسەت-
كەن كارامەتلىرى ھەددى ـ ھېسابسىز بولغاچقا، ئۇنىڭ نامى ھەممە يەرگە
تارالغان، ئەمما باشقا نۇرغۇنلىغان ئەۋلىيالارغا ئوخشاش ئۇمۇ تۆھمەت ۋە
ھاقارەتكە دۇچار بولغان.

كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، يەكەننىڭ بىر ھۆكۈمرانى ئاپاق خوجى-
نىڭ ئابرۇيىنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا
قاتتىق ئۆچمەنلىك قىپتۇ ئۇ ئۆزىنىڭ بىر كەسپدىشى، شۇنداقلا ئە-
گەشكۈچىسى يەكەننىڭ قازىسى، يەنى دىنىي سوتچىسى قىلىپ
تەيىنلەپتۇ بۇ قازى شەرىئەت مەھكىمىسىدىكى بارلىق پۇرسەتتىن پايدى-
لىنىپ، ئاپاق خوجىنى «ساختىپەز» دەپ قاغاپ ـ تىللاپ، ئۆزىنىڭ
گېپىگە ئاسانلا ئىشەنگەنلەرنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ پۇل ئۇندۇرۇۋاپتۇ ئۇ
ئاپاق خوجا ئۆزىنىڭ قوللىرىغا زەر بېسىلغان دۇردۇن كىيگۈزۈپتۇ
خوتۇن ـ چۆرىلىرىگە ئېسىل شايا ـ ئەتلەسلەرنى كىيگۈزۈپتۇ، دەپ شى-
كايەت قىپتۇ دەرۋەقە، ئاپاق خوجا بۇ گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلاپ
تۇرۇپتۇ لېكىن، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقىپ، ئاشۇ ئە-
مەلىيەتنى ئىنتايىن ئاسايىشلىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ ھەمدە ئاللا ئىگەم بىر

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/25.asp?isim=[2010-12-31 00:33:04]

alma uyghur book

كۈنى ئەمەس بىر كۈنى ئۇنىڭ ئەدىبىنى ھامان بېرىدۇ، دەپتۇ ئۇ ئىك-كېيىن تەڭلا داخىل بولغان بىر زىياپەتتە، ھېلىقى جازا ئاخىر كەپتۇ ھېلىقى قازىنىڭ گېلىغا بىر تال سۆڭەك تۇرۇپ قاپتۇ، شۇ ۋەجىدىن ئۇ نەپەس ئالالماي ئىنتايىن بىئارام بولۇپ، ئۆلۈپ كېتىش گىردابىغا كەپقاپتۇ، ئۇنى قۇتقۇزالايدىغان ئادەم چىقماپتۇ قازىنىڭ خىزمەتكارلىرى نالە قىلىپ تۇرۇپ ئاپاق خوجىغا يېلىنىپتۇ ھەمدە ئەگەر مۇشۇ گۇناھكار بەندىنى قۇتقۇزۇپ قالالىسا، بارلىق مال ـ دۇنياسىنى ئۇنىڭغا بېرىشكە ۋەدە قىپتۇ. جەبرائىل كېلىش ئالدىدا، ئاپاق خوجا ئۆز ھەرىكىتىنى باشلاپتۇ ئۇ قازىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىرىگە قازىنىڭ بوينىغا قاتتىق مۇشتلاشنى ئېيتىپتۇ قازىنىڭ گېلىغا تۇرۇپ قالغان سۆڭەك چىقىرىلىپتۇ، قازى قۇت-قۇزۇۋېلىنىپتۇ ئۇ تەشەككۈر ئېيتىش يۈزىسىدىن قازىلىقتىن ۋاز كېچىپ، يىراق جاي — ئاقسۇغا كۆچۈپ كېتىپ، قالغان ئۆمرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئاپاق خوجىنىڭ يەكەندە يەنە باشقا رەقىبلىرىمۇ بار ئىكەن. بۇلار ئۇنى قاغاپ، نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۇنىڭ مۇقەددەس ئورنىنى مەسخىرە قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى ئۆزىنىڭ گۇناھلىق تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشى بىلەن، بولۇپمۇ ئەپيۇن چېكىشى بىلەن ئاتاق چىقارغانىكەن ئۇ ئاپاق خوجىنى قارىلاپ، مۇبادا ئاپاق خوجا ئەۋلىيا بولىدىغان بولسا، مېنىڭ ناچار خۇمار ـ ھەۋىسىمنى ساقايتالايدۇ، دەپتۇ ئۇنىڭ ئىنىسىمۇ ئاپاق خوجىنىڭ كۆرسەتكەن نۇرغۇن كارامەتلىرىنى زاڭلىق قىپتۇ. كېيىن ھەر ئىككىسى ئەدىبىنى يەپتۇ ئەپيۇنكەش ئەپيۇننى كۆپ چەك-كەنلىكتىن ئۆلۈپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ئىنىسى شىكارغا چىققاندا، قورسىقى قاتتىق مۇجۇپ ئاغرىپ كېتىپ، ۋاقتىدا داۋالىنالمىغانلىقتىن ئۇمۇ ئۆلۈپتۇ قەشقەردىكى كىشىلەر مانا مۇشۇلارنى ئاپاق خوجا ئۇلارنىڭ جاجىسىنى بەردى، دەپ چۈشىنىدىكەن

ئاپاق خوجىنى مۆجىزە كۆرسىتىشتە ئەيسا پەيغەمبەر بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويىدىغان رىۋايەتلەر كەڭ تارقالغان يەكەننىڭ ھۆكۈمرانى جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئاقسۇغا ئاتلىنىپتۇ كېسەل بولۇپ قالغاچقا، كىشىلەر ئۇنى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/25.asp?isim=[2010-12-31 00:33:04]

alma uyghur book

jirga ( جىرغا ) غا سېلىپ يەكەنگە ئېلىپ مېڭىپتۇ jirga ئىككى ئات ئۈستىگە ئارتىلغان ناسىلكىدىن ئىبارەت ئەمما، ئۇ ئۆيىگە كەلمەي تۇرۇپلا، يېرىم يولدا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بۇ ھۆكۈمراننىڭ ئانىسى ئاپاق خوجىدىن ئوغلىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئىلتىجا قىپتۇ. ئۇ ئايال ئەگەر ئاپاق خوجا ئوغلىنى قۇتقۇزۇۋالالايدىغان بولسا، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئالتۇن - تىللا بېرىشكە لەۋز قىپتۇ شۇ چاغدا ئاپاق خوجا ناشتا قىلىۋاتقانىكەن، ئۇ تەخسىدىن بىر قوشۇق ئوماچنى ئېلىپ ئۆلگۈچىنىڭ ئاغزىغا سۇۋاپتۇ ئۆلگۈچىدىن تەر چىقىشقا باشلاپ، ئارقىدىنلا ھوشىغا كېلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ئۈچ كۈندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنىڭ ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك، ئاتقا مىنىپ يەكەننىڭ كوچىسىدا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

1693 - يىلى، ئاپاق خوجا تالىپلىرى بىلەن ئىلاھىيەت مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇت قازا قىلغانىكەن. ئۇ ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بۇرۇن ئوغلى ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ قەشقەردىكى قىرغىزلار ۋە قازاقلار ۋەيران قىلغان ئۇرۇق - جەمەتلىرىنىڭ قەبرىگاھلىقىنى ياساپ بولغانلىقىنى، ھازىر بۇ قەبرىگاھنىڭ يەنە ئەسلىدىكى كەڭ جايىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى ئېيتىپ، دادىسىنى قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ يېڭى قەبرىگاھلىقنىڭ پۈتكەنلىك مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىپتۇ ئاپاق خوجا بېرىشقا ماقۇل بوپتۇ، بىراق ئۇ يەرگە بېرىپلا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ بۇ ئىشمۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈم نامىزىغا قاتنىشالىغان، دېگەندىن ئىبارەت ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر مۆجىزىسى بولۇپ قاپتۇ

ئاپاق خوجا مازىرى قەشقەردىكى ئەڭ مۇھىم مەشھۇر جاي. ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشى سەمەرقەند ۋە ئىسفاھاندىكى گۈزەل قۇرۇلۇش سەنئىتىگە يېتەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ ئىككى شەھەردىكى ئىمارەتلەرنى ئادەمنىڭ ئېسىگە كەلتۈرىدۇ بۇ مازار بىر مەھەل تاشلىنىپ قېلىپ، چۆلدەرەپ قالغانىكەن، لېكىن ھازىر يېڭىۋاشتىن رېمونت قىلىنىپ ياسىلىپ، بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلتۈرۈلۈپتۇ.

مەن بىر كۈنى ئەتىگەندە، بۇ مازارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم.

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/25.asp?isim=[2010-12-31 00:33:04]

alma uyghur book

مازارغا قارايدىغان ھەسەن ئۆمەر مازارنىڭ يېنىدىكى كىچىك ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ، بىرگە ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ خانلىقى ھەققىدىكى تارىخنى تونۇشتۇردى. ھەسەن ئۆمەر 35 ياشلار چامىسىدىكى ئۇيغۇر يىگىتتى ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئاپاق خوجىنىڭ جەمەتلىرى بەش ئەۋلاد بولۇپ، مۇشۇ قەبرىگە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قەبرىلەرگە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - جەمەتىدىن 72 سى دەپنە قىلىنغانىكەن. ئاپاق خوجا ھايات چېغىدا، ئۇنىڭ دىن يولىدا ئۆزىنى پىدا قىلىش روھى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، «دىنىي ئەرباب» (دىنىي رىياسەتچى) دېگەن نامغا ئېرىشكەنىكەن. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ بېيجىڭ بىلەن بولغان ئالاقىسى ياخشى ئىكەن. بۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىش ئىكەن، 1663 - يىلى ئاپاق خوجا بېيجىڭغا بېرىپ jigda (جىگدە) كۆچىتىنى خانغا سوۋغا تەرىقىسىدە تارتۇق قىپتۇ. جىگدىنىڭ مېۋىسىنى يېگىلى بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن خانمۇ ئۇنىڭغا چاي دەملەپ ئىچىدىغان بىر چوڭ قاچا سوۋغا قىلغانىكەن. ئاشۇ قېتىملىق سەپەر ئارقىلىق ئاپاق خوجا قەشقەر بىلەن بېيجىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت سەھىپىسىنى تۇنجى بولۇپ ئاچقانىكەن. ھەسەن ئۆمەر ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ماۋ زېدۇڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قاراتقان سىياسەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتى، ئۇنىڭ بۇ يەردە كۆزدە تۇتقىنى بۇ مازارنىڭ ساقلاپ قېلىنىشىدىكى سەۋەبتىن ئىبارەت ئىدى. 1947 - يىلىدىكى بىر قېتىملىق يەر تەۋرەشتە بۇ مازار ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغانىكەن. مازارنىڭ ئۈستىدىكى يۇمىلاق يوغان مۇنار ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ كەتكەن. ئۇ چاغ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى زامانى بولۇپ، ئۇلار بۇنى رېمونت قىلىشقا ھېچقانداق ياردەم بەرمەپتىكەن، لېكىن ئازادلىقتىن كېيىن، ئەھۋالدا زور ئۆزگىرىش بوپتۇ. ماۋ زېدۇڭنىڭ ياردىمى بىلەن 1956 - يىلى بۇ مازار رېمونت قىلىنىپ، ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈلۈپتۇ. ھازىر زۆرۈر تېپىلغاندا ھۆكۈمەت دائىم ياردەم قىلىپ قوللاۋېتىپتۇ.

روشەنكى، بۇ مازارنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىنىشىدە ئاپاق خوجىنىڭ جۇڭگونىڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىغا بولغان ئاقىلانە

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/25.asp?isim=[2010-12-31 00:33:04]

alma uyghur book

ھۆكمى نەزەردە تۇتۇلىدۇ لېكىن، ۋاستىلىك ئېيتقاندا، ئۇ يەنە ئاپاق خوجىنى ئەۋلىيە دەپ مەدھىيىلىگەنلىكتىنمۇ دېرەك بېرىدۇ مەن بۇ مازارنى ھېلىمۇ دىنىي سەۋەبتىن تاۋاپ قىلىدىغانلارنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ سېخىيلىق بىلەن بەرگەن ياردىمىنى ئاشۇنداق دەپ چۈشىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن چۈنكى، ئىسلام دىنى ئەلنى ئىدارە قىلىشتىن تېخى پۈتۈنلەي قېپقالمىغاندى شۇڭا، يۇقىرىدىكى ياردەم ۋە قوللاشنىڭ دانا تەدبىرى ئىكەنلىكىدە شەك ـ شۈبھە يوق

مازار سىرتىغا نۇرغۇن ئادەملەر توپلىشىۋالغاندى بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى مەندەك Ferfangis ( فەرەڭ ) گە قىزىقىپ كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن كەلگەنلەر ئىدى ئاسمان پەلەك ئۆسكەن سۆۋادان تېرەك ۋە توغراق سايىسىدىكى خىلۋەت جاينى بۇ دەرەخلەر باغچا قىلىۋەتكەنىدى بىر ئەمدىلا تازىلانغان كوچا بىلەن ماڭدۇق بۇ كوچىغا قەشقەردە دائىم قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل بويىچە يەر يۈزىدىكى ئۆلۈك توپىلارنى باسۇرۇش ئۈچۈن سۇ سېپىلگەنىدى لېكىن، سېپىلگەن سۇ يولنى پېتىق ھەم تېيىلغاق قىلىۋەتكەچكە، بىر ناھايىتى پەخەسمەنلىك بىلەن ئۇ يەر ـ بۇيەردە سۇ سېپىلماي قالغان ئالىقانچىلىك قۇرۇق يەرلەرگە دەسسەپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇق. مازارنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى پاكار سارغۇچ كۆل رەڭ قەبرىلەر بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەنىدى بۇرۇنقى زاماندا، بايلار ئاپاق خوجا مازارىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنىش ھوقۇقىنى پۇلغا سېتىۋالاتتىكەن بايلارنىڭ يەرلىك دىنىي ئورگانلارغا ناھايىتى كۆپ پۇل تاپشۇرغانلىقى ئېنىق، قەبرە سېتىۋېلىشقا ئىشلەتكەن پۇل Uaqf ( ۋەقف ) دېيىلىدىكەن ئاپاق خوجا مازىرى شىنجاڭنىڭ جەنۇبى قىسمىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق دىنىي ئورگانلاردىن بىرى. تاڭ قۇياشى نۇرىدا كۆك، يېشىل سىرلىق ساپال بىلەن بېزەلگەن ئاساسىي قۇرۇلۇشلار كۆزنى قاماشتۇراتتى مازارنىڭ ئىلگىرى بۇزۇلۇپ كەتكەن بىر قىسىم جايلىرى پۈتۈنلەي رېمونت قىلىنىپ بولغانىدى ناھايىتى ئېنىقكى، بۇنىڭغا ناھايىتى نۇرغۇن پۇل ۋە ناھايىتى نۇرغۇن ئەمگەك كۈچى سەرپ قىلىنغان ئۈستىگە يىل، ئاي خاتىرىلەنگەن چوڭ قۇلۇپ ئېچىلدى بىز خىرە نۇر چۈشۈپ تۇرغان

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/25.asp?isim=[2010-12-31 00:33:04]

قەبرىستانلىققا كىردۇق  ئاياغ كىيىممىزنى سېلىۋېتىش تەلەپ قىلىنمىدى
ئەمما ، ئىلگىرى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايلىرىنى ئېكسكۇرسىيە
قىلغاندا ئاياغ كىيىمنى سېلىۋېتىش تەلەپ قىلىناتتى  بۇ قەبرىستانلىققا ئا-
پاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - جەمەتلىرى دەپنە قىلىنغانىدى  قەبرىگە
ھەرخىل رەڭدىكى كەڭ ئەنلىك يوپۇق ئارتىپ قويۇلغانىدى  ئاپاق خو-
جىنىڭ قەبرىسىگە قارا جىيەكلىك توق قىزىل يوپۇق ئارتىپ
قويۇلغانىدى  قەبرىنىڭ ئۈستىدىكى گۈمبەز ئاستىدا بىر قانچە ئېلېكتر
لامپىسى ساڭگىلاپ تۇراتتى  ئۇلارنىڭ يېقىندا ، قەبرىنى رېمونت قىلغاندا
ئورنىتىلغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى
ئاپاق خوجا مازىرى بىر ئەۋلىيا - ماشايىق ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق -
جەمەتلىرىنىڭ مازىرىلا ئەمەس  ئۇزۇن تارىخي جەرياندا ، ئۇنىڭ ئەترا-
پىغا مەسچىت ، مەدرىس ۋە ئىسلام دىنى تەلىم - تەربىيە ئورگانلىرى
قۇرۇلغان  بۈگۈنكى كۈندە ، ئاشۇ ئورگانلار ھېلىھەم بار بولۇپ ، مازارغا
ئوخشاشلا ئوبدان باشقۇرۇلماقتا ۋە مۇھاپىزەت قىلىنماقتا  بىر مەسچىتنىڭ
ئىچىگە كىردۇق  شۇ كۈنى ئۇ يەردە بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى  مەن ھەسەن
ئۆمەردىن بىر بىلەن كىم بىللە بولىدىغانلىقىنى ، قەرەلدە بۇ يەرگە نۇرغۇن
كىشىلەرنىڭ ناماز ئوقۇشقا كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى سورىدىم  ئۇ
ھەر جۈمە كۈنى نۇرغۇن كىشىلەر جۈمە نامىزى ئوقۇغۇلى بۇ يەرگە
كېلىدىغانلىقى — جۈمە كۈنى ئىسلام دىنىدا دەم ئېلىش كۈنى ئىكەنلى-
كىنى ، ئۇنىڭدىن سىرت ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىشقا تۇتۇش قىلىشتىن
ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ namaz bamdad ( بامداد نامىزى ) ئوقۇيدىغانلى-
قىنى ، ھېيت كۈنلىرى بۇ يەردە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغانلار ، بۇ يەرگە
كېلىپ - كېتىدىغانلار ناھايىتى كۆپ بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى  مەن
ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى موللىلارنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى سورىدىم  ئۇ
ماڭا بۇ يەردە موللا ، دامولللار ھەمدە « ئەڭ تەقۋادار موللىلار » ۋە ئە-
شانلارنىڭ ھېلىمۇ بارلىقىنى ، ئەمما ئادەتتە ئۇلارنى ئانچە كۆرگىلى
بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى  ئىشان — دىنىي كىتابلارنى باش بولۇپ ئوقۇي-
دىغان كىشى  بۇ كىشىلەرنىڭ ئورنى ئىلگىرىكىدەك ئۇنچىۋالا ئەتىۋارلىق

www.alma.cn

alma uyghur book

ھەم مۇھىم بولماي قالغانىدى

جامە زالى ـــ تەكشى ئۆگزىسى نۇرغۇن تۈۋرۈكلەر بىلەن تىرەلگەنگەن، قورۇقسىر چوڭ زال ئىدى  تۈۋرۈكلەرگە كۆك ۋە يېشىل رەڭلىك نەقىشلەر ئويۇلغانىدى. زالنىڭ ئىچى قوپقۇرۇق بولسىمۇ، لېكىن ئىچىگە سېلىنغان بورا ئادەملەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ تۇرىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى

مەن ئۆز ـ ئۆزۈمدىن ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس قەسرى بولغان ۋە قەشقەرلىكلەرنىڭ دىنىي چوقۇنۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بۇ جايدا بۇگۈن يۈز بەرگەن ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىش نېمىدۇر؟ دېگەن سوئالنى سورىدىم  مېنىڭچە، بۇ ئۆزگىرىش دىۋانىلەرنىڭ تۈگىگەنلىكى بولسا كېرەك. ئىلگىرى بۇ يەردە دىۋانىلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. قەشقەر كوچىلىرىدىمۇ دىۋانىلەر تۈگەپتۇ  يېڭى جەمئىيەتنىڭ ئۇلارنىڭ غېمىنى يېگەنلىكى ۋە ئۇلارغا ئىش تېپىپ بەرگەنلىكى ئېنىق ئىدى. شۇنداقتىمۇ، بىز ھېلىقى تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان كوچا بىلەن قايتىشىمىزدا بىر دىۋانىنى، ئېرىق بويىدىكى بىر تۈپ دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرغان بىر دىۋانىنى كۆردۇق. بىراق، ئۇ ناھايىتى بەخىرامان ئولتۇراتتى، ئۇنىڭدىن ئادەمنىڭ چىشىغا تېگىدىغان ئالامەتنى كۆرگىلى بولمايتتى  بۇ دىۋانە كونا جەمئىيەتتە ئاھ ـ پەرياد ئۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان دىۋانىلەرگە ئوخشىمايتتى  بىر ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكىنىمدە، ئۇ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى. مەن ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك بىر دىۋانە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم. ئىسلام دىنىدا خەيرە ـ ساخاۋەت ۋە سەدىقە قىلىشتىن ئىبارەت بەلگىلىمە بولغاچقا، سەدىقىنى ئالىدىغان ئادەملەرمۇ بولۇشى كېرەك ئىدى  دىنىي سەۋەب تۈپەيلىدىن بىر قىسىم دىۋانىلەرنىڭ بولۇشى بەرھەق ئىدى

ئاپاق خوجا مازىرى ئىلگىرى قانداق تۇستە ئىدى  مەن 1930 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى بۇ مۇقەددەس جاينى زىيارەت قىلغانىدىم  شۇ چاغدا يازغان خاتىرەمنى ھېلىھەم ساقلاۋاتىمەن  بۇ خاتىرە ئانچە تەپسىلىي يېزىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاشۇ چاغدىكى زىيارىتىمدىن

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/25.asp?isim=[2010-12-31 00:33:04]

alma uyghur book

هازىرغىچىلىك بولغان ئارىلىقتا قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقى ھەققىدە مېنى ئاساس بىلەن تەمىن ئېتەلەيدۇ .

قەشقەرنىڭ 2 - ئېيى ھاۋا تۇتۇق بولىدىغان ئاي . ئەتىيازنىڭ باشلانغانلىقى كۈندۈزلىرى توڭلار ئېرىپ ، يول - كوچىلارنىڭ پاتقاق بولۇپ كېتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ . مەن كونا پاسوندىكى ئىككى چاقلىق ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ ، ئاپاق خوجا مازىرىغا باردىم . ھارۋا قەشقەرنىڭ تار ، پاسكىنا يول - كوچىلىرىدىن ئۆتتى . ھارۋىكەش ئاغزى بېسىلماستىن « posh , posh » ( پوش ، پوش ) دەپ ۋارقىرايتتى . بىز ئاپاق خوجا مازىرىغا يېقىنلاشقانسېرى يولدىكى دىۋانىلەر بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى . دەسلەپتە ئىككى كىچىك بالا يول ياقىسىنى بويلاپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ « amin , amin » ( ئامىن ، ئامىن ) دەپ ۋارقىرىدى بۇ سۆزنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى مەنىسى « بوپتۇ ، سالاۋات » دېگەندىن ئىبارەت ئىدى . ئەمما ، بۇ يولدا ئاشۇنداقلا « بوپتۇ » قىلىۋېتىشكە بولمايتتى . چۈنكى ، مۇقەددەس جايدا خەير - ساخاۋەت بېرىش لازىملىقى ماڭا ئايان ئىدى . بىز ھارۋا بىلەن ئىككى قاسىنقى تېرەكلىك تار كوچا بىلەن ماڭدۇق . مۇقەددەس جاينىڭ ئەتراپىدىكى قەبرىلەرنى كۆردۇق باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ساۋاب دەپ بىلىدىغان بىر موللا بىزنى باشلاپ ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى . كۆرۈشكە تېگىشلىك جايلارنى كۆرسەتتى . مازار - قەبرىلەر ئۇزۇندىن بېرى رېمونت قىلدۇرۇلمىغاچقا ، ۋەيران بولۇپ كەتكەنىدى ، نۇرغۇن يەرلەرنىڭ ساپاللىرى چۇشۇپ كەتكەنىدى . مەن يەنە ئازراق پۇل تۆلەپ مازارنىڭ ئىچىگە كىرىپ رەخت بىلەن يېپىلغان گۆرلەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم . مازارلىقتا نۇرغۇن تۇغ - ئەلەملەر ۋە لەۋھەلەر ئېسىلغانىدى . ئۇنىڭغا خەنزۇچە بېغىشلىما يېزىلغان — بۇنى تۇڭگانلار ئېلىپ كەلگەنىدى . تۇڭگانلار ئاپاق خوجا مازىرىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئالاھىدە مۇقەددەس جاي دەپ بىلىدىكەن . مازار گۈمبىزىنىڭ بىر يېرىدە بىر يېرىق بولۇپ ، بىر قېتىملىق يەر تەۋرەشتە قەپقالغان ئىزنا ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى

دەرۋازا سىرتىدا مۇقەددەس مۇنبەرگە ئوخشايدىغان ، تۆت ئەترا-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/25.asp?isim=[2010-12-31 00:33:04]

alma uyghur book

پىغا سىرلىق ساپال بېسىلغان بىر شىرە تۇراتتى ، شىرە ئۈستى بۆكەن
مۇڭگۈزى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى ئۇنىڭدا يەنە مەشھۇر « ماركو پول
قوچقىرى » نىڭ يوغان مۇڭگۈزلىرىمۇ تۇراتتى . بۇلار پامىر ۋە قارا
قۇرۇمدىن ئېلىپ كېلىنگەنىدى ئەينى چاغلاردا ، كىشىلەر ھايۋانلارنىڭ
بېشىدىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى بەك ئەتىۋار بىلىشەتتى ھالبۇكى ،
1978 ـ يىلىغا كەلگەندە ، بۇنداق نەرسىلەردىن ئەسەر قالمىغانىدى
ناھايىتى ئېنىقكى ، 30 ـ يىللاردا ، ئاشۇ خىلدىكى ھايۋان مۇڭگۈزلىرى نە-
رىر بۇيۇملىرى ھېسابلىناتتى كىشىلەر تاغ ئارىلىرىدا ياكى چۆللەردە ،
شۇنىڭغا ئوخشاش ھايۋان مۇڭگۈرلىرىنىڭ يېگانە قەبرە ـ مازارغا ئېسىپ
قويۇلغانلىقىنى ئۇچرىتاتتى بۇ مۇڭگۈزلەرنى ئۇ يەرگە ئېسىپ قويۇشتىكى
مەقسەت نېمە ؟ ئەجەبا بۇ قەدىمكى بىر خىل ئېتىقادمىدۇ ، يەنى ئەركەك
ھايۋانلارنىڭ مۇڭگۈزىنىڭ جىن ـ ئالۋاستىلارنى يولاتماي ، ئەرۋاھلارنىڭ
روھىنى قوغدىيالايدىغانلىقىدىنمىدۇر ؟ 1873 ـ يىلى دوختۇر بېللوف مۇشۇ
مازارنى زىيارەت قىلغاندا ، مۇقەددەس جاي ئىچىدىكى تام تۈۋىگە تېكە ،
بۇغا مۇڭگۈزلىرى ، « ماركو پولو قوچقىرى » ( غۇلجا قوچقىرى )
مۇڭگۈزى ۋە تىبەت تېكىسىنىڭ مۇڭگۈرلىرىنىڭ قاتار ـ قاتار تىزىقلىق
تۇرغانلىقىنى ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ ناھايىتى يوغان ئىكەنلىكىنى
كۆرگەن ئەنگلىيىلىك بۇ دىپلوماتىيە ئەمەلدارى ئاشۇ مۇڭگۈز ئىچىدىكى
بۇغىنىڭ يوغان مۇڭگۈزىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختىغان . كېيىن
مازارنىڭ مەسئۇلى بۇ يوغان مۇڭگۈزنى ھېلىقى ئەنگلىيىلىككە يادىكار قىل-
غان — ئۇ ئۆزىنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتىكى مەلۇم سەۋەبتىن ئاشۇنداق
قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى جەزمەن بىلەتتى ، چۈنكى ھېلىقى ئەنگلىيە-
لىكنىڭ ماختاشلىرى ئۇنىڭ ئاشۇ مۇڭگۈزنى تەلەپ قىلغانلىقىنىلا
بىلدۈرەتتى ئەنگلىيىلىك ساياھەتچى ۋە دىن تارقاتقۇچى خېنرى لان-
سىدالمۇ قەشقەرنى 1888 ـ يىلى زىيارەت قىلغان ھەمدە ئاپاق خوجا
مازىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان ئۇمۇ ئاشۇ يەردە ساقلىنىۋاتقان « ماركو
پولو قوچقىرى » نىڭ مۇڭگۈزىگە ئېرىشىش كويىدا بولغان ئۇ زىيارەت
خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازغان : مەن بۇ يەردىكى « ماركو پولو قوچقى-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/26.asp?isim=[2010-12-31 00:32:17]

alma uyghur book

رى » نىڭ مۇڭگۇردەك نەرسىنى زادىلا كۆرمىگەنىدىم بۇ نەرسىلەر ئاسارئەتىقە ۋە غەلىتە نەرسىلەرنى توپلايدىغان ھەربىر ئەنگلىيىلىكنى ئىنتايىن خۇشال قىلىدۇ

شۇ چاغلاردا، مازار ئەتراپىدىكى مەدرىسىلەردىن تالىپلارنىڭ ئۈنلۈك كىتاب ئوقۇۋاتقان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى مەدرىس تالىپلارنىڭ ئالدىدا تۇراتتى تالىپلارمۇ دەرس ياد ئوقۇۋاتقان سىرلىق جۈملىلەرنى قايتا ـ قايتىلاپ تەكرارلايتتى نۇرغۇنلىغان دىۋانىلەر تېرەك تۈۋىدە چۆرقىرىشىپ ـ ۋارقىرىشىپ سەدىقە تەلەپ قىلىشاتتى بىزنىڭ يولباشچىمىز يادىگىغۇ، سۇلغۇن چىراي بىر ياشنى بىر ياققا ئىتتىرىۋەتتى ھەمدە بەلكىم ئاپاق خوجىنىڭ ئۇرۇق ـ جەمەدلىرىنىڭ بىرى بولسا كېرەك، دېدى ئۇ ئۆرىنىڭ خورلانغانلىقىغا تەن بەرمەي، مەن بىلەن پاراڭلىشىشقا تەمشەلدى قارىغاندا، ئۇ قولۇمدىكى سۈرەت لېنتىسىنىڭ قۇرۇق قۇتىسىغا ئېرىشمەك بولغاندەك قىلاتتى، شۇڭا مەن ئۇ قۇتىنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتتىم. بىر ئاپاق خوجا مازىرىدىن كېتىش ئالدىدا يول باشلىغۇچى ئالدىمغا يۇگۈرۈپ كېلىپ :

— ئۇلۇغ ئاپاق خوجامنىڭ ئۇ ئەۋلادىغا بىرئاز پۇل بەرگەنلىك يامان ئىش ئەمەس، — دېدى ئۇنىڭغا ئازراق پۇل بەردىم ئۇ كەتتى، ئېھتىمال ئۇ ھېلىقى سۈرەت لېنتىسىنىڭ قۇرۇق قۇتىسىنى ناھايىتى پۇللۇق نەرسە بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغان بولۇشى، بىراق ئۇنى تەپسىلىي دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ پۇلغا يارىماس نەرسە ئىكەنلىكىنى سەزگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن ۋەھالەنكى، 1978 ـ يىلى مەن ئۇ يەرنى زىيارەت قىلغاندا، تاسادىپىي بايقىغان بىر ئىش مېنى ھېلىقى پەرىزىمنىڭ ئەمەلىي بولمىغانلىقىغا ئىشەندۈردى ھېلىقى سۈرەت لېنتا قۇتىسى ئۇنىڭغا نىسبەتەن يەنىلا قىممەتلىك ئىكەن بۇ نۆۋەت يۈز بەرگەن ئىش شۇ ئەدىكى، مەن ھەسەن ئۆمەرگە « قۇياش نۇرى » ماركىلىق سۈرەت لېنتىسىنى ئىشلىتىپ بولۇپ قۇتىلىرىنى بىر يەرگە تاشلىۋېتىشنى ئېيتتىم ئۇ بۇ قۇتىلارنى قولىغا ئېلىپ بىر قۇر سەپسالغاندىن كېيىن :

— بۇلاردىن باللارنىڭ ناھايىتى ئوبدان ئويۇنچۇقلىرىنى ياسىغىلى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/26.asp?isim=[2010-12-31 00:32:17]

alma uyghur book

بولىدۇ ، ـــ دېدى

1930 ـ يىلى ، ھېلىقى يولباشلىغۇچى مېنى ياقۇپ بەگنىڭ قەبرىسىنى كۆرۈشكە باشلاپ باردى  ياقۇپ بەگ 1866 ـ يىلدىن 1877 ـ يىلىغىچە قەشقەر ۋە « ئالتە شەھەر » نىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانى بولغانىدى . ئۇنىڭغا ئەنگلىيىنىڭ ئالاھىدە ئەلچىلەر ئۆمىكىنى قوبۇل قىلىش نېسىپ بولغانىدى  ئۇنىڭ قىسقا مۇددەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ۋەھشىي بولغان ۋە داۋالغۇش ئىچىدە ئۆتكەن ، ئۆزىمۇ ئۇشتۇمتۇتلا ئۆلۈپ كەتكەن ، شۇنداقلا ئۇ « بەدۆلەت » ۋە « ئېتىقادنىڭ ھامىيسى » دېگەن ئىككى كاتتا ئاتاققا ئېرىشكەن  ئۇنىڭ تارىخى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭ قەبرىسى ئاپاق خوجا مازىرىغا ناھايىتى يېقىن ، ئەمما باشقا قەبرىلەرگە ئوخشاش ناھايىتى ئاددىي ئىدى  بىرى مېنى ئۇنىڭ قەبرىسىنى سۈرەتكە ئېلىپ قويۇش تەكلىپىنى بەردى ، مەن ئۇنى سۈرەتكە ئالدىم . ئاشۇ قەبرە ئۇنىڭ قەبرىسىمۇ ـ ئەمەسمۇ ، ھازىر بۇنىڭغا ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمەيدۇ  لانسدال قەشقەرنى زىيارەت قىلغان ھەمدە ئاپاق خوجا مازىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا ، ياقۇپ بەگنىڭ قەبرىسىنىمۇ كۆرگەن ، ئۇ ئاشۇ قەبرىلەر ئىچىدىكى بىر دۆۋە شېغىلدىن سەل ـ پەل يوغانراق توپا دۆۋىسىنى سۈرەتكە تارتقان  لانسدال كېيىن ماقالە يېزىپ ، ياقۇپ بەگ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ، جۇڭگولۇقلار قايتىپ كېلىپ ھوقۇقنى قولىغا ئالغانلىقى ، ئۇلار ئۇنىڭ جەسىتىنى كولاپ ئېلىپ ، ئۇنى كۆيدۈرۈپ ، كۈلىنى بېيجىڭغا ئېلىپ كەتكەنلىكى ، جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئاتاپ خاتىرە سارىيى سېلىشتەك ئىشلارنى قىلىشنى مەنئى قىلغانلىقى ھەمدە ھەرقانداق بىر خىل چارە ئارقىلىق ئۇنىڭ جەسىتى كۆمۈلگەن جايغا بەلگە سېلىشنى مەنئى قىلغانلىقىنى بايان قىلغان  بۇنى تامامەن ئىشەنچسىز دېگىلى بولمايدۇ

1930 ـ يىلى مازارنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن ، يولباشلىغۇچىغا تۆت تەڭگە بەردىم  ئۇ ماڭا ئاتاپ كۆپ قېتىم دۇئا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى . توختىماي ئۇنىڭ ۋارقىراپ تۇرغان ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنى تىللاۋاتقان دىۋانىلەردىن بىرى ئالدىمغا كېلىپ :

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/26.asp?isim=[2010-12-31 00:32:17]

— pul lazim ( پۇل لازىم ) ، — دېدى  ھازىر شۇ چاغدا نېمە-
لەرنى ئويلىغانلىقىم ئېسىمدە يوق ، ئەمما شۇ چاغدا مەن :

— Ishning bashi pul emas , ishning bashi bismillah
( ئىشنىڭ بېشى پۇل ئەمەس ، ئىشنىڭ بېشى بىسمىللاھ ) — دېدىم  مەن
بۇ گەپنى روزى ئاخۇندىن سېتىۋالغان بىر قولىيازمىدىن ئۆگىنىۋالغانىدىم
بۇ گەپنىڭ مەنىسى : « سېنى ياخشى ئادەم قىلىشنىڭ توغرا چارىسى پۇل
ئەمەس ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ، ئىشنى ئالالاھنىڭ نامىدا باشلاشتىن
ئىبارەت »  ئۇ ماڭا بىر تىكىلىپ قارىدى - دە ، ئۇنىڭدىن كېيىن :
— توغرا دېدىڭ ، — دېگىنىچە مەندىن ئىككىنچىلەپ بىر نېمە
تەلەپ قىلمىدى  باشقا دېۋانىلەر بولسا يەنىلا داۋاملىق تۇردە ئۇنلۇك ۋار-
قىرىشىپ تىلەمچىلىك قىلىشماقتا ئىدى

مەن مەپىكەش بىلەن بىللە قەشقەرگە قايتتىم  يېڭى شەھەر —
قەشقەردىكى خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان رايوننىڭ ئېگىز - پەس ئۆگرىلىرى
ۋە يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى خىش ئوچاقلاردىن چىقىۋاتقان كۆكۈچ
ئىس يېراقتىنلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى  يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىم شۇ چاغدا
خاتىرەمگە يېزىلغان مەزمۇنلاردىن ئىدى .

50 يىل ئىلگىرى ئاپاق خوجا مازىرى ئەتراپى بەك قايناق بىر جاي
ئىدى ، ئەمدىلىكتە جىمجىتلىققا چۆمگەن ، تېخىمۇ گۈزەل بىر جايغا
ئايلانغان بولسىمۇ ، لېكىن ئادەمنى ئانچە ھاياجانغا سالمايدىغان بولۇپ
قالغانىدى  قەشقەردىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئالامەتلىرىدە ئۆزگىرىش ھاسىل
بولغانىدى

قەشقەر شەھىرىدىكى ئەڭ چوڭ جامە ھېلىمۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا
بۇ يەرنىڭ دىنىي پائالىيەت مەركىزى ئىدى . ئىلگىرى ، يايمىچى سودى-
گەرلەر ، چەرچەنچىلەر يايمىلىرىنى جامە ئىشىكى ئالدىغا ياياتتى . جامەنىڭ
يېنىدا قەشقەرنىڭ لاپاسلىق ئەڭ چوڭ بازىرى بار ئىدى  ئەمدىلىكتە
بۇلاردىن ئەسەر قالمىغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى كەڭ كوچىلار ئىگىلى-
گەنىدى  بىر ئاپاق خوجا مازىرىدىن بىۋاستە ھېيتگاھ جامەسىگە
كەلدۇق

www.alma.cn

alma uyghur book

بۇ يەردىكىلەرنىڭ مېنىڭ كېلىشىمنى ساقلاپ تۇرغانلىقى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چۈنكى، ئۇچىسىغا ئۇشۇقنى بېسىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن يەكتىك كىيگەن ئۈچ مويسىپىت موللا جامە دەرۋازىسى ئالدىدا مېنى كۈتۈۋالدى. بىراق، ئۇلارنىڭ بېشىدا ئىلگىرى كەم بولسا بولمايدىغان سەللە يوق ئىدى. بۇ ئۈچ موللا ئۇزۇن ئاق ساقال قويغانىدى. ئۇلار تەقۋادارلاردىن بولغاچقا، ئاستا دەسسەپ ئالدىمغا كېلىپ:

— assalam aleykum (ئەسسالام ئەلەيكۇم)، — دېدى ئۇلار-دىن ئەڭ ياشانغان — ئۇ ئۆرىنى بۇ يىل 77 ياشقا كىردىم دېگەن — بىرى بىزنى جامەگە باشلاپ كىردى. مەن ئىلگىرى جامە ئىچىگە زادىلا كىرىپ باقمىغاچقا، بەك ھەيرانلىق ئىچىدە جامە ئىچىدە ناھايىتى چىرايلىق بىر گۈللۈكنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم. ھېيتگاھدەك دائىم ئادەم كىرىپ تۇرىدىغان ھەمدە دىنىي بۇرچىنى ئادا قىلىدىغان مەسچىتمۇ ھېچقانداق بىر ئادەمنىڭ ئاياغ كىيىمىنى سېلىۋېتىشى بىھاجەت ئىدى. بىر جامە ئىچىنى پىيادە ئايلاندۇق. بۇ يەردە كىشىنىڭ روقىنى قوزغىغۇدەك نەرسە يوق ئىدى. جامەنىڭ ناھايىتى قاملاشقان دەرۋازىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستى سىرلىق ساپال بىلەن بېزەلگەنىدى. ئۇنىڭدىن سىرت كەم بولسا بولمايدىغان، ناھايىتى نەپىس بېزەلگەن بىر ئورۇندۇق بار بولۇپ، «minbar» (مۇنبەر) دېيىلەتتى. يەرگە سەل - پەل كونىراپ كەتكەن گىلەم سېلىنغانىدى. بۇ مەسچىت باشقا مەسچىتلەردىن ھېچقانچە پەرقلەن-مەيتتى. ھېلىقى تەقۋادار موللىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشمىدۇق، بۇ قېتىمقىسى بىر قېتىملىق قائىدە - يوسۇن تەرىقىسىدىكى زىيارەتتىنلا ئىبا-رەت بولدى. ئۇلار مەن بىلەن جامە دەرۋازىسى ئالدىغىچە بىللە چىقىپ، ساقاللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— Khosh (خوش)، — دېدى

جامە سىرتىدىكى مەيدان ھەيرانلىق ئىلكىدە تىكىلىپ قاراپ تۇر-غان قەشقەر شەھىرى ئاھالىسى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئىچىدە رەڭگارەڭ كىيىنگەن ئۇيغۇرلارمۇ، خەنزۇلارمۇ بار ئىدى. مەن ئارقامغا

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/26.asp?isim=[2010-12-31 00:32:17]

alma uyghur book

بۇرۇلۇپ قارىسام ، ھېلىقى ئۈچ موللا ھېلىغىچە جامە دەرۋازىسى ئالدىدا
تۇرۇپتۇ . بىز قايتا يەنە بىر ـ بىرىمىزگە ئېگىلىپ سالام قىلىشتۇق . مول-
لىلار ھېلىمۇ ئىلگىرىكىدەكلا ئىززەت ـ ئىكراملىق ئىدى يېڭى دەۋر
ئۇلارغا ھېچقانچە تەسىر كۆرسەتمىگەنىدى . مەن ھازىرقى جەمئىيەت ئاشۇ
كىشىلەرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە تەسىر يەتكۈزەرمۇ ـ قانداق ، دەپ گۇ-
مان قىلىمەن . مەن ئۇنداق بولماس دەپ ئويلايمەن چۈنكى ، ئىززەت ـ
ھۆرمەت قەشقەرنىڭ ۋە شىنجاڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس
ئەتتۈرىدۇ . مەيلى كىيىم ـ كېچەك جەھەتلەردە بولسۇن ، يۈرۈش ـ
تۇرۇش ، تىل جەھەتلەردە بولسۇن ، ئىززەت ـ ھۆرمەت ئەكس ئېتىدۇ
ساقالنى سىلاش ئىسلام دىنىدىكى قەدىمكى ئەدەب ـ قائىدە ، ئۇ ئەدەب ـ
قائىدىلەرنىڭ تەركىبىي قىسمى . بۇ يەردىكىلەر ئەدەب ـ قائىدىنى ئېسىدىن
چىقارمىغان . بىر بوۋاينىڭ ساقىلى بىر خىل خىسلەتنىڭ نامايانىدىسى ،
ئورۇن ـ مەرتىۋىنىڭ سىمۋولى . ئافغانلىقلار : « ساقىلىمىز
قولىمىزدىدۇر » دېگەن بىر ئېغىز گەپ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قارشى تەرەپكە
بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرىدۇ .

## مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات

50 يىل مۇقەددەم ، قەشقەرنىڭ ئەدەبىياتى راسا گۈللەنگەنىدى ،
پۈتۈن شىنجاڭدىمۇ شۇنداق ئىدى . دەرۋەقە مەتبەئەدە بېسىلغان كىتابلار
تولىمۇ ئاز ئىدى ، شۇ كەملەردە بۇ خىل كىتابلار بولغان تەقدىردىمۇ
كۆپىنچىسى تاشكەنت ، سەمەرقەنت ۋە بۇخارادىن كىرگۈزۈلگەن تاش
باسما كىتابلار ئىدى . مۇشۇ جاينىڭ ئۆزىدىكى كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسى
قولىيازما بولۇپ ، باھاسى سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن تاش باسما كىتابلاردىن
كۆپ ئەرزان ئىدى ئېھتىياج تۈپەيلىدىن كىشىلەر كىتابنى قول بىلەن
كۆچۈرۈپ چىقاتتى بىر قىسىم موللىلار پۇل تېپىش مەقسىتىدە كۆچۈر-
مىچىلىك قىلىپ ، قولىيازما كىتابلارنىڭ قايتا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى
ئىشلەيتتى يەنە بەزىلەر كىملەرنىڭ ئەتۋار كىتابلارنى ساقلايدىغانلىقى-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/26.asp?isim=[2010-12-31 00:32:17]

alma uyghur book

نى، كىملەرنىڭ ئاشۇ كىتابلارنى كۆچۈرۈش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا سودىلىشىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالالايدىغانلىقىنى بىلەتتى بۇ خىل ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تولىسى ئىسلام دىنى ۋە ئەخلاقىغا دائىر ئىدى ئوقۇيدىغانلار ئەڭ كۆپ، كۆچۈرۈلگەن قېتىم سانى ئەڭ كۆپ بولغىنى «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دېگەن مەشھۇر كىتاب ئىدى بۇ كىتاب 14 ـ ئەسىردە ئەرەب ـ پارسلار ئارىسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى. بىر نەچچە ئەسىردىن بۇيان قايتا ـ قايتا كۆچۈرۈش داۋامىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە رىۋايەتلىرىنى تولۇقلاپ كىرگۈزۈش نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ مەزمۇنى بارغانسېرى بېيىغانىدى كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ ئەسلى تېكىستكە ھاياتىي كۈچ ۋە لەززەت بېغىشلىغانلىقىدا شەك ـ شۈبھە يوق ئىدى

«ئىنجىل» نى ئوقۇغانلىكى كىشىلەرگە «قىسسەسۇل ئەنبىيا» نىڭ مەزمۇنى ناھايىتى تونۇشلۇق چۈنكى، ئىسلام دىنىدىكى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنىڭ تارىخى «ئىنجىل» نى ئاساس قىلغان نوھ ئەلەيھىسسالام ۋە توپان بالاسى، يەھيا ئەلەيھىسسالام مىسىردا، ئەيسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئانىسى بۈۋى مەريەم دېگەنلەر «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دا تەپسىلىي بايان قىلىنغان ئاج ئىبنى ئۇنوق ① ھەققىدىكى قىسسەنى كەم دېگەندىمۇ ھەم ئاجايىپ قىزىقارلىق، ھەم پەس مەزمۇندىكى ياسالما تەپسىلىي جەريانلار ھەققىدىكى بايانلار بىلەن تولۇپ كەتكەن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ بۇ قىسسەدە ئاج ئىبنى ئۇنوقنىڭ نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمە ياسىشىغا ياردەم قىلغانلىقى، توپان ئۇنىڭ بېلىگىچىلا كەلگەنلىكىدىن ئۇنىڭ توپان بالاسىدا ئۆلمەي تىرىك قالغانلىقى بايان قىلىنىدۇ شۇڭا، ئۇنىڭ ئەل ئارىسىدىكى قىسسە ياكى ئىسلام دىنىدىن غەيرىي قىسسە ئىكەنلىكىگە بىر نېمە دېيىش تەس مەن 1935 ـ يىلى خوتەنگە يېقىن گۇما ⑥ دېگەن جايدىن تارالغان قىسقىغىنە بىر رىۋايەتكە ئىگە بولدۇم بۇ كىتابتا بۇ رىۋايەت تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ

---

① ئاج ئىبنى ئۇنوق ــ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دا قەيت قىلىنغان بىر گىگانت ئادەم.

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/26.asp?isim=[2010-12-31 00:32:17]

alma uyghur book

« قىسسەسۇل ئەنبىيا » دىن ئېلىنغانلىقى تۇرغانلا گەپ  ئۇ ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانا ھەققىدىكى رىۋايەت بولۇپ ، ئۇنىڭدا مۇنداق زىكرى قىلىنىدۇ : ئۇلار يەتتە يىل ئايرىلىپ يۈرۈشكەندىن كېيىن ، ئاخىر مۇر قاپلىغان تاغ چوققىسىدا قايتىدىن دىدارلىشىدۇ ، ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى باسالماي ، ھاۋا ئانىنى مۇز ئۈستىگىلا باسىدۇ  شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ، بارلىق ئاياللارنىڭ كاسىسى ، ئەرلەرنىڭ تىزى ئىسسىمايدىغان بولۇپ قالغانىكەن

بۇ قىسسىنى زىكرى قىلغۇچى ، روشەنكى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانىنى قۇرغاق ، چۆل ، پىژ - پىژ ئىسسىق ، مۇر قاپلىغان جىلغىلار بولمىغان ئوتتۇرا شەرقتىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقلىمىغا ئېلىپ كەلگەن  قىسسىدە ئادەم ئەلەيھىسسالام گويا قەشقەردىن ھىندىستانغا سودىگەرچىلىككە چىقىپ ، ھىندىستاندا بىر قانچە يىل تۇرۇپ قالغان بىر باي سودىگەردەك ، ئۇنىڭ خوتۇنى ھاۋا ئانا بولسا ئۇنىڭ ئالدىغا ئوقتەك ئېتىلىپ چىققاندەك ، ئەر - خوتۇن ئىككىسى قارا قۇرۇمنىڭ مەلۇم بىر جايىدىكى مۇزلۇق جىلغىدا دىدار كۆرۈشكەندەك قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ  ئادەم بەدىنىنىڭ مەلۇم قىسمىنىڭ سوغۇق ھاۋاغا بولغان سېزىمچانلىقى توغرىسىدىكى تەسۋىر بىر - بىرى بىلەن دىدارلىششقا تەشنا بولغان ئەر - خوتۇن ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلىك ئۈستىدىكى كارامەت ئوخشىتىلغان باياندىن ئىبارەت

لېكىن ، قەشقەردىكى قولىيازمىلارنىڭ ھەممىسىنى دىن ياكى ئەخلاقىقا ئائىت ئەسەرلەر دېگىلى بولمايدۇ . ئۇلار ئىچىدە قايغۇ - ھەسرەت ، شاد - خۇشاللىق ، جۇدالىق - ھىجرانلىق ۋە دىدارلىشىش - كۆرۈشۈشكە ئائىت بولغان ، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن ئىزناسى بويىچە ئىش كۆرمىگەن ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ تارتقان ئازاب - زۇلۇملىرىغا ئائىت بولغان ياكى بىلمەستىن خاتا يولغا كىرىپ قالغان ياشلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئاشىق - مەشۇقلىرى بىلەن ئۇرۇن زامان دىدارلاشماي ، پەقەت بېيىت - قوشاق ۋە غەزەل - ناخشا ئارقىلىقلا قىرغىن ئىشقى مۇھەببەتلىرىنى ساقلاپ كەلگەنلىكىگە ئائىت ھېكايىلەرمۇ ئاز ئەمەس . بۇ خىلدىكى رومان-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/26.asp?isim=[2010-12-31 00:32:17]

alma uyghur book

تىلىك ژانىرىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىنغانلىرى يوق دېيەرلىك؛ شېئىر - قوشاقلارنىڭ كۆپ قىسمى قايتىدىن شەرھلەنگەن ۋە يېزىلغان. قەشقەردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىچىدە قەھرىمانلار ھەققىدىكى ئاجايىپ قىسسەلەرمۇ بار، بۇلاردا ئاپتور ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان باشقا - باشقا جاينى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، قەھرىمانلارنىڭ ئالەمشۇمۇل نەتىجىلىرىنى بايان قىلغان مەسىلەن، ھەر قايسى جايلاردىكى كىشىلەر ھاراق بىلەن ئەپيۇن، ئات بىلەن تۆگە ۋە تۇرلۇك مېۋىلەر ئارىسىدىكى بىر - بىرىدىن مەنمەنلىك تالىشىشقا ئائىت مەزمۇندىكى نەسىردىن شېئىرغا ئۆزگەرتىلگەن ئەسەرلەرنى ئوقۇيالايدۇ. ئۆزگەرتىپ يېزىلغان ئاشۇ ئەسەرلەردە، بىر تەرەپ ھامان ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى سۆزلەش ئارقىلىق قارشى تەرەپنى سۆكىدۇ ئاشۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق قارشى تەرەپنى بويسۇندۇرۇشقا ۋە يېڭىشكە تىرىشىدۇ.

يېزىقچىلىقتىن خەۋىرى بار — ئۇلار ئومۇمىي ئاھالە ئىچىدە ئىنتايىن ئاز سانىنى تەشكىل قىلغان — كىشىلەر مۇشۇنداق ئەدەبىي ئەسەرلەرگە مۇيەسسەر بولالايدۇ، شۇڭا بۇ تەربىيە ئالغان ۋە قول ئىلكىدە ۋەجى بار كىشىلەرنىڭ ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت. لېكىن، ساۋاتسىز كىشىلەرمۇ باشقىلارنىڭ ئوقۇپ بېرىشى ۋە سۆزلەپ بېرىشىگە قۇلاق سېلىش ئارقىلىق مۇشۇنداق ئەسەرلەر بىلەن ئۇچرىشالايدۇ شۇ چاغلاردا كىشىلەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا بەك ئامراق ئىدى

ئەمما، ئۇيغۇر خەلقى مول خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا باي خەلق مۇنداق ئەدەبىيات ياشانغان كىشىلەر ۋە ياشلار ئارىسىدىكى ئىستىخىيىلىك ھالدا يادقا ئېلىش، قايتا - قايتا ئۆگىنىش ۋە ۋارىسلىق قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق توپلىنىپ، زامانلاردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇلغان ۋە ساقلاپ كېلىنگەن بۇ ئەدەبىيات خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەت، قوشاق - بېيىت، ماقال - تەمسىل، تېپىشماق ۋە ئاشۇنداق نەرسىلەر ساقلاپ قېلىنغان سۆز - ئىبارىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. بىراق، بۈگۈنكى كۈندە بۇلارغا دېگەندەك دىققەت قىلىنمىغان ۋە

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/26.asp?isim=[2010-12-31 00:32:17]

alma uyghur book

كۆكلۈل بۆلۈنمىگەن ، بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى مۇشۇنداق ئەسەرلەرنى تېپىش ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقى بولسا كېرەك . ئەدەبىيات ساھەسى زادى بولمىسا بولمايدىغان ساھە ئەمەس .

قوشاق – بېيىتلار تۆت مىسرالىق ، قاپىيىداش كېلىدۇ ، ئاساسىي تېما تۇرلۇك – تۇمەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى قوشاق – بېيىتلار بۇلاقتەك ئۈزۈلمەستىن ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدۇ ، قەدىمكى قوشاق – بېيىتلار يېڭىلىنىپ ، زامانغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلىدۇ ، ئۆزگەرتكۈچىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن ، يېڭى ئېھتىياج ۋە ھېس – تۇيغۇلارنى ئىپادىلەيدۇ . مۇشۇنداق ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىشق – مۇھەببەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك . تىلى رومانتىك ، لىرىكىلىق بولۇپ ، ئۇلاردا ئىشق – مۇھەببەت مەدھىيىلىنىدۇ ، ئۇنىڭ بەزىلىرى ئىشق – مۇھەببەت تەسۋىرلىنىدىغان ئەدەبىياتقا يېقىن كېلىدۇ ئۇنىڭ ئاساسىي تېمىسى تۆۋەندىكى تۆت مىسرا قوشاقتا ئېيتىلغاندەك ، بىر – بىرىنى تاشلىۋەتكەن ئاشىق – مەشۇقلار ھەققىدىكى مەزمۇندىن ئىبارەت :

بۇلبۇل سايرىماس بولدى ،
قىزىلگۈل ئېچىلماس بولدى ،
دۈشمەن سۆزىنگە كىرىپ ،
يارىم قارىماس بولدى

ياكى بەزى قوشاقلارنىڭ ئاساسىي تېمىسى تۇرمۇشتىكى ئادالەتسىزلىك تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان غېرىبلىق ۋە ئۈمىدسىزلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ، تۆۋەندىكى ھەسرەتلىك قوشاقتا ئاشۇنداق ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن :

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار ،
غېرىب يولىنى باغلار ،
غېرىب ئۆلسە كىم يىغلار ،
غېرىبقا غېرىب يىغلار

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/26.asp?isim=[2010-12-31 00:32:17]

ماقال ـ تەمسىللەر ، ھېكمەتلىك سۆزلەردە خەلق ئارىسىدىكى ئاددىي ، ئەمەلىي پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر ئىپادىلەنگەن . مەسىلەن ، « ئات ئالساڭ ئاي كېچەش ، خوتۇن ئالساڭ يىل كېچەش » ياكى « پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال ، ئاغرىمسا ئۆزگىگە » ۋە ياكى « ئۆلگەن قايتماس ، ئۆچكەن يانماس » ۋەھاكازالار

بۈگۈنكى قەشقەر ياشلىرى ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىگە ئىگە يوقىرىقىدەك ئەدەبىياتتىن خەۋىرى بارلار ناھايىتى ئاز ساندا يېڭى ئەۋلادلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەسەرلەرنىڭ يىراق ئۆتمۈش زامانلاردا مەۋجۇت بولغانلىقىنى ھېس قىلىش ناھايىتى تەس . بىراق ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خۇددى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكىگە ئوخشاش يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ ، بىراق ئۇ يوقالغىنى يوق مەتبەئە تېخنىكىسى تەرەققىي قىلغاچقا ، يادلاش ئارقىلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قەشقەردە ، بۇرۇن مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئېلىپنى تاياق دەيدىغان دەۋرلەردىكىدەك ئۇنچىۋالا بەك زۆرۈر دەپ قارالمايدىغان نەرسە بولۇپ قالغان ئۇنىڭدىن سىرت ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا ئىشق ـ مۇھەببەت ئىزھار قىلىنغان قولىيازمىلار تەختىئەسراغا تاشلىنىۋېتىلگەچكە ، كىشلەرنىڭ ئېسىدە ئۇنداق رىۋايەتلەرنىڭ ئىلگىرى بولغانلىقىلا قالغان بىراق ، ئۇنى ئوقۇش زامانغا ماس كەلمەيدىغان ، شۇنداقلا كىشلەر تەرىپىدىن قارشى ئېلىنمايدىغان بولۇپ قالغان بەزىلەر ماڭا ئىشق ـ مۇھەببەت ئىزھار قىلىنغان ئاشۇ خىلدىكى رىۋايەتلەر بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە قايتىدىن تىرىلگەن بولۇشى مۇمكىن ، دېدى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى خەلق ئاشۇنداق ئىشق ـ مۇھەببەت ئىزھار قىلىنغان رىۋايەتلەرنى بەك ياقتۇرىدىغان بولغاچقا ، بۇلارنى دراملاشتۇرۇپ ، كىشلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن . ھالبۇكى ، شىنجاڭدا بولسا بۇ خىلدىكى رىۋايەتلەر كۆمۈلۈپ قالغان ، بۇ ئىككى جاي ئارىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭ ئىدى

قەشقەر مەدەنىيەت جەمئىيىتى « قەشقەر ئەدەبىياتى » دېگەن

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn

ئۇيغۇرچە ئەدەبىي ژۇرنالنى نەشر قىلغان ، ئۇنى شۇ يەردىكى « قەشقەر گېزىتى » ئىدارىسىنىڭ باسما زاۋۇتىدا باستۇرغان ئۇنىڭدىكى ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى لىرىكىلىق شېئىرلاردىن ئىكەن ، لېكىن بەزىبىر ھېكايىلەر ۋە ئەدەبىيات ياكى مەدەنىيەت ئۈستىدىكى مۇھاكىمە ئاساسىي تېما قىلىنغان ئوبزورلارمۇ ئارىلاپ ئېلان قىلىنىپ تۇرىدىكەن 1978 - يىللىق 1 - سانىنىڭ مۇندەرىجىسى مۇنداق : ئوبزور ئىككى ، بايان خاراكتېرىدىكى ھېكايە بىر ، ئۇنىڭ ئاپتورى تۇرسۇن مىرزا ، ھېكايىنىڭ تېمىسى « لاچىن » بولۇپ ، ھېكايىنىڭ بىرىنچى ئابزاسىدا مۇنداق دەپ يېزىلغان :

بۇ يىل باھار بالدۇر كەلدى ، تاغ - مۇزلار ئالدىبۇرۇنلا ئېرىپ بولغانىدى تاغلاردىكى ئوتلاقلارنىڭ ئوتلىرى بولۇق ئۆسكەنىدى ھۆپپىدە ئېچىلغان تاغ گۈللىرى كۆپىلەش نۇرىدا ئىلىشتالا تولغىنىپ تۇراتتى ، ئۆز ئىركىسى بويىچە يېرىلغان ئوتلاپ يۈرگەن كالا پادىلىرى بولۇق مۇيىلۇكتا ئىركىن - ئازادە ئوتلىماقتا ئىدى يىلقىلار يايلاقتا مۇددەتتىن بىر ئايلى بۇرۇن كۆچۈپ كەلگىچە ، ئۇلارنىڭ تىلىنى شىلىلقتا تولغانىدى

ئەمما ، تەبىئەت مەنزىرىسى ئۈستىدىكى تەسۋىر بىردىنلا سىياسىي تېمىغا بۇرالغانىدى . بۇ جەھەتتە جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ تەسىرى ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەنىدى . شېئىرلار ئىچىدە : « مەڭگۈ ھايات ماۋ جۇشى » ، « ماۋ جۇشىنى ئېسىمىزدە ساقلايمىز » ياكى « ئايال تراكتورچى » قاتارلىقلار بار ئىدى . شېئىرلاردىكى قاپىيە ئۆزگىرىشچان ئىدى ، لىرىكىلىق قۇرۇلمىسىدىمۇ ھەرخىل شەكىللەر كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى . ئەمما ، قەدىمكى روبائىيلار قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىققانىدى .

« خەلق » باغچىسى « خەلق » مەيدانىنىڭ ئۇدۇلىدىلا ئىدى ، بۇ ھەم گۈللۈك ، ھەم باغچا ئىدى باغچىدا رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ھەيكىلى بار ئىدى . ئىلگىرى بۇ جاي مازارلىق بولغاچقا ، كەچ كىرگەندىن كېيىن بۇ يەرگە كىرىشكە ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايتتى . چۈنكى ، كىشىلەر بۇ جايدا جىن - ئالۋاستى بار دەپ قارايتتى . بىراق ، 1953 - يىلى قەشقەر

www.alma.cn

alma uyghur book

خەلقى بۇ يەرگە كۆچەت قويۇشنى باشلاپ، شەھەرگە ھۆسن قوشۇپ، ئۇنى شەھەرنىڭ ئىپتىخارى، شۇنداقلا زامانىۋى شەھەردىكى بىر بوستانلىق قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا كىرىشكەن  ئەسلىدە بۇ باغچىنى قەشقەردىكى پۈتكۈل ئاز سانلىق مىللەتلەر جەم بولىدىغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ئەركىن راۋاجلاندۇرىدىغان سورۇنغا ئايلاندۇرۇش پىلانلانغانىدى  ئۇلار ئالدى بىلەن بۇ جايغا كۆچەت قويغان، كۆچەتنىڭ كۆپىنچىسى شاپتۇل، ئۈرۈك، ئۈزۈم دېگەندەك مېۋىلىك كۆچەتلەر ئىدى  ئەلۋەتتە يەنە باشقا تۈردىكى دەرەخلەرمۇ قويۇلۇپ، بۇ باغچا ئۆسۈملۈكلەر باغچىسى بولغانىدى  ئۇنىڭغا ئۇلاپلا مەدەنىي پائالىيەت، ئويۇن ئويناش ۋە كۆڭۈل ئېچىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۆيلەرمۇ سېلىنغان، كېيىنچە بىر چايخانا سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا خىلمۇخىل يېمەكلىكلەر تەييارلانغان  بۇ باغچا دەم ئېلىش كۈنلىرى كىشىلەرنىڭ تولا بارىدىغان جايغا ئايلانغان  بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىچىگە كىچىكرەك ھايۋانات باغچىسىمۇ ياسالغان  ھايۋانات باغچىسى قەشقەر شەھىرىدە كىشىلەر ئاڭلاپ باقمىغان يېڭى بىر ئىش ئىدى  باغچا ئورنى 350 مو يەرنى ئىگىلىگەن  بىر بارغان چاغدا، باغچىدا باشقا پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇنلارمۇ بار ئىكەن  ئۇلار ھايۋانات باغچىسىنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، سۇ ئۈزۈش كۆلى ياساشنى، باغچا يول بويلىرىغا تېخىمۇ ياخشى ئورۇندۇقلارنى ئورنىتىشنى پىلانلاپتۇ  ئادەتتە، باغچىغا كىرگەن ھەر ئادەمدىن بەش پۇڭ ئالىدىكەن، بۇلتۇرقى يىللىق كىرىمى 19 مىڭ يۈەن بوپتۇ  بۇ باغچىغا كىرگەنلەر قېتىم سانى بويىچە 500 مىڭ ئادەمگە يېتىپتۇ  كاتتا ھېيت-بايراملاردا، مەسىلەن، «1-ماي» ئەمگەكچىلەر بايرىمى، باللار بايرىمىدا بىلەت ئالمايدىكەن

قەشقەر شەھىرىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىدا ناخشا، مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدىكەن، بىر دەرەخلەر قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان تار يولنى ۋە سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان ئېرىقلارنى بويلاپ، باغچىنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىقتۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن، ساپاق-ساپاق ئۈزۈملەر ساڭگىلاپ تۇرغان ئۈزۈم باراڭلىرى ئاستىدىن

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/27.asp?isim=[2010-12-31 00:30:05]

alma uyghur book

ئۆتتۇق، ئۇرۇن سورۇلغان بۇ باراڭلىق مەيدانچە باردىكەن ئۇ
يەردىمۇ مۇشۇنىڭدەك باراڭلىقتىن تۆتى بار بولۇپ، قەشقەر ناخشا ـ
ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكى بىر توپ يىگىت ـ قىزلار ئۇ يەردە كېلىشىمىزنى
ساقلاپ تۇرغانىكەن. ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ رەھبىرى بويى ئېگىز
كەلگەن قەشقەرلىك ئادەم ئىدى، ئەمما تۇرقىدىن تاتاردەك كۆرۈنەتتى
قالغان ئىككى رەھبەر ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى قاشلىق قىلىۋالغان، نا-
ھايىتى سېمىز ئايال ئىدى ــ كېيىنچە ئۇنىڭ بۇلبۇل كەبى ئاۋازى
بارلىقىنى بىلدۇق؛ يەنە بىرى قەشقەرلىك ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ،
رىلىۋا بويلۇق ئىدى. مەن ئۇ ئايالنى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە
كۆرگەنىدىم. مەيداننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا شىرە قويۇلغان، شىرەگە قو-
غۇن ـ تاۋۇز، ئەنجۈر ۋە ئۈزۈملەر تىزىلغانىدى. ئۇلار ئۈزۈم سورتىنىڭ
12 خىلغا يېتىدىغانلىقىنى ئېپتىخارلىق ھېسسىياتتا سۆزلەپ بېرىشتى. بىر
ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ باغچىدىكى كۆكۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى
ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر مۇزىكىلىرى ھەققى-
دىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىدۇق. ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ
تونۇشتۇرۇشىچە، ئۇلار «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلسۇن» دېگەن شو-
ئارغا ئاساسەن قەشقەردىكى مۇزىكا پائالىيەتلىرىنى يېڭىۋاشتىن
تەشكىللەشكە تۇتۇش قىلغان. ئۇلار ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئە-
نىۋى مۇزىكىلىرى، ناخشىلىرى ۋە ئۇسسۇللىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە
كىرىشكەن. قەدىمكى ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنى 12 ئاساسىي كۈيلۈك مۇزىكا
سىستېمىسى ئاساسىغا قۇرۇلغان. بۇ كۈيلەر ئۇيغۇرچىدا «moqam»
(مۇقام) دېيىلىدۇ. بۇ ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز. 12 مۇقام
تەخمىنەن 170 دىن ئارتۇق ئاھاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. ھازىر ئۇلار
پۈتۈن مۇقام نوتىلىرىنى رەتلەپ چىققانىكەن. مۇزىكانتلارنىڭ ھەممىسى
ئاشۇ نوتىلارنى ئۆگىنىدىكەن. بىر تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلاۋاتقان چېغى-
مىزدا، ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكى ئارتىسلار ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا
ئويۇننىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ بولغانىكەن. بىز ھېلىقى ئۇزۇن كەتكەن
باراڭ ئاستىغا كەلدۇق. كۆرسىتىلگەن كونسېرتلاردا ئۇيغۇر چالغۇ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/27.asp?isim=[2010-12-31 00:30:05]

alma uyghur book

ئەسۋابلىرى ئاساس قىلىنغان بولۇپ ، ناخشا ۋە ئۇسسۇللار كىرىشتۈرۈلگە-
نىدى . ئويۇن بىر يېرىم سائەت داۋاملاشتى . ھېلىقى سېمىز ناخشىچى ئايال
رەئىس ماۋ زېدۇڭ ھەققىدە بىر ناخشا ئېيتتى ، ئۇنىڭ ئاۋازى قۇلاقنى
يارغۇدەك جاراڭلىق ئىدى . ئۇلار ماڭا بۇ ناخشىچىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ
بويىچە ئەڭ مۇنەۋۋەر ئايال ناخشىچى ئىكەنلىكىنى ، يېنىمدا ئولتۇرغان
بىرى ماڭا بۇ ناخشىچىنىڭ 46 ياشقا كىرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى .

— يېشى چوڭ بولغىنى بىلەن ناخشىنى مۇشۇنداق بەلەن ئوقۇي-
دۇ ، بۇ مۆجىزە ئەمەسمۇ ؟ — دېدى ئۇ . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى
ناخشىچىمۇ ئوخشاشلا سېمىز ئىدى ، ئەمما ئاۋازى ئاجايىپ ياڭراق ئىدى .
ئۇلاردىن بىرى تاجىكچە ناخشا ئېيتتى ؛ يەنە بىرى قىرغىزچە ناخشا
ئېيتتى . كونسېرت مەزمۇنى ناھايىتى ئاددىي ، ناخشا تېكىستلىرىنىڭ مەز-
مۇنلىرى ماۋ زېدۇڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى . ھېلىقى قىرغىزچە
ناخشىنىڭ تېمىسى « سالقا ماۋ جۇشىنىڭ سۆزىنى مەڭگۈ ئاڭلايدۇ »
ئىدى ؛ يەنە بىر ناخشىنىڭ تېكىستى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئائىت مەزمۇندا
ئىدى . ھەقىقىي ئۇيغۇر ناخشىسى دەپ قارىلىدىغان ناخشىدىن بىرەرسىمۇ
يوق ئىدى . تۆت نەپەر ياش ئۇيغۇر قىزى ئۇسسۇلنى ناھايىتى چىرايلىق
ئوينىدى . مېنىڭچە ، ئۇلار تېخىچە « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى »
مەزگىلىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىگە قويۇلغان چەكلىمىدىن
قۇتۇلالمىغان . بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىنى ماۋ زېدۇڭغا
باغلىۋالغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگىلى بو-
لىدۇ .

بىز كەچتە مېھمانخانىدا ئولتۇرۇپ كۈندۈزدە كۆرگەن ئويۇنلار
ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلدۇق . ئۇلار ماڭا : « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ
ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس مۇزىكىلىرى ، ئۇسسۇللىرىنىڭ بىرىنى قويماي
ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكىنى ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىن بۇرۇن
dastan ( داستان ) لارنى ئورۇندىيالايدىغانلىقىنى ، خەلق ناخشىلىرىنى
ئوقۇيالايدىغانلىقىنى ، ئەمدىلىكتە بولسا بۇ نەرسىلەرنىڭ غايىب بولۇپ
كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى . بىراق ، ئۇلار ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ قايتىدىن

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/27.asp?isim=[2010-12-31 00:30:05]

alma uyghur book

خەلق ئارىسىغا قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن. ئۇلار «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئۈستىدە، شۇنداقلا قەشقەردىكى ئالتە كىنو - تىياتىرخانىدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا يېڭى كىنو قويۇلمىغانلىقى، لېكىن ئەمدىلىكتە ئەھۋالنىڭ كۆپ ياخشىلانغانلىقى، كىنو - تىياتىرخانىدىكىلەرنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇرۇن قويغان كىنو فىلىملىرىنى قويۇۋاتقانلىقى، ھەتتا چەت ئەلنىڭ كىنو فىلىملىرىنىمۇ قويۇۋاتقانلىقى ئۈستىدە توختالدى. مەن بۇ فىلىملارنىڭ قايسى دۆلەتنىڭ كىنو فىلىملىرى ئىكەنلىكىنى سورىغىنىمدا، ئۇلار ماڭا ۋېنگرىيە، رومىنىيە ۋە يۇگوسلاۋىيىنىڭ فىلىملىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ بىر كۈنى ئاخشىمى، ئۇلار مېھمانخانىدا بىر قېتىم كىنو قويۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. مەن بىردىنبىر چەت ئەللىك بولغىنىم ئۈچۈن، بەختكە يارىشا ئۇنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلىندىم، شۇنداقلا بارلىق ئالاقىدار خادىملار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭمۇ كىنو كۆرگىلى كەلگەنلىكىگە زەن قويدۇم. دەسلەپتە شاڭخەيدىكى بىر تۈرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ ئاپتوماتلىششىنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىغا ئائىت مەزمۇندىكى بىر ھۆججەتلىك فىلىم قويۇلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى ئىشلەنگەن ۋەتەنپەرۋەرلىككە ئائىت بىر ھېكايە فىلىمى قويۇلدى. ئۇنىڭدا ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىكى جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىدىكى بىر ۋەقەلىك تەسۋىرلىنىپ، بىر نەپەر ۋەتەنپەرۋەر فلوت قوماندانى مەدھىيىلەنگەن. ئۇ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلماقچى بولغاندا، ئوردىدىكىلەرنىڭ، دۈشمەنلەرنىڭ ۋە چەت ئەللىك مەسلىھەتچىنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇرۇشتا يېڭىلىپ چىقالمىغان. فىلىم ياپونىيىلىكلەرنىڭ تورپېدا ئارقىلىق جۇڭگو فلوت قوماندانىنىڭ جەڭ كېمىسىنى چۆكتۈرۈۋەتكەنلىكى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. جەڭ كېمىسى چۆكۈپ كېتىدۇ، كېمىدىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى دېڭىزغا غەرق بولۇپ كېتىدۇ ⑦.

قەشقەر ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى بىر كۈنى ئاخشىمى ماڭا ئاتاپ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/27.asp?isim=[2010-12-31 00:30:05]

alma uyghur book

مېھمانخانىدا بىر قېتىم ئويۇن قويۇپ بەردى . ئۇلار ئۆتكەن قېتىم قويغان
ئويۇندا ماۋ زېدۇڭنى مەدھىيىلەيدىغان مەزمۇنلارنىڭ بەك كۆپ ، ئەكسىچە
ئۇيغۇرلارغا خاس سەنئەتنىڭ بەك ئاز بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدىكى قار-
شىمنى بىلىپ قالغان بولسا كېرەك ، بۇ قېتىمقى ئويۇندا ئۆزلىرىنى ۋە
سەھنىلەرنى خېلى كۆپ تۈزەشتۈرۈپتۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىسلارنىمۇ
خېلى ياشلاشتۇرۇپتۇ ئويۇن يۇقىرى سەۋىيىدە ئورۇنلاندى . ئۇيغۇر
چالغۇلىرىنىڭ ھەممىسى سەھنىدە چېلىنغاندى ئۇلارنىڭ ئىچىدە راۋاب ،
دۇتتار ، نەي ، داپ ، قالۇن ۋە غىجەك قاتارلىقلار بار ئىدى راۋاب بىلەن
ئورۇنلانغان يالغۇز كىشىلىك كونسېرت ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرىدۇ ، راۋابنى
قالتىس بەلەن چالغانىدى ئويۇن ئاخىرلاشقاندا ، ھەممەيلەن ئورنىمىزدىن
تۇرۇپ ، بىر يەرگە جەم بولۇپ ، ئۆزئارا تەشەككۈرىمىزنى بىلدۈردۇق
ھەمدە بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشتۇق بۇ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى مۇبادا
قىسمەن چىرىپ كەتكەن دۇنيايىمىز ( غەربنى دېمەكچى — خەنزۇچىغا
تەرجىمە قىلغۇچىدىن ) غا كېلىپ ئويۇن قويىدىغان بولسا ، ئۇتتۇق قازى-
نىشى مۇمكىن

## ئۈرۈمچىگە قايتىش

قەشقەردىن كېتىدىغان كۈنلەرمۇ يېتىپ كەلگەنىدى بىز تاڭ
سۈزۈلگەندە مېھمانخانىدىن ماڭىدىغان چېغىمىزدا ، مېھمانخانىدىكى ھەممە
ئادەم ھويلىغا بىر قاتار تىزىلىپ ، مېنى ئۇزىتىپ قويدى .

— تولىمۇ ئەپسۇس ، ئۆزلىرىگە ھېچقانچە ئىش قىلىپ
بېرەلمىدۇق ، سوۋغا قىلغۇدەك جىق نەرسىمىزمۇ يوق ئىكەن ، — دېيىشتى
ئۇلار بۇ تەكەللۇپ سۆزلەر ھېلىھەم ئېسىمدە ناھايىتى ئېنىق تۇرىدۇ . 50
يىل مۇقەددەم ، مۇشۇنداق سۆزلەر بار ئىدى . ئەمما ، شەكلى بۇنىڭغا
ئوخشىمايتتى . ئۇ چاغلاردا ، ئۇلار toba ( تووۋا ) دېگەن ھەسرەتلىك بىر
ئېغىز سۆزى ئارقىلىق قەشقەردىن كېتىش ئالدىدىكى مېھمانغا بولغان
ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيتتى . toba ( تووۋا ) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى « قايغۇ-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/27.asp?isim=[2010-12-31 00:30:05]

alma uyghur book

روش، كۆڭلى يېرىم بولۇش» دېگەندىن ئىبارەت بۇ ئۇلارنىڭ
ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىدىن كېتىش ئالدىدا تۇرغان مېھمىنىغا: «كەتكەنلـ
كىڭىزدىن كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم، بۇنىڭدىن ئەپسۇسلىنىمەن»،
«ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدە كۆپرەك بولالمىدىم، ئەپۇ قىلغايلا» دېگىنى
ئىدى مەيلى ئىنقىلاب بولسۇن ياكى ئازادلىقتا چىقىش بولسۇن، كىشىلەر
ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان قائىدە - يوسۇن ۋە سۆز - ئىبارىلەر
ئۆزگەرتىۋېتىلمەيدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى

بىز قەشقەرنىڭ جىمجىت تاڭ سەھىرىدە ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ
ئايرودرومغا قاراپ ماڭدۇق مەن ئىمىنوف ھامۇتقا قەشقەرنىڭ سەھىرىنىڭ
ئۈرۈمچىنىڭ سەھىرىدىن پەرقلىنىدىغان بىر تەرىپىنى، يەنى قەشقەردە
ھېچقانداق كىشىنىڭ سىرتقا چىقىپ بەدەن چېنىقتۇرمايدىغانلىقى ۋە يۈ-
گۈرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتىم ۋە ئۇنىڭدىن:

— قەشقەرلىكلەر ئاشۇنداق پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل
بولمامدۇ؟ — دەپ سورىغىنىمدا، ئىمىنوف ھامۇت مۇنداق دەپ جاۋاب
بەردى:

— ئەلۋەتتە، ئۇلارمۇ ئاشۇنداق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ،
بىراق، چوڭ، كىچىك كوچىلاردا ئەمەس، بەلكى ئېرىق - ئۆستەڭ بوي-
لىرىدا شۇغۇللىنىدۇ، ئۇ يەردە كارناي ئارقىلىق مۇزىكا بېرىلىدۇ پەرق
مانا مۇشۇ يەردە

مەن ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى راۋا كۆردۈم ئەمما، ئىچىمدە
راستىنلا قەشقەر خەلقى بۇيرۇق بويىچە كوللېكتىپ ھالدا بەدەن
چېنىقتۇرامدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم. ئېھتىمال، بۇ خىل ئويۇم توغۇن-
دىن چەتنەپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئۈرۈمچىگە بارىدىغان تاشيولدا ئاپتوموبىللار ناھايىتى كۆپ ئىدى.
ئايرودرومدا «ئىل — 14» بەلگىلىك بىر ئايروپىلان بىزنى ساقلاپ
تۇراتتى. بۇ 30 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن ئاي-
روپىلان بولۇپ، خېلى ياخشى ئىدى. بىز ئۈرۈمچىگە بىۋاستە
ئۇچماستىن، بەلكى يول ئۈستىدە بىر قانچە ئايرودرومغا قونۇپ ئۆتەتتۇق

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/27.asp?isim=[2010-12-31 00:30:05]

alma uyghur book

بۇ مېنىڭ دىتىمغا بەك ياقاتتى بىر قەشقەر ئايرودرومىنىڭ ئەزىر مېھمانلارنىڭ ئايروپىلان كۈتۈش بۆلۈمىدە ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇشىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇق مەن ئازادە قىزىل ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ، چاي ئىچكەچ « مىللەتلەر » سۈرەتلىك ژۇرنىلىنى كۆردۈم بۇ ژۇرنال ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىدا بېسىلغانىدى

ئايروپىلاندىكى يولۇچىلارنىڭ تولىسى جۇڭگولۇق ھەربىيلەر — ئوفىتسېر ياكى جەڭچى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىش قىيىن ئىدى ، ھەممىسى ئوخشاشلا كۆرۈنەتتى مەن پاختەكلىكلەر سوۋغا قىلغان ھېلىقى يوغان قوغۇننى ئېلىۋالغانىدىم بۇ قوغۇننى بېيجىڭغىچە ئېلىپ باردىم شۇنداق قىلىپ بىر ئاقسۇغا قاراپ ئۇچتۇق

« ئىل — 14 » بەلگىلىك كونا ئايروپىلان ناھايىتى پەس ئۇچقاچقا ، يەردىكى يېزا - قىشلاقلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانىدىم ئايروپىلان قەشقەرنىڭ ياپيېشىل ئېكىنزارلىقىدىن ئۆتۈپ ، ئېگىز تاغلىقلار بىلەن چۆل - باياۋانلار گىرەلىشىپ كەتكەن يەرلەر ئۈستىدە كېتىۋاتاتتى . كۆزىگىرگە گاھىدا قاقاس ، قۇرغاق ، ئورغاقسىمان يەرلەردىكى چاڭقاپ قۇرۇپ كەتكەن دەريا - ئېقىنلار مەنزىرىسى كۆرۈنسە ، گاھىدا پاكار تاغ تىزمىلىرىنىڭ چۆل - باياۋانلارغا تۇتىشىپ كېتىۋاتقانلىقى چېلىقاتتى — ئۇلار بەئەينى مۇز قاپلىغان جىلغىلا ئوخشايتتى قۇملار ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقاندەكلا كۆرۈنەتتى ئاشۇنداق كۆچمە قۇملۇق رايونلار شىنجاڭنىڭ قۇملۇق كۆلىمىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇۋەتكەچكە ، تېرىلغۇ يەرلەرگە پات - پات تەھدىت سېلىپ تۇراتتى كىشىلەر قۇملۇقنىڭ تېرىلغۇ يەرلەردىكى بوستانلىقنىڭ گىردابىغا ئۇسۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرەلەيتتى بۇنداق يەرلەردە يېشىل يېپىنچا پەيدا قىلىدىغان سۇ بىلەن قۇرغاق چۆل - باياۋان ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ئالغا ئىلگىرىلىگەنسېرى چۆل - باياۋانلارنىڭ كۆلىمى بارغانسېرى چوڭىيىشقا باشلىدى ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەنسېرى شور قاپلىغان قۇرغاق جاڭگال كۆرۈنۈشكە باشلىدى بىر چۈشكەن ئايروپىلان خېلى ئۇرۇنغىچە

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/27.asp?isim=[2010-12-31 00:30:05]

alma uyghur book

قەشقەر — ئۈرۈمچى ئاسفالت يولى ئۈستىدە ئۇچتى ، بىر بۇ يولدا ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئاپتوموبىللارنى كۆرۈپ تۇردۇق

ئاقسۇدا ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق ئىدى بىر قەشقەرنىڭ تىنجىق دىمىقىنى باشتىن كەچۈرۈپ بۇ يەرگە كېلىپ ، ھاۋانىڭ سالقىن ، يېقىملىقلىقىنى ھېس قىلدۇق ئايرودرومدا ، ئىلگىرىكىدەكلا ياش بىر خەنزۇ بىزنى قارشى ئالدى ئۇ ئوچۇق مىجەزلىك ، ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ، شۇنداقلا ئوڭايلا چىقىشىپ كەتكىلى بولىدىغان يىگىت ئىكەن ئۇ بىزنى ئايرودرومدىكى ئارام ئېلىش ئۆيىگە باشلاپ كىردى بىر ئۇ يەردە چاي ئىچتۇق ، ئۈرۈم ۋە قوغۇن - تاۋۇزلارغا ئېغىز تەگدۇق ساھىبخانا « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » ئېلىپ كەلگەن بالايىئاپەتلەر ئۈستىدە توختىلىشقا باشلىدى شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى ، « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ بۇزغۇنچىلىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان بىرمۇ ئورۇن قالمىغان

— مەيلى ، ئاقسۇدا بولسۇن ياكى قەشقەردە بولسۇن ، ئۆتۈپ كەتكەن ئون يىلدا ئاساسىي قۇرۇلۇش زادىلا قىلىنمىغان مانا بۇلار « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ خاتالىقى ئىدى — دېدى ساھىبخانا ، — ئەمما ھازىرقى ئەھۋال ئۇ ۋاقىتتىكىگە ئوخشىمايدۇ

ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن جۇڭگو — سوۋېت چېگرىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز تاغ كۆرۈنۈپ تۇراتتى ساھىبخانا بىرگە بۇ يەرنىڭ چېگرىسىغا 150 كىلومېتىر كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى ئەمما ، ئۇ ھېچقانداق ئىزاھات بەرمىدى ، ئۇ بۇ گەپنى توغرا كېلىپ قالغان يېرىدە شۇنداقلا دەپ قويغانىدى

بىر ئاقسۇدىن قورغالغاندىن كېيىن ، سېرىق توپىلىق دۆڭلۈكنى ئاساس قىلغان يەرلەردىن ئۇچۇپ ئۆتتۇق بۇ يەرلەرنىڭ توپىسى قارامتۇل بولۇپ ، سۇ ۋە تۇپراقنىڭ زايا بولۇشى بەك ئېغىر ئىدى كۆزىمىزگە پات - پات ئېلىپىتەك تۈپتۈز كەتكەن ئاسفالت يول كۆرۈنۈپ تۇراتتى ئاسفالت يول گويا زامان - زامانلاردىن بېرى مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ كېلىۋاتقان ئاپئاق شورلۇق ئۈستىگە يېيىلغان قارا بەلۋاغدەك يىراقلارغا سوزۇلغانىدى ئاي-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/27.asp?isim=[2010-12-31 00:30:05]

alma uyghur book

روپىلان كۇچا ئايرودرومىنىڭ شىغىل ياتقۇزۇلغان يولىغا چۈشتى، ھەش - پەش دېگۈچە ھەممە يەردىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى  ئايرود-رومدىكى ئايروپىلان كۈتۈش بىناسى خېلىلا يېڭى بولۇپ، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئىمارەت دېگىلى بولاتتى  ئىشقىلىپ قەشقەر ئايرودرومىدىن كۆپ ياخشى ئىدى  ئايروپىلان يەرگە قونغان چاغ چۈش ۋاقتىغا توغرا كەلگەنىدى  تاماق يەيدىغان ئورنىمىز بىلەن ئايروپىلان كۈتۈش بىناسىنىڭ ئارىلىقى بىر قانچە 100 مېترلا كېلىدىكەن  چۈشلۈك تاماق ناھايىتى مول تەييارلانغانىدى  ھېچ بولمىغاندا ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر ئاز كۆپ بولۇپ كەتكەنىدى  بەختىمگە يارىشا ئايروپىلان گۈرۈپپىسىدىكىلەر بىلەن بىللە بىر ئۆيدە غىزالاندۇق  ئۇلارنىڭ ئاشنىڭ سۈيىنى « غۇرت - غۇرت » قىلىپ ئىچكەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى

ئايروپىلان يەنە قورغالدى  بىر يەردە كۇچا شەھىرىنىڭ كۆكۈچ رەڭدىكى ئۆيلىرىنى كۆردۇق  شۆپتسىيىلىك دىن تارقاتقۇچى لوۋىزا ئېنۋارد ⑧ خانىمنىڭ كۇچادا تەنھا 22 يىل تۇرۇپ ئىشلەپ، شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ كېسەللىنى داۋالىغانلىقى ئىختىيارسىز ئېسىمگە كەلدى  ئۇنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىك قايغۇلۇق خەۋىرىنى يازغان جورج روبىنتسنىڭ ماقا-لىسىگە ئاساسلانغاندا، ئېنۋارد ئۆزى ھەققىدە توختالغاندا: « خۇدانىڭ ماڭا قىلغان مېھرىبانلىقى مېنىڭ خۇداغا بولغان مېھرىبانلىقىمدىن تېخىمۇ زىيادە » دېگەنىكەن  روبىنتس مۇنداق دەپ يازغان: « ئۇ ئىنسانلار ئىچىدىكى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ ئۆز نىيىتىدىن يانمايدىغان كىشىلەر خىلىغا مەنسۇپ بىر رات. باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا ئارىلىشىپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا مەدەت بېرىشتىن ئىبارەت بارلىق ئويلىرى ئەكسىچە نە-تىجە بەرگەن  ئۇنىڭ مىجەزىدىكى ئاشۇ خىل ئالاھىدىلىك — ئۇنىڭ كۇچادا ئۇزۇن يىل تۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ كېسەللىنى داۋالاش بىلەن بەند بولۇپ، باشقا ياۋروپالىقلار بىلەن باردى - كەلدى قىلماسلىقىدىكى مۇھىم سەۋەب »  روبىنتس يەنە مۇنداق دەپ يازغان: « كىشىلەر بىلەن ئۇزۇنغىچە باردى - كەلدى قىلماي ياشىغان مەزگىلدە، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىغا دەپنە قىلىنىپ قېلىشىدىن بەك تەشۋىش قىلغان »

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/28.asp?isim=[2010-12-31 00:31:34]

alma uyghur book

ئۇ مۇسۇلمانلار ئارىسىغا دەپنە قىلىنمىغان، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى باشقىچە بولغان. ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا شۆپتىسىيىگە قايتىدىغان ۋاقتىدا، قاتتىق ئاغرىپ قالغان. بۇ جاي بىلەن موسكۋانىڭ ئارىلىقى 12 سائەتلىك مۇساپە ئىدى. ئۇ تاشكەنتتىن موسكۋاغا قاتنايدىغان پويىزدا ۋاپات بولغان، ئاندىن موسكۋادا دەپنە قىلىنغان. ئۇ چاغ 1935 ــ يىلى 10 ــ ئاينىڭ 16 ــ كۈنى بولۇپ، ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا ئىككى كۈنلا قالغان كۈن ئىدى.

بىر ئولتۇرغان ئايروپىلان بۇ نۆۋەت قونىدىغان ئايرودروم كىچىك شەھەر كورلا ئىدى. كۈچادىن كورلىغىچە بولغان ھاۋا لىنىيىسى مەن باسقان مۇساپىلار ئىچىدىكى ئەڭ ناچار مۇساپە ئىدى. بۇ يەرنىڭ تاغلىرى ئېگىز، ھاۋاسى ئىسسىق بولغاچقا، ئايروپىلان بىردەم ئۇياققا، بىردەم بۇياققا سىڭايان بولسا، بىردەم ئۆرلەپ، بىردەم پەسلەيتتى. بەزىدە تېخى تۆۋەنگە بىر پەس شۇڭغۇپمۇ كېتەتتى. شۇڭا، يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قۇسۇۋەتكەنىدى. قۇسۇقلار قەغەز خالتىغا توختىماي قاچىلىنىپ تۇراتتى. ئابدۇللا بىلەن ئىككىمىز كورلىغىچە قۇسماي باردۇق. قالغانلار بەرداشلىق بېرەلمىدى.

ئايروپىلان ناھايىتى ياخشى بىر ئاسفالت يولغا قوندى. كورلا ئايرودرومى ناھايىتى يوغان بولۇپ، ناھايىتى ياخشى ئاسرالغانىدى. قارىغاندا، كورلا ئاقسۇ ۋە كۈچادىن چوڭدەك قىلاتتى. بىر بۇ يەردە ئانچە ئۇزۇن توختىمىدۇق. بىر بىر سائەتتىن كېيىن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قەشقەرگە قىلغان زىيارىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ سانائەت مەركىزى ــــ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدۇق.

## دېڭىز يۈزىدىن پەس جايدا

بىر ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ، ئۈچ سائەت ماڭغاندىن كېيىن تۇرپانغا يېتىپ كەلدۇق. خەنزۇلار « r » تاۋۇشىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشتا قىينالغاچقا، بۇ جاينىڭ ئىسمىنى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/28.asp?isim=[2010-12-31 00:31:34]

alma uyghur book

تۇرپان ئاسىيادىكى « Tu – lu – Fan » ( تۇلۇفەن ) دەپ ئاتايدۇ
شۇنداقلا دۇنيادىكى ئەڭ پەس ئويمانلىقنىڭ بىرى بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن
130 مېتىر پەسكە جايلاشقان . تۇرپان رايونى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاغلار
ئارىسىغا جايلاشقان غايەت يوغان بىر داسقا ئوخشايدۇ . ياز پەسلىدە
ئىسسىق بەك قاتتىق بولىدۇ ھەتتا 9 ـ ئاي كىرگەندىمۇ سالقىن جاي-
لىرىنىڭ تېمپېراتۇرىسى C° 35 تىن يۇقىرى كېلىدۇ

تۇرپانغا بارىدىغان تاشيول بىز ئايروپىلانغا چۈشكەندە ئاسمان
بوشلۇقىدىن كۆرگەن ئۈرۈمچى — قەشقەر تاشيولى ئىدى ، لېكىن ئۇنىڭ
ئاسفالت يۈزى ھاۋا بوشلۇقىدىن كۆرگىنىمىزدەك چىرايلىق ئەمەس ئىدى
نۇرغۇن يەرلەردە يول ياسىلىۋاتاتتى بۇ تەبىئەتنىڭ كۈچىگە قارشى
تۇرۇش يولىدىكى تۈگىمەس كۈرەش ئىدى . يوللارنىڭ نۇرغۇن جايلە-
رىدىكى كۆۋرۈكلەرنى يامغۇر سۈيى ئېقىتىپ كەتكەچكە ، بىز نۇرغۇن
جايلاردىن ئەگىپ مېڭىشقا ، تاشلىق ، قۇملۇقلارنى ئارىلاپ مېڭىشقا مەج-
بۇر بولدۇق . شۇنىڭ بىلەن كۆپ قىينالدۇق ۋە بەك چارچاپ كەتتۇق

سول تەرىپىمىزدە ئۈرۈمچى — بېيجىڭ تۆمۈريولى بار ئىدى
ئەسلىدە ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدە بۇ تۆمۈر يولنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۆمۈر
يولىغا تۇتاشتۇرۇش پىلانلانغان ، لېكىن سىياسىي ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىش
تۈپەيلىدىن بۇ پىلاننىڭ قويۇلۇقىنى قۇم باسقانىدى بىز ئاپتوموبىلغا ئول-
تۇرۇپ يېرىم سائەت ئۆپچىرىسىدە يول يۈرۈش داۋامىدا تۆت پويىزنىڭ
ئۆتكىنىنى كۆردۇق . بۇنىڭ ئىككىسى يولۇچىلار پويىزى ، ئىككىسى ماي
باكلىق پويىز ئىدى مەن ماي باكلىق پويىزنىڭ قارامايى — شىنجاڭنىڭ
غەربىي شىمال بۆلۈكىدىكى نېفىت بازىسىدىن كەلگەنلىكىنى پەملىدىم .
تۆمۈريول ترانسپورتىنىڭ ئىنتايىن راۋانلىقى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپلا
تۇراتتى تۆمۈر يول بىلەن تاشيول تامامەن پاراللېل بولغاچقا ، پويىزنىڭ
سۈرئىتىنى بىلىۋېلىش ناھايىتى ئوڭاي ئىدى . پويىز سائەتتىكە تەخمىنەن
90 كىلومېتىردىن ماڭاتتى يولۇچىلار پويىزى بىلەن يۈك پويىزىنىڭ
سۈرئىتى ئوخشاش ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھال پويىزنىڭ نورمال
مېڭىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى . ئوڭ تەرىپىمىزدە كۆل كۆرۈندى . كۆل-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/28.asp?isim=[2010-12-31 00:31:34]

نىڭ بىر قىرغىقىدا ئاق تۈز يېغىندىلىرى دۆۋىلەكلىك تۇراتتى  يول ياقىسىدىكى كۆلىمى ئانچە چوڭ بولمىغان بىر قانچە زاۋۇتتىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئاپتوموبىلىمىز دائىم شامال چىقىپ تۇرىدىغان ، ھاۋاسى سوغۇق داۋانچىڭغا قاراپ ئىلگىرىلىدى ، بۇ جاي ئۆتەڭ ئېغىزى ئىدى  مۇشۇ يەر- دىن باشلاپ تا تۇرپان ئويمانلىقىغىچە پەسلەپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى بىر ئارىلىقتا ناھايىتى چىرايلىق بىر جىلغىنى ئارىلاپ ئۆتتۇق  جىلغا ئىچى ياپيېشىللىققا چۆمگەن بولۇپ ، ئۇ يەردە شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان جىلغا سۈيى بار ئىدى  بىر بىر سائەت يول يۈرگەندىن كېيىن ، قاقاس تاشلىق سايغا چىقتۇق  بۇ سايلىقنىڭ بىر قانچە مىڭ يىل مابەينىدىكى كەلكۈن سۇلىرى ئېقىتىپ كەلگەن تاشلارنىڭ كۆز يەتكۈسىز زېمىن يۈزىنى قاپلىشىدىن ھاسىل بولغانلىقىنى جەزم قىلغىلى بولاتتى  ئەنە شۇ شېغىل تاشلار غايەت زور تۇرپان ئويمانلىقى ئاستىغا يىغىلغانىدى

بىردىنلا كۆز ئالدىمىزغا ياپيېشىل بوستانلىق ، قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇرغان كوچىلار پەيدا بولدى  تۆت كوچا ئاغزىدا قاتناش ساق- چىلىرى تۇراتتى  بىز تۇرپان شەھىرىگە كېلىپ ، مېھمانخانىغا بىردەمدىلا كەلدۇق . مېھمانخانا چوڭ گۈلزارلىققا سېلىنغان پىششىق خىشلىق ئىمارەت ئىدى  ئۇلار بىزنى سالقىندا ئارام ئالغۇزۇش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۈزۈم بارىڭى ئاستىغا باشلاپ باردى  ئالدىمىزغا ئۈزۈم ، قوغۇن – تاۋۇزلارنى قويدى ، دەسلەپتە ناۋاتتەك تاتلىق تاۋۇزلار ، ئۇنىڭدىن كېيىن قوغۇنلارنى ئەكەلدى  قوغۇنمۇ ناھايىتى تاتلىق ئىدى  ئۇنىڭ كەينىدىن كىشمىش ئۈزۈم ئەكەلدى  ساھىبخانا بىزنى قوغۇن – تاۋۇز ۋە ئۈزۈم يېگەندە قىزىق چاي ئىچمەسلىك ، بولمىسا ئاشقازانغا زىيان قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇپ قويدى  بۇ مېھمانخانا كونا پاسوندىكى مېھمانخانا بولسىمۇ ، لېكىن ناھايىتى ئازادە ئىدى  كارىۋات تۆمۈر كارىۋات بولۇپ ، ئۈستىگە نېپىز تۈنىكە قويۇلغانىدى ، بۇنداق كارىۋاتتا ياخشى ئۇخلىغىلى بولمايتتى  ياتاق بىلەن ھاجەتخانىنىڭ ئارىلىقى خېلى بار ئىدى  ئۇنىڭغا كىرىپ ھاجەت قىلغاندا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشقىلا بولىدىغان ئەسلىھە ئورنىتىلغان ، ھاجەتخانا ئىشىكىگە ئىنگلىزچە « ئەرلەر » ۋە « ئاياللار »

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/28.asp?isim=[2010-12-31 00:31:34]

alma uyghur book

دېگەن خەت يېزىلغانىدى
مەن ئۇلارغا ئۈزۈمنىڭ تۇرپاننىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت
يادىكارلىقلىرىغا ۋە قەدىمكى تارىخىغا بەكرەك قىزىقىدىغانلىقىمنى ئېنىق
ئېيتقان بولساممۇ ، لېكىن ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن
مۇدىرى باشچىلىقىدىكى ساھىبخانىلار مېنى ئاۋۋال تۇرپان رايونىدىكىلەر-
نىڭ تۇرمۇشى بىلەن تونۇشۇشى لازىم ، دەپ ، بىر باغۋەنچىلىك مەيدانىنى
ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى   بىز ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ كەلگەن يولىمىز
بويىچە ئارقىمىزغا يېنىپ ، شېغىللىق سايدىن ئۆتتۇق   لېكىن ، قىزىل
بايراق قاداقلىق بىر ساقچى ئاپتوموبىلى ئالدىمىزدا يول باشلاپ ماڭدى
بىر تاغ يانباغرىغا كەلگەندە كۆكۈچ دەرەخزارلىق ، كىشىگە شادلىق بەخش
ئېتىدىغان ، ئەتراپى پەلەككە تاقىشىدىغان رەت ـ رەت سۇۋادان بىلەن
ئورالغان بوستانلىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى   بۇلار خۇددى قاقاس ،
شېغىللىق سايىنى توسۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى   پۈتۈن زېمىن بىر ـ
بىرىگە تۇتاشتۇرۇلغان ، ئەتراپىغا سۇۋادان قويۇلغان بولۇپ ، ئېرىقلىرىدا
سۇلار ئېقىپ تۇراتتى ، سۇ « كارىز » دەپ ئاتىلىدىغان يەر ئاستى ئېرىقـ
دىن ئېقىپ چىقاتتى — كارىز ھەققىدە خېلى بۇرۇنلا چۈشەنچىگە ئىگە
بولغانىدىم   كارىز ئىراندا بەرپا بولغان بىر تۈرلۈك سۇ ئىنشائات سىستې-
مىسى ئىدى ⑨   بۇ يەرنىڭ كارىز سۈيى بوغدا چوققىسى بىلەن تۇتىشىپ
تۇرىدىغان تاغدىن ئېقىپ چۈشىدىكەن   سۈيى ناھايىتى سۈزۈك ھەم
سوغۇق بولغانلىقى ئۈستىگە ئادەمنى چەكسىز ھۇزۇرلاندۇراتتى   بىر
ئۈزۈملۈك باغنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدۇق   ئۈزۈملۈك باغدا تۇرپاننىڭ
داڭقىنى چىقارغان تۈرلۈك سورتلاردىكى ئۈزۈملەر قويۇلغانىدى   ئۇنىڭ
ئىچىدە كىچىك ، تاتلىق ، كىشمىش ئۈزۈم بار بولۇپ ، قۇرۇتۇلغاندا
Kishmish ( كىشمىش ) دېيىلەتتى   ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر خىل يوغان
ئۈزۈم بار بولۇپ ، ئۇ جوڭگونىڭ باشقا جايلىرىغا ئېلىپ بېرىلىپ سې-
تىلاتتى   كېيىنكى چاغلاردا ھەتتا ئۈزۈمچىدىن ئايروپىلان ئارقىلىق
ياپونىيىگە ئېلىپ بېرىلغانىدى   مەن بۇنداق چىرايلىق ۋە رەڭدار ئۈزۈم-
لەرنى ئىلگىرى زادىلا كۆرمىگەنىدىم   شۇڭا ، ئىختىيارسىزلا باغۋەنچىلىك

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/28.asp?isim=[2010-12-31 00:31:34]

alma uyghur book

مەيداندىكىلەرگە ئۈلارنىڭ ئۈزۈمىنىڭ ياۋروپادا غايەت زور بازار تاپالايدىغانلىقىنى، ياپونىيىگە ئېكسپورت قىلىنغانىكەن، ياۋروپاغا ئېكسپورت قىلىشتىمۇ ئانچە بەك قىيىنچىلىق بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتىم  ئۈلار باشلىرىنى لىڭشىتىپ پىكرىمىزنى تەستىقلىدى ھەمدە ئېشىندى ئۈزۈملىرىنىڭ ئېكسپورت قىلىغان ۋە ئۆزى ئىستېمال قىلىغاندىن كېيىنمۇ يەنە ئېشىپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتتى

ئۈزۈم — تۇرپان خەلق رىۋايەتلىرىنىڭ بىر قىسمى  ئۇنىڭ تارىخىنى نوھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ كېمىسى زامانىغىچە سۈرگىلى بولىدۇ. توپان بالاسى يۈز بەرگەندە نوھ ئەلەيھىسسالام كېمىدە ئولتۇرغان چاغدا، بىرمېلەن ئۈزۈم ئۇرۇقىدىن بىرئاز ئۇغرىلىۋاپتۇ  نوھ ئەلەيھىسسالام بارلىق ھايۋانلاردىن ئۈزۈم ئۇرۇقىنى ئوغرىلىغان گۇمانلىق ئادەمنىڭ كىملىكىنى سۈرۈشتە قىلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى بىلىدىغان ھايۋاندىن بىرىمۇ چىقماپتۇ. كېيىن نوھ ئەلەيھىسسالام ھېلىقى ئوغرىنى ( شەيتاننى ) تۇتۇپتۇ. شەيتان ئۈزۈم ئۇرۇقىنى تېپىپ بېرىدىغانلىقىنى، ئەمما بىر شەرتى بارلىقىنى، يەنى ئۇرۇقنى ئۇنىڭ تېرىشىغا ھەمدە ئۇنىڭغا ئۈچ قېتىم سۇ قۇيۇشىغا رۇخسەت قىلىنىشىنى، ئۇنداق بولمىسا ئۈزۈم ئۇرۇقىنى تاپشۇرمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. نوھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولغاندىن كېيىن، شەيتان ئۈزۈم ئۇرۇقىنى تېرىپتۇ  ئالدى بىلەن ئۇنى تۈلكىنىڭ قېنى بىلەن؛ ئىككىنچى قېتىمدا يولۋاسنىڭ قېنى بىلەن؛ ئۈچىنچى قېتىمدا ياۋا توڭگۇزنىڭ قېنى بىلەن سۇغىرىپتۇ  شەيتان ئۈزۈمدىن شاراب ئېچىپتۇ. نەتىجىدە كىمدە كىم بۇ شارابنى ئىچسە دەسلەپتە تۈلكىدەك زېرەكلىشىپ كېتىدىغان ھەمدە ئەسلا تونۇشمايدىغان كىشىلەر بىلەن دوست ـ بۇرادەر بولۇشۇپ كېتىدىكەن؛ ئۇنىڭدىن كېيىن يولۋاستەك ھېچنەرسىدىن قورقمايدىغان ياۋۇز بولۇپ كېتىدىكەن؛ ئاخىرىغا كەلگەندە توڭگۇزغا ئوخشاش مەينەت ـ ئېپلاس ئىشلارنى قىلىدىغان بولۇپ كېتىدىكەن. نوھ ئەلەيھىسسالام ئۈزۈم ئۇرۇقىغا ئىككى نۆۋەت سۇ قۇيۇپ، ئۇنى تاتلىق ئۈزۈم شەربىتى ۋە چۈچمەل مۇسەللەستىن ئىبارەت ئائىلىدە كەم بولسا بولمايدىغان ئىككى خىل لازىمەتلىككە ئايلاندۇرۇپتۇ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/28.asp?isim=[2010-12-31 00:31:34]

alma uyghur book

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى ئارىسىدىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا كى-
شىلەر كىرپىنى ئىنتايىن زىرەك دەپ ھېسابلايدۇ ، شۇڭا ئۇنى ئۈزۈمگە
بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەيدۇ تۇرپان بوستانلىقىدا كىرپە ناھايىتى تولا ، بو-
لۇپمۇ ئۈزۈمزارلىقتا كىرپىلەر ئاسلانلىرىنى ئىنتايىن قەدىمكى ئۇسۇلدا
ئۈزۈملەرنى يىغىپ باقىدىكەن : ئۇلار يەرگە چۈشۈپ دۈۋىلىشىپ كەتكەن
ئۈزۈملەر ئۈستىدە يۇمىلاپ ئېغىنايدىكەن شۇنىڭ بىلەن ، ئۈزۈملەر
ئۇنىڭ تىكەنلىرىگە سانجىلغاندىن كېيىن ، ئۇۋىسىغا قايتىدىكەن ئۇلار-
نىڭ ئاسلانلىرى ئاتا – ئانىسىنىڭ ئۈستىدىكى تىكەنلىرىگە سانجىقلىق
ئۈزۈملەرنى بىر – بىردىن تېرىپ يەيدىكەن ماڭا بۇ ھېكايىنى باغۋەنچى-
لىك مەيدانىدىكىلەر سۆزلەپ بەردى

بىر ئۈزۈمزارلىقنى بىر قۇر ئايلانغاندىن كېيىن ، ئۈزۈم ھارىقى
زاۋۇتىغا كىردۇق بۇ زاۋۇت باغۋەنچىلىك مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سې-
لىنغان بولۇپ ، بۇ يەرنىڭ ئەتراپىدىن بىر خىل ئېچىتما پۇرىقى دىماغقا
ئۇرۇلۇپ تۇراتتى ئۇلار ئىشلەپچىقارغان ھاراق ئۇيغۇرچە musallas
( مۇسەللەس ) دەپ ئاتىلىدىكەن ، كىشىلەر ئۇنى بىر خىل ئىچىملىك دەپ
قارايدىكەن ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئىسپىرت مىقدارى 11 ℃ ئىكەن بىر
ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئاددىي ماشىنا ئارقىلىق ئۈزۈمنى ئېزىپ قىيام
قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىرنى ئېچىتقۇچنى
ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى ئېچىتقۇچ سايمانلىرى يەر ئۈستىدىكى جازا
ئۈستىگە قويۇلغان بولۇپ ، ئۇنىڭغا يېرىم ئېچىتىلغان musallas ( مۇسەل-
لەس ) قاچىلانغان ، كېيىن بىر ئىشلەپچىقىرىلغان مۇسەللەسنى بوتۇلكىغا
قاچىلاش ئورنىنى كۆردۇق بۇ مۇھىم بىر ئىش تۇرىنى تەخمىنەن 20 دەك
ئۇيغۇر ئايالى ئىشلەيدىكەن ، بوتۇلكىلار بوتۇلكىغا مۇسەللەس قاچىلاش
لىنىيىسى ئارقىلىق بىر – بىردىن ئالغا سىلجىلىپ ماڭىدىكەن سىلجىپ
مەلۇم جايغا بارغاندا مۇسەللەس ئاپتوماتىك ھالدا قاچىلىنىدىكەن
ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر قىزلىرى قولى بىلەن بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ
ماركا چاپلايدىكەن

2 – قەۋەتتىكى ھاراق سورتلىرى قويۇلغان ئۆيدە ئۇلار بىزنى ئەڭ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/28.asp?isim=[2010-12-31 00:31:34]

alma uyghur book

داڭلىق مەھسۇلاتى — ھەرخىل مېۋە كونسېرۋاسى musallas نىڭ تەمنى تېتىپ كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى بۇ مەھسۇلاتلار ئىنتايىن تەملىك بولۇپ، پۇرىقىمۇ ناھايىتى ياخشى ئىكەن. 30 - يىللاردا، قەشقەردىكى چېغىمدا، بارلىق ھەقىقىي مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھاراقنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم بىراق، ئۇنى سېتىۋالغىلى بولاتتى بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئۇنى ئاز مىقداردىكى ئېچىتىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى باغۋەنچىلىك مەيدانىدىكى ھاراق زاۋۇتىنىڭ باشلىقى ماڭا ئۇلار ئىشلەپچىقارغان مۇسەللەسنىڭ خېرىدارلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى، مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 300 توننىغا، يەنى 600 مىڭ بوتۇلكىغا يەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى 3000 توننىغا يەتكۈزۈشنى پىلانلىغانلىقىنى، خام ئەشيانىڭ ئىنتايىن موللىقىنى، ھەرىيلى قاچىلىنىدىغان مېۋە - چېۋىلەرنىڭ 500 مىڭ شىشىگە يېتىدىغانلىقىنى، بۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ ھەممە يېرىدە سېتىلىدىغانلىقىنى، بولتۇرقى كىرىمىنىڭ 200 مىڭ يۈەنگە يەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى قالغان مۇھىم مەھسۇلاتى قۇرۇق ئۈزۈم ئىكەن ئۇلار ئۈزۈمنى پىششىق خىش ياتقۇزۇلغان يەرگە نېپىز بىر قەۋەت قىلىپ يايىدىكەن. ئۈزۈم 20 كۈندىن 45 كۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا قۇرۇيدىكەن، قۇرۇش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ئاشۇ ئۈزۈمنىڭ ئۇششاق تاتلىق Kishmish ( كىشمىش ) ئۈزۈم ياكى يوغان شىرنىلىك ئۈزۈملۈك ئۈزۈم ئىكەنلىكىگە قاراپ بېكىتىلىدىكەن قۇرۇتۇش داۋامىدا، ئۈزۈمنى پات - پات ئۆرۈپ ۋە شامالدىتىپ تۇرىدىكەن، شۇنداقلا ئۇلار يەنە باشقا ئۇسسۇللار ئارقىلىقمۇ Kishmish ( كىشمىش ) تەييارلايدىكەن ساپاق - ساپاق ئۈزۈملەرنى يەردىن تارتىپ تۈرۈسقىچە ئېسىپ قۇرۇتۇش يولى بىلەن قۇرىتىدىكەن مېنىڭچە، بۇ ئۇسۇل تېخىمۇ ئۈزۈمنى پاكىز قۇرۇتىدىغان بىر خىل ئۇسۇل ئىكەن

بىر 25 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا دائىملىق ئىشقا ئايلىنىپ كەتكەن ئەھۋال تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىدۇق ئۈزۈم باراڭلىرىنى كارىدور دەپ قاراشقىمۇ بولاتتى ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۈزۈم قويۇلغان بولغاچقا، ئۈزۈم شاخلىرى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ، گىرەلىشىپ تام ۋە لا-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/28.asp?isim=[2010-12-31 00:31:34]

alma uyghur book

پاس ھاسىل قىلىنغانىدى  ئۇلار بەك قويۇق ئۆسكەچكە، كۈن نۇرى ئۆتمەيتتى  سان ـ ساناقسىز ئۈزۈم ساپاقلىرى باراڭدا ساڭگىلاپ تۇراتتى  بەزى جايلاردىكى ئۈزۈم ساپاقلىرى بەك يوغان بولغاچقا، ئېگىشىپ ئۆتۈشمىرگە توغرا كېلەتتى  ئۈزۈم بارىڭى ئاستىغا بىرگە تونۇش بولۇپ قالغان ھېلىقىدەك شىرە قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا قوغۇن ـ تاۋۇز ۋە مېۋە ـ چېۋىلەر لىق تىزىلغانىدى  شىرەنىڭ كەينى تەرىپىدە باغۋەنچىلىك مەيدانى ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ بىرگە ئەھۋال تونۇشتۇرىدىغان مۇئاۋىن مۇدىرى ئۆرە تۇراتتى  مەن تۇرغان جاينىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدا سانجاق ـ سانجاق قىزىل ئۈزۈم ساڭگىلاپ تۇراتتى  كىشلەر بۇ خىل ئۈزۈم كېپسەلگە شىپا، بولۇپمۇ بالىلاردىكى قىزىتمىنى ياندۇرۇشقا شىپالىق، دەپ قارايتتى  شۇڭا، ئۈزۈم دورىغا كېرەكلىك ئۆسۈملۈك دېيىلەتتى

بۇ باغۋەنچىلىك مەيدانى تۇرپاننىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ تۇرپان شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 37 كىلومېتىر كېلىدىكەن  1955 ـ يىلى ئۇلار بۇ يەرگە مېۋىلىك كۆچەت قويۇشنى باشلىغان، دەسلەپتە قويۇلغان كۆچەتلەرنىڭ تۈرى ئاران بىر قانچە خىللا بولغان  ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بىرگە « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ بۇ مەيداننىڭ دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىشلىرى ۋە سانائەت ئىشلىرىغا جىنىنىڭ بارىچە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىنى، ئەمما ھازىر ئەھۋالنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى

— بىر رەئىس خۇا گوفېڭغا ئەگىشىپ يېڭى ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىمىز، — دەپ تەكىتلىدى ئۇ  بۇ مېنىڭ « يېڭى ئۇزۇن سەپەر » دېگەن ئاتالغۇنى چەت ـ ياقا ماكان شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىم ئىدى

باغۋەنچىلىك مەيدانىنىڭ 6000 مو تېرىلغۇ يېرى بار ئىكەن، بۇنىڭ 3500 موسىغا ئۈزۈم تېلى قويۇلغان، 450 موسىغا شاپتۇل، ئالما ۋە ئۆرۈك كۆچەتلىرى قويۇلغان، 600 موسى تېرىقچىلىققا ۋە ئوت ـ چۆپ يېتىشتۈرۈشكە ئىشلىتىلگەن  1100 موسىغا سۇۋادان تېرەك ۋە ئۇجمىلەر

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/28.asp?isim=[2010-12-31 00:31:34]

alma uyghur book

قويۇلغان. مەيدان بويىچە 800 ئىشچى ـ خىزمەتچى بار ئىكەن 1977 ـ يىللىق ئۈزۈم مەھسۇلاتى 7 مىليون جىڭ، يەنى 3 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام بولغان، 1978 ـ يىللىق مەھسۇلاتنى 8 مىليون جىڭغا يەتكۈزۈش پىلانلانغان بۇ مەيدان بۇلتۇر 260 تونna مەھسۇلات ئېكسپورت قىلغان. 314 تونna قۇرۇق ئۈزۈم ئىشلەپچىقارغان بۇ يىلمۇ يەنە شۇنچەلىك قۇرۇق ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىشنى پىلانلىغان

بۇ مۇئاۋىن مۇدىر يۇقىرىقىلارغا ئۇلاپلا ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالدى:

بىرىنچى مەسىلە، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئەتراپىنى شېغىللىق ساي قورشاۋغا ئېلىۋالغان بولغاچقا، مەيداننىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىشتە يېتەرلىك زېمىننىڭ يوقلۇقى ئىدى.

— بىز تەگرىتاغ ئىچىدىن توپا توشۇپ كەلدۇق، — دېدى ئۇ بىزگە، — تاغدىن نۇرغۇن ماياق ئەكەلدۇق. بۇلارنى شېغىلغا ئارىلاشتۇرغاندا، ئۈزۈم تاللىرى ئوبدان ئۆسىدۇ شۇڭا، 1964 ـ يىلدىن بېرى ئىشلەپچىقىرىشىمىز يىلدا دېگۈدەك ئېشىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئىككىنچى مەسىلە، سۇ. بىز يۇلغۇن دەرياسىدىن سۇ باشلاپ كېلىپ تېرىقچىلىق قىلىمىز. ئېقىم مىقدارى سېكۇنتىغا 0.5 كۇبمېتىر كېلىدۇ ئەمما، سۇدىن پايدىلىنىش جەھەتتە قىيىنچىلىق بەك كۆپ بىر جەھەتتە، پىژ ـ پىژ ئاپتاپتا سۇ تېز پارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ؛ يەنە بىر جەھەتتە، دەريا سۈيى قۇملۇق يەرلەردىن ئۆتكەندە زور مىقداردىكى سۇ يەرگە سىڭىپ كېتىدۇ رەئىس ماۋ زېدۇڭ: سۇ ئىشلىرى يېزا ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى دەپ كۆرسەتكەن. بۇ راستىنلا مۇھىم بىر ھەقىقەت شۇڭا، بىز 40 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆستەڭ چاپتۇق. ئەمدى يېتەرلىك سۇغا ئىگە بولدۇق.

ئۈچىنچى مەسىلە، تۇرپان ئويمانلىقىدىكى بوران ۋە رەھىمسىز قۇيۇننىڭ بالاسى. بۇنىڭ بىزگە يەتكۈزىدىغان تەسىرى بەك چوڭ؛ بۇ بالايىئاپەتلەر كۆپىنچە 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بېرىدۇ. بىز دۇچار بولغان ئەڭ قاتتىق

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/28.asp?isim=[2010-12-31 00:31:34]

alma uyghur book

بوران 1961 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈندىكى شۇ قېتىمقىسى 12 بال بولغاچقا، يەر ـ جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كەتتى، بوران شېغىل، تاشلارنى ئۇچۇرتۇپ ئۈزۈمزارلىقىمىزنىڭ كۆپ قىسمىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ئەمما، ئاشۇ قېتىملىق بوران بىزگە بىر ساۋاق بولدى بىز شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىهاتە ئورمان بەرپا قىلىشقا كىرىشتۇق ھازىرغىچە بەرپا قىلغان ئىهاتە ئورمىنىمىز 40 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى

تۆتىنچى مەسىلە، ئىشلەپچىقارغان مېۋە ـ چېۋىلىرىمىز ۋە ئۈزۈملىرىمىزدىن تولۇق پايدىلىنىپ كېتەلمىدۇق، بۇلاردىن نۇرغۇنى ئىسراپ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئەمما، ھازىر ئەھۋال كۆپ ياخشىلاندى بىز كونسېرۋا زاۋۇتى قۇرۇپ، ئېشىندا مەھسۇلاتلاردىن پايدىلىنىشقا كىرىشتۇق.

سىز مېۋە ـ چېۋە مۇتەخەسسىسى بولماي تۇرۇپمۇ، زور مىقداردىكى ئېشىندا مېۋە ـ چېۋە ۋە ئۈزۈملەردىن پايدىلىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىپ يېتەلەيسىز مانا بۇ تۇرپان رايونى ۋە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى بىر ئالاھىدىلىك جۇڭگونىڭ بۇ چەت رايونى جۇڭگونىڭ « تۆتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش » دىكى ئىككىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا، يەنى يېزا ئىگىلىكى بىلەن سانائەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا زور تۆھپە قوشالايدۇ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى ۋە شىمالىدىكى تاغلارنى يىل بويى قاپلاپ ياتقان قارلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولىدىغان سۇلاردىن تېخىمۇ تولۇق پايدىلىنالايدىغانلا بولسا، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ۋە مېۋە ـ چېۋىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا غايەت زور مۇمكىنچىلىككە ئىگە. مۇشۇ جەھەتتە، شۇنداقلا يەنە باشقا جەھەتلەردە شىنجاڭنى ئىستىقباللىق ماكان دەپ قاراشقا بولىدۇ

## ھازىرقى زاماندىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئۈستىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتلەر

ئېكسپېدىتسىيىچىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، شىنجاڭ ئەزەلدىن تارتىپلا گۆھەر زېمىن دەپ قارىلىپ كەلدى. ئېكسپېدىتسىيىچىلەر كىرىش

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/29.asp?isim=[2010-12-31 00:34:33]

alma uyghur book

بەك مۇشكۈلگە چۈشىدىغان مۇشۇ جايدىن ئىبارەت بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇش كويىدا ئۆز ئارا رىقابەتكە چۈشۈشتى. شىنجاڭ چۆل - باياۋان ۋە تاغلىق ماكان بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ رىقابەتلىرى جاپا - مۇشەققەتكە تولدى.

شىنجاڭ رايونىدىكى ئېكسپېدىتسىيە پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 30 يىلىدا ئېلىپ بېرىلدى. قاقاسلىق بولغاچقا، بۇ يەرگە كىرىش ناھايىتى تەس بولسىمۇ، ئادەمنى ئۆزىگە بەكمۇ جەلپ قىلاتتى شۇڭا، بۇ جاي ئادەمنى روھلاندۇرىدىغان، ساياھەتكە قىزىقتۇرىدىغان، كىشلەرنىڭ تەسۋىرىدىكى كارامەت ياخشى تېما بولۇپ قالغانىدى. يىپەك يولىدىكى تاشلاندى شەھەرلەر كۆمۈلۈپ قالغان مەدەنىيەتنىڭ بايقىلىشى، قولىيازمىلار ۋە تېخىچە مەلۇم بولمىغان تىللارنىڭ بايقىلىشى دۇنيانى لەرزىگە سالدى مانا بۇلار شىنجاڭنىڭ — شۇ چاغلاردا «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ جاينىڭ — نامىنى تەتقىقات ساھەسىدە راسا چىقاردى.

ئەمەلىيەتتە بولسا، ئېكسپېدىتسىيە قىلىش دەۋرى ئۆتۈپ كەتكەنىدى — گەپنىڭ توغرىسىنى قىلغاندا، ئىلگىرىكىدەك ئېكسپېدىتسىيە قىلىدىغان زامان ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئەمما، بايقاش دەۋرى ئۆتۈپ كەتكىنى يوق. تەكلىماكان چۆللىرىدىكى قۇم بارىخانلىرى ۋە چۆلنى ئوراپ تۇرغان سېرىق توپىلىق تاغلاردىكى ئۆڭكۈرلەردە ھېلىھەم نۇرغۇنلىغان سىرلارنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقى شەك - شۈبھىسىز ئىدى. ئاشۇ سىرلار ئېچىلىدىغان بولسا، تارىخ تەتقىقاتى ۋە تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىنى يېڭىۋاشتىن باھا بېرىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن بولاتتى.

شىنجاڭدىكى ئېكسپېدىتسىيە پائالىيەتلىرىنى چەت ئەللىكلەر ئېلىپ بارغانىدى. ئاشۇ ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئىچىدە مۇھىم شەخسلەردىن روسىيىلىك پېرژېۋالسكىي، ئەنگلىيىلىك ستەيىن، گېرمانىيىلىك كرۇمۋېدېل ۋە لېكوك، فرانسىيىلىك پېللىئوتلار بار، ئەڭ كېيىنكىسى، ئەمما ئەڭ مۇھىملىرىدىن ئەمەس دېگىلى بولمايدىغان شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىنمۇ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/29.asp?isim=[2010-12-31 00:34:33]

alma uyghur book

بار ئىدى. ئەگەر ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ ھەممىسىنى تىزىدىغان بولساق، بۇ ئىسىملىك ناھايىتى ئۇزۇن تىزىلىدۇ. بەزى ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى مەقسەت قىلمىغان بولۇپ، مەلۇم ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا ساياھەتكە كېلىشى زوراۋانلىق سىياسەت، ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ياكى پەقەت قىزىقىش تۈپەيلىدىنلا بولغانىدى. جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ نۇقتىنى ھېس قىلالىغانلىقىدا شۈبھە يوق، ئەمما شۇ چاغلار جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىچارە ئەھۋالدا تۇرغان مەزگىل بولغاچقا، شۇ چاغدىكى جۇڭگولۇقلارمۇ شۇنداق پائالىيەتلەرگە پاسسىپ ھالدا بىر چەتتە قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. سۋېن ھېدىن ئېكسپېدىتسىيە خىزمىتىگە جۇڭگولۇق تەتقىقاتچىلارنى تۇنجى قېتىم قاتناشتۇرغان چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيىچى ئىدى.

شىنجاڭدىن چەت ئەلگە — مۇھىملىرىنى مىسال كەلتۈرسەك، لوندون، بېرلىن، سانت - پېتېربۇرگ، پارىژ، ستوكھولمغا — يۆتكەلگەن ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىغا دائىر يادىكارلىقلارنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ. لېكوك گېرمانىيە تۇنجى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىكىلەرنى باشلاپ، 1902 - يىلى 11 - ئايدىن 1903 - يىلى 3 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا تۇرپان رايونىدا ئېكسپېدىتسىيە، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، گېرمانىيىگە 46 ياغاچ ساندۇقتا ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى دۆلىتىگە يۆتكەپ كەتكەن. ھەربىر ساندۇقنىڭ ئېغىرلىقى 37.5 كىلوگرام كېلەتتى؛ لېكوك باشلاپ كەلگەن 2 - قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەر 1904 - يىلى 9 - ئايدىن 1905 - يىلى 12 - ئايغىچە يۇقىرىدا تەكشۈرۈلگەن جايلارنى يەنە قېزىش ئارقىلىق، دۆلىتىگە 103 ياغاچ ساندۇققا قاچىلانغان نەرسىلەرنى ماڭغۇزغان، ھەربىر ساندۇقنىڭ ئېغىرلىقى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 100 كىلوگرامدىن 160 كىلوگرامغىچە كېلەتتى؛ لېكوك باشلاپ كەلگەن 3 - قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىكىلەر 1905 - يىلى 12 - ئايدىن 1907 - يىلى 6 - ئايغىچە بۇ يەرگە كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك يادىكارلىقلار قاچىلانغان 128

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/29.asp?isim=[2010-12-31 00:34:33]

alma uyghur book

ياغاچ ساندۇقنى دۆلىتىگە ماڭغۇزغان ، ھەربىر ساندۇقنىڭ ئېغىرلىقى 70 كىلوگرامدىن 80 كىلوگرامغىچە كېلەتتى ؛ 1913 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1914 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە بولغان ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىدە قېزىۋالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاچىلانغان 156 ساندۇقنى دۆلىتىگە ماڭغۇزغان ، ھەربىر ساندۇقنىڭ ئېغىرلىقى 70 ـ 80 كىلوگرام كېلەتتى

1915 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ستەين بىر تۆگە كارۋىنىنى تۇرپاندىن يولغا سالغان ، كارۋان ئالدى بىلەن قەشقەرگە بارغان ، ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر ئارقىلىق ھىندىستانغا ماڭغان بۇ كارۋاندا 45 تۆگە بار بولۇپ ، ئۇلارغا 141 ساندۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئارتىلغان بۇنىڭ سانى بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى ماڭغۇزۇلغان ساندۇق سانىغا باراۋەر كېلەتتى ئاشۇ ساندۇقلارغا تۇرپاندىكى خارابىلاردىن قېزىۋېلىنغان كىچىك ـ كىچىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاچىلانغان بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە سېرىق توپىلىق تاغ ئۆڭكۈرلىرىنىڭ تاملىرىدىن ئويۇپ ئېلىنغان رەسىملەرمۇ قاچىلانغانىدى رەسىملەرنى ئويۇۋالغان تامدا نۇرغۇن ئويمان ئىزلار قېپقالغان ، بۇ ئىزلارنى ھازىرمۇ ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ تۇرپان ئاھالىسى ئۇلارنى « قاراقچىلار » دەپ ئاتىغان . جۇڭگو تەتقىقاتچىلىرى بولسا ، ئەنە شۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنىڭ جۇڭگو مۇزېيىدا ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت پاكىتقا قارىتا ئۈمىدسىزلىنىش ھېسسىياتىنى يوشۇرالمايدۇ ستەين جۇڭگونىڭ فەن دارىن دەيدىغان بىر ئەمەلدارىنىڭ بۇنىڭغا بولغان ئىنكاسىنى بايان قىلغان فەن ئارخېئولوگىيە ۋە ئۇنىڭغامۇناسىۋەتلىك ساھەدىن خەۋىرى يوق ئادەم ئىكەن ئۇ ستەيندىن ئاشۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ قاچانقى نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ، خارابىلىكتە بايقالغان ماتېرىياللارغا نېمىلەرنىڭ خاتىرىلەنگەنلىكىنى ، ئۇنىڭ زادى قانداق يېزىق ئىكەنلىكىنى سورىغان شۇ چاغدا ستەين ئۆزىمۇ بۇ ھەقتە ئانچە جىق نەرسىنى بىلمەيدىكەن ، چۈنكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېخى ئىلىم ـ پەن ساھەسىگە يەتكۈزۈپ بېرىلمىگەنىدى شۇنداقتىمۇ ستەين ئۆزىنىڭ بىلگىنى بويىچە ئوبدان جاۋاب بەرگەن فەن دارىن بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن : « ئۇنداقتا سىز بۇ ماتېرىياللارنى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/29.asp?isim=[2010-12-31 00:34:33]

alma uyghur book

نېمىشقا غەربتىكى شۇنچە يىراق دۆلەتكە ئېلىپ كېتىسىز ؟ » دەپ سورىغان ستەين بۇنىڭغا لايىقىدا جاۋاب تاپالماي قېلىپ ، نېمە قىلىشىنى ئۇقماي تەڭلىكتە قالغان مۇبادا ئۇ بۇ ماتېرىياللارنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان يېتەرلىك بىلىم پەقەت غەربتىلا بار دەي دېسە ، فەن دارىنغا ھاقارەت قىلىنغان بولاتتى ، شۇنداقلا يەنە جۇڭگو مەدەنىيىتىگىمۇ ھاقارەت قىلىنغان بولاتتى شۇڭا ، ستەين گەپنى تېخىمۇ ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىگە بۇرىغان

شۇنىسى شەك – شۈبھىسىزكى ، ستەين ، لېكوك ، كرونۋېدېل ، پېللىئوت ، سۋېن ھېدىنلار ، شۇنداقلا روسىيىلىك ئارخېئولوگلار ( ئۇلار ئۆزلىرىنى نىجاتكار — بىر خىل مەدەنىيەتنى ساقلىغۇچىلار دەپ قارايدۇ ) نىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كېتىش جەھەتتە قىلغانلىرى بىر تۈرلۈك مەدەنىيەت ئۈچۈن قىلىنغان مۇلازىمەتتىنلا ئىبارەت ئارخېئولوگىيە جەھەتتە بايقالغان ئەنە شۇ مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ياۋروپادىكى مۇزېيلاردا ناھايىتى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىنغان ئۇلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا قۇربى يېتىدىغان مۇتەخەسسىسلەرمۇ ئاشۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئوڭايلا كۆرەلەيدىغان بولغان بۇ مۇتەخەسسىسلەر ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى كىشىلەر تەرىپىدىن تاشلىنىپ قالغان مۇشۇ مەدەنىيەتنى بايقاشقا ھەمدە بۇ جەھەتتە چوڭراق بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا بەك تەشنا ھەم تەقەززا بولغان ئۇلار جۇڭگونىڭ تەتقىقاتىغا ھۆرمەت قىلىدۇ ئەمما ، غەربنىڭ نۇقتىئىنەزەرى بويىچە بۇ زامانغا لايىق ئەمەس ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنۇممۇ ياخشى ئەمەس ئىكەن ، غەربنىڭ تەتقىقاتى چەكسىز ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەن ، شۇنداقلا ئۆزگە ناھايىتى تەمەننا قويىدىكەن ، ئۇلارنىڭ قارىشى بويىچە شىنجاڭدا ئېرىشكەن ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشنى غەربتىلا تەتقىق قىلىشقا بولىدىكەن

تۇرپانلىقلارنىڭ بىرەكلىك رەسىملەرنى قومۇرۇۋېلىپ چەتكە ئەپكەتكەنلىكتىن غەزەپلىنىشىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس ، بۇ خۇددى بىر چەت ئەللىكنىڭ 16 – ئەسىردە دۆلىتىمىز ( شۋېتسىيىنى دېمەكچى ) گە

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/29.asp?isim=[2010-12-31 00:34:33]

alma uyghur book

كېلىپ قەدىمكى چېركاۋنىڭ تېمىغا سىزىلغان ئوتتۇرا ئەسىردىكى رەسىمنى ئويۇپ ئېلىپ، ياغاچ ساندۇققا ئاۋايلاپ قاچىلاپ ئېلىپ كەتكەنگە ئوخشاش بىر ئىش ئىدى ژان مىردالمۇ ماڭا ئوخشاشلا كۆزقاراشتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى تېخىمۇ كەسكىن قىلىپ سۈرەتلەپ بەرگەنىدى دەرۋەقە، ھازىرقى شۋېتسىيىدە خۇددى بۈگۈنكى شىنجاڭدىكىگە ئوخشاش تام رەسىملىرىنى ئېلىپ كېتىش تامامەن مۇمكىن ئەمەس، ئۇنداق ئىشلار خەلق ئۇنداق ئىشلارغا ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمايدىغان، ئەمەلدارلارنىڭ ئۇنداق ئىشلارغا چولىسى تەگمەيدىغان ۋە ياكى ناھايىتى يىراقتا تۇرۇۋاتقان ھۆكۈمرانلار چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۇنداق نەرسىلەرنى قېزىشىنى پەرۋاسىزلىق بىلەن تەستىقلايدىغان، شۇنداقلا زادى نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكى بىلەن كارى بولمايدىغان چاغلاردىلا يۈز بېرىدۇ ۋە ياكى يۈز بېرىشى مۇمكىن دەپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ بۇنداق ئەھۋاللار بۇرۇن نۇرغۇن جايلاردا — مىسىر، مېسوپوتامىيىدىمۇ كۆرۈلگەنىدى بۇنداق قىلمىشلارنى ئاقلاش ھەرقانداق يەردە ئوخشاش بولىدۇ ئاشۇنداق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ بارلىقى بايقالغان دۆلەتلەر، ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش، تەتقىق قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالايدۇ، شۇنداقلا ئاشۇنداق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىشقا تاقىتى تاق بولۇپ كېتىۋاتقان خەلقئارا تەتقىقاتچىلارغا ئۇلارنى تەتقىق قىلدۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ ئەگەر شىنجاڭدىكى ئاشۇ بىر تۈركۈم ماتېرىياللار بولمىغان بولسا ئىدى، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا ئائىت بىلىملىرىمىز نەدىن كېلەتتى؟ ئۇ ھالدا جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا دېڭىز ئارىلىقىدىكى يىپەك يولى ھەققىدىكى بىلىمىمىز ئىنتايىن كەمچىل بولغان بولاتتى بىزگە مەلۇم بولغان يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا سىڭىپ كىرگەنلىكى ھەققىدىكى مانى دىنى ۋە نېستورى دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆز قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتكەنلىكى ھەققىدىكى بىلىملىرىمىزمۇ مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى. ئىلگىرى ئاشۇ دىنلار ئۆز قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلاردا كەڭ تارقالغانىدى ۋەھالەنكى، ھەرخىل مەدەنىيەت ھەققىدىكى بىلىملىرىمىز

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/29.asp?isim=[2010-12-31 00:34:33]

alma uyghur book

ھازىرمۇ مەۋجۇت ئەمەس ئېھتىمال بەزىلەر بۇنىڭدىن شۇنداق قىلىشقا ئەرزىمىدۇ ـ يوق ، دەپ گۇمان قىلىشى مۇمكىن مانا بۇ بىزنى ئىلىم ـ پەنگە يۈزلەندۈرۈپ ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى تەتقىق قىلدۇرىدىغان پرىنسىپلار تەتقىقات چۈشەپ قويۇشنى ئېتىراپ قىلمايدۇ ، چەكلەشكىمۇ يول قويمايدۇ ، شۇنداقلا تەتقىقاتتا كۆتۈپ ئولتۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ تەتقىقاتچى ئۈچۈن ئېيتقاندا ، ھامان « قايناق ھېسسىيات » دەپ ئاتىلىدىغان نەرسىلا مەۋجۇت مانا بۇ شىنجاڭدا ئېكسپېدىتسىيە ساياھىتى ئېلىپ بېرىلغاندىكى ئەھۋال

بۇ دونكى كۈندە ، ئېكسپېدىتسىيە ئۈستىدىكى بارلىق تەتقىقاتلارنى جۇڭگولۇقلار ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ ئىلگىرى قېزىلغان خارابىلار ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قېزىش ئىشلىرىنى جۇڭگو ئارخېئولوگلىرى قىلىۋاتىدۇ بىراق ، ئۇلار ئېرىشكەن نەتىجىلەر كۆپ ئەمەس ئۇلارنىڭ تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ــ جۇڭگونىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك نۇقتىلار ۋە جايلار ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق قۇرغاق چۆل ـ باياۋان ۋە شىنجاڭنىڭ قۇرغاق ھاۋا كىلىماتى تېخى بايقالمىغان يەر ئاستىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ناھايىتى ئوبدان ساقلىماقتا ، ھەتتا بىزنىڭ مۇرېيلىرىمىزنىڭ ھازىرقى ساقلىغۇچىلىرىدىنمۇ ئوبدان ساقلىماقتا

پۇتكۇل تۇرپاننىڭ ھەممىلا يېرى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نۇقتىسى بولۇپ ، بۇ جايلار ئاشۇ رايوننىڭ تارىخىنى ئىگىلەشتە ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشتى ئۇلار تۇرپان بوستانلىقىدا ئولتۇراقلاشقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ، بۇ يەرگە كېلىپ ، كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ، دۆلەت قۇرغان ئەجدادلارنىڭ ئاشۇ دۆلەتلەرنى باشقا مىللەتلەر نابۇت قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى تىلغا ئالغان بۇ يەردە خرىستوس دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇنقى ھىندى ـ ياۋروپالىقلار ئۆتكەن مىلادى 700 ـ يىلى ، تۈركلەر كۈچلۈك ئىمپېرىيە قۇرغان بۈگۈنكى ئېۋىرغول قاتارلىق جايلاردا ئۇنىڭ خارابىلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ بىراق ، ئاشۇ ئەسىرلەردە جۇڭگو تۇرپان رايونىغا قىسمەن ياكى تولۇق ئىگە بولۇپ كەلگەن ئۇلار بۇ يەرنى يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىدىكى مۇھىم بىر جاي دەپ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/29.asp?isim=[2010-12-31 00:34:33]

alma uyghur book

قارىغان

مانا بۇ ئارخېئولوگلارنىڭ تۈرپان بوستانلىقىغا قىزىقىشىدىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش. ئالدى بىلەن كەلگەنلەر رۇسىيىلىكلەر بولۇپ، ئۇلار نۇرغۇن قىممەتلىك يادىكارلىقلارنى سان ـ پېتربۇرگقا ئېلىپ كەتكەن، ئۇنىڭ كەينىدىنلا نېمىسلار، فرانسۇزلار ۋە ئىنگلىزلار كەلگەن، ياپونىيىلىكلەرمۇ بۇ ئەسەبىيلەرچە قېزىش رىقابىتىگە قاتناشقان. ستەيىن بۇ يەرگە كېلىشىنىڭ ئالدىدا، گېرمانىيىلىك لېكوك، كرۇمۋېدېللار ئۇلارنىڭ قېزىش ئىشىنى ئاخىرلاشتۇرغان ھەمدە تونۇلغان تام رەسىملىرىنى ئېلىپ كېتىپ، بېرلىندىكى ئىنسانلار مەدەنىيەت ئىلمىي مۇزېيىنى زىننەتلىگەن — بۇ جاي چوقۇم بىخەتەر جاي ئەمەس ئىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا، ئاشۇ تام رەسىملىرى بۆلۈنۈپ ساقلانغاچقا، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى ساقلىنىپ قالغان. ئاۋرېل ستەيىن ئۆزىدىن ئاۋۋال كەلگەن گېرمانىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر زىممىسىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بۇزغۇنچىلىق جاۋابكارلىقىدىن ئىنتايىن قايغۇرۇپ مۇنداق دەپ يازغان: «لېكوك بىلەن كرۇمۋېدېلنىڭ ياردەمچىسى، 〈تېخنىكا خادىمى〉 بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلارغا خىزمەت قىلغان ياشانغان ماتروس غاز تۇمشۇق چوت ئارقىلىق تامدىكى رەسىمنىڭ ئىككى يېنىنى رەھىمسىزلىك بىلەن كەلسە ـ كەلمەس چوقۇپ كولاۋەرگەن. پەرىزىمچە بۇ ئىككى ئادەمدىن مەيلى لېكوك بولسۇن ياكى كرۇمۋېدېل بولسۇن، بالتىس ئىسىملىك بۇ ئادەمنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك ۋە نازارەتچىلىك قىلمىغان»

بىر تۈرپاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى باغۋەنچىلىك مەيدانىدىن ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ مەشھۇر خارابىلىكلەردىن بىرى يارغولغا قاراپ يول ئالدۇق. بۇ كۈن خېلىلا ئىگىلگەن چاغ ئىدى. يول خېلى ئۇزۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېڭىشمۇ تەس ئىدى، بىر يوللىرى تار بىر قانچە مەھەللىدىن ئۆتتۇق. ئېتىزلىقلار ۋە ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىن ئۆتكەندىن كېيىن، يول بارغانسېرى تارىيىپ، ئاخىرىدا ماڭغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. مەھەللە ئادەملىرى بىلەن تولغانىدى. ئۇلار ئۆيلىرىدىن چىقىپ كۆركەم،

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/29.asp?isim=[2010-12-31 00:34:33]

alma uyghur book

ئازادە، جۇگگو ئاپتوموبىلىدا ئولتۇرغان بىزدىن ۋە قىزىل بايراق چىقىرىلغان ساقچى ئاپتوموبىلىدىن زوقلانماقتا ئىدى. بۇلار ساپ ئۇيغۇرلار ئىدى، نۇرغۇن ئاياللاردا بېزەكلىك تاملىرىدا سىزىلغان كۈتكۈچى ئاياللارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بار ئىدى. لېكوك بىلەن گرۈنۋېدېل ئاشۇ تام رەسىملىرىنى تۇرپاندىن ئېلىپ كەلگەن ھەمدە «ئىدىقۇت» ۋە «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت - سەنئىتىگە دائىر رەسىملەر» دېگەن كىتابلىرىدا ئېلان قىلغانىدى. لېكوك مۇشۇنداق چىراي شەكلىنى eldle Franen sesichter (ئاياللارنىڭ ئېسىپەتلىك يۈز - چىرايى) دەپ ئاتىغانىدى. شەك - شۈبھىسىزكى، تۇرپان ئاياللىرى شىنجاڭدىكى ئەڭ گۈزەل ئاياللار ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ ھېلىقى گېرمانىيىلىك ئىككى ئارخېئولوگنىڭ ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن خاتىرىلىگەن تەسىراتىدىن ئىبارەت.

بۇ خارابىلىكنىڭ تۆت ئەتراپى يېشىل ئېكىنزارلىق ئىدى. بىز چۈشكەن جۇگگو ئاپتوموبىلى قېلىن پوپۇس توپىلىق يولنى ناھايىتى تەسلىكتە بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، يارغولنىڭ ئاساسلىق سەيناسى ⑩ غا يېتىپ كەلدى. بۇ جاي تاشلىنىپ قالغان، شەكلى غەلىتە شەھەر خارابىسى بولۇپ، ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان كەچكى شەپەق نۇرىدا گويا ئاي نۇرى چۈشكەن مەنزىرە رەسىمگە ئوخشاش كۆرۈنەتتى. ئاساسلىق سەينانىڭ ئورنى قەدىمي يارغولنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، غايەت چوڭ ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئېگىز تاملىرىنىڭ قالدۇقلىرى ھېلىمھەم ساقلىنىپ تۇراتتى. بىر ئۈزۈك قاشتا بۇد قويىدىغان تام تەكچىسىدىن تۆتى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىسى قۇرۇق ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بۇدنى باشقىلار ئوغرىلاپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. ئۇلارنى ئىسلام دىنىنىڭ تىرىك ئادەمنىڭ رەسىمىنى سىزىشنى مەنئى قىلىش، بۇدقا چوقۇنۇشقا قارشى تۇرۇش ھەققىدىكى دىنىي قائىدىگە ئەمەل قىلىدىغانلار چېقىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ھېلىقى ئىككى بۇد تەكچىسىدىكى بۇدنىڭ تۆۋەن قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان. بىراق، شۇنىمۇ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/29.asp?isim=[2010-12-31 00:34:33]

alma uyghur book

ئېتىراپ قىلىش زۆرۈركى ، بۇ ھەقتە يەنە يىللارنىڭ ئۆتۈشى نەتىجىسىدە ،
بۇدلار چىرىپ كاردىن چىقىپ ، پۈتكۈل خارابىلىكنى قاپلاپ كەتكەن
يۇمشاق تۇپىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن ، دەيدىغان تېخىمۇ
ئاددىي چۈشەندۈرۈشلەرمۇ بار . ئاشۇ بۇدلار بىر خىل كۆل رەڭ خىش
بىلەن سېرىق توپىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىدىن ياسالغان مۇبادا ئۇلار تۇر-
پاندىكىدەك ئىنتايىن قۇرغاق ، چۆللۈك ھاۋا كىلىماتىدا بولمىغان بولسا ،
ئۇلارنىڭ بۇ كەمگىچە ساقلىنىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى

ئۇزۇن زامانلار مۇقەددەم ، يارغولنىڭ ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان
كۆلىمى زور بىر ماكان ئىكەنلىكىنى ، كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە ،
موڭغۇللار تەرىپىدىن — مۇبادا ئۇلار موڭغۇللار بولغان بولسا — ۋەيران
قىلىنىۋېتىلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرگىلى بولىدۇ . ئاساسلىق سەينادا ئۇيغۇر
باشقۇرغۇچى شەھەرنىڭ تارىخىنى بىزگە تونۇشتۇردى ئۇنىڭ خارابىلىك
ھەققىدىكى سۆزىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ مەزمۇنى بۇ شەھەرنىڭ جۇڭگو تا-
رىخىدىكى ئورنى ئۈستىدە بولدى . قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ھەققىدە
ئانچە كۆپ گەپ بولمىدى . ئەمما ، خارابىلىكنىڭ ئۆزىدىنلا ئۇلارنىڭ تا-
رىخى مانا دەپ كۆرۈنۈپلا تۇراتتى . مەن بۇ قەدىمكى شەھەرنى ئاسراش
ياكى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتى-
دىغان ئالامەتلەرنى كۆرەلمىدىم . ئۇلارنىڭ ئۇ يەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى
سەيناغا بارىدىغان ئاساسلىق يولنى خام كېسەك بىلەن ياساۋاتقانلىقىنىلا
كۆردۇم . ئېھتىمال بۇ كەلگۈسىدە ھەر تەرەپتىن كېلىدىغان ساياھەتچى-
لەرگە قولاي بولسۇن ئۈچۈن ياسالغان بولۇشى مۇمكىن .

بىز ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ كەلگەن يولىمىز بىلەن بىر - بىرىگە
ئوخشاپ كېتىدىغان مەھەللىلەرنى ئارىلاپ قايتتۇق ، كەلگەن چېغىمىزدى-
كىگە ئوخشاش چىرايلار بىلەن ئۇچراشتۇق ئۇلار ناھايىتى بۇرۇنلاردا
ئەنە شۇ مۇستەھكەم قەلئەلەر بىلەن مەھكەم قوغدالغان شەھەردىن قوغلاپ
چىقىرىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرىمىدۇ ؟ ئۇلارنىڭ چىرايى مېنى يەنە
بىر نۆۋەت ئۆزىگە قاتتىق مەھلىيا قىلىۋالدى . ئۇلارنىڭ مەن گېرمانىيە
ئارخېئولوگلىرىنىڭ تۇرپاندا ئېكسپېدىتسىيە ، تەكشۈرۈش ئېلىپ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/29.asp?isim=[2010-12-31 00:34:33]

alma uyghur book

بارغانلىقى توغرىسىدىكى چوڭ تېپتىكى سۈرەتلەر توپلىمىدىن كۆرگەن چىرايلار ئىكەنلىكى يادىمغا كەلدى

بىر تۇرپان ناھىيە بازىرىغا يېتىپ بارغىنىمىزدا قاراڭغۇ چۈشكەنىدى. كىشىلەر ئېلېكتر چىراغلىرى يورۇتۇپ تۇرغان كوچىلارغا چىقىشقان، ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان يۇقىرى ئاۋازلىق رادىئو كارنىيىدىن تاللانغان مۇزىكىلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۇرپان ناھىيە بازىرىدا 20 مىڭ ئاھالە بارلىقىنى، مەزكۇر رايوننىڭ جەمئىي 140 مىڭ ئاھالىسى بارلىقىنى بىلىپ بەكلا ھەيران قالدىم. بازاردىكى قايناق ھاياتقا قاراپ بۇ ئىككى سانىنىڭ دەل بىر ـ بىرىنىڭ ئەكسى ئىكەنلىكىنى قىياس قىلدىم. مېھمانخانىدا تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئۇسلۇبىدىكى زىياپەت بىزنى ساقلىماقتا ئىدى: مۇشۇ جاينىڭ ئېسىل تائامى بولغان بىر لىگەن قوي گۆشى بېسىلغان مايلىق پولۇ تەييارلانغانىدى. بىر ئۇلارنى جۇڭگو پىۋىسىنى ئىچكەچ يېدۇق، پىۋىنىڭ تەمى ناھايىتى ئوبدان، پۇرىقىمۇ بەلەن ئىدى. زىياپەتتىن كېيىن، ئۇلار بىزنى رەڭدار ئۇيغۇر كىيىملىرىنى كىيگەن يەرلىك ئارتىسلار ئورۇندىغان ناخشا ـ ئۇسسۇل بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇلار ماۋ زېدۇڭنى كۈيلەيدىغان بىر مۇنچە ناخشىلارنى ئېيتتى. ئاشۇ ناخشىلارنىڭ ئىچىدە «رەئىس ماۋ زېدۇڭغا گىلەم تەقدىم قىلىمىز» دېگەن بىر ناخشا، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى ئەيىبلەيدىغان يەنە بىر ناخشىمۇ بار ئىدى

مەن شۇ كېچىسى ياخشى ئۇخلىيالمىدىم. سىم كارىۋات راستىنلا ئادەمنىڭ جېنىنى قىينايدىغان بىر خىل سايمان ئىكەن. مەن ئەتىگەن سائەت بەش يېرىمدىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. شۇ چاغدىكى ھاۋا ئادەمگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. سائەت يەتتە ئەتراپىدا تاڭ ئاتتى، شۇنىڭ بىلەن تۇرپان تارىخي تەتقىقاتىدىكى يېڭى بىر كۈن باشلاندى.

بىز ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن، ئىدىقۇتقا قاراپ يولغا چىقتۇق. قەدىمكى شەھەر ئىدىقۇت قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئىدىقۇت شەھرى» ⑪ دېيىلىدۇ. قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى سېرىق چاڭ ـ توزان بېسىپ كەتكەنىدى. قەدىمكى شەھەر تۇرپاننىڭ شەرقىي جەنۇبى

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/30.asp?isim=[2010-12-31 00:45:49]

تەرىپىدە ئىدى  ئۇ يەرگە ناھايىتى ياخشى ياسالغان ئاسفالت يولدا ئاپتوموبىل بىلەن بىر سائەتتىلا يېتىپ باردۇق  بۇ يول شەرقتە قۇمۇل، لەنجۇ ۋە جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىگە بارىدىغان غول قاتناش لىنىيىسى، بۇرۇندىن تارتىپ ھۆكۈمرانلار كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان چوڭ يول ئىدى  بىر تۇرپان ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى بىر قانچە زاۋۇتنى بېسىپ ئۆتتۇق، ئۇنىڭ بىرى يېنىك سانائەتكە تەئەللۇق زاۋۇت؛ يەنە بىرى ئېشەك ھارۋىسى ياسايدىغان زاۋۇت ئىكەن، ئېشەك ھارۋىسىنىڭ چاقىنى ۋېلسىپىتنىڭ چاقىدىن ياسايدىكەن، مۇنداق ئېشەك ھارۋىلىرىنى ھازىرقى شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇچراتقىلى بولىدۇ  بۇ يول ھاياتلىقتىن زادىلا ئەسەر بولمىغان ناھايىتى ئۇزۇن بىر تاشلىق سايدىن ئۆتىدىكەن  يولنىڭ سول تەرىپىدە ئاپئاق قار قاپلىغان بوغدا چوققىسى بار بولۇپ، ئەتىگەنكى قۇياش نۇرىدا نۇر چاقنىتىپ تۇراتتى  ئاپتوموبىلىمىز ئوڭغا بۇرۇلۇپ، بىر نەچچە مەھەللىدىن ئۆتتى  مەھەللىدىكى ئۆيلەر ئۇيغۇر پاسونىدىكى پاكار خام كېسەكلەر بىلەن سېلىنغان ئۆيلەر ئىدى  ئارقىدىنلا ئىدىقۇت شەھىرىگە كەلدۇق  ناھايىتى يوغان بىر تاختايغا ئىدىقۇت شەھىرى دېگەن سۆزلەر خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە يېزىپ قويۇلغانىدى  ئاشۇ تاختايدىكى مەزمۇنلاردىن شۇنى ئۇقتۇقكى، ئىدىقۇت شەھىرى مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 ـ ئەسىردە بەرپا قىلىنىپ، مىلادى 14 ـ ئەسىردە خارابىلاشقان، بۇ شەھەر 1500 يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەن  ئەنە شۇ يىللاردا، بۇ يەردە شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان  مىلادىدىن بۇرۇنقى 206 ـ يىلىدىن مىلادى 220 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن خەن سۇلالىسى ۋاقتىدا جۇڭگو قوشۇنلىرى بۇ يەردە تۇرغان، ئەسكەرلەر نوقۇللا قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ھەمدە بۇ يەردە تۇجۇپىلەپ تېرىقچىلىق قىلغان  ئىلگىرى ئىدىقۇت شەھىرى جۇڭگو فېئودال تەپرىقچى خانلىقىنىڭ — ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ — پايتەختى بولغان 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى بولغان، شۇڭا «ئىدىقۇت شەھىرى» دەپ ئاتالغانىدى  ئىدىقۇت — ئۇيغۇر ھۆكۈمرانىنىڭ نامى

www.alma.cn

ھېلىغىچە ساقلىنىپ قالغان سېپىل ئىچىدە خان سارىيى، ھۆكۈمەتنىڭ
ئىش بېجىرىش ئىشخانىلىرى، بۇتخانا، شۇنداقلا بازار، رەستە ۋە سەينالار
بار ئىكەن  بۈگۈنكى كۈندە بۇلار خارابىلىككە ئايلىنىپ كېتىپتۇ
شۇ ئەسنادا ئىدىقۇتتا قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى. ئاسماننى
خارابىلىكتىن كۆتۈرۈلگەن سېرىق چاڭ - توزان قاپلاپ كەتتى  بىز ئاپ-
تومو‌بىلغا چۈشۈپ خارابىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ ماڭدۇق. بۇ
ئادەمدە بىر خىل ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ قويغاندەك، ئەرۋاھلار ئالدىدا ئە-
دەبسىزلىك قىلىپ قويغاندەك، سېزىم پەيدا قىلاتتى  ماڭا ھەمراھ
بولغۇچى ئىلگىرى ئىدىقۇت شەھىرىنىڭ مەركىزىگە بارىدىغان يولغا ئاس-
فالت ياتقۇزۇش پىلانلانغانلىقىنى، بىراق ئۇلارنىڭ بۇنى غەلىبىلىك ھالدا
توسۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بەزى ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەر بۇ يولغا
ئاسفالت ياتقۇزغاندا ئۇ بەك زامانىۋىلىشىپ كېتىدۇ، دەپ قارايدىكەن  ئى-
دىقۇت شەھىرى 1961 - يىلى 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن ئېتىبارەن رەسمىي
قوغدىلىدىغان، دۆلەت دەرىجىلىك تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇق-
تىسى قىلىپ بېكىتىلگەن. بۇ قارارنىڭ پايدىسى شۇكى، ئاشۇ يەردە
ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىلەر ئەمدى ئۇنى خالىغانچە قازالمايدىغان، دېھقانلار
شەھەر ئىچىدىكى توپىنى ئالالمايدىغان بولغان.
ئىدىقۇت شەھىرىدە ئادىمىزات بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەمگە
چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ  بىز بۇددخانا ئۈستىگە چىقتۇق  ئۇ يەردىن
قەدىمكى شەھەرنى تولۇق كۆرگىلى بولاتتى  قەدىمكى شەھەرنىڭ
ئايلانمىسى تەخمىنەن ئۈچ ئىنگلىز مىلى ئۆپچۆرىسىدە كېلىدىكەن  دېھ-
قانلار ئۇنىڭ يانلىرىنى قېزىپ يۇرۇپ بۇزۇۋەتكەن بولسىمۇ ( بۇ يەردىكى
دېھقانلار ئۆزلىرىگە ئۆي سالغاندا پىششىق خىشقا موھتاج بولغاچقا، ئۇ
يەرنى قازغان ) بىر بۆلۈم ئېگىز سېپىللار ھېلىھەم مەزمۇت تۇراتتى.
بۇتخانىنىڭ بۇت تەكچىلىرى قۇپقۇرۇق ئىدى. ئۇلاردىن بۇ يەردە تام
رەسىملىرىنىڭ بار - يوقلۇقىنى سورىسام «yoq» ( يوق ) دەپ جاۋاب
بەردى. بىز «دەم ئېلىش ئۆيى» ( قەدىمكى شەھەر سىرتىغا سېلىنغانى-
كەن، بۇ ئۆينى ئۇلار شۇنداق دەپ ئاتايدىكەن ) دە بىر پەس ئارام

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn

alma uyghur book

ئالغاندىن كېيىن، ئېكسكۇرسىيىمىزنى ئاخىرلاشتۇردۇق. بىز ئۇ يەردە ئىدىقۇت شەھىرى ئۈستىدە، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە پاراڭ سېلىشتۇق. مەن خارابىلىكتە كېيىن يىگىدىن قېزىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان – بارمىغانلىقىنى ياكى بۇ يەردە ئارخېئولوگىيىلىك پائالىيەتلەرنىڭ ئېلىپ بېرىلغان – بېرىلمىغانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇلار جاۋاب بېرىپ، خارابىلىكنىڭ بىر بۆلۈكىنى ئازراق كولاپ باققانلىقىنى ھەمدە بىر خەنزۇنىڭ قەبرىسىنى بايقىغانلىقىنى، ئۇنىڭ 1500 يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، كېيىن قىلىنغان ئىشلارنىڭ ئەنە شۇنچىلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇلار ئاستانىدا قېزىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، خېلى مول نەتىجىلەرگە ئېرىشىپتۇ. ئەمما، بۇددا دىنىنىڭ تام رەسىملىرى ۋە بۇتلىرىنى بايقىغاندىنمۇ بەكرەك زىلزىلىگە كەلتۈرگىنى شۇكى، ئۇ يەردىن روسىيىنىڭ سايمۇ ساق تۇرغان بىر قاپ سەرەڭگىسى تېپىلىپتۇ، بۇ سەرەڭگىنى ھېلىھەم ئىشلەتكىلى بولىدىكەن. بۇ 19 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىكى سەرەڭگە بولۇپ، شۇ چاغدا تۇرپاندا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بارغان روسىيە تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەرنىڭ يېنىدىن چۈشۈپ قالغانىكەن. بۇ بىر قاپ سەرەڭگىدە ئۇلار تىلغا ئالمىغان سىياسىي جەھەتتىكى مۇھىملىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بىز ئاستانىغا قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدۇق. 1972 – يىلى بۇ يەردە كەڭ كۆلەملىك قېزىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلغان. بىز بىر قانچە ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى بېسىپ ئۆتتۇق. بۇ يەردىكى ئۆيلەر خام كېسەكتىن قوپۇرۇلغان، ئۆزگىچە ئۇيغۇر ئۆيلىرى ئىدى. مەن مانا شۇنداق مۇھىتتا بىر قانچە ئاي تۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ياشلىق باھارىمغا يەنە بىر قېتىم ئىگە بولۇشنى راستتىنلا ئارزۇ قىلدىم. ئاشۇنداق بولغاندا ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمغا جەزمەن پايدىسى بولاتتى، شۇنداقلا جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىنى چۈشىنىشىمگىمۇ ياردىمى بولاتتى.

ئاستانىنىڭ سىرتىدا، خەنزۇ قەبرىستانلىقى بار بولۇپ، ئىدىقۇتتىن كەلگەن قەدىمكى خەنزۇ ئېسىلزادىلىرى ئاشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانىكەن. بۇ يەردىكى كىشىلەر يەرنىڭ ئاستىدىكى شامگۆرگە كىرىش

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/30.asp?isim=[2010-12-31 00:45:49]

مەقستىدە يەر يۈزىدىن بىر قانچە چوڭقۇر ئورا كولىغان  ئۇلار مېنى ئارغامچىغا ئېسىلىپ ئاستىغا چۈشۈپ كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى  مەن رەھمەت ئېيتىپ رەت قىلدىم  بۇ ئارقىلىق كۆرۈشكە تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرەلمەي قالغانلىقىمدا، بولۇپمۇ خەنزۇلارنىڭ قەبرىسىنى بېرەيدىغان تام رەسىملىرىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم قالغانلىقىمدا، شەك ـ شۈبھە يوق ئىدى

بىر ئاستانىغا دەل چۈشتە كەلدۇق  ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەنىدى  پەرىرىمچە، سالقىن جايلارنىڭ تېمپېراتۇرىسىمۇ تەخمىنەن 35 گرادۇس ئەتراپىدا ئىدى  ھالبۇكى، ئاستانە قەبرىستانلىقىدا سالقىن جاي يوق ئىدى  بىر ئاستانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ بولۇپ، ئىككىنچى بىر ئېكسكۇرسىيە ئورنى — مەسچىت ۋە مەدرىسكە قاراپ ماڭدۇق  ئۇ ئىمىن ۋاڭ سالدۇرغان ئېگىز مۇنارلىق مەسچىت ئىدى ⑫  مۇنار ناھايىتى ئېگىز بولغاچقا، يىراقتىنلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى  بىر ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ قۇمۇل — ئۈرۈمچى تاشيولى بىلەن تۇرپانغا قايتتۇق  گۆڭگۈم چۈشەي دەپ قالغان بولغاچقا، تاشيولدا ئاپتوموبىللار بەك كۆپ ئىدى. بىر يېرىم سائەت ماڭغاندىن كېيىن، سولغا بۇرۇلۇپ، تاشلىق سايىنى ئارقىمىزغا تاشلاپ، ئېگىنزار كىچىك بىر مەھەللىدىن يەنە بىر رەت ئۆتۈپ، ھېلىقى مۇنار تۇۋىگە كەلدۇق. مۇنار كىچىك بىر دۆڭلۈككە سېلىنغان بولۇپ، ئەتراپى قويۇق ئۆسكەن قوناقلىق ئىدى. شۇنداقلا قەدىمكى دەريا قىنى ۋە ۋەيران بولغان شەھەر سېپىلىنىڭ قالدۇقلىرى تۇراتتى. ئۇيغۇرچىدا Kona Shahar ( كونا شەھەر ) دېگەن سۆز « قەدىمكى ئاھالىلەر تۇرغان جاي » دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى

ئىمىن ۋاڭ مۇنارى ئىسلام قۇرۇلۇشلىرىدىن بىرى ئىدى، ئەلۋەتتە لېكىن، ئۇنىڭ قەدىمكى بۇددا دىنىنىڭ نەزىر ـ چىراغ قىلىدىغان يېرىگە سېلىنغانلىقىدا شەك ـ شۈبھە يوق ئىدى  دىنىي قائىدىلىرى چىڭ ئىسلام دىنى تەخمىنەن بۇنىڭدىن 1000 يىل مۇقەددەم ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەن چاغدا، ئىسلام مۇخلىسلىرى تولا چاغلاردا بۇتپەرەسلەرنىڭ بۇتخانىسىنىڭ ئورنىغا مەسچىتلىرىنى سالغانىدى  ئىمىن ۋاڭ مۇنارى مىلادى 1771 ـ

www.alma.cn

يىلىدىن 1776 ـ يىلىغىچە ⑬ بولغان ئارىلىقتا ياسالغان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە تارىخىي خارابىلىك قاتارىدا قوغدالماقتا. بۇ ئۇنى ياساتقۇچى — ئىمىن ۋاڭنىڭ ھايات ۋاقتىدا بېيجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن چوقۇم ياخشى ئۆتتۈشكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئىمىن ۋاڭ مۇنارى ھازىر مەسچىت ناماز ئوقۇيدىغان جاي — مەدرىس قىلىنماقتا. بىز ئۇنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان چاغدا، مۇنار ئىچى رېمونت قىلىنىۋاتقان بولغاچقا، بىر توپ ئىشچىلار تامغا لاي چاپلاۋاتاتتى، قالغان ئۇستىلار ئەندۈۋا بىلەن تامنى سۇۋاۋاتاتتى. مەسچىتنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ناماز ئوقۇيدىغان كەڭ مەيدان بار ئىدى مەيدانىنىڭ تۆت ئەتراپىدا تالىپلار دەرس ئالىدىغان چاسا شەكىللىك ئاددىي ھۇجرىلار بار ئىدى. بۇ ھۇجرىلار ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۆتەر يوللارغا غۇۋا يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى تاملارغا جىق ئىسىملار ۋە بېغىشلىملار ئويۇلغان بولغاچقا، تام بۇزۇلۇپ كەتكەنىدى ئۇلارنىڭ تولىسى خەنزۇچە خەتلەر ئىدى. مۇنارنىڭ دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى تامدا بىر ئابىدە بار بولۇپ، ئابىدىدىكى بېغىشلىما ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ۋە خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغانىدى. ئالدىدىكى خەتلەر تۇتۇقلىشىپ كەتكەچكە، ئۇيغۇرچىسىنى ئوقۇيالمىدىم. ئۇ بەلكى ئىمىن ۋاڭ مۇنارىسى ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇش بولۇشى مۇمكىن

## قايتىش سەپىرى

جۇڭگو دۆلەت ئاۋىئاتسىيە شىركىتى — CAAB نىڭ ياۋروپاغا قاتنايدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلانى ھەپتىدە ئىككى قېتىم قاتنايتتى. قاتنايدىغان ئايروپىلاننىڭ بىرى ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن «بوئىڭ — 707» بەلگىلىك يولۇچىلار ئايروپىلانى بولۇپ، خەلقئارا ئۆلچەمگە تامامەن ئۇيغۇن كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇش لىنىيىسى بېيجىڭ — ئۈرۈمچى — بېلگىراد — سيۇرىخ ئىدى. مەن 1978 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىكى ئايروپىلاننىڭ بېلىتىنى زاكاز قىلدىم جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە خىزمەت قىلىدىغان يېڭىدىن تونۇشقان دوستۇم بېيجىڭ

ئالما تور بېكىتى www.alma.cn

ئايرودرومغا چىقىپ، مېنى ئۇزىتىپ قويدى. ئايروپىلان ئەتىگەن سائەت ئالتىدىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە قوزغالدى. يولۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى جۇڭگولۇقلار ئىدى. پەرىزىمچە ئۇلار ياۋروپاغا بېرىشى ياكى بەزىلىرى ئامېرىكىغا بېرىشى مۇمكىن، ئېھتىمال ئۇلار «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» قا مۇناسىۋەتلىك ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغانلار بولسا كېرەك.

بىز ئۈرۈمچىدە بىر سائەت توختىدۇق. ئايرودرومدىكىلەر بىرگە ۋاقىتتىن سەل ئىلگىرى بولسىمۇ، ناھايىتى مول جۇڭگوچە چۈشلۈك تاماق بەردى. تاماقتىن كېيىن، ياۋروپاغا قاراپ ئۇچتۇق. ئايروپىلان ئۈرۈمچى ئاسمىنىدىن پەس ئۇچۇپ ئۆتكەندىن كېيىن بارا - بارا يۇقىرى ئۆرلەپ، تەڭرىتاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتۈشتىكى زۆرۈر بولغان سۈرئەتكە يەتتى. پەسكە قارايدىغان بولساق، ھەممە يەردىن قارا ئىس - تۈتەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئۈرۈمچى سانائەت رايونلىرى، ئۇنىڭدىن كېيىن كەڭ تۈزلەڭلىك، ساپسېرىق، ياپپېشىل ۋە قاپقارا دالا - ئېتىزلىقلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ھەش - پەش دېگۈچە ئايروپىلان تەڭرىتاغنىڭ (تەڭرىنىڭ تاغ تىزمىلىرى) گېئولوگىيىلىك رايونىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەر توق قىزىل رەڭلىك چوققىلار بولۇپ، گويا يانار تاغ قىيالىرىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، شەكلى غەلىتە كەلگەن كۆل رەڭ، سېرىق رەڭ، بىنەپشە رەڭ ۋە كۆك ئارىلاشمىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان تاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتتۇق. ئەڭ ئېگىز چوققىلارنى ئاپئاق قار قاپلىغانىدى. بىز شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىن بىردەمدىلا ئۆتۈپ كەتتۇق. ئايروپىلان غۇۋا كۆرۈنگەن تۈزلەڭلىكتىن ئۆتتى. غەرب تەرەپتە سوۋېت — جۇڭگو چېگرىسىدىكى ئاپئاق قار قاپلىغان مۇزلۇق چوققىلار گويا ئاسمان بوشلۇقىدا لەيلەۋاتقان ئاق رەڭلىك ئۇرۇن قىردەك كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئايروپىلان تەكلىماكان چۆلىدىن بىر يېرىم سائەتتە ئۆتتى. بىر تايوغان بىر تاغ چوققىسى ئۇڭ تەرەپتىن كۆز ئالدىمىزدا بىردىنلا پەيدا بولغانغا قەدەر، تۇماندىن بۆلەك ھېچنېمىنى كۆرەلمىدۇق. بۇ مۇز تاغ چوققىسى ئىدى. ئېكسپېدىتسىيىچىلەر بۇرۇن ئۇنى رومانتىك ھالدا «مۇز تاغ

www.alma.cn

alma uyghur book

ئاتىسى » دەپ تەرىپلەشكەنىدى . مۇز تاغ ئۇلۇغ تەرىپىمىزدە قالغان بول-
غاچقا ، شىنجاڭدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىمىز ئېنىق ئىدى. ئېھتىمال
يەكەندىن ئۆتكەندىن كېيىنلا شىنجاڭدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولۇشىمىز
مۇمكىن. ئۇچۇش لىنىيىسى توغرۇلۇق يولۇچىلارغا ھېچقانداق ئۇچۇر
بېرىلمىدى . پەقەت سۈرەتكە تارتىشقا بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىرلا
ئىش ئۇقتۇرۇپ قويۇلدى. بۈگۈنكى كۈندە ، ئاسمان پەلەك قارا قۇرۇم تاغ
تىزمىلىرى ئۈستىدىن ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ ئۆتۈش ئىنتايىن ئوڭاي ،
ئەمما ئىلگىرىكى كارۋانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ھىندىستاندىن قەشقەرگە ،
يەكەنگە ۋە خوتەنگە بېرىش ئۈچۈن توپتوغرا ئىككى ئاي يول يۈرۈشكە
توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يول ئازابى ناھايىتى ئېغىر ئىدى. بۇ
جايلارنىڭ ھاۋاسى شالاڭ بولغاچقا ، ئادەملەر ۋە ئات - ئۇلاغلار ئېگىزلىك
كېسەللىكىنىڭ دەردىگە چىداشقا توغرا كېلەتتى. ئاشۇ يەردىن ئۆتۈپ كې-
تىۋاتقاندا ، بىردىنلا 94 ياشلىق خانىنا راگوۋيت ئېسىمگە كېلىپ قالدى
ئۇنىڭ لوندوندىكى پېنسىيىگە چىققان مويسىپىتلارغا بەرگەن ئۆيىدە ئول-
تۇرغان ھالىتى ـــ نازاكەتلىك - ئاجىز تېنى ، ئۆتكۈر ، نۇرانە كۆزلىرى
كۆز ئالدىمدا نامايان بولغانىدى . بۇ خانىم مۇشۇ ئۆتكەلدىن بىر قانچە نۆ-
ۋەت ئاتلىق ئۆتۈپ ، نۇرغۇن جاپا - مۇشكۇللارنى ۋە خېيىمخەتەرلەرنى
بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ، قەشقەر ، يەكەنگە يېتىپ بېرىپ ، شۇ
يەردە تۇرۇۋاتقان دىن تارقىتىش ئۆمىكىگە قوشۇلغانىدى. ئۇنىڭ
پېشانىسى دىن تارقىتىش ئۆمىكىدىكى كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭكىدىن ئوڭ
بولغاچقا ، ئۆلمەي تىرىك قالغانىدى. شۇ تاپتا بىز كىسلارۇت يەتكۈزۈپ
بېرىشى ئىزچىل ياخشى بولغان « بوئىڭ ـــ 707 » بەلگىلىك يولۇچىلار
ئايروپىلانىدا بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ ، ئىلگىرىكى كارۋان يوللىرىغا كۆز
تىكىپ ، دۇنيادىكى ئەڭ ھەيۋەتلىك تاغ چوققىسىغا رەن سالماقتا ئىدۇق
ئۇ يەرنى ئېگىز تاغ چوققىلىرى جىلغا - تىك يارلار قاپلىغانىدى. قاتمۇ
قات تاغلار ئارىسىدا ياشاۋاتقان ھەر مىللەتتىن بولغان ئىنتايىن ئاز سان-
دىكى ئاھالىنىڭ بىر قانچە مىڭ يىل مابەينىدە دۇنيادىن ئايرىلغان ھالدا
ھايات كەچۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقى ماڭا ئايانىدى ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆز تىل-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/30.asp?isim=[2010-12-31 00:45:49]

alma uyghur book

لىرىنى سىرتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراتماي ئەسلى ھالىتى بويىچە ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىش بەك ئوڭاي ئىدى. تاغ-چوققىلاردىن ھاسىل بولغان ئەنە شۇ توساقلار بۇ يەردىكىلەر بىلەن باردى-كەلدى قىلىشنى قىيىنلاشتۇرۇۋەتكەندى. بۇنى ئېنىق چۈشىنىش ناھايىتى مۇھىم. بۇ مۇزلۇق تاغ بىلەن جىلغا ئارىسىدىكى ئېقىنى بار زېمىن ئىدى. بەزى چاغلاردا زۇمرەتتەك پارقىراپ تۇرغان كىچىك كۆللەرمۇ پەيدا بولۇپ قالاتتى. كۈز پەسلىدە تاغدىكى قارلار ئېرىمەيدىغان بولغاچقا، كۆلگە سۇ قۇيۇلمايتتى. جىلغىدىكى كۆلمى كىچىك تېرىلغۇ يەرلەر ئاندا-ساندا كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى. ئۇ يەردىكى كىشىلەر قانداق تىرىكچىلىك قىلىدىغاندۇ؟ ئۇلار 1000 يىللار مابەينىدە شەكىللەنگەن تىرىكچىلىك ئادەتلىرى بويىچە ياشامدىغاندۇ؟ ئىرېلاندىيىلىك ئايال دېرئولا مورفىنىڭ ئالتە ياشلىق قىزىنى ئېلىپ، بىز شۇتاپتا ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقان ئېگىز تاغقا چىققانلىقى ئىختىيارسىز ئېسىمگە كەلدى. گەرچە ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 6000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغ ئېغىزىغا چىقالمىغان بولسىمۇ، لېكىن قەدىناس دوستۇم خانىنا راگۇيتقا ئوخشاش تاغقا ئاتلىق چىققاندى. ئارامخۇدا ياشاۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى راستىنلا بىر مۆجىزە ئىدى. ھەتتا بۇنىڭدىن 50 يىل مۇقەددەم، شۋېتسىيىلىك دىن تارقاتقۇچىلىرىمىزنىڭ بۇ جايدا تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچگەپ ئەمەس ئىدى ئۆز يۇرتىمدىن ئايرىلىپ، چەت-ياقىغا سەپەر قىلىپ كەلگەن ئاشۇ كىشىلەر قەشقەر ۋە يەكەندە بىر ئۆمۈر تۇرغان. دېرئولا مورفى « ياش ھىندى دەرياسى » دېگەن كىتابتا بالتىستان رايونىنىڭ جىلغىلىرىدىكى كىچىك مەھەللىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈش ئەھۋالىنى بايان قىلغان ئۇنىڭ ئاشۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ گىياھ ئەسلا ئۈنمەيدىغان ماكاندا قانداقسىگە ھايات كەچۈرگەنلىكى، ئەقلىنى ئىشقا سالغانلىقىغا ئوخشاش نۇرغۇن سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرەلەيدىغانلىقىدا شەك-شۈبھە يوق ئىدى

غەربتىكى يىراق بىر جايدا، ئۈستىنى ئاپئاق قار قاپلىغان تاغ چوققىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پەرىزىمچە، ئۇ ھەربىر تاغقا چىققۇچى ئۇنى

ئالما نۇر بىكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/30.asp?isim=[2010-12-31 00:45:49]

alma uyghur book

بويسۇندۇرۇشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان جەنۇبىي جاپپار بات تېخى بولسا كېرەك. نۆۋەتچى ئايروپىلان بىزنى ھېچقانداق ئەھۋال بىلەن تەمىن ئەتمىگەچكە، ئايروپىلان تەسەۋۋۇر قىلالمىغان تەسكە چۈشىدىغان ئاشۇ گۈزەل جايدىن ئۆتكەندە، پەرىزىمنى ئېسىمدە قالغان خەرىتە بىلەن سېلىشتۇرۇپ قىياس قىلدىم مەن ئارقامغا بۇرۇلۇپ باشقا يولۇچىلارنىڭ قانداق تەسىراتتا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقاي دەپ قارىسام، ئۇلار ئۇخلاپ كېتىپتۇ — ئۇلار ئاستىمىزدىكى يەردىكى جىمىكى مۆجىزىلەرگە قىزىقمايدىغانلار بولسا كېرەك

## ئىزاھات

① ستىرىنبېرگ ( 1849 — 1912 ) شۋېتسىيىلىك مەشھۇر يازغۇچى، ئۇنىڭ دراممىلىرى ۋە تەرجىمھال شەكلىدىكى رومانلىرىنىڭ تەسىرى بەك كۈچلۈك

② « ماياك » — « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئالدى - كەينىدە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مەخسۇس شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئۈچۈن تەتۈر تەشۋىقات ئېلىپ بارىدىغان رادىئو ئىستانسىسى، ئۇنىڭ رولى خەنزۇچە « تىنچلىق ۋە تەرەققىيات » ئىستانسىسىغا ئوخشاش

③ يېڭى ئۇيغۇر تىلى — 60 — 70 - يىللاردىكى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېڭى ئۇيغۇر تىلىنى ئەمەس، چاغاتاي تىلى بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى كۆرسىتىدۇ

④ « خەنزۇچە سان » دېگەندە، بەش سىزىقلىق نوتا قوللىنىلماي، ( ئاددىي نوتا 1 - 7 گىچە بولغان ئەرەب رەقىمى ۋەكىللىك قىلغان ئاھاڭ بەلگىسى ) قوللىنىلغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ

⑤ « ئالتە شەھەر » — جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر قانچە ئاساسلىق شەھەرنى كۆرسىتىدۇ كونكرېت كۆرسىتىدىغان شەھەرلەرنىڭ قايسى ئىكەنلىكىدە كىشىلەرنىڭ قارىشى بىردەك ئەمەس چىڭ سۇلالىسىنىڭ 71 جىلدلىق ئاھالىلەر تەزكىرىسى ( غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز ) نىڭ 2 - جىلدىغا ئاساسلانغاندا، ئالتە شەھەر ياركەنت ( بۈگۈنكى يەكەن ) قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا،

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/30.asp?isim=[2010-12-31 00:45:49]

يېڭىسار ۋە خوتەننى كۆرسىتىدۇ. تۇرپاننى ئالتە شەھەرگە قوشۇپ ھېسابلايدى-غانلارمۇ بار.

⑥ گۇما — خوتەن ۋىلايىتىدىكى گۇما ناھىيىسى. بۇ يەردە ناھىيە تۇرۇشلۇق ئورۇن گۇما بازىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑦ شۇبھىسىزكى، بۇ يەردە «جياۋۇ تۇمانلىرى» دېگەن فىلىمى كۆزدە تۇتۇلغان.

⑧ لوۋىزا ئېنۋاردنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا سۋېن ھېدىننىڭ «قاچقۇن ماجۇڭيىڭ»، «ئاسىيا كىندىكىدە ئېلىپ بېرىلغان سەككىز يىللىق ئېكسپېدىتسىيە» دېگەن كىتابلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك باب، پاراگرافلىرىغا قاراڭ.

⑨ كارىزنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ئۈستىدە، تارىختىن بۇيان كۆز قاراش ئوخشاش ئەمەس. ئۇنى ئىراندا بارلىققا كەلگەن دەيدىغان قاراش غەربتە نىسبەتەن ئومۇملاشقان.

⑩ يارغول قەدىمي شەھىرى — دۇنياغا مەشھۇر قەدىمكى شەھەر. يارغول قەدىمكى شەھەرنىڭ يار ئېغىز جىلغىسىدىكى قەدىمكى دەريانىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «يارغول تاش ئۆڭكۈرى» شەھەرنىڭ غەر-بىدىكى جىلغىنىڭ قارشى قىرغىقىدا.

⑪ «ئىدىقۇت» — ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆرمەت نامى، «ئىدىقۇت شەھىرى» نىڭ مەنىسى «خان شەھىرى» دېگەندىن ئىبارەت.

⑫ بۇ يەردە مەشھۇر سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى ھەققىدە ۋاڭ بىڭخۇانىڭ «تۇرپاننىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989-يىلى نەشرى) دېگەن كىتابىغا ھەم خۇجى، لى شياۋ-سۇڭ، رۇڭ شىنجاڭلار يازغان «تۇرپان» (سەنچىن نەشرىياتى 1987-يىل نەشرى) نىڭ مۇناسىۋەتلىك باب، پاراگرافلىرىغا قاراڭ.

⑬ مۇنارنىڭ ياسالغان ۋاقتى ھەققىدە گەپ بىر خىل ئەمەس. مۇنارنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى ھەققىدە يېزىلغان خەنزۇچە ئابىدىدە مىلادى 1776 — 1777-يىلى (چيەنلوڭ 41-يىلىدىن 42-يىلغىچە) ياسالغان دېيىلگەن؛ ئەمما ئۇيغۇر ئابىدىدە بولسا، 1767-يىلى (ھىجرىيىنىڭ 1181-يىلى) ياسالغان دېيىلگەن

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn

alma uyghur book

# خاتىمە

قەشقەرگە بېرىپ ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئەسلىگىنىمگە ۋە سېلىشتۇرما قىلىپ تەكشۈرۈش سەپىرىنى قىلغىنىمغا يەتتە يىل بولدى

مەن 1929 ــ 1930 ـ يىللاردا كۆرگەن شىنجاڭنى ــ جۇڭگونىڭ غەربىدىكى ئەڭ چەت ئۆلكە ۋە ئەڭ بېكىنمە رايوننى ئوتتۇرا ئەسىرگە قايتقان جاي دەپ قاراش ئەڭ مۇۋاپىق بولاتتى ئارىدىن 49 يىل ئۆتكەندە مەن بۇ رايونغا 2 ـ قېتىم يەنە بېرىپ شىنجاڭنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىن قەپقالغان ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنىڭ دەردىنى ھېلىھەم تارتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم . بۇ 30 ـ يىللاردا غەپلەتتە ياتقان ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەكسى ئىدى . ئەمەلىيەتتە بولسا ، بۇ جاي ماشىنىلاشقان ، گۈللەپ ياشنىغان سوتسىيالىستىك رايونغا ئايلانغان بولۇپ ، بۇرۇنقىدىن ناھايىتى چوڭ پەرقلىنەتتى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ، ماۋ زېدۇڭنىڭ غايەت زور ھەيكىلى ھېلىھەم ئۇ يەردە قەد كۆتۈرۈپ ، كىشىلەرنى ئۇنى ئاسانلا ئەستىن چىقىرىۋەتمەسلىك ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرسىمۇ ، ئەمدى ئۇ تارىخ بولۇپ قالغانىدى

مەن بۇ خاتىمەمدە ، ئۆتكەنكى يەتتە يىلدا شىنجاڭدا بارلىققا كەلگەن ، مەن مۇھىم دەپ قارىغان ئىشلار ھەققىدىكى تەسىراتىمنى قىسقىچە يېزىپ چىقىشقا تىرىشىمەن . بۇ ئىختىيارىچە سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلغان ئەسلىمىدىن ئىبارەت . 1 ـ قېتىملىق سېلىشتۇرغان ۋاقتىمدا ئارىدىن 49 يىل ئۆتتى . ئەمەلىيەتتە سېلىشتۇرىدىغان بۇ يېڭى يىللار 1 ـ قېتىملىق سېلىشتۇرمىدىكى يىللارنىڭ يەتتىدىن بىرىگە تەڭ كېلىدۇ . ۋەھالەنكى ، مۇشۇ يەتتە يىلدا شىنجاڭدا شۇنچە كۆپ ئىشلار يۈز بەرگەن .

ماۋ زېدۇڭ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، جۇڭگودا بارلىققا كەلگەن چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ئىسلاھاتلار تەبىئىي ھالدا شىنجاڭغىمۇ تەسىرىنى كۆرسەتكەن مۇنداق تەسىر ھەتتا جۇڭگونىڭ ئىچكىرىسىدىكى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/31.asp?isim=[2010-12-31 00:33:49]



ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە مەجمۇئەسى

# قەشقەرگە قايتا سەپەر

يارىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى

ئاپتورى: گۇننار ئالفرېد يارىڭ ( شىۋېتسىيە )

تۈزگۈچى: ياڭ لىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

alma uyghur book

جايلىرىدىكىدىنمۇ قاتتىق بولغان چۈنكى ، شىنجاڭ ھامان جۇڭگونىڭ
باشقا ھەرقانداق جايىدىن تېخىمۇ ئارقىدا قالغان جاي ئىدى . ئېچىۋېتىش
بۇگۈنكى كۈندە شىنجاڭدا باشلانغان بولسىمۇ ، لېكىن سىرتقى دۇنياغا
قارىتا ئېچىۋېتىش سۈرئىتى تولىمۇ ئاستا بولغان . ھۆكۈمەت 1984 -
يىلى 1 - ئايدا بىر قانچە ئون يىللىق بېكىنمىچىلىكتىن كېيىن ، چەت ئەل-
لىكلەرنىڭ قەشقەرگە زىيارەتكە كېلىشگە بولىدىغانلىقىنى جاكارلىغان
مانا بۇ قەشقەرنىڭ شىنجاڭنىڭ تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلىرىدا
تۇنجى بولۇپ چەت ئەللىك زىيارەتچىلەرگە ئېچىۋېتىلگەن بىردىنبىر
شەھەر بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ . يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىس-
دىكى يەكەن بىلەن خوتەندىن ئىبارەت ئىككى شەھەر تېخىچە
ئېچىۋېتىلگەن شەھەرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلمىگەن . ئۈرۈمچى بىلەن تۇر-
پاننىڭ چەت ئەل ساياھەتچىلىرىگە ئېچىۋېتىلگىنىگە كۆپ يىل بولدى .
ئەمما ، شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن جايلىرى ياكى رەسمىي نامى بىلەن ئاتىغاندا
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نۇرغۇن جايلىرى ، روشەنكى تېخىچە
باشقىلارغا نامالۇم بولۇپ كېلىۋاتقان جايلاردىن ئىبارەت . ھالبۇكى ، كەل-
گۈسىدە ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈلۈپ بولغان كەلگۈسىدە قەشقەرگە 300
كارىۋاتلىق مېھمانخانىدىن بىرى ، تۇرپانغا 500 كارىۋاتلىق مېھمانخانىدىن
بىرى ، ئۈرۈمچىگە ساياھەت كەنتىدىن بىرى سېلىنماقچى .

شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چېگرىداش بولغانلىقتىن ، ئىلگىرى
ئىزچىل تۈردە يېگانە تۇرۇپ كەلگەن يېگانە تۇرۇشتىكى يەنە بىر سە-
ۋەبى جۇڭگونىڭ لوپنۇر رايونىدا ئاتوم تەتقىقات بازىسى بولغانلىقىدىن
ئىبارەت مۇشۇ بىر ئەمەلىيەتتىن تاپقىلى بولىدىغانلىقىدا شەك - شۈبھە
يوق بۇنى مەخپىي تۇتۇش زۆرۈر ئىدى ئۇنىڭ ئۈستىگە چەكلەش
خاراكتېرلىك بەلگىلىمە چىقىرىلغانىدى .

شىنجاڭ ناھايىتى باي ماكان ئىكەنلىكىدە شەك - شۈبھە يوق .
سۇغىرىشتا يېتەرلىك سۇغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغان ، سۇ مەنبەسىنى
تەكشى تەقسىم قىلىدىغان مۇۋاپىق تۈزۈم تۈزۈلىدىغان ھەمدە قۇملارنىڭ
ئېتىز - ئېرىقلارنى بېسىپ كېتىشىنى توسقىلى بولىدىغانلا بولسا ، دېھقان-

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/31.asp?isim=[2010-12-31 00:33:49]

alma uyghur book

چىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى
زور چوڭ جەھەتتىن ئېيتقاندا ، تېخى ئېنىق تەكشۈرۈلۈپ بولۇنمىغان
بولسىمۇ ، شىنجاڭدا ئېچىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان مول قېزىلما بايلىق
مەنبەلىرى بار شۇنداقتىمۇ شىنجاڭدىن كەلگەن ئەڭ يېڭى خەۋەرگە قا-
رىغاندا ، جۇڭگو زېمىنىدا مەلۇم بولغان 150 خىل كان بايلىقدىن
شىنجاڭدا 118 نى تاپقىلى بولىدىكەن باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، بۇ سان
جۇڭگو قېدىرىپ ئېنىقلاپ چىققان كان بايلىق تۈرىنىڭ% 80
ئىگىلەيدىكەن بىراق ، شىنجاڭنىڭ بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن
ئالدى بىلەن قاتناش ۋە مۇلازىمەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا
كېلىدۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە نۇرغۇن تەپسىلىي تەرەققىيات
پىلانلىرى تۈزۈلگەن ، بىراق ئاشۇ پىلانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان
تېخنىك خادىملار ۋە ئالىملار قەيەردە ؟ مۇبادا بۇ ئاپتونوم رايوندا ئول-
تۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز دۆلىتىنى
تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قاتنىشىدىغان بولسا ، تېخنىكا جەھەتتە ئىلغار خەن-
زۇلار بىلەن ئوخشاش باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرالايدىغان بولسا ، ئۇ ھالدا
مائارىپقا ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قويۇش ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئاز
سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان مائارىپقا تېخىمۇ بەك قاتتىق تەلەپ قويۇش
لازىم ئەمەلىيەتتە ، ئۆتكەن بىر قانچە ئون يىلدا ، جۇڭگونىڭ ئىچكىرى
جايلىرىدىن شىنجاڭغا كەلگەن خەنزۇلارنىڭ سانى ناھايىتى جىق بولغان
بولۇپمۇ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا تېخىمۇ شۇنداق ھازىر ئۇ يەردىكى خەن-
زۇلار كۆپ سانىنى ئىگىلەپ بولغان خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ كۆچۈپ
بېرىشىنىڭ ئاھالە سانى جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغان خەنزۇلار
بىلەن شىنجاڭدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلەر ئوتتۇرىسىدا
سۈركىلىش پەيدا قىلىدىغان ئامىلنى ئۆزئىچىگە ئالغانلىقىدا شەك - شۈبھە
يوق بىراق ، يەنە بىر جەھەتتىن ، كىشىلەر نۆۋەتتە جۇڭگو
ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەڭ زېمىنىدىكى ئاز سان-
لىق مىللەت ئاھالىلىرىگە قوللىنىۋاتقان ئاكتىپ پوزىتسىيىنىڭ ئاشۇنداق
توقۇنۇشنى تىرىشىپ تۈگىتەلەيدىغانلىقىغا دىققەت قىلىش مۇمكىن

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/31.asp?isim=[2010-12-31 00:33:49]

alma uyghur book

جۇڭگودا 55 ئاز سانلىق مىللەت بار ، ئۇلارنىڭ نوپۇسى 68 مىليون ، ھەربىر ئاز سانلىق مىللەتنىڭ نوپۇسى 15 مىليوندىن بىر قانچە مىليونغىچە باردۇ

1949 ـ يىلى ئازاد بولغاندىن بېرى ، ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان كوممۇنىستلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ ، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تەتقىق قىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ مائارىپى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلايدىغان ئورگان ۋە ئىنستىتۇتلارنى قۇرغان ۋەھالەنكى « مەدەنىيەت ئىنقىلابى » دا مۇشۇنداق ئىشلار ئارقىغا چېكىنىپ كەتكەن مەن ئۆرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى زىيارەت قىلغاندا ئۇققان ئەھۋاللىرىم بۇنى ئېنىق چۈشەندۈرىدۇ « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قايتىدىن يەنە ئاكتىپ پورتىسىيە تۇتۇلغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ مۇبادا مەن مۇشۇ بىر باسقۇچ ئارقىلىق يەنە بىر نۆۋەت سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولسام ، يۇقىرىدىكى كۆزىتىشىم ئۆتۈپ كەتكەن يەتتە يىلدا بارغانسېرى روشەن كۆرۈنىدۇ بۇ جەھەتتە شىنجاڭدا تېخىمۇ گەۋدىلىك كۆرۈنىدۇ بۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشىنىڭ بەك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بايقىيالايدۇ قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىملىرى بازارغا سېلىنغان ، ئۇلارنى مەن نەپىس نۇسخىسى دەپ ئاتايدىغان نۇسخىسى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلـ غان ھەمدە بېسىش ۋە مۇقاۋىلاش جەھەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن بۇ يەردە ، ئاشۇنداق نەشر بۇيۇمدىن ئىككىنىلا تىلغا ئېلىپ ئۆتىمەن : مەھمۇد ئەل قەشقەرىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » ( مىلادى 1077 ـ يىل قەشقەردە تۈزۈلگەن ) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بالاساغۇن ( Balasaghun ) لۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپىنىڭ 1069 ـ يىلىدىن 1070 ـ يىلىغىچە قەشقەردە يازغان « قۇتادغۇ بىلىك » نىڭ قاتتىق مۇقاۋىلىق نۇسخىسى نەشر قىلىنغان تەربىيە بېرىش مەقسىتىدە كەڭ دائىرىلىك مەزمۇنلاردىكى نۇرغۇن كىتابلار نەشر

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/31.asp?isim=[2010-12-31 00:33:49]

alma uyghur book

قىلىنغان. بىراق، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى شۇكى، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ چەت ـ ياقىغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا قوللانغان ئاكتىپ سىياستى ئۇلارنىڭ ساپ ئەدەبىياتنى گۈللەندۈرگەن يېڭىدىن ۋۇجۇدقا چىققان ئەسەرلەرنىڭ سانى ۋە لېكسىيىسى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ رومان ۋە ھېكايىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بارلىققا كېلىشكە باشلىغان بولۇپمۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدىغىنى شۇكى، ياش، مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن بىر قانچىسى يېتىلىپ چىققان، شېئىر ياش ئەۋلادلارغا نىسبەتەن ئالاھىدە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگىدەك قىلىدۇ

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدىكى سۆزۈم شىنجاڭدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قازاق ۋە قىرغىزدىن ئىبارەت باشقا ئىككى مىللەتكىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ساقلاۋېتىپتۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇۋېتىپتۇ ئۇلارنىڭ ئومۇمىي دائىرىلىك مائارىپ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈۋېتىپتۇ

مەن ئۇيغۇر تىلىنى لاتىن ئېلىپبەسى بويىچە يېزىش ھەققىدىكى ئىسلاھاتنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدىم 1964 ـ يىلى بۇ يېزىق ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا قوللىنىلىپ، بىر قانچە ئەسىردىن بۇيان قوللىنىپ كەلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام دىنى ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە ئەرەب تىلى ئېلىپبەسىنىڭ ئورنىنى باسقان نۆۋەتتە، شىنجاڭدا كىشىنىڭ بەك روقى كەلگۈدەك ئۆزگىرىش بولۇۋېتىپتۇ لاتىن يېزىقىنى ھۆكۈمەت قوللىنىۋاتقان ۋە قوبۇل قىلغان يېزىق بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئۇنى قوبۇل قىلمىغان ھازىر مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىتابلار يەنىلا ئىلگىرىكى ئەرەب ئېلىپبەسىدە بېسىلغان لاتىن يېزىقى ھۆكۈمەتنىڭ نەشر بۇيۇملىرىدىلا قوللىنىۋاتقاندەك قىلىدۇ، مۇبادا پەيدىنپەي قوللىنىلماي تاشلىۋېتىلسە مەن بۇنىڭدىن ھەيران قالمايمەن

ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ يېڭىۋاشتىن قوللىنىشى ئىسلام دىنىغا نىسبەتەن تۇتۇلغان تېخىمۇ كەڭچىلىك قىلىش، ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىش پوزىتسىيىسى تۇتۇلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە بۇ ئىلگىرىكى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/31.asp?isim=[2010-12-31 00:33:49]

alma uyghur book

بىر قانچە يىلدا كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى تېخىمۇ بەك تارتقان
مەسىلە ئىدى  ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككىگە بېرىشقا رۇخسەت قىلىنغانلار
ئۆزلۈكسىز كۆپەيگەن، مەسچىتلەر كىشىلەرنىڭ ناماز ئوقۇشىغا ئېچىپ
بېرىلگەن، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئىسلام دىنىغا ئائىت مۇقەددەس جايلار،
مەسىلەن، ئاپاق خوجا مازىرى ۋە قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى قاتارلىقلارنىڭ
رېمونتى ئۈچۈن سېخىيلىق بىلەن ماددىي جەھەتتە ياردەم بەرگەن
شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى
قوغداش ئومۇميۈزلۈك يۈرلىنىشكە ئايلانغان

شىنجاڭ — چېگرادىكى ئۆلكە رايون بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى
بىلەن چېگرىداش  خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە، جۇڭگونىڭ غەرب-
تىكى ۋە شىمالىدىكى قوشنىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىرچىل جىددىي
بولۇپ كەلگەن  بۇ خىل جىددىي مۇناسىۋەت 60 - يىللاردا باشلانغان
ئۇنىڭ شىنجاڭغا قاتتىق تەسىر كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ
شىنجاڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەرقانداق ۋاقىتتا قارىغاندا تېخىمۇ يېتىم
قالدۇرغان  بۇرۇن چېگرا سودىسى بەك ئاۋات بولغان، لېكىن،
جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى يامانلاشقاندىن كېيىن، چېگرا سودىسى
پۈتۈنلەي توختىتىلغان  بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى جۇڭگو —
سوۋېت مۇناسىۋىتىدە يۇمشاشقا باشلىغانلىقىنىڭ ھەرخىل ئالامەتلىرى
بارلىققا كەلگەن  شىنجاڭ ئەنە شۇنداق ئۆزگىرىشنىڭ تەسىرىنى تەدرى-
جىي ھېس قىلىشقا باشلىغان  1983 - يىلى 11 - ئايدا، ئىلى قازاق ئاپتونوم
ئوبلاستىنىڭ مەركىزىگە بىر قانچە ئون كىلومېتىر كېلىدىغان قورغاس
چېگرا پورتى ئېچىۋېتىلگەن، كېيىن قەشقەرگە چېگرىداش بىر چېگرا
نۇقتىسى (ئىزاھات: تورغات پورتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) شۇ ئىككى
تەرەپنىڭ ئاپتوموبىللىرىغا ئېچىۋېتىلگەن  ھازىر ئۇ شىنجاڭنىڭ جەنۇبى
بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىرغىزىستان ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئۈچۈن
خىزمەت قىلىۋېتىپتۇ

قوللىنىلغان يېڭى تەدبىر ئۇل سېلىش خاراكتېرىدىكى كەسپ-
لەرگە ناھايىتى زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكىنىمۇ، يېڭى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/31.asp?isim=[2010-12-31 00:33:49]

تاشيوللارنىڭ ياسىلىۋاتقانلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ  جۇڭگونىڭ ئىچ-كىرىسىدىن ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان تۆمۈر يول شىنجاڭنىڭ جەنۇبىغا قاراپ قەدەممۇ قەدەم ئۇزىرىۋېرىپتۇ  يېقىندا ياسىلىۋاتقىنى تۇرپاندىن كورلىغىچە بولغان قىسمى ئىكەن  كېلەر قېتىمدا شىنجاڭنىڭ جەنۇبى قىسمىدىكى قەشقەر ، يەكەن ۋە خوتەن قاتارلىق شەھەرلەرنى تۆمۈريول ئارقىلىق تۇر-پان ۋە ئۈرۈمچى تۆمۈر يولى لىنىيىسىگە تۇتاشتۇرۇلۇپ ، ئۇ جۇڭگونىڭ ئىچكىرى قىسمىدىكى جايلار بىلەن ئۇلىنىدىكەن

ئاخىرىدا ، بۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس دېگەنلىكىم ئەمەس ، قارا قۇرۇم تاشيولىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتمەكچىمەن  بۇ تاشيول شىنجاڭنىڭ قەشقەر شەھىرىدىن باشلىنىپ ، دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز ، شۇنداقلا ئەڭ قاقاس جاي-دىن ئۆتۈپ ، پاكىستاندىكى گىلگىتكە بارىدۇ  بۇ قۇرۇلۇش ئىلمىدىكى كارامەت بىر نەتىجە  بۇ يول يىلىنىڭ تولا پەسلىدە ئېغىر تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىللىرىنىڭ يۈك توشۇشى ئۈچۈن ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ ، ئېگىزلىكلەر ۋە بەك سوغۇق بولىدىغان ئوتلاقلىقلاردىن ، خەرىتىدىن ئىس-مىنى تاپقىلى بولمايدىغان ئادىمزاتسىز جايلاردىن نام - ئىسمىنى قويۇشقا چولا تەگمىگەن جايلاردىن ئۆتىدۇ  ئۇ ھىندىستان 2 – قۇرۇقلۇقىغا قات-نايدىغان كارۋانلار ئىلگىرى ماڭغان قەدىمكى يىپەك يولىنى بويلاپ ماڭىدىغان تارماق يول  1 – تۈركۈمدە غەربىي يولغا كەلگەن ئېكسپېدىت-سىيىچىلەر ماڭغان يول  بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ، ئۇنى يۈك ئاپتوموبىللىرىنىڭ شوپۇرلىرى « ئۆتكۈرۈۋالغان » بۇ بىپايان رېمىنگە كەلگەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر بۇ يەرلەرنىڭ ئاجايىپ ئۆزگىچە ناملىرىنى خاتىرىلىگەن  مەن يەنە بىر سورۇندا ئاشۇ جايلارنىڭ نامىنى « تو-لۇق بىر جۈملىلىك يەر نامى » ( full sentence place names ) دەپ ئاتىغانىدىم  ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ نامى « tiva oldi » ( تۆگە ئۆلدى ) « بۇ يەردە تۆگە ئۆلگەن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ » ياكى at tushti ( ئات چۈشتى ) « بۇ تىك ياردىن ئات چۈشۈپ كەتكەن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ » دەپ ئاتالغان  مانا بۇلار بۇرۇنقى سودىگەر كارۋانلارنىڭ ئادىمزات تۇرمايدىغان ئاشۇ جايلارنىڭ نامىنى پەرق ئېتىش ۋە ئېسىدە

www.alma.cn

alma uyghur book

ساقلاش ئۈچۈن قوللانغان بىردىنبىر چارىسى ئىدى  بۈگۈنكى كۈندىكى يۈك ئاپتوموبىل شوپۇرلىرىنىڭ مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن يەر ناملىرىنى داۋاملىق قويۇپ كېلىۋاتقان – كېلىۋاتمايۋاتقانلىقى ماڭا نامەلۇم. ئۇلار پەرق ئەتمەك تەس بولغان ئاشۇ جايلارنى «ئاپتوموبىلدىن چاتاق چىقتى» دەمدىغاندۇ؟

شىنجاڭ — ھەرقايسى جەھەتتە زامانىۋىلىشىشقا قاراپ مېڭىۋاتقان ئۆلكە – رايون، «زامانىۋىلىشىش» بۈگۈنكى كۈندە ئاچقۇچلۇق ئاتالغۇدىن ئىبارەت  ئەمما، مەن يەر نامىنى تولۇق بىر جۈملە سۆز بىلەن ئاتايدىغان رومانتىك تۈسكە تولغان مۇنداق ئۇسۇلنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

گۈننار ياررىڭ

1985 – يىلى 5 – ئاي، ستوكھولم

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/31.asp?isim=[2010-12-31 00:33:49]

alma uyghur book

تونۇشتۇرۇش

# «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» گە كىرىش سۆز

«ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» نىڭ تۇنجى جىلدىغا بېرىلگەن ئەسەر مەشھۇر ئالىم، دىپلومات، دوكتور گۇننار ياررىڭ يازغان ساياھەت خاتىرىسىدىن ئىبارەت. دوكتور ياررىڭ شىنجاڭغا ئىككى نۆۋەت بارغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ يەردە خېلى ئۇزۇن تۇرغان. ئۇنىڭ شىنجاڭغا قىلغان ئىككى قېتىملىق سەپىرى ئارىلىقىدا يېرىم ئەسىر ۋاقىت ئۆتكەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەسىرىدىن ئۆزگىچە بىر خىل قاراش چىقىپ تۇرىدۇ. دوكتور ياررىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئۇيغۇرلار، ئۇلارنىڭ تىلى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىنى چوڭقۇر ئىگىلىگەن ۋە تەتقىق قىلغان ھەمدە شۇ ئاساستا توپلىغان قىممەتلىك ماتېرىيال يىغقان، ساياھەت داۋامىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى تەپسىلىي خاتىرىلىگەن ھەمدە بايان قىلغان مانا بۇلار ئۇنىڭ ئەسىرىنى ئىنتايىن مۇھىم ھەم ئالاھىدە تارىخىي قىممەتكە ۋە ئوقۇشچانلىققا ئىگە قىلغان.

دوكتور ياررىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي تىلى بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان مەسىلەن، «ئۇيغۇرچە ـ ئىنگلىزچە دىئالېكت لۇغىتى» (1964 ـ يىلى)، «ئوتتۇرا ئاسىيادىن تارقالغان مۇبالىغە رىۋايەتلەر» (1973 ـ يىلى) قاتارلىقلار؛ ئۇ يەنە «قەشقەر ئەدەبىي ئەسەرلىرى» (ئىلاۋە سۆزلۈكلەر جەدۋىلى قوشۇمچە قىلىنغان) (1980 ـ يىلى)؛ «يېڭى ئۇيغۇر تىلىدىكى munazara (مۇنازىرە) ئەدەبىياتىغا ئىزاھات» (1981 ـ يىلى)؛ «يېڭى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/32.asp?isim=[2010-12-31 00:30:50]

alma uyghur book

ئۇيغۇر تىلىدىكى ماقال - تەمسىللەر خەلق رىۋايەتلىرى توپلىمى » ( 1985 - يىلى ) ( ئىلاۋە سۆزلۈكلەر جەدۋىلى قوشۇمچە قىلىنغان ) نى تۈزگەن ۋە تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭدىن سىرت يەنە « ئافغانىستاندىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ جايلىشىشى » ( 1938 - يىلى ) ناملىق تەتقىقات ئە-سىرى ۋە باشقىلارنى يازغان

دوكتور ياررىڭ دىپلوماتلىق ھاياتى داۋامىدا شۋېتسىيىنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى ( 1948 — 1951 ) ، سىرى لانكىدا تۇ-رۇشلۇق ئەلچىسى ( 1950 — 1951 ) ، ئىراق ۋە پاكىستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى ( 1951 — 1952 ) بولغان. ئۇ 1956 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە شۋېتسىيىنىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ۋە باش ئەلچىسى بولغان ، 1958 - يىلدىن 1964 - يىلغىچە شۋېتسىيىنىڭ ئامېرىكىدا تۇ-رۇشلۇق باش ئەلچىسى بولغان. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا دەسلەپىدە شۋېتسىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ، ئۇنىڭدىن كېيىن 1967 - يىلى ب د ت نىڭ ئوتتۇرا شەرق مەسىلىلىرى بويىچە پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى بولغان

گۇننار ياررىڭ ئەپەندىنىڭ بىزگە ئەۋەتكەن ئىنتايىن قىممەتلىك ئەسلىمىسى بىزدە مۇنداق بىر ئويىنى ، يەنى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىغا ئائىت نەتىجىلەر ، ماتېرىياللار ، پايدىلىنىش كىتابلىرى ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ماتېرىياللار ، توپلىغان ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تۈرلۈك قولىيازمىلار ، ئەسلى تېكست ۋە تەرجىمىسى ھەم بۇنىڭغا ئائىت ئىلمىي ئەسەرلەر مۇندەرىجىلىرىنى رەتلەش، تۈزۈش ھەمدە ئۇلارنى ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىش ئويىنى پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن « ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مەجمۇئەسى » دىن ئىبارەت بۇ بىر يۈرۈش كىتاب ۋۇجۇدقا چىقتى . بۇ مەجمۇئەدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك تىللارغا ئائىت ئەسلى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا جەمئىيىتىدىكى مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ، شۇنداقلا سىياسىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتقا دا-ئىر ئىلمىي ئەسەرلەر نۇقتىلىق نەشر قىلىنىدۇ. ئەگەر شارائىت يار بەرگەن

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/32.asp?isim=[2010-12-31 00:30:50]

alma uyghur book

تەقدىردە، بىز يەنە 20 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى تارىخىي ئەسەرلەر ۋە مۇھىم ۋەقەلەرگە ئائىت ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنىمۇ تۈزۈپ نەشر قىلماقچىمىز، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىسىگە ئائىت ئەسەر يازغان ئاپتورلارنىڭ بىزگە ماقالە ئەۋەتىشىنى قارشى ئالىمىز

مەجمۇئە مۇھەررىرى: ئېدۋارد ئاللۋورت (Edward Allworth)
كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئامېرىكا نيۇ - يورك 10027
مەجمۇئە مەسلىھەتچى مۇھەررىرلىرى:
ئادراس ج ئې بودرو گلىگېتى (Adras J. E. Bodrogligeti)
كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى لوس - ئانژېلېس
رىچارد ن فرايى (Richard N. Frye)
خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/32.asp?isim=[2010-12-31 00:30:50]

alma uyghur book

# ئىككىنچى قىسىم

# شىنجاڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا

## ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى ھەققىدە تەتقىقات

### بىرىنچى باب

### كىرىش سۆز

ئۇيغۇر تىلى — جۇڭگو شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار قوللىنىدىغان تىل، ئۇنى غەربىي تۈركىي تىللار ياكى روسىيە تەۋەلىكىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، جۇغراپىيە جەھەتتىن «شەرقىي تۈركىي تىل» دەپ ئاتاپ تۇردۇق. شۇڭا، «شەرقىي تۈركىي تىل» دېگىنىمىز تىلشۇناسلىقتا ئەسلىدىنلا بار ئاتالغۇ بولماستىن، بەلكى دۆلەتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىغىلا مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇ. شاۋ بىلەن راگۇيت شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار قوللىنىدىغان ئۇيغۇر تىلىنى Turki ۋە Eastren Turki (تۈركىي ۋە شەرقىي تۈركىي) دەپ ئاتىغان ھەمدە ئۇنى باشقا تۈركىي تىللاردا قوللىنىلىدىغان، خېلى ئومۇملاشقان Turkish دېگەن ئىسىمدىن پەرقلەندۈرگەنىدى.

مەن ئۇيغۇر تىلى مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، كونا ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللانغان ھەمدە ئۇيغۇر تىلىنى بۈگۈنكى شىنجاڭدا قوللىنىلىۋاتقان تىل دەپ قارىغانىدىم. ئەمما، ئەگەر مۇشۇ خىلدىكى بارلىق شېۋىلەرنى «شەرقىي تۈركىي تىللار» دېگەن ئۇقۇم ئارقىلىق

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/32.asp?isim=[2010-12-31 00:30:50]

alma uyghur book

يىغىنچاقلاشقا توغرا كېلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ روسىيە تەۋەلىكىدىكى رايونلىرىدا قوللىنىلىدىغان شېۋىلەرنى، مەسىلەن، ئوش، ئەنجان، فەرغانە رايونلىرىدا ئىستېمال قىلىنىدىغان تىلنىمۇ شۇ قاتاردا ھېسابلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ تىللار جۇڭگو شىنجاڭ تەۋەسىدىكىلەرنىڭكىگە «يېقىن كېلىدۇ»، مەيلى تىل تاۋۇشلىرى جەھەتتە بولسۇن ياكى مورفولوگىيە جەھەتتە بولسۇن، بىر ـ بىرىگە بەك ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەمما، بىز تىل ھەققىدە نۇرغۇن يازما ماتېرىياللارغا ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرى تېخى تىللار ئارىسىدىكى چەك ـ چېگرىنى ئايرىيالمايمىز. تىل ماتېرىياللىرىنىڭ كەمچىل بولۇشى، خۇددى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىدىكى باشقا ساھەلەرگە ئوخشاش بىزدە خېلى كۈچلۈك تەسىرات پەيدا قىلدى.

جۇڭگو شىنجاڭ رايونىدا قوللىنىلىدىغان ئۇيغۇر تىل شېۋىلىرىنى ئايرىشتا، مېنىڭچە، جۇغراپىيىلىك ئورنىنى ئاساسلىق ئايرىش پرىنسىپى قىلىپ تۆۋەندىكىچە ئايرىشقا بولىدۇ:

1. جەنۇب شېۋىسى (بۇنىڭغا گاھىدا مەن «قەشقەر ـ يەكەن شېۋىسى» دەپ ئاتىغان شېۋىلارمۇ كىرىدۇ) شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي ۋەغەربىي جەنۇبىدىكى قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن قاتارلىق شەھەرلەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردا قوللىنىلىدۇ. مەن ئورنى تېخىمۇ شەرققىرەك جايلاشقان كېرىيە، چەرچەن شېۋىلىرىنى تەكشۈرمىگەچكە، ئۇ يەرنىڭ شېۋە تىل تاۋۇشى ۋە مورفولوگىيىسى جەھەتتىكى ئەھۋالىنى بايان قىلالمايمەن، لېكىن مەن نوقۇل جۇغراپىيە جەھەتتىن ئۇلارنى جەنۇب شېۋىسى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ، دەپ قارايمەن. مەن يەنە مارالۋېشى بوستانلىقى ۋە ئاقسۇ شېۋىسىنىمۇ جەنۇب شېۋىسىگە قوشىمەن بۇ جايلارنى تەكشۈرۈشۈم ئوخشاشلا يوق دېيەرلىك بولسىمۇ، لېكىن ئىگە بولغان تىل ھەققىدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلغاندا، ئۇلارنى باشقا گۇرۇپپىغا ئايرىشقا ئاساسىمىز يوق.

2 شىمال شېۋىسى شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىدا، شىمالىدا قوللىنىلىدۇ بۇ گۇرۇپپىنى ئىچكى قىسمىدىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كونكېرت ئايرىش زۆرۈر

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/32.asp?isim=[2010-12-31 00:30:50]

alma uyghur book

A . كۇچا ـ تۇرپان شىۋىسى ( شەرقىي شىمال شىۋىسى ) كۇچا ، قاراشەھەر ، تۇرپان ۋە قۇمۇل قاتارلىق شەھەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردىكىلەر قوللىنىلىدىغان شىۋىلەرنىڭ يىغىنچاقلاپ ئاتىلىشىدىن ئىبارەت بىر ئىگىلىگەن تىلغا ئائىت ماتېرىياللاردىن قارىغاندا ، بۇ شىۋىلەر مۇھىمى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار جەھەتتە جەنۇب شىۋىسىدىن پەرقلىنىدىغاندەك قىلىدۇ تۇرپان شىۋىسىدە نۇرغۇن ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بارلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ ، بۇلار جەنۇب شىۋىسىدە يوق ئۇنىڭدىن سىرت ، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش پرىنسىپى بۇ شىۋە گۇرۇپپىسىدا جەنۇب شىۋىسىدىكىدەك ئۇنچىۋالا ئېغىر ئەمەس قۇمۇل يەرلىك شىۋىسى گاھى ئەھۋالدا ، مەسىلەن ، ھازىرقى رامان شەكلى ۋە بۇيرۇق جۈملىدە مورفولوگىيە جەھەتتە باشقا شىۋىلەردىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ .

B « تارانچى » شىۋىسى ئاساسەن غۇلجا ۋە بۈگۈنكى كۈندە روسىيە تەۋەلىكىدىكى پانفىلوف شەھەرى قاتارلىق جايلار ئەتراپىدىكى ئىلى دەرياسى ۋادىسى رايونلىرىدا قوللىنىلىدۇ . ئۇنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى جۇڭگو ، روسىيە تەۋەلىكىدىكى جايلاردىن ھالقىپ چىقىدۇ ئاشۇ جايلاردا ئولتۇرۇشلۇق « تارانچى » دەپ ئاتىلىدىغان ئۇيغۇرلار ئەسلى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىدا شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر ، يەكەن ، خوتەن ، ئاقسۇ ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن كۆچۈپ بارغان ئەگەر رادلوف ، پانتۇسوف ۋە كوتونوفلار نىڭ بايانلىرى توغرا بولىدىغان بولسا ، ئۇ ھالدا تارانچى شىۋىسى ئارقا سوزۇق تاۋۇش : ( ئى ) نىڭ كەمتۈكلۈكى بىلەن باشقا شىۋىلەردىن پەرقلىنىدۇ

ئەگەر تىل تەۋەلىكى نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر تىلىنى باشقا تۈركىي تىللار بىلەن بىر ئومۇمىي دائىرىگە قويۇپ تەكشۈرۈشكە بولسا ، ئۇنداقتا مىڭنىڭ مۇشۇ ساھەدە ئىلگىرى ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان ئالىملارنىڭ قەلىمى ئاستىدا بەزى مۇجمەللىكلەرنىڭ كۆرۈلگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشۈمگە توغرا كېلىدۇ

بېلىكىنىنىڭ ئايرىشىغا ئاساسلانغاندا ، ئۇيغۇر تىلىنى « ئەك بۇ-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/32.asp?isim=[2010-12-31 00:30:50]

alma uyghur book

رۇنقى ، شەرققە مايىلراق شېۋە » دەپ ئاتاشقا بولىدۇ . بۇ نوقۇل جۇغراپىيە جەھەتتىنلا ئايرىلغانلىق رادلوف بۇنىڭ ئورنىغا « ئوتتۇرا ئاسىيا شېۋىسى » نى قويىدۇ بۇ ئىنتايىن مۇجمەل يىغىنچاقلاش ، چۈنكى تا بۈگۈنگىچە كىشىلەردە « ئوتتۇرا ئاسىيا » دېگەن بۇ ئۇقۇمغا نىسبەتەن تېخىچە مۇقىم بىر تەبىر يوق رادلوفنىڭ گېپىگە ئاساسلانغاندا ، ئوتتۇرا ئاسىيا شېۋىسىگە كىرىدىغانلىرى : ( 1 ) تارانچى شېۋىسى ؛ ( 2 ) قۇمۇل شېۋىسى ؛ ( 3 ) ئاقسۇ شېۋىسى ؛ ( 4 ) قەشقەر شېۋىسى ؛ ( 5 ) يەكەن شېۋىسى ؛ ( 6 ) چاغاتاي شېۋىسى بۇنىڭدىن ( 2 ) دىن ( 5 ) گىچىسىنىڭ ئاستىغا « ئېنىق تەكشۈرۈلمىدى » دەپ ئىزاھ بېرىلگەن ( 1982 ) ؛

لېكىن ، تۈرلۈك تىللارنىڭ تىل تاۋۇشلىرى قۇرۇلمىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش باسقۇچىدا ، ئۇلارنى تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك ئاساسىدا ئايرىش ئىنتايىن تەس . A سامويلوۋىچ ئوتتۇرىغا قويغان ئۇسۇلنى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئايرىش ئۇسۇلى دېيىشكە بولىدۇ

سامويلوۋىچنىڭ تۈرگە ئايرىشىغا ئاساسلانغاندا ، ئۇيغۇر تىلى Z تىل J تارماق گۇرۇپپىسىنىڭ qulTan گۇرۇپپىسى tarlig كىچىك گۇرۇپپىسىغا تەۋە بولىدۇ

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىغانلار تەخمىنەن 1 مىليوندىن ئاشىدۇ دېيىشنىڭ مۆلچەرىچە — بۇ مۆلچەر روسىيىلىك ئارستوفنىڭ 1896 - يىلدىكى مەلۇماتىنى ئاساس قىلغان — ئومۇمي سانى 1 مىليون 121 مىڭ 407 مىللەتنىڭ شۇ مەلۇماتنى ئاساس قىلىپ مۆلچەرلىگىنى 1 مىليون 602 مىڭ 311 بىر بۇ ساندا ئاشۇنىڭدىن بېرى كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولمىدى ، دەپ قارايمىز

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/32.asp?isim=[2010-12-31 00:30:50]

alma uyghur book

# ئىككىنچى باب

## ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى دەسلەپكى تەتقىقات

ئۇيغۇر تىلى خېلى بۇرۇنلا ئىلمىي تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىنىغانىدى. كاپلوت 1907 ـ يىلىدىن 1908 ـ يىلىغىچە تۇرپان شېۋىسىدىكى بەزى سۆزلەر ئۈستىدە توختالغان. لېكىن، بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ ئىز باسارلىرى تەرىپىدىن تاۋۇش بويىچە تەرجىمە قىلىنماي، ئەرەب ئېلىپبەسى بويىچىلا ئىپادىلەپ قويۇلغاچقا، تىل تاۋۇش نەزەرىيىسى جەھەتتىكى ئەھمىيىتى چوڭ ئەمەس. ۋامبېررى ئوتتۇرا ئاسىيادا ساياھەت قىلغاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى شېۋىلەرگە ئائىت يازما ماتېرىياللارغا قەشقەر شېۋىسىگە ئائىت خەت ـ چەكلەرگە ئىگە بولغان. توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇلار ئادەتتە ئۆلچەملىك ئۇيغۇر تىلى دەپ قارىلىۋاتقان ماتېرىياللاردىن ئىبارەت. روسىيە قازان ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مەشھۇر شەرقشۇناس بېلكىن تۈزگەن «تۈركىي تىلىدىكى ماقالىلەر توپلىمى» دىمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاقسۇ شېۋىسىگە دائىر خەت ـ چەكلەر بار.

بۇ ساھەدىكى تەتقىقات 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندىلا ئىزىغا چۈشۈشكە باشلىدى. بۇنىڭدىكى يەنە بىر قىسىم سەۋەب شۇ يەردىكى ئەينى يىللاردا، شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ياقۇپ بەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. ھەرخىل مەقسەت بىلەن بارغان ياۋروپالىق ۋە روسىيىلىك ساياھەتچىلەر ياقۇپبەگ ئىلكىدىكى رايونلارغا كىرگەنىدى دەرۋەقە، ئۇلاردىن تىلنى تەتقىق قىلىشنى مەقسەت قىلغانلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى.

1875 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك B • R شاۋ ياقۇپ بەگ تەرەپكە بارغان

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/32.asp?isim=[2010-12-31 00:30:50]

alma uyghur book

فورسىپس تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى  ئۇ ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسىنى بىرىنچى بولۇپ يېزىپ چىققان  بۇ گراماتىكا كىتابىدا ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ تەلەپپۇز قىلىشىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ، ئۇيغۇر تىلى ئاساسىي جەھەتتىن تەرجىمە قىلىنغان  كىتاب تىل تاۋۇشلىرى ئارقىلىق ئۆزگەرتىپ يېزىش شەكلى بىلەن كىچىك دائىرىدە چىقىرىلغان بولۇپ ، كۆپىنچىسى ئەرەب ئېلىپبەسى بويىچە يېزىلغان  ئەمما ، شاۋنىڭ تەتقىقاتى گراماتىكا ، سۆزلۈك جەھەتتە تولىمۇ قىممەتلىك بولسىمۇ ، لېكىن شەرقىي تۈركىي تىلىنىڭ فونېتىكىسى ۋە فونېتىكا تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىغا نىسبەتەن ھېچقانچە تۈرتكىلىك رول ئوينىمىغان  ئەمما ، ئۇنىڭ تەتقىقاتى قەشقەر – يەكەن شېۋىسىنى ئاساس قىلغان بولغاچقا ، مەن كېيىنكى ئەسىرىمدە بەزى چاغدا شاۋنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىمەن .

رادلوف — تۈركشۇناسلىق ساھەسىدىكى مۇھىم ئەرباب — نىڭ تەتقىقاتى پەقەت ئۇيغۇر تىلىدىن ئىبارەت بىرلا مەسىلىگە ئالاقىدار بولغان تەقدىردىمۇ ، ئۇنى تىلغا ئېلىش زۆرۈر  ئۇ ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى كاتانوف ، پانتۇسوفلار ئۇيغۇر تىلىدىكى شىمال شېۋىسىنى پەرق ئېتىش ۋە چۈشىنىش يولىدا ناھايىتى قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشتى  رادلوف قاتتىق ، ئادىل بولغان تەنقىدگە ئۇچرىغان بولسىمۇ ، ئەمما كىشىلەر يەنىلا ئۇنىڭ تۆھپىسىنى ئىنكار قىلماسلىقى لازىم . قانداقلا بولمىسۇن ، ئۇمۇ تۈركىي تىللار سېلىشتۇرما تەتقىقاتىنىڭ ئاساسچىسى ئىدى  ئۇنىڭ كىتابى باترىنگېرنىڭ ياقۇت تىلى ئۈستىدىكى بايانىدەك كىشىنى قايىل قىلالمىغان ۋە ئۇنچىۋالا توغرا بولمىغان بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۇ بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىزنىڭ سىبىرىيىدىكى تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ تىلى ، ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشىمىزدىكى ئاساسىي چىقىش نۇقتىمىز ھېسابلىنىدۇ
رادلوفنىڭ يېتەرسىزلىكى ئۇنىڭ « تارانچى » تىلىنى بايان قىلىشىدا تېخىمۇ ئەكس ئەتكەن

فرانسىيىلىك گرېنارت ئۇيغۇر تىلى ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان يەنە بىر ئەرباب  ئۇ 1890 – يىلىدىن 1895 – يىلىغىچە دۇترېينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/32.asp?isim=[2010-12-31 00:30:50]

alma uyghur book

بىر ئەزاسى بولغانلىقتىن ئۇيغۇر شېۋىسىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى ئوبدان پۇرسەتكە ئېرىشكەن . ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى ، ئۇمۇ ئەسىرىنى ئەرەب يېزىقىدىلا يازغان . ئۇنىڭ سۆزلۈكلەر جەدۋىلى ياكى باشقا شەكىللەر ئارقىلىق قىلغان تەرجىمىلىرى ئانچە توغرا بولمىغان ، ئۇنىڭ قىممىتىمۇ چوڭ ئەمەس . گرېننارتنىڭ ئەسىرى مۇھىمى تا ھازىرغىچە كەمدىن ـ كەم تەتقىق قىلىنغان خوتەن شېۋىسىگە چېتىلىدۇ .

1905 ـ يىلى ئۇيغۇر تىلى بىلەن تونۇشۇشقا ئائىت بەزى يېڭى ماقالىلەر نەشر قىلىندى . مەسىلەن ، خارتمان ۋە كونوسىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى . ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە مەلۇم يېڭىلىقلار بار ئىدى . خارتمان ئەسىرىدە سوزۇق تاۋۇشلار ئاجىزلاشتۇرۇلغان ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ئېغىز تىلىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تەسۋىرلەشكە ئىمكانقەدەر تىرىشقانىدى . ئەمما ، ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغىنى شۇكى ، خارتمان ئۇيغۇر تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئەمەلىي تەلەپپۇز قىلىنىشىنى بايان قىلغاندا ، مەزمۇندىن بەك كۆپ چەتلەپ كەتكەن ، كونوس ئۇيغۇرچە سۆزنى ئۆز جايىدا ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن . ئۇنىڭ بايانى جوڭگو شىنجاڭدىن بۇداپىشتقا ساياھەت قىلىپ بارغان بىر تۈركنىڭ تەلەپپۇزى ئاساسىدا يېزىلغان بولغاچقا ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بايان قىلىپ بېرەلمىگەن . ئۇنىڭدىن سىرت ، كونوسىنىڭ بايانى بىر ئادەمنىڭ تەلەپپۇزىنى ئاساس قىلغان بولغاچقا ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئومۇمىيۈزلۈك بايان قىلالىشى ـ قىلالماسلىقىمۇ گۇمانلىنىشقا ئەرزىيدۇ . ئېھتىمالغا تېخىمۇ يېقىن بولغىنى شۇكى ، بىر ئادەمنىڭ سۆزىدە ئۆز ئالدىغا كەمتۈك تەرەپلىرى بولىدۇ . ھېچبولمىغاندا شۇ ئادەم تەنها تۇرغان ئەھۋالدا مەلۇم بىر تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلىشقا تەسىر كۆرسىتىدۇ . خارتماننىڭ ئەسىرى « Text » تە قەشقەر شېۋىسىگە چېتىلىدۇ . « Cilten » دە يەكەن شېۋىسىگە چېتىلىدۇ . كونوسىنىڭ ئەسىرى باشتىن ـ ئاخىرغىچە يەكەن شېۋىسىگە چېتىلىدۇ .

شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتتى . كىشىلەر ئارخېئولوگىيە-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/32.asp?isim=[2010-12-31 00:30:50]

alma uyghur book

لىك تەكشۈرۈشتە تېپىلغان يازما ماتېرىياللاردىكى جۈملىلەر ۋە تۇراقلىق
ئىبارىلەرنى يېشىش ئۈچۈن ھېلىھەم قوللىنىۋاتقان ئۇيغۇر تىلىدىن تۇ-
گۈچلەرنى ئىردىمەكتە . بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر تىلى باشقا ھەرقانداق تىلدىن
ئۈستۈن تۇرىدۇ . گېرمانىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى لېكوكنىڭ ئەسىرى
ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنى چۈشىنىش جەھەتتىكى ماتېرىياللىرىمىز زور دە-
رىجىدە تولۇقلاندى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ
كىشىنى قايىل قىلىش ۋە توغرۇلۇق دەرىجىسى جەھەتتە ناھايىتى زور ئالغا
ئىلگىرىلىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ . بىراق ، ئۇلارنىڭ
كۆپىنچىسى شىمالىي شىنجاڭ ، بولۇپمۇ تۇرپان رايون شېۋىسى ئاساسىدا
بايان قىلىنغان .

شۋېتسىيىلىك شەرقشۇناس راگۇيېتنىڭ ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدىكى
ئىلمىي ماقالىلىرىدە تامامەن قەشقەر ، يەكەن شېۋىسى ئاساس قىلىنغان
بۇنىڭدا ئالدى بىلەن تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغىنى بىر گراماتىكا
كىتابى بىلەن تۇنجى قېتىم ئىشلەنگەن « ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە
لۇغەت » دىن ئىبارەت . راگۇيېت ئەڭ ئاخىرى نەشر قىلىنغان
« Tajir bilan zohra » ( تاھىر بىلەن زۆھرە ) دېگەن ئەسىرى ئارقىلىق
بىزدىكى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر زاپىسى كەمچىل بولۇشتەك مۇشۇ ئىش ئۈ-
چۈن بەك قىممەتلىك تۆھپە قوشتى . راگۇيېتنىڭ مەقسىتى ئۆز ئەسىرىدە
ئاساسلىقى يازما تىلنى ئاساس قىلىش ، مۇكەممەل ساقلىنىپ كېلىۋاتقان
ئۆلچەملىك ئۇيغۇر تىلىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى . ئەمما ، ئۇ
كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن ، خەلق ئارىسىدىكى تەلەپپۇز قىلىش ئەھۋال-
لىرىنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتكەن .

تۈركىي تىللار بىلەن تونۇشۇشقا ئائىت كىچىكرەك ھەجىمدىكى
ئەسەرگە كەلگەندە ، مالوفنىڭ كۆچمە مەنىدە تەرجىمە قىلغان ئەسەر
نۇسخىسى ھەققىدە يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلەرنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ .

ھالبۇكى دېنىسون روس بىلەن ۋېنگېرتىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىنىڭ
ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىك تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممىتى يۇقىرى
ئەمەس ، بۇنىڭ ئېنىگە تەرجىمە قىلىنمىغان ئەسەرلىرىلا كىرىدۇ . ئەنگ-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/33.asp?isim=[2010-12-31 00:40:12]

alma uyghur book

لىيىلىك Whitake ( ۋىتاكې ) ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسىنى يازماقچى بولغان . بىراق ، بۇ سىناق ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈنلا قىلىنغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . شۇڭا ، ئۇنى باشقا ھېچقانداق جەھەتتىن پايدىلانغىلى بولمايدۇ ئۇيغۇر تىلى ساھەسىدىكى كىچىكرەك ھەجىمدىكى باشقا بەزى ئىلمىي ماقالىلەر كىتاب مۇندەرىجىسىگە كىرگۈزۈلگەن ، لېكىن ئالاھىدە تىلغا ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق

ئومۇمىي باھا شۇكى ، ئۇيغۇر تىلى تا بۈگۈنگىچە تېخى ئۇچۇق تەتقىق قىلىنىپ بولۇنمىدى مەسىلەن ، تا بۈگۈنكىچە ئەسەر نۇسخىسى كەمچىل ، پۈتۈنلەي كۆچمە مەنىدە تەرجىمە قىلىنغان ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر زاپىسىنىڭ مىقدارى سەككىز فورمات ھېسابىدا 300 بەتتىن ئاشمايدۇ تا بۈگۈنكىچە ئۇيغۇر تىلى سىنتاكسىسى نەشر قىلىنمىدى بىزدە يەنە ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت ھەجىمى چوڭ بىر لۇغەت يوق راگۇتىنىڭ « ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغىتى » دە 13 مىڭ 500 تاق سۆز بار ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى خېلى كۆپ سۆزلەر ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىۋاسى قەشقەر ـ يەكەن شېۋىسىدىن ئېلىنغان ئەمما ، بىزگە ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىغا ئائىت ئەسەرلەر تېخىمۇ بەك زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ . ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىي تەلەپپۇز قىلىنىش قۇرۇلمىسى ھەققىدە بىز بىلىدىغان ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى ھەرقايسى جايلاردىكى قىسقا نەقىللەر ئىچىدە چېچىلىپ ياتماقتا شۇڭا ، مەن ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىنى يېزىپ چىقىپ ، مۇشۇ جىددىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمەن ، بۇ جەھەتتىكى سىنىقىمنىڭ نەتىجىسى مانا مۇشۇ ئىلمىي ماقالەمگە كىرگۈزۈلدى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/33.asp?isim=[2010-12-31 00:40:12]

# ئۈچىنچى باب

## ئۇيغۇر تىلى تاۋۇشلىرى ۋە ھەرپلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىمۇ باشقا كۆپ ساندىكى تۈركىي تىللارغا ئوخشاش ئەرەب ئېلىپبەسى قوللىنىلىدۇ. ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ تۈركىي تىللار تاۋۇشلىرىنى ئۈنۈملۈك رەۋىشتە ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغانلىقى ھەممىلەنگە ئايان بولغان ھەمدە دائىم تەكىتلىنىپ كېلىۋاتقان پاكىت. شۇڭا، ئۇيغۇر تىلىدىكى شېۋىلەرنىڭ تىل تاۋۇشىنى تەتقىق قىلغاندا، ئەرەب يېزىقىنى لاتىن يېزىقىغا تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ

بىراق ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇشلىرىنى تەرجىمە قىلىش سىستېمىسىغا بېرىپ تاقالغاندا ناھايىتى كۆپ قالايمىقانچىلىقلار كېلىپ چىقىدۇ. رادلوف، كاتانوف ۋە پانتۇسوفلارنىڭ قوللانغىنى رۇس تىلىدىكى سىلىر ئېلىپبەسىنى ئاساس قىلغان، يېڭىدىن ياسالغان بىر قاتار شەكىللەرنى قوشۇمچە قىلغان سىستېمىدىن ئىبارەت. بۇ يېڭى شەكىلدىكى بىر قىسىم ھەرپلەردە لاتىن ھەرپى، مەسىلەن، h ( ھ ) ، a ( ئە ) ، ū ( ئۇ ) قاتارلىقلار قوبۇل قىلىنغان. بىر قىسمى ئالاھىدە سىلىر ھەرپ شەكلىدىن ئېلىنغان لېكوك، خارتمان ۋە كونوسلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ھاسىل قىلغان سىستېمىلىرى « keleti szemle » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ئىختىراپ قىلغان بىر يۈرۈش سىستېمىسىنى ئاساس قىلغان. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر مۇنچە پەرقلەر مەۋجۇت. راگوتسنىڭ قوللانغىنى شەكلى ئۆزگەرتىلگەن Lepsius سىستېمىسى ئىدى. ئەمما، ئۆزۈك تاۋۇش ھەرخىل بەلگىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن، بۇ بەلگىلەر ئۇيغۇر تىلىدا ئوخشاش بىر تاۋۇشنى بىلدۈرىدۇ، لېكىن ئوخشىمىغان ئەرەب يېزىقىدا يېزىلىدۇ. ئەمما، مۇشۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، يۇقىرىدا دېيىلگەن رادلوف

www.alma.cn

alma uyghur book

قاتارلىقلارنىڭ قوللانغان ئۇسۇلى ئەقلىغا تېخىمۇ مۇۋاپىق بولۇپ، ھەرپ بىلەن تاۋۇش بىر - بىرىگە ماسلاشقان.

شاۋ قوللانغان سىستېما بەك ئاددىي بولغانىنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىغا ئېرىشەلمەيدۇ. لېكىن، ئۇ ئاساسلىقى ئومۇملاشقان ئىنگلىز تىل شەكلى ئارقىلىق تاۋۇشلارنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشىنى ئىپادىلىگەن مەسىلەن، sh (ش) = š، hg (غ) T، ch (چ) = č ۋەھاكازالار شاۋ سوزۇق تاۋۇشلاردىكى پەرقلەرنى ئاز بايان قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىكى نازۇك پەرقلەر كۆپرەك گەۋدىلەندۇرۇلگەن.

بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدا نەشر قىلىنغان مالوفنىڭ ماقالىلەر توپلىمىدا بولسا، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەملىك فونېتىكىلىق ئېلىپبە قوللىنىلغان بۇ ئېلىپبە يېقىن شەرق تىللىرىنى خاتىرىلەشتە قوللىنىلىدىغان ھەرپ قىلىپ تونۇشتۇرۇلغان

بۈگۈنكى كۈندىكى فونېتىكا ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ سىستېمىلارنى ئەمدى يەنە قوللىنىشقا بولمايدۇ يېقىنقى يىللار مابەينىدە، فونېتىكىنىڭ بىر پەن سۈپىتىدە ئېرىشكەن غايەت زور ئىلگىرىلەشلىرىگە ئەگىشىپ، نۆۋەتتىكى ئەڭ دائىم قوللىنىلىۋاتقان ھەرخىل چوڭراق سىستېمىلارنى ساپ تىل نۇقتىسىدىن كۆزىتىش ئارقىلىق تاۋۇشنى ئىپادىلەيدىغان بىر خىل شەكلىنى تاللاش زۆرۈر بولۇپ قالدى. مەن ئىنچىكە كۆزىتىش ئارقىلىق، ئاخىر خەلقئارا فونېتىكا بىرلەشمىسى قوللانغان سىستېمىنى قوللىنىش قارارىغا كەلدىم ھەمدە كوپېنھاگېن مۇھاكىمە يىغىنىدا بېكىتىلگەن بەزى ئۆزگىرىشلەرنى قوبۇل قىلدىم. بۇ ئارقىلىق يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن فونېتىكا تەتقىقاتى يېڭى بەلگە بىلەن تەمىن ئېتىلدى بۇ جەھەتتە، ئېھتىمال رېبرندرنىڭ « Landsmal salfabet » ى API (خەلقئارا فونېتىكا بىرلەشمىسى سىستېمىسى) دىن تېخىمۇ كۈچلۈك بولسا كېرەك. بولۇپمۇ سوزۇق تاۋۇشقا ئائىت مەسىلىگە چېتىلغاندا مەن ئاخىر API نى تاللىدىم. چۈنكى، روسىيىنىڭ تىل ئىلمىدىكىلەر ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىللار شىۋىلىرىنى تەتقىق قىلغاندا باشتىن - ئاخىر API نى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar__________(6)/33.asp?isim=[2010-12-31 00:40:12]

ئاساس قىلغان تاۋۇشلۇق يېزىق سىستېمىسىنى قوللىنىشقا باشلىغان . مەن ئوتتۇرا ئاسىيا شېۋىلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى تىل تاۋۇشى سىستېمىسى جەھەتتە پەيدىنپەي بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇمكىنچىلىكىنى كۆزدە تۇتقاچ-قىلا API نى تاللىدىم .

مەن API ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىدىكى تېخىمۇ ئىنچىكە بۆلەكلەرنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىكى ھەرخىل ئەھۋاللارنى بايان قىلدىم  بىراق مەن ئالدى بىلەن ئالدىنقىلارنىڭ تەرجىمە سىستېمىسىغا سېلىشتۇرما قىلىنغان بىر جەدۋەلنى ئىشلەپ چىقتىم . بۇ جەدۋەلنى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى يېزىق تىلى ماتېرىيالى ئۈستىدە تولۇق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئاسا-سىدا تۈزۈپ چىقتىم .

تۈزگۈچىدىن :

بۇ ماقالە ياررىنىڭ ئەپەندىنىڭ دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسىنىڭ ئالدىنقى ئۈچ بابى . بۇ ئىلمىي ماقالە ئۇنىڭ خەلقئارا شەرقشۇناسلىقتىكى مۇھىم ئەسەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، 20 — 30 - يىللاردا يېزىلغان ، 1933 - يىلى نەشر قىلىنغان ئوقۇر-مەنلەرگە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن ، ماقالىدىكى يەر ناملىرى بىردەكلا ھازىرقى ئاتىلىشى بويىچە تەرجىمە قىلىندى . تەرجىمىدە شۋېتسىيە لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 1933 - يىلدىكى نەشرى ئاساس قىلىندى .

www.alma.cn

alma uyghur book

# قەشقەردىكى باسما ماتېرىياللار

## — شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭدىكى باسمىخانىسى: تارىخ ۋە باسمابۇيۇملار ھەققىدە ئومۇمىي بايان

### كىرىش سۆز

شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ قەشقەردە ئىلگىرى قۇرغان باسمىخانىسى نۇرغۇن سورۇنلاردا بۇ يىراقتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ئالاقىدار خەلقئارا ھۆججەت - ئەسەر ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىغا ئېرىشەلمەي سازاۋەر بولۇپ كەلدى. بىراق، كۆپ ھاللاردا، ئۇنىڭغا ئائىت پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى كەمچىل، ھەتتا ئىشەنچسىز بولۇپ كەلدى، شۋېتسىيىنىڭ دىن تارقىتىش ھۆججەتلىرىدىن ياكى قەشقەردىكى شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ دوكلاتلىرىدىن بۇ باسمىخانىنىڭ ئاسىيانىڭ كىندىكىدىكى ئاشۇ يەردە ئېرىشكەن مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەققىدىكى مۇكەممەل ماتېرىياللارنى تاپقىلى بولىدۇ. جون خولتۋال ( John Hultval ) شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭدا دىن تارقىتىش تارىخى توغرىسىدا يازغان كىتابىدا ئۇ ماتېرىياللاردىن پايدىلانغان ۋە ئۇ ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلغان. ئەمدى مەن مەزكۇر باسمىخانىنىڭ تارىخى ۋە پائالىيەتلىرى ئۈستىدە بىر ئاز مەخسۇس تەھلىل يۈرگۈزمەكچىمەن ھەمدە باسمىخانىدا 1901 - يىلىدىن 1937 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا بېسىلغان باسما ماتېرىياللىرىدىن مۇندەرىجىسىنى تۈزۈپ چىقماقچىمەن.

ئىلگىرى بۇ دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ پۈتۈن باسما ماتېرىياللىرى-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/33.asp?isim=[2010-12-31 00:40:12]

alma uyghur book

نىڭ مۇندەرىجىسىنى تۈزۈپ چىقىش مۇمكىن بولماي كەلگەنىدى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، مەن تۈزگەن مۇشۇ مۇندەرىجىدىمۇ بىر قىسىم باسما ماتېرىياللار چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. باسمىخانىدا بېسىلغان بىر قىسىم بۇيۇملار ساقلاپ قېلىنمىغان. يەنە باشقا بىر قىسمى شىنجاڭدىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا يوقاپ كەتكەن. شۇڭا، تۈزگەن مۇندەرىجەمنىڭ شۇ چاغدىكى ئىنتايىن بېكىنمە، كىرمەك قىيىن بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئىنتايىن مۇشكۈل شارائىتتا دىن تارقىتىش ئىشىنى ئىشلىگەن، شۋېتسىيىنىڭ يەككە ـ يېگانە دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ خىزمىتى ئېلىپ بارغان مەدەنىيەت تارقىتىش پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئىزاھات بولۇپ قېلىشىنى ۋە ئۇنى بىر قىسىم ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ قەشقەردىكى باسمىخانىسىدا بېسىلغان نەشر بۇيۇملىرىنى ئەسلى ماتېرىيالى دىن تارقىتىش ئۆمىكى ھۆججەت ـ ئەسەرلەر كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي ھېسابات دەپتىرىدە ساقلانغان ھالبۇكى، بۇ ھېسابات 1914 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ماتېرىياللارنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغاچقا، تولۇق بولمىغان، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇلارغا باسمىخانىدا بېسىلىشىنى ساقلاپ تۇرغان ئورىگىنال ئەھۋالى تىزىملىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ناھايىتى كۆپ كىتابچە، ئىنجىل قەسىدىسى، «ئىنجىل» دىن ئېلىنغان پارچىلارمۇ خاتىرىلەنگەن. بىراق، بۇ ماتېرىياللار بېسىشقا بېرىلمىگەن. بۇ ماتېرىياللار شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ ئارخىپىدا ساقلانغان. بۇ ئارخىپلار 1938 ـ يىلى 6 ـ ئايدا دىن تارقىتىش ئۆمىكى قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغاندا يوقىلىپ كەتكەن بۇ ئومۇمىي ھېسابات تىزىملىكىگە ئۇيغۇرچە قىسقارتىلما شەكلى ئارقىلىق بېسىلىدىغان ئەسەرلەرنىڭ ماۋزۇسى ئاددىيلا خاتىرىلەپ قويۇلغان ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەققىي ماۋزۇسى كۆرسىتىلمەي، ئۇلارنىڭ مەزمۇنىلا كۆرسىتىلگەن.

دىن تارقىتىش ئۆمىكى ھۆججەت ـ ئەسەر كومىتېتى مەدەنىيەت

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/33.asp?isim=[2010-12-31 00:40:12]

alma uyghur book

خىزمىتىنى ئىشلەش سالاھىيىتىگە ئىگە دىن تارقاتقۇچىلاردىن تەركىب
تاپقان ، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى نەشىر قىلىنماقچى بولغان ئەسەر
ئورىگىنالىنى تەكشۈرۈش ، يېڭىدىن نەشر قىلىنغان كىتابلار مۇندەرىجە-
سىنى تەييارلاش ، ئادەتتىكى چاغلاردا بولسا باسمىخانىنىڭ باسما نەشر
قىلىش خىرمەتلىرىگە نازارەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى مەزكۇر كومىتېت
تەكلىپ قىلىنغان شۇ يەرلىك مەسلىھەتچىلەرگە يېتەكچىلىك قىلاتتى
ئۇلار بېسىلغان ماتېرىيالدىكى ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى جەھەتتىكى خا-
تالىقلارنى تۈزىتىشكە ياردەملىشەتتى

باسمىخانىنىڭ يىللىق پائالىيەت خىزمەت دوكلاتىنى شۋېتسىيە دىن
تارقىتىش جەمئىيىتى تەپتىش ھەيئىتىنىڭ يىللىق مەلۇماتىدىن تاپقىلى
بولىدۇ ئۇنىڭدا ماتېرىياللارنىڭ ھەرىيلى بېسىلغان نۇسخا سانى بار
ئىدى . شۋېتسىيە دۆلەت دىن جەمئىيىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان
ھەپتىلىك « دىن تارقىتىش جەمئىيىتى » ژۇرنىلىغىمۇ باسمىخانىنىڭ
خىزمەت ئەھۋالى توغرىسىدا خەۋەر بېسىلىپ تۇراتتى . بۇ خەۋەرلەر 1933 ـ
يىلىدىن 1937 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭنىڭ داۋالغۇپ تۇرغان
ۋەزىيىتىنى ئىگىلەشتە ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە ، چۈنكى ئۇلاردا مۇشۇ را-
يوننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ۋە ئۇنىڭ باسمىخانىنىڭ خىزمىتىگە
كۆرسەتكەن تەسىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان

مەن تۈزگەن مۇندەرىجىدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى ، لۇند
ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا دىن تارقىتىش ئۆمىكى باسمىخانىسى بېسىپ
نەشر قىلغان باسما ماتېرىياللىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تولۇق ساقلانغان
ئۆرۈم ساقلاۋاتقان ئالاقىدار ماتېرىياللارنىمۇ مۇشۇ كۇتۇپخانىغا تەقدىم
قىلغانىدىم شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ستوكھولمدىكى شۋېتسىيە خانلىق
كۇتۇپخانىسى ۋە ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدىمۇ ئاشۇ خىلدىكى
باسما ماتېرىياللىرىنىڭ بىر قىسىم نۇسخىلىرى ئازدۇر ـ كۆپتۇر
ساقلانغان رىدىنگودىكى شۋېتسىيە دىن تارقىتىش جەمئىيىتى ئىلاھىيەت
ئىنستىتۇتىنىڭ كۇتۇپخانىسى ۋە ئارخىپ سارىيىدىمۇ بىر قىسىم ئەۋرىشكە
ساقلانغان

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/33.asp?isim=[2010-12-31 00:40:12]

alma uyghur book

مەن تۈزگەن باسما ماتېرىياللار مۇندەرىجىسىدە، تامامەن ئۇيغۇرچە باسما ماتېرىياللارنىڭ تىتۇلى كۆچۈرۈلۈپ قايتا بېسىلدى. ھەربىر ماۋزۇ ئاخىرىغا تاۋۇشلارنىڭ يېزىلىش شەكلى ۋە ئىنگلىزچە تەرجىمىسى بېرىلدى. تىل تاۋۇشلىرى بويىچە كۆچۈرۈپ يېزىلغان بۇ ھۆججەت ـ ئەسەرلەر شۇ چاغدا ۋە بۈگۈنكى كۈندە ئۈرۈمچىدە قوللىنىلىۋاتقان «تارانچى تىلى» شەكلىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى تەسىرىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇر تىلى بولماستىن، قەشقەر، يەكەن ۋە پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىدا قوللىنىلىدىغان ئۇيغۇر ئېغىز تىلىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ

ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر تىلىدا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ھېچقانداق ئىملا قائىدىسى يوق ئىكەنلىكىنى ئەستە تۇتۇش زۆرۈر. دىن تارقاتقۇچىلار شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكى باسمىخانىسىدا بېسىلغان باسما ماتېرىياللىرىدا ئۇيغۇر تىلىنى ۋە ئەرەب تىلى، پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان ئاتالغۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ يېزىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا ئۇرۇنۇپ باققان. بىراق، بولۇپمۇ دەسلەپتە بېسىلغان ماتېرىياللاردا، مەيلى ماۋزۇسىدا بولسۇن ياكى تېكىستتە بولسۇن، ئىملا قائىدىسى جەھەتتە بىردەك بولمىغان جايلار كۆپ ئۇچرايدۇ  گۇستاف ئالبېرتنىڭ قوشۇپ يېزىش ئۇسۇلىغا قىلغان يېتەكچىلىكى (1921.1) ئارقىسىدىلا جەنۇبىي شىنجاڭدا قوللىنىلىۋاتقان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قېلىپلاشقان ئىملا قائىدىسىگە ئاساس سېلىنغان  شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ ئىملا قائىدىسى دىن تارقىتىش ئۆمىكى باسقان باسما ماتېرىياللىرىدا ئىزچىل قوللىنىپ كېلىندى

كىتابىمدا باشتىن ـ ئاخىر «Eastern Turki» (شەرقىي تۈركىي تىل) دېگەن ئاتالغۇنى قوللاندىم  لېكىن «New Uighur» (يېڭى ئۇيغۇر تىلى) ياكى Modern Uighur (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى) دېگەن ئىككى ئاتالغۇنى قوللانمىدىم  كېيىنكى ئىككى ئاتالغۇ 1921 ـ يىلىلا ئاندىن شەرقىي تۈركىي تىل سۆزلۈكىگە ئېلىپ كىرىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تا 30 ـ يىللاردىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى مەزگىلىدىلا قوللا-

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/33.asp?isim=[2010-12-31 00:40:12]

alma uyghur book

نىشقا باشلىدى . 1934 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى تەسىرى بارغانسېرى كۈچىيىشكە
باشلىدى « Uighur » ( ئۇيغۇر ) دېگەن بۇ سۆزنىڭ بارلىققا كېلىشى
شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ، بىرىنچى تۈركۈمدىكى دەلىلنى مۇندەرىـ
جىدىكى 1935 ـ يىللىق 1 ـ باسما ماتېرىيالى « Uighuristan »
(ئۇيغۇرىستان ) ۋە 1935 ـ يىللىق 5 ـ باسما ماتېرىيالى ، 11 ـ باسما ماتېـ
رىيالىدىكى « Uighur » ( ئۇيغۇر ) دېگەن سۆزنىڭ قوللىنىلغانلىقىدىن
ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ . 1935 ـ يىلدىن ئېتىبارەن بۇ سۆز دائىم قوللىنىلىـ
دىغان ئاتالغۇ بولۇپ قالدى . 1936 ـ يىلدىن باشلاپ ، شۋېتسىيە دىن
تارقىتىش ئۆمىكى باسمىخانىسى ھەرىيلى نەشر قىلغان كالېندارنىڭ نامى
« ئۇيغۇرىستان كالېندارى » دەپ ئۆزگەرتىلگەن ـــ ئېھتىمال ھۆكۈمەت
تەرەپنىڭ سىياسىي بېسىمى ۋە تەلىپى ئارقىسىدا ئۆزگەرتىلگەن بولۇشى
مۇمكىن

مەن شۇ چاغدىكى ھۆججەت ئەسەرلەردە قوللىنىلغان
« Eastern Turkistan » ( شەرقىي تۈركىستان ) ، « Chines Turkistfn »
( جۇڭگو تۈركىستانى ) دېگەن ئىككى ئاتالغۇنى بىر تەرەپ قىلىشتا
« Modern Sinkiang » ( ھازىرقى شىنجاڭ ) دېگەن ئاتالغۇنى ئەمەس ،
بەلكى « Sinkiang » ( شىنجاڭ ) دېگەن مۇشۇ بىر ئاتالغۇنى قوللاندىم .
چۈنكى ، بىرىنچى ئاتالغۇ ھازىر قوللىنىلىۋاتقان ئاتالغۇنىڭ ئۆزى ئىدى .
قەشقەردىن ئىبارەت بۇ بىر شەھەر نامىنىڭ بىر نەچچە تۈرلۈك يېزىلىشى
بار ئىدى . دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ باسمىخانىسى باسقان ماتېرىياللاردا
ئىزچىل تۈردە ئەرەب ئېلىپبەسى بويىچە يېزىلىشى قوللىنىلغاچقا ، مەنمۇ
مۇشۇ شەكىلنى قوللاندىم . بۇ نامنى يېزىشتا ئىلگىرى : Kaschgar ،
Kashgar ياكى كېيىنچە بارلىققا كەلگەن Qashqar دېگەنگە ئوخشاش
يېزىش ئۇسۇللىرى بار ئىدى .

مەن مۇشۇ مۇندەرىجىنى تۈزگەندە ، باسما ماتېرىياللىرىنىڭ
سىرتقى كۆرۈنۈشىنى نەزەردە تۇتمىدىم . كۆپلىگەن باسما ماتېرىياللىرى
ھەرخىل رەڭدە بېسىلغان قەغەز مۇقاۋىلىق قىلىپ نەشر قىلىنغانىدى . شـ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/33.asp?isim=[2010-12-31 00:40:12]

alma uyghur book

ۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكى باسمىخانىسىنىڭ تۈپلەش سېخى بار بولغاچقا، بەزى باسما ماتېرىياللىرى شۇ يەردە تۈپلىنەتتى. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلۇۋاتقىنى ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ ئوموملاشقان كىتابلاردىن ئىبارەت. «ئىنجىل» ۋە ئىنجىل قەسىدىلىرى توپلىمى ئادەتتە خۇرۇم مۇقاۋىلىق قىلىپ ئىشلىنەتتى. دەرسلىك كىتابلار بولسا قاتتىق قەغەز مۇقاۋىلىق قىلىپ تۈپلىنەتتى. باسما ماتېرىياللارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ھەققىدە ھېچقانداق قائىدە - بەلگىلىمە يوق بولۇپ، قانداق ئىشلەشنى خالىسا شۇنداق ئىشلىنەتتى. كۆپ ھاللاردا ئوخشاش بىر نەشردىكى ھەرخىل ئۆلچەمدىكى قەغەزگە بېسىلاتتى. پەرقى 0.5 سانتىمېتىردىن 1 سانتىمېتىرغىچە بولاتتى. بۇنى قەغەز كېسىش ماشىنىسى 1 بەلگىلىنىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

## شۋېتسىيەنىڭ قەشقەردىكى دىن تارقىتىش ئۆمىكى باسمىخانىسىنىڭ باش - ئايىغى

1893 - يىلى، شۋېتسىيە چېركاۋى دىن تارقىتىش جەمئىيىتى ستوكھولمدا ئۆتكۈزگەن كاتتا يىغىنىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا، جۇڭگو شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ قەشقەر رايونىدا دىن تارقىتىش نۇقتىسىدىن بىرىنى يېڭىدىن تەسىس قىلىش قارار قىلىنغان. 1 - تۈركۈمدىكى شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرى بۇنىڭ ئالدىدا پېرسىيە (ئىران)دە دىن تارقىتىپ كەلگەن بولۇپ، 1894 - يىلى 2 - ئايدا قەشقەرگە كەلگەن. ئۇلارنىڭ رەھبىرى لارس ئېرىك خوگبېرگ شۋېتسىيىنىڭ شىنجاڭدىكى بارلىق دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىدىكى يول ئاچقۇچىسى بولۇپ قالغان. خوگبېرگ 1916 - يىلى پېنسىيىگە چىققان ھەمدە شۋېتسىيىگە قايتقان.

ۋەھالەنكى، 1893 - يىلىنىڭ ئالدىدا، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا دىن تارقىتىش نۇقتىسى تەسىس قىلىش جەھەتتە سىناق تەرەقسىدىكى ئىنتىلىشلار بولغان. 1891 - يىلى 12 - ئايدا ئىلگىرى كاۋكازنىڭ تىفلىس

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/34.asp?isim=[2010-12-31 00:35:37]

alma uyghur book

( Tiflis ) دېگەن يېرىدە دىن تارقاتقچى بولۇپ ئىشلىگەن ن ف خويگېر تىفلىستىن قەشقەرگە قاراپ سىناپ كۆرۈش سەپىرىگە ئاتلانغان ھەمدە 1892 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قەشقەرگە يېتىپ بارغان جوخانىس ئاۋېرتارانىنىڭ ئىسمىلىك بىر تۈركىيىلىكمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە قەشقەرگە كەلگەن ئۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا قايتقان ئادەم ئىدى ئۇنىڭدىن سىرت ، تىفلىسلىق ئىككى ئەرمەنمۇ بار ئىدى . خويگېر قەشقەردە بىر قانچە كۈنلا تۇرۇپ ھېلىقى ئىككى ئەرمەن بىلەن بىللە تىفلىسقا قايتقان . ئاۋېرتارانىن بولسا قەشقەردە قالدۇرۇلغان ھەمدە ئۇنىڭدىن دىن تارقىتىش پائالىيىتىنى ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەش تەلەپ قىلىنغان . ئۇ ئاۋۋال « ئىنجىل » نى تەرجىمە قىلىش ئىشىنى قىلغان . ھەمدە ئۇنىڭ بىر قىسمىنى پۈتتۈرگەن .

شۇڭا ، شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قەشقەردىكى 1 ـ قېتىملىق سىناق خاراكتېرىدىكى دىن تارقىتىش پائالىيىتىنى 1892 ـ يىلىلا باشلانغان دېيىشكە بولىدۇ .

1894 ـ يىلى شۋېتسىيە چېركاۋى قەشقەردە دىن تارقىتىش ئۇيۇشمىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن ، دىن تارقىتىش پائالىيىتىنى تېزلىك بىلەن شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىغىچە كېڭەيتكەن 1896 ـ يىلى يەكەندە يېڭى دىن تارقىتىش نۇقتىسىنى تەسىس قىلغان ، كېيىنچە قەشقەر خەنزۇ بازىرىدا ( خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان جايدا ) دىن تارىتىش نۇقتىسىدىن يەنە بىرنى تەسىس قىلغان دىن تارقىتىش ئۇيۇشمىسى قەشقەردە ۋە خەنزۇ بازىرىدىكى خەنزۇ ئاھالىلەر ئارىسىدا دىن تارقىتىش پائالىيىتىنى پائال ئېلىپ بارغان ؛ 1912 ـ يىلى ، قەشقەر بىلەن يەكەن ئارىلىقىدىكى يېڭىساردا دىن تارقىتىش نۇقتىسىدىن يەنە بىرنى تەسىس قىلغان شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۇيۇشمىسى بۇ ئىشقا كىرىشكەندىن تارتىپلا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا دىن تارقىتىشقا تىرىشقان بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولغان بىردىنبىر ئىش قەشقەر خەنزۇ بازىرىدىكى خەنزۇ ئاھالىلەر ئارىسىدا دىن تارقىتىلغانلىقىدىن ئىبارەت .

مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن ۋاز كەچتۈرۈپ خرىستىئان دىنىغا كىرگۈ-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/34.asp?isim=[2010-12-31 00:35:37]

alma uyghur book

زۇش شـۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئىدى ، بۇ خـۇددى بـاشـقـا مۇسۇلمانلار رايونىدا دىن تارقىتىش پائالىيىتى بىلەن شۇ- غۇللانـغـان بـاشـقـا خـرىـسـتىئان دىن تارقىتىش ئۆمىكىدىكىلەر يولۇققان ئەھۋالغا ئوخشاش ئاسانغا چۈشىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى شۋېتسىيە دىن تـارقاتقۇچىلىرى دىنىي پائالىيەتنى تىرىشىپ تىببىي مۇلازىمەت ۋە مائارىپ بـىـلـەن بـىـرلـەشـتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى تېزلا ھېس قىلىپ ، قەشقەر ۋە يـەكـەنـدە دوخـتۇرخانا قۇرغان ھەمدە شۇ يەرلىك ئادەملەرنى تەربىيىلەپ تـىببىي داۋالاش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش تەدبىرىنى قوللانغان دىن تـارقـىـتـىش ئۆمىكى يەنە قىز ـ ئوغۇللارنى ئوقۇتىدىغان مەكتەپ قۇرۇپ ، ئۇلارغـا غـەيـرىي دىنىي تەربىيە بەرگەن ، شۇنداقلا ئوقۇش مەزمۇنىغا لۇت مـەزھـىـپـگە مەنسۇپ بولغان خرىستىئان ئېتىقادىنىڭ ئەڭ نېگىزلىك مەزمۇن- لىرىنى قوشقان

ئـارىـدىـن كـۆپ ئۆتـمـەيلا دىـنـىـي مـاتـېـرىـيـاللارنـى ۋە ئەمەلىي قـولـلـىـنىلىدىغان غەيرىي دىنىي مەزمۇندىكى ماتېرىياللارنى بېسىش ئېھتى- يـاجـى بەك جىددىي بولۇپ قالغان ئۇ چاغدا ، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا دىن تـارقـىـتـىش ئۆمىكىگە ياردەم بېرىدىغان ھېچقانداق باسمىخانا بولمىغاچقا ، كـىـتـاب قولدا كۆچۈرۈلەتتى سېتىلىدىغانلىرىمۇ قولىيازما كىتابلار ئىدى روسـىـيـە تـەۋەسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىن بەزىبىر تاشباسما كىتابلار كىر- گـۈزۈلـگـەن بـولـۇپ ، مـۇنـداق كىتابلار شىنجاڭدىكى چوڭراق شەھەر ـ بازارلاردا سېتىلاتتى مۇنداق تاشباسما كىتابلارنىڭ مەزمۇنى ئىسلام دىنىغا ئائىـت مـەسـىلىلەرگە ئالاقىدار ئىدى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئومۇملاشقان چاغاتاي يېزىقىدىكى بىر قىسىم ئەدەبىي كىتابلارمۇ بار ئىدى .

1893 ـ يـىـلـى ستوكھولمدىكى شۋېتسىيە دىن تارقىتىش جەمئىيىتى كېڭەشى قەشقەردە مۇئەسسەسەلىرى تولۇق بولغان بىر باسمىخانا قۇرۇشنى قـارار قـىـلـغان . تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ قارار 1910 ـ يىلى ئاران ئەمـەلـگـە ئاشقان شـۇ يـىـلـى لازىـمـەتـلـىـك ئۈسـكـۈنـە ئەسلىھەلىرى شـۋېـتـسـىـيدىن قەشقەرگە كەلتۈرۈلگەن ، قاتناش ـ ترانسپورت جەھەتتە مـەسـىـلـە نـاھايىتى جىق بولغانىدى ساندۇقلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/34.asp?isim=[2010-12-31 00:35:37]

alma uyghur book

ئېغىرلىقتىكى نەرسىلەر قاچىلانغاندىلا ئاندىن ئۇنى ئات ياكى تۆگىگە ئارتىپ روسىيە تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن جۇڭگو شىنجاڭ ئارىسىدا سوزۇلۇپ ياتقان ئېگىز تاغ چوققىلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ ئەكەلگىلى بولاتتى. تۇنجى تۈركۈمدە بىر يۇقىرى سۈرئەتلىك بېسىش ماشىنىسى، پارچە ـ پۇرات نەرسىلەرنى بېسىش ماشىنىسى، بىر قەغەز كېسىش ماشىنىسى ۋە بىر تۈپلەش ماشىنىسى ئەۋەتىلگەن قەشقەردە يېڭىدىن قۇرۇلغان بۇ باسمىخانىدا ئەرەبچە ۋە لاتىنچىدىن ئىبارەت ئىككى خىل خەت قېلىپى، شۇنداقلا يەنە روسچە سودا ماتېرىياللىرىنى تىزىش ـ بېسىشتا ئىشلىتىدىغان ئازراق سىلىر ئېلىپبە ھەرپ قېلىپىمۇ بار ئىدى. باسمىخانا 1912 ـ يىلى قۇرۇلغان ۋە ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەنىدى.

شۋېتسىيىنىڭ قەشقەردىكى دىن تارقىتىش ئۆمىكى 1901 ـ يىلىلا ۋاقىتلىق تەدبىر سۈپىتىدە قولدا چۆرۈيدىغان بىر ئاددىي بېسىش ماشىنىسىنى ھەل قىلغان. دىن تارقىتىش ئۆمىكى 1901 ـ يىلىدىن 1911 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا مۇشۇ ماشىنىدا بىر قىسىم ئىنجىل قەسىدىلىرى ۋە دىنىي تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى ئۇيغۇرچە باسقان.

تۇرگەن مۇندەرىجەمدىن 1901 ـ يىلىدىن 1907 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا بېسىلغان ھېچقانداق باسما ماتېرىيالى يوقلۇقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ بۇنى مۇشۇ مەزگىلدە قول بىلەن چۆرىلىدىغان ئاشۇ ماشىنىنىڭ ئىقتىدارىنىڭ دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ مەقسىتى ۋە تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشالمىغانلىقىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولار

مۇندەرىجىدىكى باسما ماتېرىياللاردىن 1 1907 ۋە 1 1908 دەپ نومۇر قويۇلغانلىرىدىن باشقىلىرى قەشقەردە بېسىلغان؛ كېيىنكى ئىككى ماتېرىيال يەكەندە بېسىلغان مەن قولدا چۆرۈيدىغان ھېلىقى بېسىش ماشىنىسىنى بۇ ئالاھىدە باسما ماتېرىياللىرىنى بېسىشقا قەشقەردىن يەكەنگە ئېلىپ كېلىنگەن ـ كېلىنمىگەنلىكىگە ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن

شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ قەشقەردە قۇرغان باسمىخانىسىدا تا 1938 ـ يىلىغىچە ماتېرىيال بېسىلغان ھالبۇكى، 1938 ـ يىلىغا كەلگەندە، پۈتۈن دىن تارقىتىش ئۆمىكى كومېدىيە تۈسىنى ئالغان مۇ-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/34.asp?isim=[2010-12-31 00:35:37]

alma uyghur book

ھېتتا قېپقېلىپ ، دىن تارقىتىش پائالىيىتىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغان . دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدىن كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى .

باسمىخانىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ھۆججەت ـ ئەسەرلەر ( مەدەنىيەت ئەسەرلىرى ) نى بېسىش ۋە نەشر قىلىش ئىدى ، دەسلەپتە ئاساسلىقى دىنىي خاراكتېردىكى ماتېرىياللارنى باسقان ، لېكىن دىنىي مەزمۇنلار بولمىغان تۈرلۈك ماتېرىياللارنى بېسىشقا تەدرىجىي بېسىشقا باشلىغان . ئەمما ، باسمىخانىنىڭ 30 نەچچە يىللىق تارىخىدا قىلغان ئىشلىرى ئىچىدىكى بىر ئىشنى ، يەنى ياش ئۇيغۇر ھەرپ تىزىش ئىشچىلىرى ۋە مەتبەئە ئىشچىلىرىنى تەربىيىلىگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق لازىم . بۇ دىن تارقىتىش ئۈمىكى ئېلىپ بارغان ئىنسانپەرۋەرلىك تەربىيىسى جەھەتتىكى خىزمەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تەرەققىي تاپمىغان رايونلارغا قىلىنغان ياردەمدىن ئىبارەت . كېيىنكى كۆنلەردە شىنجاڭدا قوزغىلاڭچى ھۆكۈمەت ئەنە شۇ تېخنىكا جەھەتتىكى ياردەمنىڭ نەتىجىسىدىن پايدىلانغان .

## شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ ئېلىپ بارغان مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى

جوخاننېس ئاۋېرتاراننىن خويگېرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە قەشقەردە قېپقالغان . ئۇ 1892 ـ يىلى قەشقەرگە كېلىپلا « ئىنجىل » نىڭ بىر قىسمىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشقا تۇتۇش قىلغان ھەمدە يەنە برىتانىيە ۋە چەت ئەل ئىنجىل جەمئىيىتىنىڭ « ئىنجىل » نى ساتقۇچىسى بولغان . كېيىنچە ، ئۇ تەرجىمە قىلغان « ئىنجىل » برىتانىيە ۋە چەت ئەل ئىنجىل جەمئىيىتىنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا لېيپسىگ ( lepzig ) دە نەشر قىلىنغان . بىراق ، شۋېتسىيىنىڭ قەشقەردىكى دىن تارقاتقۇچىلىرى ، بولۇپمۇ خۆگبېرگ بىلەن راگۇيت ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/34.asp?isim=[2010-12-31 00:35:37]

alma uyghur book

كۆپ تەنقىد قىلغان ھەمدە ئۇنى نۇرغۇن جەھەتتە ئىشەنچسىز دەپ قارىغان.

ئاۋېرتاراننىڭ تۇغما شوخ مىجەزلىك ئادەم بولغاچقا، «ئىنجىل» نى ھاپىلا - شاپىلا تەرجىمە قىلغانلىقى شۇبھىسىز ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بەرگەن تەنقىدىگە نىسبەتەن ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ، ئۆزىنى غەربىي (ئوسمان) تۈركلىرىدىن بولغاچقا، «ئىنجىل» نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا شۋېتسىيەدىن تارقاتقۇچىلىرىدىن تېخىمۇ سالاھىيەتلىك دەپ قارىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، شۋېتسىيەدىن تارقاتقۇچىلىرى كەسپىي بىلىمى يوق چولتىلاردىن ئىبارەت، خالاس. «ئىنجىل» نى تەرجىمە قىلىشتا، كۆز قاراش جەھەتتە قاتتىق ئىختىلاپ يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاۋېرتاراننىڭ 1897 - يىلى شۋېتسىيەنىڭ قەشقەردىكى دىن تارقىتىش ئۆمىكىدىن كېتىپ، بۇلغارىيەدە ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، «ئىنجىل» نى تەرجىمە قىلىش ئىشىنى داۋاملاشتۇرغان.

شۋېتسىيەنىڭ قەشقەردىكى دىن تارقاتقۇچىلىرى بولسا ئاۋېرتاراننىڭ داۋاملىق تەنقىد قىلىۋەرگەن، خۇلتۇۋال بۇ تالاش - تارتىشنى «〈ئىنجىل〉 تالاش - تارتىشى» دەپ جايىدا ئاتىغان ۋەھالەنكى، 20 - ئەسىرنىڭ تۇنجى ئون يىلىدا يۈز بەرگەن بۇ تالاش - تارتىشقا تالاش تارتىش قىلغان ئىككى تەرەپلا ئەمەس، بەلكى برىتانىيە ۋە چەت ئەل ئىنجىل جەمئىيەتلىرىمۇ ئارىلاشقان. كېيىنكى چاغدا ھەتتا كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئالىم ف. س. ئاندرېس باشچىلىقىدىكى گېرمانىيە شەرقشۇناسلار كومىتېتىمۇ بۇنىڭغا ئارىلاشقان. ئاندرېس ئاۋېرتاراننىڭ تەرىپىگە تۇرۇپ، شۋېتسىيىلىك دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ كۆز قارىشىغا قارشى چىققان. ھەتتا ئۇ ئۆز نامىدا 16 بەتلىك «ماتتېۋ ئىنجىلىغا ئاساسەن ئىنجىلنىڭ قەشقەرىيە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقىغا باھا» دېگەن ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلغان ھەمدە ماقالىنىڭ ئاخىرىغا «شەخسلەرنىڭ كۆرۈشىگىلا بولىدۇ» دەپ ئەسكەرتىش بېرىپ قويغان. ماقالىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئەسكەرتىلمىگەن. ئەمما، 1908 - يىلى ئېلان

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/34.asp?isim=[2010-12-31 00:35:37]

alma uyghur book

قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئاشۇ يىلى تالاش ـ تارتىش قىلغان ئىككى تەرەپ بىرلىندا يىغىن ئۆتكۈزگەنىدى. 1910 ـ يىلى تىفلىستا ئاۋىرتارانىنىڭ تەرجىمە قىلغان ھەمدە خۆگبېرگ بىلەن راگۆيىت تۈزىتىش كىرگۈزگەن «ماتتېئۇ ئىنجىلى» نىڭ ئۇيغۇرچە يېڭى نۇسخىسى نەشر قىلىنغان. ئىككى تەرەپ ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇھاكىمىدىن كېيىن مۇرەسسەگە كەلگەن، ئاۋىرتارانىن راگۆيىت بىلەن بىرلىكتە ئۆزى تەرجىمە قىلغان «ئىنجىل» نى تۈزىتىشكە قوشۇلغان. بىر يىل جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق «ئىنجىل» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسىنى تەييارلاش ئىشى پۈتكەن ھەمدە 1914 ـ يىلى بۇلغارىيىنىڭ فىلىپ پولىس شەھىرىدە نەشر قىلىنغان.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاۋىرتارانىن بىلەن ھەمكارلىشىش ناھايىتى تەسكە چۈشكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ باشقىلارغا يەتمەيدىغانلىقىدىن خىجىل بولۇپ، دىن تارقىتىش ئۆمىكىدىن بىر قانچە قېتىم چىقىپ كەتكەن، ئەمما كېيىن يەنە قايتىپ كېلىپ، دىن تارقىتىش خىزمىتىنى ئىشلىگەن. ئۇ 1895 ـ يىلى بىردىنلا ئېكسپېدىتسىيىچى سۋېن ھېدىنگە ھەمراھ بولۇپ، شىنجاڭدا ساياھەت قىلىش قارارىغا كەلگەن ھەمدە دىن تارقىتىش ئۆمىكىدىن چىقىپ كەتكەن. ئەمما، ئۇ سۋېن ھېدىن بىلەن ئۇزاق ۋاقىت بىللە تۇرالمىغان. سۋېن ھېدىننىڭ ئاۋىرتارانىنغا بەرگەن باھاسىنى تۆۋەندىكىچە ئىپادىلىگەن: «مەن جوخاننېسنىڭ دىن تارقىتىش جەھەتتە ئۈنچىۋالا ئىقتىدارى بارلىقىنى بايقىمىدىم». دوكتور خېرمان فرانك (بۇ ئادەم خۇسىچىلار ئېقىمىدىكى دىن تارقاتقۇچى ئىدى، كېيىن بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىبەت تىلى پروفېسسورى بولغان) ئاۋىرتارانىننى «نام ـ مەنپەئەت قوغلىشىدىغان ئادەم» دەپ تەسۋىرلىگەن. ھالبۇكى، ئاۋىرتارانىن 1900 ـ يىلى بۇلغارىيىنىڭ شۇمۇرا دېگەن يېرىدە نەشر قىلىنغان كىتابچىسىدا بولسا ئۆزىنى «مەشھۇر جوخاننېس باي» دەۋالغان. «باي» ــ شىنجاڭدا جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى مال ـ بىساتى جىق سودىگەرلەرگىلا قوللىنىلىدىغان ھۆرمەت نامى. ئۇ بىر تەرجىمە ئەسىرىدە ئىسمىنىڭ ئالدىغا «ئېسىل ئائىلىدىن كېلىپ چىققان»

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/34.asp?isim=[2010-12-31 00:35:37]

alma uyghur book

دېگەندەك گەپلەرنى يېزىۋېلىپ ، پەيغەمبەر بىلەن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىدىن بېشارەت بەرگەن . ئۇ بۇ ئارقىلىق گويا ئۆزىنىڭ تالانتىنى يوشۇرمايدىغانلىقىنى ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئېسىل نام - شەرىپىنىڭ ئۇنىڭ دىن تارقىتىش ئىشى بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولغان . ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاقلىغان چاغدىكى ئاشۇنداق قىلىقلىرىنى شۋېتسىيىنىڭ قەشقەردىكى دىن تارقىتىش ئۆمىكىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن كۆرۈلگەن دېيىشكە بولىدۇ

ش ^ ˜سىيىنىڭ قەشقەردىكى دىن تارقىتىش ئۆمىكى « ئىنجىل » نى تەرجىمە قىلىش ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن 1917 - يىلى « ئالەمنىڭ يارىتىلىشى » 1921 - يىلى « تەۋرات » ؛ 1923 - يىلى « نەزمىلەر » دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ قەشقەردىكى باسمىخانىسىدا ئارقا - ئارقىدىن بېسىلغان 1935 - يىلى G • ئالبېرت بىلەن O • خېمانسون « ئىنجىل » نى ئۇيغۇرچىغا قايتىدىن تولۇق تەرجىمە قىلىشنى باشلىغان كېيىن ئۇنى برىتانىيە ۋە چەت ئەل ئىنجىل جەمئىيىتى قاھىرەدە نەشر قىلغان 1942 - يىلى ئۇلار « تەۋرات » نى تەرجىمە قىلىشقا تۇتۇش قىلىپ ، 1950 - يىلى قاھىرەدە نەشر قىلغان مانا بۇ « ئىنجىل » نىڭ ئۇيغۇرچە تولۇق تەرجىمە قىلىنىپ بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ ئالبېرت 1943 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن « ئىنجىل » نىڭ تولۇق تەرجىمىسى ئاساسلىقى O • خېمانسوننىڭ تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ

مەن تۇزگەن مۇندەرىجىدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى ، ئاشۇ يىللاردا ، شۋېتسىيىنىڭ قەشقەردىكى دىن تارقىتىش ئۆمىكى دىنىي مەزمۇندىكى بىر تۈركۈم كىتابلارنى ، ئىنجىل قەسىدىلىرىنى ، تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى ، كىتابچىلارنى تۈرلۈپ نەشر قىلغان ، شۇنداقلا بۇلارنى دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ باسمىخانىسى باسقان بۇ باسما ماتېرىياللىرىنىڭ كۆپىنچىسى شۋېدچىدىن ، ئىنگلىزچىدىن ياكى ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئەمما ، دىن تارقاتقۇچىلار ئۆزى يازغان ئەسەرلەرمۇ بولغان

ماتارىپ ۋە مەدەنىيەتكە ئائىت باسما ماتېرىياللارنى نەشر قىلىش خىزمىتى 1911 - يىلى باشلانغان شۇ چاغدا بىر خىل ئۇيغۇرچە ئوقۇش-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/34.asp?isim=[2010-12-31 00:35:37]

alma uyghur book

لۇق نەشر قىلىنغان ، ئۇنىڭ ئاساسي ئوبيېكتى مەكتەپ ئىدى ، ئۇ ئوقۇشلۇق ھېلىقى قولدا چۆرۈيدىغان بېسىش ماشىنىسىدا بېسىلغان دىن تارقىتىش ئۆمىكى ئاچقان مەكتەپكە كېرەكلىك ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى دەسلەپىدە يازما شەكىل بويىچە بېسىلغان . 1900 ـ يىلى راگۇيت ستوكھولمدىكى دىن تارقىتىش جەمئىيىتى تەپتىش ھەيئىتىگە بىر دوكلات يوللاپ ، قەشقەرنىڭ يەرلىك تىلىدا تۈزۈلگەن دەرسلىك ماتېرىيالنىڭ ۋە ئوقۇشلۇقنىڭ پۈتكەنلىكىنى ، ئەمما ئۇ ماتېرىياللارنىڭ قول بىلەن كۆچۈرۈپ يېزىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان 1912 ـ يىلى رامانۋى بېسىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ قەشقەرگە ئېلىپ كېلىنىشىگە ئەگىشىپ ، مەكتەپكە بېسىپ بېرىلىدىغان ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنىڭ سانى تېز ئاشقان شۇ يىللاردا ، ئىپتىدائىي ئوقۇتۇش ماتېرىيالىدىن جۇغراپىيە ، ئىلىم ـ پەنگىچە بولغان ھەرقايسى جەھەتلەردىكى دەرسلىكلەر باسمىدا بېسىلىپ نەشر قىلىنغان ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شۋېتسىيە باشلانغۇچ مەكتەپلىرى ياكى چوڭلار مائارىپى ئورگانلىرىدا قوللىنىلغان دەرسلىكلەردىن تەرجىمە قىلىنغان ، ئەمما شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن ياكى ئۆزگەرتىپ يېزىلغان بەزى ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلىم ـ پەنگە ئائىت ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى مىسال كەلتۈرسەك ( رەت نومۇرى 2 :1920 ) ، ئادەم بەدىنىگە چېتىشلىق ھېلىقى قىسمىدا ساقلىق ساقلاش جەھەتتىكى ھەرخىل شەكىلدىكى نەسىھەت قىلىش مەزمۇنى كىرگۈزۈلگەن G ئالبېرت يازغان ھەمدە 1929 ـ يىلى نەشر قىلىنغان « ئىملا قائىدىسى يېتەكچىسى » دېگەن كىتابنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى ئەرەب ئېلىپبەسى بىلەن يېزىشنى قېلىپلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇش جەھەتتىكى نەتىجىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك O خېمانسون يازغان ھەمدە 1936 ـ يىلى نەشر قىلىنغان « ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى » شۋېتسىيىنىڭ قەشقەردىكى دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ ئۆزىنىڭ تەلىم ـ تەربىيە جەھەتتىكى نىشانىدىن ھالقىپ ئاممىغا قارىتىلغان تەلىم ـ تەربىيىگە ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ 1935 ـ يىلى نەشر قىلىنغان « ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى »

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/34.asp?isim=[2010-12-31 00:35:37]

alma uyghur book

نىمۇ مۇشۇنداق بۇرۇلۇشقا تەئەللۇق بولغان ئالامەتلەرنىڭ بىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ .

دىن تارقىتىش ئۇيۇشمىسى نەشر قىلغان ئاشۇ رايوندىكى ئاھالىلەر ئۈچۈن ئالاھىدە ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە بولغان نەشر بۇيۇمى كالېنداردىن ئىبارەت . تۇنجى كالېندار 1908 - يىلى نەشر قىلىنغان ئۇ راگوۋىتنىڭ تەشەببۇسى بىلەن نەشر قىلىنغان . 1908 - يىلىنىڭ كالېندارى 1909 - يىلىنىڭ مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان . بۇ كالېندارلار ھەر يىلى نەشر قىلىنىپ تۇرغان ، 1938 - يىلى دىن تارقىتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى دىن تارقىتىش پائالىيىتى توختىتىلغاندىن كېيىنلا نەشر قىلىنىشتىن توختىغان . ئۇنىڭدىن باشقا ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە نەشر بۇيۇمى خەت - چەك يېزىشقا يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتلەردىكى ماتېرىياللار بولۇپ ، ئۇلار 1931 - يىلىدىن 1937 - يىلىغىچە ئۈچ قېتىم نەشر قىلىنغان ، ئامما ئۇنى ناھايىتى قارشى ئالغان .

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر خىل نەشر بۇيۇمى ، بەزى دىن تارقاتقۇچىلار ، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغىنى O . خېمانسون ، ئۇ ئىزچىل تۈردە شىنجاڭدىكى ئۇقۇرمەنلەر ۋە دىن تارقىتىش ئۇيۇشمىسىدە بولمىغان زاتلار ئۈچۈن ، ئۇلار ئازراق دىنىي مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەسەرلەر بولسىمۇ ، دۇنيا ئەدەبىياتىدىن بىر قانچە خىل ئەسەرنى تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە ئۇلارنى نەشر قىلغان ، مەن زىن قويغان مىساللار ئىچىدە تۆۋەندىكى ئەسەرلەر ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان : سېلما لاگېرلوفنىڭ ( مۇندەرىجە 6 : 1931 — « كەچۈرگىلى بولمايدىغان يەتتە خىل گۇناھ » ) دېگەن ھېكايىسى ؛ سان فرانسىسكونىڭ ( مۇندەرىجە 4 : 1934 — « سان - فرانسىسكونىڭ چىرايلىق گۈل تاجىسى » ) دېگەن ھېكايىسى ؛ سادخو ساندېر سىنگېنىڭ ( مۇندەرىجە 2 : 1933 — « ئىلھام » ) دېگەن ھېكايىسى ؛ شۇنىڭدەك لۇئىس ۋاللاتسېنىڭ ( مۇندەرىجە 7 : 1935 — « بېن خوئول » ) دېگەن كىتابى . كىشىنى قىزىقتۇرغىنى شۇكى ، بىز مۇشۇنداق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى نەشر قىلىش

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar__________(6)/34.asp?isim=[2010-12-31 00:35:37]

alma uyghur book

ئىشىنىڭ بۇ رايوندا 30 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا سىياسىي جەھەتتە داۋالغۇش بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە ئىشلىگەنىدى )

دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ نورمال ۋەزىپىسىدىن ھالقىپ كەتكەن، تەلىم ـ تەربىيە، ماتېرىيال تۇسىگە ئىگە بولغان، كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان يەنە بىر تۈرلۈك ئىش دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ 1914 ـ يىلى چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان دىنىي مەزمۇنلار بولمىغان گېزىت چىقىرىش پىلانىنى تۈزگەنلىكىدىن ئىبارەت. ئالتە شەھەر ئۈچۈن چىقىرىلىدىغان بۇ گېزىتنىڭ نامى « ئويغىتىش » ئىدى شۋېتسىيىنىڭ قەشقەردىكى دىن تارقىتىش ئۆمىكى قانۇن ـ تەرتىپكە رىئايە قىلىش مەقسىتىدە بۇ ئىش ھەققىدە شۋېتسىيىنىڭ بېيجىڭدىكى ئەلچىخانىسى بىلەن ئالاقىلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشمىغان ھازىر ساقلىنىۋاتقان شۇ چاغدىكى تەييارلىق خىزمەتلىرىگە ئائىت ماتېرىياللاردىن قارىغاندا ( بۇ ماتېرىياللار لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا )، بۇ پىلانىنىڭ تەشەببۇسچىسى G • راگۇيت ئىكەن دىن تارقىتىش ئۆمىكى ئالاھىدە كومىتېت قۇرغان مۇشۇ كومىتېتنىڭ 1914 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى دىكى يىغىن خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، مەزكۇر گېزىتنىڭ سىناق سانى تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالماقچى ئىكەن:

1 بىرىنچى بېتىگە جۇڭگو رۇڭتۇگى ھەققىدىكى بىر ماقالىنى بېسىش ھەمدە ئۇنىڭ سۈرىتىنى ۋە بېيجىڭنىڭ مەنزىرە رەسىمىنى قوشۇپ بېرىش

2 ئىككىنچى بېتىگە مەزكۇر گېزىتنىڭ مەقسىتى ھەققىدە بىر ماقالە ھەم ئاخباراتنىڭ مۇشۇ رايوننىڭ مەدەنىيەت، سودا قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەققىدە بىر باش ماقالە بېسىش باش ماقالىدىن كېيىن يەرلىك خەۋەرلەر، جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرى خەۋەرلىرى، روسىيە تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەۋەرلىرى، شۇنداقلا دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىنىڭ خەۋەرلىرى دېگەندەك ھەرخىل خەۋەرلەرنى بېرىش بۇلارنى روسىيىنىڭ ئاخبارات خىزمەت ئۇسۇلى بويىچە تەھرىرلەش

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/35.asp?isim=[2010-12-31 00:39:28]

alma uyghur book

3 . ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى بېتىگە رەسىملىك خەۋەرلەرنى ، سودا ئۈچۈرلىرىنى ، تېلېگراما ۋە ئېلانلارنى بېرىش . ئەڭ ئاخىرقى ستونىغا قەشقەردىكى چەت ئەل كونسۇلخانىلىرى ، بانكا ۋە پوچتا ـ تېلېگراممىغا ئائىت ئۇچۇرلارنى بېرىش ، ئەگەر سەھىپە يېتىشسە بەزى ھېكايىلەرنىمۇ بېرىش .

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى بۇ پىلاننىڭ سۇغا چىلىشىپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن  ئارىدىن يەنە بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ باسمىخانىسى ئۇيغۇرچە گېزىت ( تۆۋەندىكى پاراگرافقا قارالسۇن ) بېسىشقا مەجبۇر قىلىنغان .

باسمىخانىنىڭ بەزى خىزمەتلىرى تىجارەت تۈسىنى ئالغان . ئۇنىڭ خېرىدارلىرى ئىچىدە قەشقەرنىڭ سودا ـ ساھەسىدىكى ئەربابلىرى ، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى باشقا شەھەرلەردىكى سودا ـ ساھەسىدىكىلەر ئىدى ، يەنە چەت ئەلنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ، جۇڭگو پوچتا ئىدارىسى ، روسىيە ئىنقىلابىدىن بۇرۇن قەشقەردە قۇرۇلغان بانكا ھەم خۇسۇسىيلار بېسىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان باشقا نەرسىلەرمۇ بېسىلغان

بۇ باسمىخانىنىڭ 1916 ـ يىلىدىكى ھەر جەھەتتىكى ئىشلىرىنىڭ بىر مىسالىنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان باسمىخانىنىڭ ئومۇمىي ھېسابات دەپتىرىدىكى 1916 ـ يىلى A دىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . بۇ باسمىخانا كىتاب ، كىتابچە ۋە تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى باسقاندىن سىرت ، يەنە ھەرخىل شەكىلدە لايىھىلەنگەن تەشۋىقات ۋەرەقە ـ رەسىملىرى ياكى ئېلاندىن 4680 نى ؛ ئىسىم ـ فامىلە كارتوچكىسىدىن 3300 نى ؛ پاسپورت تۈرىدىكى ھۆججەتنى ياكى ئۆلچىمى ھەرخىل ھۆججەت ـ تالوندىن 42 مىڭ 800 نى باسقان ، بۇلار ئۇيغۇرچە ياكى پارسچە بېسىلغان . ئومۇمىي ھېسابات دەپتىرىنىڭ 1919 ـ يىل 158 ـ بېتىدە ھەرخىل جەدۋەل ، تېلېگراما ۋە ئېلان ( بۇلارنى ئاساسلىقى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى باستۇرغان ) لار ۋە باشقا تۈرلۈك جەدۋەللەر بېسىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/35.asp?isim=[2010-12-31 00:39:28]

alma uyghur book

شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسىز بولغان خوسۇسىيلار باستۇرغان كىتابلار تىزىملىكىدە مۇنداق ئۈچ ماتېرىيال خاتىرىلەنگەن، يەنى 1922 ـ يىلى H · I · خاردىن ئۈچۈن «سىرىناگاردىن گىلگىت ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىش خاتىرىسى» بېسىپ بېرىلگەن. 1933 ـ يىلى B · O · بۇرگېر ئۈچۈن «قەشقەر خاتىرىلىرى» بېسىپ بېرىلگەن؛ 1935 ـ يىلى بورىس ئۇسپوف ئۈچۈن بىر تىببىي ئىلمىي ماقالە بېسىپ بېرىلگەن. خاردىن بىلەن بۇرگېر ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ خادىملىرى ئىدى. ئۇسپوف بولسا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ خادىمى ئىدى.

مۇشۇ بىر قانچە باسما ماتېرىيالنىڭ بۈگۈنكى كۈندە بىرىنچى دەرىجىلىك قىممەتلىك ھۆججەت ـ ئەسەرگە ياتىدىغانلىقى ھەققىدە كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

## شىنجاڭ ۋەزىيىتى داۋالغۇپ تۇرغان مەزگىلدىكى شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ بىسمىخانىسى

1931 ـ يىلى شىمالىي شىنجاڭدا ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان تۇرۇش مالىمانچىلىقى پارتلىغان. ئارقىدىنلا بۇ قوزغىلاڭ بارا ـ بارا جەنۇبقىمۇ يامرىغان. 1933 ـ يىلى 2 ـ ئايغا كەلگەندە، تۇرۇش مالىمانچىلىقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىغا يېتىپ بارغان. 1933 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قەشقەر قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، جۇڭگونىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلانغان. قەشقەرنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقى تۆمۈر ئىسىملىك ئۇيغۇر بىلەن ئوسمان ئىسىملىك قىرغىزنىڭ قولىغا ئۆتكەن. 1933 ـ يىلى يازدا شىنجاڭ قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالغان. تۆمۈر قولغا ئېلىنغان ھەمدە 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئېتىپ تاشلانغان. ئوسمان 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/35.asp?isim=[2010-12-31 00:39:28]

alma uyghur book

رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋالغان . لېكىن ، خوتەن ئىسلام ھاكىمىيىتى پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭنى تېزلىك بىلەن قولغا كىرگۈزۈۋالغان . 1933 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى شىمالىي شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى خوجىنىياز ھاجى « شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى » نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان ، ئەمما ، سابىت داموللا 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » ئاشۇ « شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى » نىڭ ئورنىغا دەسسىگەن . بۇ « يېڭى دۆلەت » تېگى كۆك ئۈستىگە ئاق يۇلتۇز ۋە ھىلال ئاي چۈشۈرۈلگەن دۆلەت بايرىقىنى ئاسقان 1934 ـ يىلى خۇيزۇلار قەشقەردىكى ۋەقەگە قاتناشقان . شۇنىڭ بىلەن ، ئەسلىدىنلا بەك قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ۋەزىيەت تېخىمۇ بەك قالايمىقانلىشىپ كەتكەن . 1934 ـ يىلى 6 ـ ئايدا خۇيزۇلار ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭنى تىزگىنلىۋالغان ، ھېلىقى « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » خۇيزۇلار بىلەن بىر مەھەل بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ، لېكىن ئۇنىڭ رەھبەرلىرى تېزدىن تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كەتكەن بەزىلىرى ھىندىستانغا ئۆتۈشلۇق قېچىپ كەتكەن 1934 ـ يىلى 7 ـ ئايدا خەنزۇلار ۋە ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان ھەربىي قىسىم قەشقەرنى ئىدارە قىلغان بۇ قىسىمنىڭ رەھبىرى خوجا نىياز ھاجىنىڭ ئىلگىرىكى ھەربىي باش مەسلىھەتچىسى مەھمۇد مۇھىتى ئىسىملىك تۇرپانلىق ئۇيغۇر ئىدى . كىشىلەرگە ئۇنىڭ مەھمۇد شىجاڭ دېگەن يەنە بىر نامى تېخىمۇ تونۇشلۇق ئىدى 1934 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىنىپ ، خۇيزۇلار بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى تىركىشىش ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىلگەن . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ، بىر مەھەل نىسپىي ھالدا بىرقەدەر مۇقىم بولغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن . 1937 ـ يىلى بۇ يەردە يەنە يېڭى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن

بۇ قوزغىلاڭلار شۈبھىسىزكى قەشقەردىكى دىن تارقاتقۇچىلىرىغا بىر قاتار ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرگەن خەنزۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا ، دىن تارقىتىش ئۆمىكى ھېچبولمىغاندا ئۆزلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/35.asp?isim=[2010-12-31 00:39:28]

alma uyghur book

نىسپىي ئەركىن ئېلىپ بارالايتتىكەن. لېكىن، ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈۋالغان ئىسلام ھۆكۈمىتى دىن تارقىتىش ئۆمىكىگە قىلچىلىكمۇ دوستلۇق مېھرىنى بىلدۈرمىگەن. ئەينى چاغدا باسمىخانىنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان كارل پېرسون ستوكھولمدىكى دىن تارقىتىش جەمئىيىتى باش شتابىغا يوللىغان دوكلاتىدا ئەينى چاغدىكى ۋەزىيەتنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلغان:

« قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قوزغىلاڭچىلاردا باسمىخانىنى قورال كۈچى ئارقىلىق ئۆتكۈزۈۋېلىش نىيىتى باردەك قىلاتتى. كېيىن بىز بۇ ئىشنى ( ئۇلارنىڭ ) جىددىي رەۋىشتە مۇزاكىرە قىلغانلىقىنى ئۇقتۇق. بىز باسمىخانىمىزغا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنى بەلگىلەنگەن خىزمەت ۋاقتىدىن ئاشۇرۇپ ئىشلەپ ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشقا ۋەدە بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، باسمىخانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆز قولىمىزدا ساقلاپ قالدۇق. ھازىر باسمىخانىمىز دىن تارقىتىش ئۈچۈن ئىشلەيدىغان باسمىخانىغا ئەمەس، بەلكى سودا خاراكتېرىدىكى باسمىخانىغا تېخىمۇ ئوخشاپ قالدى. لېكىن، بىز قوزغىلاڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان پۇل پاخاللىقى تۈپەيلىدىن ھېچقانداق پايدىغا ئېرىشەلمىدۇق. كىرىم ـ چىقىمنىڭ تەڭپۇڭ بولۇشىنىلا ساقلاپ قالالىدۇق ».

دىن تارقىتىش ئۆمىكى ئاشۇ ئىشتىن بۇرۇن ئىسلام دىنىغا ئائىت مەزمۇندىكى كىتاب ۋە كىتابچىلارنى بېسىشنى رەت قىلىپ كەلگەنىدى. ئەمما، ئەمدىلىكتە بولسا ئۇنداق پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىشكە — قورال كۈچى ئاستىدا ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولغان. 1934 ـ يىلى كارل پېرسون دوكلاتىدا مۇنداق دېگەن: « دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ باسمىخانىسى نورمال بولمىغان ئەھۋالدا ئىشلەشكە مەجبۇر بولدى. دەسلەپتە ئۇلار « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » نىڭ بۇيرۇقى ۋە ئېلانلىرىنى بېسىش ئۈچۈن نورمىدىن ئوشۇق ئىشلىدى. خۇيزۇلار قەشقەرنى ئىگىلىگەن، « جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى » قېچىشقا مەجبۇر بولغان كۈننىڭ ئالدىنقى كېچىسى باسمىخانا تېخىچە « ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » نىڭ بانكا پۇلىنى كېچىلەپ بېسىۋاتاتتى. خۇيزۇلار ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ بىر

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/35.asp?isim=[2010-12-31 00:39:28]

نەچچە ھەپتىدىن كېيىن، باسمىخانا يەنە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئېلان ۋە باياناتلىرىنى بېسىشقا مەجبۇر بولدى. كېيىن خەنزۇلار بىلەن خۇيزۇلار قەشقەرنىڭ ئىشلىرىنى بىرلىشىپ باشقۇرغاندا، باسمىخانا ئۇلارنىڭ ئىشىنى قىلىشقا مەجبۇر بولدى.»

ئەمما، كارل پېرسون دوكلاتىدا مۇنۇلارنىمۇ تولۇقلاپ يازغان: «ئاشۇ يىلى (قوزغىلاڭ بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىنكى 1934 - يىلى — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن) تىجارەت پايدىسى ئىزچىل ياخشىراق بولۇپ كەلدى. باسمىخانىنىڭ ئوڭۇشلۇق ساقلاپ قېلىنىشى، شۈبھىسىزكى، خۇسۇسىي دىپلوماتىيىنىڭ ناھايىتى زور ياردىمىدىن قولغا كەلگەن.»

نۇرغۇن ۋەزىپىلەر باسمىخانىغا يۈكلەنگەن. ئۇلاردىن بىرى «ھاكىمىيەت» نىڭ «ئىستىقلالىيەت» ناملىق 1 - قەرەللىك ژۇرنىلىنى بېسىش ئىدى. بۇ ئىش 1933 - يىلى باشلانغان بولسىمۇ، ئەمما ژۇرنالنىڭ ئۆمرى تولىمۇ قىسقا بولغان. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا 1933 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يەنە «شەرقىي تۈركىستان مەۋجۇدىيەت» دېگەن ھەپتىلىك گېزىتى بېسىلغان. كېيىن بۇ گېزىتنىڭ ئورنىنى «ئىستىقبال تۈركىستان» دېگەن ھەپتىلىك يەنە بىر گېزىت ئىگىلىگەن. 1934 - يىلىغا بارغاندا بولسا، ئۇنىڭ ئورنىنى «ئەركىن ھايات» ئىسىملىك يەنە بىر ھەپتىلىك گېزىت ئىگىلىگەن. كېيىن «يېڭى ھايات» دېگەن ھەپتىلىك گېزىت ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن. بۇ ھەپتىلىك گېزىت 1934 - يىلىدىن 1937 - يىلىغىچە بېسىپ تارقىتىلغان. بۇ ھەپتىلىك گېزىتلەرگە ئەينى يىللاردا يۈز بەرگەن قوزغىلاڭغا ئائىت مۇھىم بىۋاسىتە ماتېرىياللار بېسىلغان. مۇشۇ خىلدىكى بىر يۈرۈش ھەپتىلىك گېزىتلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندە لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا تولۇق ساقلىنىۋاتقانلىقى ھەقىقەتەن كىشىنى خۇشال قىلىدۇ.

بىراق، دىن تارقىتىش ئۆمىكى باسمىخانىسى تاپشۇرۇۋالغان بۇيرۇق - پەرمانلار قوزغىلاڭچىلارنىڭ گېزىتىنى بېسىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان. ئۇنىڭ «يېڭى ھايات» ھەپتىلىك گېزىتىنى مەملىكەت سىرت-

www.alma.cn

دىكى ئۇچۇرلار بىلەنمۇ تەمىن ئېتىشى لازىم بولغان ئەمەلىيەتتە ، چەت
ئەل خەۋەرلىرى رېيتېر ئاگېنتلىقىنىڭ فوتوتېلېگراف خەۋىرىدىن ئېلىنـ
غان بۇنى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى
ئىنتايىن سېخىيلىق بىلەن تەمىن ئېتىپ تۇرغان .

ئۇنىڭدىن سىرت ، دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ باسمىخانىسى قوز-
غىلاڭچىلارنىڭ بارلىق سىياسىي تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى بېسىپ بېرىشكە
مەجبۇر بولغان . لېكىن ، شۋېتسىيە تەرەپتە مۇشۇخىلدىكى ماتېرىياللار
تولۇق ساقلانمىغان مۇندەرىجىگىمۇ كىرگۈزۈلگەن 9 : 1933 نومۇرلۇق
تۆپلەنمىگەن ۋەرەقە ئاشۇ خىل تەشۋىقات ماتېرىياللىرىغا دەلىل بولالايدۇ
بۇ ۋەرەقە سابىت ( داموللا ) ئابدۇل باقى — يېڭى « ھۆكۈمەت » نىڭ
روگىلىسى ئېلان قىلغان قەشقەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇش ھەققىدىكى
ئېلان ئىدى

دىن تارقىتىش ئۆمىكى يەنە ھۆكۈمەت ئاچقان ئۇيغۇر مەكتەپلىرىـ
نىڭ دەرسلىكلىرىنىمۇ ( مۇندەرىجە 5 : 1935 ، 1 : 1936 گە قارالسۇن ) ،
شۇنداقلا ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان مەزمۇنلاردىكى كىتابلارنىمۇ باسقان
مۇنداق كىتابلار ئىچىدە پىلە قۇرتى بېقىش ھەققىدىكى كىتابمۇ
بولغان ( مۇندەرىجە 3 : 1935 گە قارالسۇن )

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى ، دىن تارقىتىش ئۆمىكى
باسمىخانىسىنىڭ ھۆكۈمەتكە بېسىپ بەرگەن كىتابلارغا ئىملا جەھەتتە
تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھوقۇقى بولمىغان ئاشۇ خىلدىكى باسما ماتېرىيالـ
لىرىدىكى خەتلەرنىڭ قول ئۇچىدىلا بىپەرۋالىق بىلەن يېزىلغانلىقى
بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ . لېكىن ، دىن تارقىتىش ئۆمىكى دەسلەپكى مەز-
گىلدە باسقان نەرسىلەردە G ئالبېرت 1929 ـ يىلى تۈزگەن ئىملا
قائىدىسى ھەققىدىكى كىتابتا بېكىتىلگەن ئىملا قائىدىسىگە قاتتىق ئەمەل
قىلىنغان روشەنكى ، ئۈرۈمچى ۋە تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ئاشۇ
يىللاردا قەشقەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىغا تەسىر كۆرسەتكەن .

قورغىلاڭ كۆتۈرگەن ھۆكۈمەت دىن تارقىتىش ئۆمىكى باسمىخا-
نىسىغا ئۇلارنىڭ پۇلىنى بېسىشتىن ئىبارەت كىشىنى تېخىمۇ چۆچۈتىدىغان

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/35.asp?isim=[2010-12-31 00:39:28]

alma uyghur book

بىر ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان . فوربېسنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا ، ئەينى يىللاردا شىنجاڭ ئۆلكىسىدە تارقىتىلغان قەغەز پۇللار ، شۇنداقلا خۇيزۇ مىلىتارىست ما جۇڭيىڭ تارقاتقان تېخىمۇ سۈپەتسىز قەغەز پۇللار قانۇنىي جەھەتتە ناھايىتى سەزگۈر دەپ قارالغانلىقتىن ، ئىشلىنىشتىن توختىتىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈلگەن . قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ھۆكۈمەت يۇقىرىقى ئىككى خىل پۇل ئورنىغا « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » نىڭ قەغەز پۇلىنى قەشقەر ۋە خوتەن رايونلىرىدا ئىشلىتىشكە تارقاتقان . بۇ پۇللارنى بېسىش ھەققىدىكى سىرلارنى جورج روبېنتس ئاشكارىلىغان . شۇ چاغدا ، باسمىخانىنىڭ ئىشلىرىغا روبېنتس مەسئۇل بولغان . 1933 ـ يىلى قەشقەردە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ھۆكۈمەت قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن . ھۆكۈمەت رەھبىرى ئۇنىڭغا پۇل بېسىش ھەققىدە بۇيرۇق قىلغان باسمىخانا دەسلەپتە پۇلنى ھەرخىل قەغەزگە باسقان ، ئەمما كېيىن قەغەز تۈگىگەندىن كېيىن ، قەغەز تاپالمىغاچقا ئاق خەسىگە باسقان . ئاق خەسىمۇ تۈگىگەندىن كېيىن ، ھەتتا يىپەك رەختكىمۇ « پۇل » باسقان . شۈبھىسىز دىن تارقىتىش ئۆمىكى باسمىخانىسى 1933 ـ يىلدىن 1937 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا مۇشۇنداق پۇلدىن كۆپلەپ باسقان . ۋەھالەنكى ، بۇ پۇللار قەشقەردىن ئاقسۇغىچە بولغان ئەتراپتىكىلەر قوللىنىدىغان قانۇنىي پۇل بولغان .

قەشقەرنىڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى 1937 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قەشقەردە ئۆزىنىڭ باسمىخانىسىنى قۇرغان ھەمدە « يېڭى ھايات » دېگەن يېرىم ئايلىق گېزىتنى ۋە باشقا كىتابچىلارنى باسقان . بۇ شۈبھىسىز باسمىخانىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بىر خىل يۈكتىن ئازاد بولغانلىق ئىدى . چۈنكى ، گېزىت ـ ژۇرنال بېسىش بۇ باسمىخانىغا ئېغىر يۈك بولۇپ كەلگەن لېكىن ، كۆپ يىللار مابەينىدە شۈبھىسىزلىكلەر تېخنىكا جەھەتتە تەربىيىلىگەن ۋە يېتىشتۈرگەن دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ باسمىخانىسىدا ئىشلەۋاتقان نۇرغۇن يەرلىك خادىملارنىڭ ھۆكۈمەت يېڭىدىن قۇرغان باسمىخانىغا مەجبۇرىي چاقىرىلىشى قاملاشمىغان ئىش ئىدى . دىن تارقىتىش ئۆمىكى بۇنىڭغا ھېچقانداق ئامال قىلالماي ، يېڭىۋاشتىن شا-

ئالما نۇر بىكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/35.asp?isim=[2010-12-31 00:39:28]

alma uyghur book

گىرت تەربىيىلەشكە مەجبۇر بولغان ھالبۇكى، بۇنىڭغا ھەم ۋاقىت، ھەم كۈچ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، بۇ باسمىخانا دىن تارقىتىش ئۆمىكىگە ئۇمۇمىيۈزلۈك بېسىم بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ ھېس قىلغان پاۋىل ۋو- روتىنىكوف دېگەن رۇس ئېلگىرى سۈپەن ھېدىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسكۇرسىيە ئەترىتىنىڭ خادىمى بولغان، كېيىن دىن تارقىتىش ئۆمىكى ئۇنى يالاپ ئىشلەتكەن. ئۇ بۇلاڭ ـ تاراج قىلىنغان ھەمدە قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئىز ـ دېرىكى بولمىغان. يۇقىرىقىلار شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكى قەشقەردىكى دىن تارقىتىش خىزمىتىنى توختىتىشتىن بۇرۇنقى ۋەزىيەت.

1934 ـ يىلىدىن 1938 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى جۇڭگو ھاكىمىيىتىگە بولغان تەسىرىنىڭ كۈنسېرى كۈچەيگەنلىكىنى ھېس قىلغان لېكىن، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى جايلار ئانچە چوڭ تەسىرگە ئۇچرىمىغان. بولۇپمۇ مەھمۇد سىجاڭ ئۆرنىڭ ئۈرۈمچىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە ۋەكىلى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن خۇيزۇلار ئوتتۇرىسىدا قاتراپ يۈرۈشتىن ئىبارەت ئوتتۇرا يولنى تېپىۋالغان. ئەمما، سوۋېت ئىتتىپاقى تەسىرىنى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىغا پەيدىنپەي كېڭەيتكەن. 1937 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى مەھمۇد سىجاڭ ئۆز ئورنىنى ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، قەشقەردىن ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەن بۇ ئۇيغۇر، خۇيزۇلاردىن ئىبارەت مۇسۇلمانلارنىڭ قورغىلاڭ كۆتۈرۈشىگە سەۋەب بولغان 1937 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۇيغۇرلار ۋە خۇيزۇلاردىن تەركىب تاپقان قورغىلاڭچى قوشۇن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغان. پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭ قايتىدىن مالىمانچىلىققا چۆمۈپ، سىياسىي جەھەتتە ئىنتايىن قالايمىقانلىشىپ كەتكەن. شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكى ئۆزىنىڭ مۇشكۈل ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ھېس قىلغان. خەنرۇ بازىدىكى دىن تارقىتىش پونكىتىغا ئوت قويۇلۇپ، پونكىت تۈپتۈز قىلىۋېتىلگەن، دىن تارقاتقۇچىلار يېتىم قېلىپ، نورمال خىزمەت ئىشلىيەلمەي قالغان. قوزغىلاڭچىلار كاتولىك دىنىغا كىرگەن يەرلىك كىشىلەرنى ۋەھشىيلىك

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/35.asp?isim=[2010-12-31 00:39:28]

alma uyghur book

بىلەن قىرىپ تاشلىغان . 1938 ـ يىلى 2 ـ ئايدا يەكەندىكى بارلىق دىن تارقاتقۇچىلار قەشقەرگە قايتىش توغرىسىدا پەرمان تاپشۇرۇۋالغان . 6 ـ ئايغا كەلگەندە ، بارلىق دىن تارقاتقۇچىلار 46 يىل ئاكتىپلىق بىلەن دىن تارقىتىش پائالىيىتى ئېلىپ بارغان ، بۇ يەردىن كېتىشكە مەجبۇر بولغان گۇستاۋ ئالبېرت ، جوخان ئاندېرسون ۋە سىيگفرىيېد موئېندىن ئىبارەت ئۈچ نەپەر دىن تارقاتقۇچى ۋەزىيەت تىنچلانغۇچە بازىنى ساقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن كىچىككىنە ئۆمىد بىلەن كەتمەي قېپقالغان ، لېكىن ئۇلارنىڭ كىچىككىنە ئۈمىدىمۇ كۆپۈككە ئايلانغان . 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئۇچەيلەن ھىندىستانغا ھايدىۋېتىلگەن .

شۇنىڭ بىلەن شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى دىن تارقىتىش پائالىيىتى ئاياغلاشقان ، دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ قەشقەردىكى باسمىخانىسىمۇ ئىشتىن توختىغان .

دىن تارقاتقۇچىلار ھايدىۋېتىلگەندىن كېيىن ، باسمىخانا ۋە ئۇنىڭ ئۈسكۈنە ـ سايمانلىرىنىڭ تەقدىرى قانداق بولغان ؟

1946 ـ يىلى 12 ـ ئايدا سابىق شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ ئىككى خادىمى : سىيگفرىيېد موئېن بىلەن جورج روبېنتس دىن تارقىتىش ئۆمىكى شىنجاڭغا يەنە بىر قېتىم كەلسە بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقى ، ئۇ يەردە دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىنىڭ يەنە بار ـ يوقلۇقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش مەقسىتىدە شىنجاڭدا قىسقا مۇددەتلىك زىيارەتتە بولۇشقا رۇخسەت ئالغان . 1947 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ، ئۇلار دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئېنىقلاش رۇخستىگە ئېرىشكەن ھەمدە شۋېتسىيىنىڭ شىنجاڭدىكى مەنپەئەتىگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى تەييارلاپ چىققان ئۆلتىماتومغا ئىمزا قويغان . ئۇلار 1938 ـ يىلى شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرى قەشقەردىن كەتكەندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ باسمىخانىسىنىڭ ئاللىقاچان ئۆزۈل ـ كېسىل ۋەيران بولغانلىقىنى ، بېسىش ماشىنىسى ، تۆپلەش ماشىنىسى قاتارلىق ئۈسكۈنە ـ جابدۇقلار ۋە كىتابلارنىڭ غايىب بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان . ئاشۇ نەرسە ـ

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/35.asp?isim=[2010-12-31 00:39:28]

alma uyghur book

كېرەكلەرنى ئېنىقلىغىلى بارغانلارغا ھەمراھ بولۇپ بارغان جۇڭگو ئەمەلدارى باسمىخانىنىڭ بېسىش ماشىنىسىنى قەشقەر گېزىتىنى بېسىش ئىدارىسى ئىشلەتكەنلىكىنى، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلىش ھوقۇقى يوقلۇقىنى ئېيتقان.

## قېپقالغان ئىشلار

1938 ـ يىلى شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرى قەشقەردىن كېتىشكە مەجبۇر بولغان چاغدا، شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ باسمىخانا باسقان ھەرقانداق كىتاب ياكى باشقا ماتېرىياللارنى ئېلىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلمىغان. گۇستاق ئالبېرت قەشقەردىن كېتىش ئالدىدا ماڭا يازغان خېتىدە باسمىخانىدا بېسىلغان بىر تۈركۈم ئۇيغۇرچە گېزىتنى ئېلىپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى، بىراق بۇ گېزىتلەر ۋە يەنە باشقا قىسىم قولىيازما، ماتېرىياللارنىڭ قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنغانلىقىنى ئېيتقاندى.

شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكى ئۆزىنىڭ ھۆججەتلىرىنى دىن تارقاتقۇچىلار قايتىپ كېتىشتىن بۇرۇن كۆيدۈرۈۋەتكەن. ئۇلارنىڭ ئۇ يەردىكى خرىستىئان ئۇيغۇر مۇخلىسلىرىنىڭ ھاياتىنى قوغداش مەقسىتىدە شۇنداق قىلىش توغرا ئىدى. ئەمما، باسمىخانىنىڭ بارلىق ھۆججەتلىرى قەشقەردە قەپقالغان. بۇ ھۆججەتلەر كېيىن زادىلا تېپىلمىغان. شۇڭا، باسمىخانىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر نەچچە ئايدىكى پائالىيەت ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى تەسۋىرلىگىلى بولماي قالدى. لېكىن، ستوكھولمدىكى دىن تارقىتىش جەمئىيىتىنىڭ ئارخىپىدا ساقلانغان ئىككى ھۆججەتتىن، ھېچبولمىغاندا دىن تارقىتىش ئۆمىكى قايتىپ كېلىش ئالدىدا قىلغان بەزى ئىشلاردىن ئازراق خەۋەر تاپقىلى بولىدۇ. ئۇ ھۆججەتنىڭ بىرىدىكى ۋاقتى 1934 ـ يىلى بولۇپ، ئۇ شىنجاڭدىكى دىن تارقىتىش ئۆمىكى ھۆججەت ـ ئەسەرلەر كومىتېتى ھەققىدىكى دوكلات ئىدى. يەنە بىرىنىڭ ۋاقتى 1935 ـ يىلى بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئىدى. ئەمما،

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/36.asp?isim=[2010-12-31 00:46:49]

alma uyghur book

« 1937 ـ يىلى ئەۋەتىلگەن » دەپ ئىزاھات بېرىلگەنىدى .

بۇ ئىككى ھۆججەتتە تۆۋەندىكى قولىيازمىلار باسمىخانىدا تىزىلىپ بېسىلماقچى بولغانلىقى ، بىراق دىن تارقىتىش ئۆمىكى كېتىپ قالغانلىقتىن بېسىلمىغانلىقى ياكى كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكى ئېيتىلغان :

1 . « قەدىمكى زامان تارىخى » ئوسكار خېمانسون تەرجىمە قىلغان ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تۆۋەن يىللىقدىكى ئوقۇغۇچىلار پايدىلىنىدىغان شۋېتسىيە تارىخى .

2 خېمانسون Kalila Va Demna ( كەلىلە ۋە دېمنە ) دىن تەرجىمە قىلغان چۆچەكلەر توپلىمى .

3 « كەچۈرگىلى بولمايدىغان يەتتە خىل گۇناھ » دېگەن ھېكايە . سېلما لاگېرلوف يازغان . ئۇنىڭغا ئاپتورنىڭ 1899 ـ يىلى ستوكھولمدا يازغان « Drott ningar i Kungahälla » دېگەن ھېكايىسى كىر گۈزۈلگەن . بۇ ھېكايىنىمۇ خېمانسون شۋېدچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان .

4 . « ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان گېئومېترىيە » . كارل پېرسون يازغان خېمانسون ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان ماتېماتىكا قوللانمىسى

5 . دىن تارقىتىش يولىدا قازا قىلغان خېئورونىمسىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ھەققىدىكى بىر كىتابنى R . نىستروم ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان ( روشەنكى ، بۇ پراگالىق خېئورونىمسىنىڭ تەرجىمىھالىدىن ئىبارەت ئۇ خۇسىنىڭ ياردەمچىسى بولغان ، 1416 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى دىن تارقىتىش يولىدا ئالەمدىن ئۆتكەن ) .

6 . سۋېن خېرنا يازغان « ئىسرائىلىيە تارىخى » ، شۋېدچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان

7 . يېڭىدىن نەشر قىلىنغان ، مەزمۇنى بېيىتىلگان « ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى » . يېڭىدىن نەشر قىلىنغان « ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى » دېگەن بۇ كىتاب ئەسلى خېمانسون يازغان ئوخشاش ئىسىمدىكى ئەسەرگە ئاساسەن مەزمۇنى تولۇقلىنىپ يېزىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۆزگەرتىپ يېزىش ئىشىنى كارل پېرسون بىلەن خېمانسون ئىككىيلەن بىرلىكتە پۈتتۈرگەن .

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar_____________(6)/36.asp?isim=[2010-12-31 00:46:49]

alma uyghur book

ئۇنىڭدىن سىرت ، يەنە ئەمدىلا يېزىپ پۈتتۈرۈلگەن قوليازمىلارمۇ بار . لېكىن ، ئۇلارنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقى نامەلۇم .

تۈزگۈچىدىن :

بۇ ماقالە ـــ ياررىڭنىڭ « شۇېتسىيىنىڭ قەشقەردىكى دىن تارقىتىش ئۆيىمىكى باسمىخانىسىنىڭ ماتېرىياللار مۇندەرىجىسى » گە يېزىپ بەرگەن كىرىش سۆزى بولۇپ ، ئۇنىڭدا باسمىخانىنىڭ تارىخى توغرا تونۇشتۇرۇلغان تەرجىمىدە ستوكھولمدىكى شۇېتسىيە تەتقىقات يۇرتىنىڭ 1991 ـ يىللىق نەشرى ئاساس قىلىندى

ئالما ئۇيغۇر بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/36.asp?isim=[2010-12-31 00:46:49]

alma uyghur book

# شۋېتسىيە دۆلەت ئارخىپ سارىيىدا ساقلىنىۋاتقان جۇڭگو شىنجاڭغا ئائىت ماتېرىياللار

1892 ـ يىلىدىن 1938 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، شۋېتسىيە چېركاۋى دىن تارقىتىش جەمئىيىتى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىدە — ئەينى چاغدا «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتاش ئادەتكە ئايلانغان — دىن تارقىتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. جون خولتۋال ئاشۇ مەزگىلدىكى دىن تارقىتىش تارىخىنى تەپسىلىي بايان قىلغان ①. شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرى دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىدىن سىرت، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىغا نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلغان. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار مەكتەپ ئېچىش، دوختۇرخانا قۇرۇش ئارقىلىق كەسپىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، تەرەققىي تاپمىغان ئاشۇ رايونغا تېخنىكىۋى ياردەم قىلغان. شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكى قەشقەردە باسمىخانا قۇرغان. بۇ 1937 ـ يىلىدىن بۇرۇن بۇ ئۆلكىنىڭ جەنۇبىدىكى بىردىنبىر باسما زاۋۇتى ئىدى ②.

شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكى ئۈچ شەھەردە دىن تارقىتىش پونكىتى قۇرغان ۋە ئۇنى ئىزچىل ساقلاپ قالغان، بۇلار قەشقەر (قەشقەردىكى خەنزۇلار بازىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)، يەكەن ۋە يېڭىساردىن ئىبارەت

شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى شۇ چاغلاردا داۋالغۇپ تۇرغاچقا، شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكى پائالىيىتىنى 1938 ـ يىلى توختىتىشقا مەجبۇر بولغان. دىن تارقاتقۇچىلار ھەيدىۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھىندىستاندا بىر مەھەل تۇرۇپ يەنىلا ئۆز خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرغان (نامىنى شۋېتسىيىنىڭ ھىندىستاندىكى دىن تارقىتىش ئۆمىكى دەپ ئۆزگەرتكەن)، ئۇلار ئاساسلىقى شىنجاڭدىن بارغان ئۇيغۇر مۇساپىرلار ئارىسىدا دىن تارقاتقان.

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/36.asp?isim=[2010-12-31 00:46:49]

alma uyghur book

ئەينى يىللاردا جۇڭگو شىنجاڭغا كىرىش بەك تەس بولغان. پەقەت پامىر ۋە قارا قورۇم تاغلىرىدىكى ئېغىزلاردىن ئاتلىق ئۆتكەندىلا، ئاندىن بۇ رايونغا بارغىلى بولاتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 30 يىلىدا، شىنجاڭ ئۆلكىسى ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ۋە ئارخېئولوگلارنىڭ غايىلىك قوتلۇق ماكانى بولۇپ قالغان بۇ ئۆلكىگە دائىر ھۆججەت ـ ماتېرىياللار ئىنتايىن جىق ③ بولۇپ، ساياھەت خاتىرىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە سۈرەت قىستۇرۇپ بېرىلگەن. ئۇلاردا بۇ رايوندىكى چۆل ـ باياۋانلار، تاغ تىزمىلىرىنىڭ مەنزىرىلىرى، شۇنداقلا بۇ رايوننىڭ شەھەر كوچىلىرى ۋە ئىمارەتلىرىنىڭ كۆرۈنۈشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەمما، بۇ سۈرەتلەر ئاددىي ـ مەنىسىز بولۇشتىن خالىي بولالمىغان.

شىنجاڭغا كەلگەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ۋە ساياھەتچىلەر ئالدىراپلا كېتىپ قالىدىغان مېھمانلار ئىدى. لېكىن، شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرى بولسا شۇ يەردە ئۇزاق ۋاقىت تۇرۇشلۇق ئاھالە ئىدى. ئۇلار ئاشۇ يەردە بىرقانچە ئون يىل تۇرغان ۋە خىزمەت قىلغان، ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، ئەنئەنىسىنى ۋە ئەھۋالىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ۋە كۆزەتكەن. بەزى دىن تارقاتقۇچىلار تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىغا قىزىققان، ئۇلاردىن ئەڭ مەشھۇرى G. راگۇيېت بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدە بىر قاتار ئىلمىي ماقالىلەر ۋە ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان ④ ئۇنىڭدىن باشقىلىرى بولسا، بىزنىڭ رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى بىلىملىرىمىزنى بېيىتقان شۇنداقتىمۇ دىن تارقاتقۇچىلار بۇ رايوننىڭ گۇمانتار ئىلمىغا قىزىققان ساھەدە يەنە بىر جەھەتتە بولغان، ھالبۇكى بۇ جەھەتتە ئۇزاقتىن بۇيان ئەستىن چىقىرىپ قويۇلغان، مانا بۇ دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ سۈرەت تارتىشقا قىزىقىشىدىن ئىبارەت.

مۇشۇ ساھەدىكى كەسىپ ئەھلى بولمىغان بىر كىشىنىڭ قىزغىن روھى تۈپەيلىدىن ھازىر ستوكھولمدىكى شۋېتسىيە دۆلەت ئارخىپ سارىيىدا شىنجاڭدا تارتىلغان نۇرغۇن سۈرەتلەر ساقلانماقتا. بۇنىڭ بىر

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/36.asp?isim=[2010-12-31 00:46:49]

alma uyghur book

قىسمى بۇ ئۆلكىدىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردا تارتىلغان سۈرەتلەر ⑥ .

سېميۇل فرانىنى بۇ يادىكارلىقلارنى ساقلىغۇچى ۋە كامال تاپقۇزغۇچى . مەن يىغىپ ساقلانغان بۇ يادىكارلىقلارغا « فرانىنى يىغىپ ساقلىغان يادىكارلىقلار » دېگەن شەرەپلىك نامنى بېرىش كېرەك ، دەپ قارايمەن .

فرانىنى 1908 ـ يىلى تۇغۇلغان . ئۇ بىناكارلىق كەسپىنى ئۆگەنگەن ، ئۇنىڭ شۇغۇللانغان كەسپىمۇ بىناكارلىق بولغان . ئۇ شۋېتسىيە چېركاۋى دىن تارقىتىش جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولغان فرانىنى شۋېتسىيە چېركاۋىنىڭ شىنجاڭدا دىن تارقىتىش تارىخىغا ۋە ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە ئىنتايىن قىزىققان . بۇ ئۇنى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى ھەر قايسى دىن تارقىتىش پونكىتلىرى تارتقان سۈرەتلەرنى يىغىپ توپلاشقا دەۋەت قىلغان . ئۇ 1982 ـ يىلى ئەتىيازدا ، خاننا ئاندېرسوننىڭ 1915 ـ يىلدىن 1928 ـ يىلغىچە تارتقان سۈرەتلىرىدىن جۇڭگو شىنجاڭغا ئالاقىدار 1360 نى قولغا چۈشۈرگەن . خاننا كېيىنكى كۈنلەردە راگۇيتىنىڭ 2 ـ ئايالى بولغان . يىغىپ ساقلانغان بۇ نەرسىلەر « فرانىنى يىغىپ ساقلىغان يادىكارلىقلار » نىڭ باشلىنىشى بولغان . ئۇ شۇنىڭدىن تارتىپ قىلچىلىك بوشاشماستىن دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ شىنجاڭدا تارتقان سۈرەتلىرىنى توپلاشقا تېخىمۇ قىزغىن تۇتۇش قىلغان بۇ سۈرەتلەرنى تارتقۇچىلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئۇنى ئۇلارنىڭ شۋېتسىيىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ساقلىغان . فرانىنىڭ بوشاشماستىن تىرىشىشى ئارقىلىق ( بەزىدە ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە توپلاش خىزمىتىنى تىڭتىڭچىلار قىلىدىغان ئىش دەپ قاراشقا بولىدۇ ) . جەمئىي 8631 سۈرەت يىغىلغان ، ئۇ سۈرەتلەر 3116 قاتتىق قەغەز قىستۇرغۇچتا ساقلانغان .

فرانىنى 1988 ـ يىلى ئۆزى ساقلىغان بۇ سۈرەتلەرنى شۋېتسىيە دۆلەت ئارخىپ سارىيىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن . ھازىر بۇ سۈرەتلەر پېچەتلەنگەن 115 قەلەي ئوراقتا ساقلاقلىق بولۇپ ، ئۇلارغا رەت نومۇرى سېلىنغان . بىرىنچى ئوراقتا فرانىنىڭ يازغان بۇ سۈرەتلەرنى يىغىش ـ توپلاش جەر-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/36.asp?isim=[2010-12-31 00:46:49]

يانى ، سۈرەتلەرنىڭ نەدىن ئېلىنغانلىقى ، يىغىپ توپلانغان بۇ بۇيۇملار ھەققىدىكى يازما ماتېرىياللارنى قانداق توپلىغانلىقى ۋە ساقلانغان سۈرەتلەرنىڭ مەزمۇنى ھەققىدىكى ئىزاھاتلار ، جۈملىدىن يەنە شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ ئىسمىلىكى ۋە ئۇلار ئىلگىرى ئىشلىگەن دىن تارقىتىش پونكىتلىرىنىڭ ئىسمى كىرگۈزۈلگەن  فىرانىنى ساقلىغان بۇ سۈرەتلەر ئىچىگە ئۆزى رىيارەت قىلىپ ئالغان ئۇنئالغۇ لېنتىسى ، كىنو لېنتىسى ۋە سىنئالغۇ ماتېرىياللىرىنى ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويۇش ئارقىلىق ، بۇ يىغىپ ساقلانغان بۇيۇملارنىڭ مەزمۇنىنى يەنىمۇ تولۇقلىغان  فىرانىنى بارلىق مۇمكىنچىلىكتىن تولۇق پايدىلىنىپ ، مىگبىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ ، بەزى سۈرەتلەرنىڭ پىلىيونكىسىنى قولغا چۈشۈرگەن ھەمدە ئۇنى يىغىپ ساقلانغان يادىكارلىقلار ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويغان  فىرانىنى سۈرەتتىن باشقا ، يەنە شۋېتسىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق دىن تارقىتىش ئۆمىكىگە ئائىت قولىيازمىلار ياكى باسما ماتېرىياللارنىمۇ يىغىپ ، ساقلانغان يادىكارلىقلار ئىچىگە قىستۇرۇپ قويۇش  ئارقىلىق ئۇنىڭ مەزمۇنىنى يەنىمۇ تولۇقلىغان

« فىرانىنى يىغىپ ساقلىغان يادىكارلىقلار » ئىچىدىكى نۇرغۇن سۈرەتلەردە دىن تارقاتقۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن  ئۇلارنىڭ پامىر ئېگىزلىكى ۋە قارا قۇرۇم چوققىلىرىدىن ئۆتۈش جەريانىدا تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ دىن تارقىتىش خىزمىتى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك خىزمىتى ئىپادىلەنگەن . بۇ يىغىپ ساقلانغان يادىكارلىقلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىككىنچى مەزمۇنىنىمۇ ئۇنىڭدىكى گۇمانتارلىق ئىلمىي تەتقىقاتىدا ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە ھەربىر سۈرەتتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ  مۇشۇ ماقالىنىڭ كېيىنكى قىسمىدا ئاساسلىقى يىغىپ ساقلانغان بۇ يادىكارلىقلارنىڭ ئىككىنچى مەزمۇنىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز .

مەن ئالدى بىلەن مىللەتشۇناسلىق مەزمۇنىدىكى سۈرەتلەرنى تونۇشتۇرىمەن . قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە مىسال ئارقىلىق ، 145 ـ نومۇرلۇق قاتتىق قەغەز قىستۇرغۇچ ئىچىدىكى سۈرەتلەرنى مەركەزلىك

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn

تـونـۇشـتۇرىمەن . ئۇ تۆۋەندىكى كەسىپ ۋە ھۈنەر ـ سەنئەتكە دائىر مەز-
مۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان :

1 بېزا ئىگىلىك ، تېرىقچىلىق ، يېرنى تېرىنلاش ، خامان تېپىش ، دەرەخ شاخلىرىنى چاتاش ( ئۇلاغقا يەم تېلىش ئۈچۈن )

2 تۇي بېقىش ، تۇي يۇگىنى يەشىشقلاپ ئىشلەش

3 تۆگمەن ، گۈرۈچ ئاتالاش

4 مېۋىلىك دەرەخ تىكىش

5 تاش ، تۇز ئىشلىچىقرىش

6 بېلىقچىلىق ( ئالاھىدە ئەھمىيەت ئىگە ، چۈنكى بۇ جەھەتتىكى خاتىرىلەر بىزنى دېبىرلىك ئىدى )

7 تۇتۇمچىلىق ، پاختا ، يۇڭ ، يىپ ئىگىرىش ، كىگىز ، پىلىيان توقۇش ، ماشىنا بىلەن توقۇش ، كەشتە ئىشلەش

8 سەمسىز

9 كۆچمەنكى ئاشخانا

10 ئېكىنچى

11 يېغاچ جاتالغۇچى

12 ساتىراچ

13 سازەندە ، ناخشىچى

14 مېيىت ئۇزاتقۇچى ، گۇركالار

15 دۇكانلار ، تەشكىللىك دۇكانلار

16 تىغىزچىلىك

17 بازار ، بازارغا بېرىش

ئەمما يىغىپ ساقلانغان بۇ يادىكارلىقلارنى ئەستايىدىل چۈشەنگەندىلا ئاندىن مىللەتشۇناسلىق قىممىتىگە ئىگە سۈرەتلەرنى بايقىغىلى بولىدۇ — ئۇلار تولا چاغلاردا ، ئادەمنىڭ خىيالىغا كىرمەيدىغان جايلاردا كۆزگە چېلىقىپ قالىدۇ. 154 ـ نومۇرلۇق قاتتىق قەغەز قىستۇرغۇچقا قىستۇرۇلغان سۈرەتلەردە ، ئاساسلىقى ھەر خىل كىيىم ـ كېچەكلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . فرانىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە « كۆركەم كىيىم ـ كېچەكلەر » دېگەن سۆزنى يېزىپ قويغان ، بۇ سۆز ئۇنىڭ مەزمۇنىغا بەك ماس كەلگەن . 147 ـ نومۇرلۇق قاتتىق قەغەز قىستۇرغۇچتىكى سۈرەتلەر

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn

alma uyghur book

بولسا تامامەن يەرلىك ھېيت ـ ئايەمگە ئائىت سۈرەتلەردىن ئىبارەت . ئۇ خەنزۇلارنىڭ بايرىمى ، خەنزۇ تىياتىرخانىسى ئىچىدىكى بېزەكلەر ۋە خەنزۇ ئارتىسلارنىڭ سۈرەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان .

142 ـ نومۇرلۇق قاتتىق قەغەز قىستۇرغۇچتىكى سۈرەتلەر مىللەتشۇناسلىقنى تۈرگە ئايرىش ھەققىدىكى سۈرەتلەر بولۇپ ، ئۇنىڭدا ھەر تۈرلۈك قاتناش قوراللىرى ۋە ئالاقىلىشىش ـ خەۋەرلىشىش ئۇسۇللىرى ، كارۋانلارنىڭ تۇرمۇشى ، يوللار ۋە كۆۋرۈكلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . 143 ـ نومۇرلۇق قاتتىق قەغەز قىستۇرغۇچتىكى سۈرەتلەردە بولسا سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە سۇغىرىش ئەھۋاللىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن

149 ـ نومۇرلۇق قاتتىق قەغەز قىستۇرغۇچتىكى سۈرەتلەردە شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئائىت ئەھۋاللار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ، ئۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر شەھىرىگە يېقىن جايدىكى ھەزرىتى ئاپاق ⑦ ، يەكەندىكى چىلتەن مازار ⑧ ھەمدە يېزىلاردىكى ھەر خىل مازارلار ( mazar ) ⑨ نىڭ ئەھۋاللىرى بار . يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ( namaz ) ئوقۇشى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك سۈرەتلەرمۇ بار .

شىنجاڭنىڭ 30 ـ يىللاردىكى داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزىيىتىمۇ بەزى سۈرەتلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . 147 ـ نومۇرلۇق قاتتىق قەغەز قىستۇرغۇچتىكى بەزى سۈرەتلەردە 1936 ـ يىلدىن 1937 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى قەشقەرنىڭ ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . ئۇنىڭدىكى بىر سۈرەتنىڭ كەينىگە : « 1936 ـ يىلدىكى تەبرىكلەش يىغىنىدا ، ياش تۈركىستان سوۋېت ئىتتىپاقىغا ساداقەتمەن بولىدىغانلىق قەسىمىنى ئىپادىلىدى » دەپ يېزىلغان ؛ يەنە بىر نەچچە سۈرەت ئەينى چاغدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئۇيغۇر ۋە تۇڭگان ( خۇيزۇ ) رەھبەرلىرىنىڭ سۈرىتى ⑩ .

« فرانىنى يىغىپ ساقلىغان يادىكارلىقلار » ئىچىدىكى بىر قىسىم سۈرەتلەر ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىغا ئائىت بولۇپ ، ئۇنىڭ سانى ۋە مەزمۇنى ناھايىتى مول ( جەمئىي 190 سۈرەت بار ). بۇ باش كونسۇلخانىنىڭ ئىمارىتىنى شۆھرەتسىيىلىك دىن تارقاتقۇچى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar______________(6)/36.asp?isim=[2010-12-31 00:46:49]

alma uyghur book

خوگبېرگ مەسئۇل بولۇپ سالدۇرغان ⑪ يىغىپ ساقلانغان سۈرەتلەر-
نىڭ بەزىلىرىدە ، روسىيە ( كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقى ) نىڭ قەشقەردە
تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن
ئەمدى مەن يىغىپ ساقلانغان بۇ يادىكارلىقلاردىكى 20 - ئەسىر-
نىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا چەت ئەللىكلەرنىڭ شىنجاڭدا ئىلمىي
ئېكسپېدىتسىيە ئېلىپ بېرىش ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سۈرەتلەرنى
قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن ، ئۇنىڭدىن كېيىن « فراننى يىغىپ
ساقلىغان يادىكارلىقلار » ھەققىدىكى قىسقىچە تونۇشتۇرۇشۇمنى تاللاپ
تونۇشتۇرۇپ ئاخىرلاشتۇرىمەن چەت ئەللىكلەرنىڭ شىنجاڭدا ئىلمىي
تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىقىغا ئائىت سۈرەتلەردە ، ئاساسلىقى 30 -
يىللارنىڭ دەسلىپىدىكى سۋېن ھېدىن تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئەھۋالى ،
جۈملىدىن ھېدىننىڭ ، ئېرىك نارىن ، نىلس ئامبوت ۋە تەكشۈرۈش ئۆ-
مىكى بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋىتى بار كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ، مەسىلەن ،
خۇيزۇلارنىڭ رەھبىرى ما جۇڭيىڭنىڭ ئەھۋالى ئەكس ئەت-
تۈرۈلگەن ⑫ تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە قاتناشقان روسىيىلىك پاۋىل
ۋوروتنىكوفنىڭ ئەھۋالمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋوروتنىكوف سۋېن ھې-
دىننىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىن كەتكەندىن كېيىن ، شۋېتسىيە دىن
تارقىتىش ئۆمىكى تەرىپىدىن ياللىنىپ ئۇلارنىڭ باسمىخانىسىدا ئىشلىگەن
ئەنە شۇ سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسى 108 - نومۇرلۇق قاتتىق قەغەز قىستۇر-
غۇچقا قىستۇرۇپ قويۇلغان ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە تەكشۈرۈش
ئۆمىكىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان باشقا سۈرەتلەرمۇ قويۇل-
غان

107 - نومۇرلۇق قاتتىق قەغەز قىستۇرغۇچقا 1927 — 1928 -
يىللاردىكى گېرمانىيە ترىنكلېر ( Trinkler ) ئېكسپېدىتسىيە قىلىش ئۆمە-
كىنىڭ شىنجاڭدىكى تەكشۈرۈش ، ئېكسپېدىتسىيە قىلىش ئەھۋالى ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن سۈرەتلەر ، جۈملىدىن ئاشۇ ئۆمەكنىڭ ئەزاسى W . بوشاد
بىلەن H D تېرراننىڭ سۈرىتى قىستۇرۇلغان ⑬
G C مانىنېرخېيم ( Mannerheim ) — ئۇ كېيىن



www.alma.cn

http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/36.asp?isim=[2010-12-31 00:46:49]

فىنلاندىيىنىڭ زوڭتوڭى بولغان 1906 ـ يىلىدىن 1908 ـ يىلغىچە ئەنـ
جاندىن بېيجىڭغىچە قىلغان ئاتلىق ئېكسپېدىتسىيىسى داۋامىدا، قەشقەر ۋە
يەكەندە بىر نەچچە ئاي تۇرغان ⑭ ئۇ ئۇ يەردىكى شۋېتسىيە دىن تارـ
قاتقۇچىلىرى بىلەن كۆپ بېرىش ـ كېلىش قىلىپ، قويۇق مۇناسىۋەت
ئورناتقان، ھەتتا G راگۇيتقا كېسىلىنى كۆرسەتكەن ( راگۇيت ئىسسىق
بەلۋاغ كېسەللىكلىرى دوختۇرى بولۇپ، ئېدىنبورگتا تىببىي ئىلىم بويىچە
ئىلمىي ئۇنۋان ئالغان ). 104 ـ نومۇرلۇق قاتتىق قەغەز قىستۇرغۇچقا
قىستۇرۇلغان 22 سۈرەتتە مۇشۇ ئىش خاتىرىلەنگەن ئەمما، مانېر
خېيمنىڭ ھاياتىدىكى ئىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇرغۇنلىغان نەشر
بۇيۇملىرىغا سۈرەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى بېسىلغان، مانېرخېيم يازغان بىر
نەچچە كىتابقىمۇ كىرگۈزۈلگەن مۇشۇ قاتتىق قەغەز قىستۇرغۇچتا يەنە
سېمىيۇل فرانىنى يازغان بىر تەپسىلىي ئۇلتىماتۇممۇ بار بولۇپ،
ئۇنىڭغا « مانېرخېيم ۋە جۇڭگو شىنجاڭدىدا دىن تارقاتقۇچىلار » دېـ
گەن ماۋزۇ قويۇلغان

« فرانىنى يىغىپ ساقلىغان يادىكارلىقلار » ئىچىدە، يەنە بىر قىسىم
ئالبۇممۇ بار، ئۇنىڭغا نۇرغۇن سۈرەتلەر سېلىنغان، بۇ سۈرەتلەرنى قاتتىق
قەغەز قىستۇرغۇچتىكى تۇرلەرگە ئايرىلغان سۈرەت ئىسىملىكى بويىچە
رەتكە تىزىشقا ئامال بولمىدى « فرانىنى يىغىپ ساقلىغان
يادىكارلىقلار » دىن پايدىلىنىدىغان كىشىلەر مۇبادا ئاساسىي تېمىغا تەئەلـ
لۇق مەلۇم سۈرەتنى تاپماقچى بولسا، ئالبۇمنى تولۇق ۋاراقلاپ ئاختۇرۇشقا
توغرا كېلىدۇ ئالبۇمدىكى سۈرەتلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇنلار
ئارىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇلاردا خىلمۇخىل ۋەقەلەر خاـ
تىرىلەنگەن بىر شۋېتسىيە دۆلەت ئارخىپ سارىيىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن
يىغىپ ساقلايدىغان يادىكارلىقلاردا ئۇچرايدىغان ئادەملەر، ئاساسىي تېـ
مىلار ئاچقۇچىنى تۈرۈپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىمىز، مۇشۇنداق قىلغاندا بۇ
سۈرەتلەرنىڭ پايدىلىنىش قىممىتى يەنىمۇ ئاشىدۇ.

ئەمما، ئىلگىرى تارتىلغان باشقا بارلىق سۈرەتلەردە ساقلانغان
مەسىلىلەرگە ئوخشاش، بۇ سۈرەتلەرنىڭ يىغىپ ساقلىنىشىدىمۇ قولايسىز

www.alma.cn

تەرەپلەر مەۋجۇت، يەنى سۈرەتتە ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلارنى چۈشەندۈرىدىغان يازما ماتېرىيال يوق. چۈنكى، ئەينى چاغدا، بۇ سۈرەتلەرنى تارتقان كىشى تارتقان سۈرەتلىرىنىڭ مەزمۇنىنى يېزىق ئارقىلىق بايان قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلمىغان، كىملەرنىڭ سۈرىتىنى، نېمىلەرنى ياكى قايسى ۋەقەلەرنى سۈرەتكە ئالغانلىقى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ مەلۇم، ئەمما باشقىلارنىڭ ئۇلار تارتقان بۇ سۈرەتلەرگە قىزىقىدىغانلىقى ئۇلارنىڭ يادىغا زادى كەلمىگەن بۇ بىر خىل ئومۇميۈزلۈك ئوي بولۇپ، بۇنى پىسخىك ئانالىز قىلىش ناھايىتى ئوڭاي ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ كەمتۈكنى تولدۇرۇشقا چارە يوق. لېكىن، تولا ھاللاردا، ھەر قانداق سۈرەت ئۆزىنىڭ ئۈنسىز تىلى بىلەن ئۆزىنىڭ ھېكايىسىنى بىزگە ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇڭا، يازما تەسۋىرى ماتېرىيال بولمىغان ئەھۋالدا، ئۇلارنى ئۆزىمىزگە تايىنىپ چۈشەنمەكتىن باشقا ئامال يوق.

شۋېتسىيە دۆلەت ئارخىپ سارىيىدا جۇڭگو شىنجاڭغا ئائىت يەنە بىر تۈركۈم سۈرەتلەر ساقلانغان، بۇلارنىمۇ ئەستىن چىقىرىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇ بولسىمۇ، سىيگفرېد مۇئېن ( 1897 — 1989 ) تارتقان سۈرەتلەردىن ئىبارەت. مۇئېن 1925 ـ يىلدىن 1938 ـ يىلغىچە شۋېتسىيە چېركاۋى تارقىتىش جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭدا دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە مۇنەۋۋەر فوتوگراف بولغان ⑮ ئۇ تارتقان سۈرەت 17 ئالبۇمغا لىق تولغان بولۇپ، ئۇنىڭدا جەمئىي 5500 سۈرەت بار. بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2000 ى شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سۈرەتلەر، قالغانلىرى ئاساسلىقى شۋېتسىيە ۋە شۋېتسىيەنىڭ ھىندىستاندا دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى سۈرەتلەر. تۆۋەندىكىلىرى شىنجاڭنى تەتقىق قىلىدىغان تەتقىقاتچىلار ئۈچۈن ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە بولغان بىر قىسىم سۈرەتلەر.

1 ـ ئالبۇم. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى ۋەقەلەر توغرىسىدىكى سۈرەتلەر.

2 ـ ئالبۇم. قەشقەر شەھىرىدىكى كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە 30 ـ يىللاردىكى ۋەقەلەر توغرىسىدىكى سۈرەتلەر؛ قەشقەرنىڭ جەنۇبىدىكى

www.alma.cn

alma uyghur book

تاغدا ياشايدىغان قىرغىزلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى سۈرەتلەر
6 ـ ئالبۇم . لاداقتىن جۇڭگو شىنجاڭغا قاتنايدىغان كارۋان يولى توغرىسىدىكى سۈرەتلەر .
7 ـ ئالبۇم . قىرغىزلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچى تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇرغۇن سۈرەتلەر ، يەنە ھىمالايا تېغىدىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا قاتنايدىغان كارۋان يولى توغرىسىدىكى سۈپەتلىك تارتىلغان بىر قىسىم سۈرەتلەر .
12 ـ ئالبۇم . قەشقەر ، يەكەن ، يېڭىسار ھەققىدىكى مول مەزمۇنغا ئىگە سۈرەتلەر ، ئاساسلىقى 30 ـ يىللاردىكى ئەھۋاللار توغرىسىدىكى سۈرەتلەر . ئەمما ، يەنە ئۇنىڭدىن سەل ـ پەل ئىلگىرىكى ئەھۋاللارغا ئائىت سۈرەتلەرمۇ بار . بۇ ئالبۇم شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۇيمىكىنىڭ قەشقەردىكى باسمىخانىسىدا قىزىل رەڭ بېرىلگەن خورۇمدا تاشلىنىپ تۇپلەنگەن ، بىراق بەت سانى يېزىلمىغان .
13 ـ ئالبۇم . شىنجاڭ توغرىسىدىكى ۋە ھىمالايا تېغىدىن ئۆتكەن كارۋانلارنىڭ سەپەر ئەھۋالى توغرىسىدىكى نۇرغۇن سۈرەتلەر
بۇ سۈرەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە شۋېدچە ئىزاھات بېرىلگەن بولغاچقا ، يىغىپ ساقلانغان بۇ يادىكارلىقلارنىڭ قىممىتى يەنىمۇ ئاشقان .

ئىلىتوردىن

① خولتۋال يازغان :
Mission och revolution i Centralasien . Svenska Missionsfo bundets mission i Östturkestan 1938 — 1892 .
ستوكھولم ، 1981 . بۇ كىتابنىڭ بىر قىسمىنى 1987 ـ يىلى Ruth lyons ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان ، ئۇنىڭ ماۋزۇسى « جۇڭگو شىنجاڭدا دىن تارقىتىش ۋە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر » . ئۇنىڭدىن باشقا ، يەنە 1951 ـ يىللىق ( Muslim World ئىسلام دۇنياسى ) نىڭ 11 ~ 21 ـ بەتلىرىدە بېسىلغان Rachel O Wingate نىڭ « شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىغا

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/37.asp?isim=[2010-12-31 00:37:45]

alma uyghur book

دوستانە دىن تارقىتىش » دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ؛ يەنە turcica Materialia 1981 ـ، 1982 ـ يىللىق 7 ـ، 8 ـ سانىغا بېسىلغان G • Jarring نىڭ « شىنجاڭدىكى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيەسىدە ئېكسپېدىتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ ( جىمغور ياردەمچىلىرى ) » گە، 1983 ـ يىللىق Bochum نىڭ 210 ～ 219 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

② خولتۋالنىڭ كىتابىنىڭ 108 ～ 111 ـ بەتلىرىگە ۋە باشقىلارغا قاراڭ

③ J • A • Dabbs يازغان « جۇڭگو شىنجاڭدىكى ئېكسپېدىتسىيىدە بايقالغان نەرسىلەرنىڭ تارىخى » ، گائاگا، 1963 ـ يىل.

④ G. Jarring يازغان « گۇستاف راگۇيت ۋە قاسىم ئاخۇننىڭ كامىل ئەپەندىگە يازغان خېتى: شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى مىللەتشۇناسلىق ۋە ئېتنوگرافىيىلىك ماتېرىياللار » نىڭ تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتى. لۇند، 1975 ـ يىل.

⑤ G. Jarring يازغان « شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىن ئەۋەتكەن دوكلاتتىكى مىللەتشۇناسلىققا ئائىت مەزمۇنلار » ، لۇند، 1979 ـ يىل.

⑥ ئادەتتە ( Alte Shahar ئالتە شەھەر ) دەپ ئاتىلىدۇ.

⑦ G . Jarring « قەشقەرگە قايتا سەپەر » دېگەن كىتابقا قاراڭ دۇك ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، دۇرام، 1986 ـ يىل، 185 ～ 191 ـ بەتلەر.

⑧ راگۇيت يازغان « Tjiltan Historien om en helgonglav » گە قاراڭ، ستوكھولم، 1917 ـ يىل.

⑨ G. Jarring يازغان « شىنجاڭدىكى مۇقەددەس جاي ئۇدام پادىشاھلىق سىستېمىسى » گە قاراڭ، ستوكھولم، 1935 ـ يىل، 348 ～ 354 ـ بەتلەر

⑩ A. D. W Forbes نىڭ « جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى مىلىتارىستلار ۋە مۇسۇلمانلار: 1911 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە بولغان شىنجاڭنىڭ جۇمھۇرىيەت سىياسىي تارىخى » غا قاراڭ. كېمبرىج،

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/37.asp?isim=[2010-12-31 00:37:45]

alma uyghur book

1986 ـ يـىـل ؛ L. E. Hyman يازغان « بۈيۈك برىتانىيە ، جۇڭگو ، روسىيە ۋە ياپونىيىنىڭ شىنجاڭدىكى مەنپەئەتى ( 1918 ــ 1934 ) » ، لوندون ، 1977 ـ يىل .

⑪ G • Jarring نىڭ « قەشقەرگە قايتا سەپەر » دېگەن كىتابىنىڭ 95 ـ بېتىگە قاراڭ .

⑫ ئالدىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن Dabbs نىڭ ئەسىرىنىڭ 166 ~ 167 ـ بەتلىرىگە قاراڭ

⑬ ئالدىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن Dabbs نىڭ ئەسىرىنىڭ 158 ~ 159 ـ بەتلىرىگە قاراڭ .

⑭ ئالدىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن Dabbs نىڭ ئەسىرىنىڭ 141 ـ بېتىگە قاراڭ .

⑮ G. Jarring يازغان Mden Collection of Eastern Turki ( New Uighur ) Proverbs and popular sayings The ( مـوئېن ساقلىغان ئۇيغۇر ماقال ـ تەمسىللىرى ) ، لوندون ، 1985 ـ يىل

تۈزگۈچىدىن :

بۇ ماقالە ئەسلى Central Asiatic Journal « ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمى ژۇرنىلى » نىڭ 1991 ـ يىللىق 1 ~ 2 ـ سانلىرى ، ( ئومۇمىي 35 ـ جىلد ) نىڭ 55 ~ 61 ـ بەتلىرىگە بېسىلغان

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/37.asp?isim=[2010-12-31 00:37:45]

alma uyghur book

# «ئوغرى يوق شەھەر» قاتارلىق ئۇيغۇر رىۋايەتلىرى ھەققىدە تەتقىقات

بۇ ماقالىدە تەتقىق قىلىنىدىغان ئۇيغۇر قولىيازمىسى لوند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان شەرق ھۆججەت ـ ئەسەرلىرىگە مەنسۇپ. بۇ يەردە مەن «New Uighur» (يېڭى ئۇيغۇر تىلى) ياكى «Modren Uighur» (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى) دېگەن ئىككى ئاتالغۇنى قوللانماي، «Eastern Turk» (شەرقىي تۈرك تىلى) دېگەن ئاتالغۇنى قوللاندىم بۇنىڭ سەۋەبى مۇشۇ ماقالىدە تەتقىق قىلىنىدىغان قولىيازمىنىڭ «يېڭى ئۇيغۇر تىلى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» دىن ئىبارەت ئىككى ئاتالغۇ 1921 ـ يىلى قوللىنىلىشتىن بۇرۇن يېزىلىپ بولغانلىقىدىن ئىبارەت ھازىر مەن مۇشۇ ئەسەرنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا بىرئاز تۆھپە قوشماقچىمەن.

## قولىيازمىدىكى سۆزلەرنىڭ يېزىلىش ئەھۋالى ھەققىدە

قولىيازما 1 ~ 2 ـ ئەسىردىكى سۆزلۈكلەر تولىمۇ ئۆلچەمسىز يېزىلغان، ھەتتا بەزى سۆزلەر ئىنتايىن غەلىتە يېزىلغان قولىيازما Ⅲ تە يېتەرسىزلىكلەر ساقلانغان بولسىمۇ، سۆزلەر بىر قەدەر ئۆلچەملىك يېزىلغان قولىيازما Ⅲ تە سۆزلەرنىڭ يېزىلىش شەكلى ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر ھۆججەت ـ ماقالىلىرىنىڭ ئۆلچەملىك يېزىلىش ئۇسۇلىغا ۋەكىللىك قىلغان دېيىشكە بولىدۇ. شۇ چاغدا ھۆكۈمەت قېلىپلاشتۇرغان ئىملا قائىدىسى تېخى يوق ئىدى مېنىڭ بىلىشىمچە، شۇ چاغدا گۇستاف ئالبېرت ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلىنى قېلىپلاشتۇرۇش مەقسىتىدە «(ئۇيغۇر تىلى) ئىملا قائىدىسى يېتەكچىسى» دېگەن كىتابنى يازغان، ئۇنى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/37.asp?isim=[2010-12-31 00:37:45]

alma uyghur book

شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ قەشقەردىكى باسمىخانىسى نەشر قىلغان. بۇ دىن تارقاتقۇچى يازغان كىتاب بولغانلىقتىن، شۇ جايدىكى كۆچۈرمىكەشلەر ئارىسىدا قوللىنىلمىغان، ئۇلار سۆزلەرنى يەنىلا ئۆزلىرى كۆنۈپ قالغان يېزىش شەكلى بىلەن يېزىۋەرگەن.

بۇ يەردە نەشرگە تەييارلانغان تۇنجى قېتىم ئاشكارا ئېلان قىلىنغان قولىيازمىلارنىڭ يېزىلىش جەھەتتىكى ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى، سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ماسلىشىشىغا پەرۋاسىز قارىغانلىقىدىن ئىبارەت. نورمال ئەھۋالدا، يۆنىلىش كېلىش خىلىدىكى سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرى يۇمشاق تاۋۇشلارنىڭ ئاخىرىغىلا ئۇلىنىپ كېلىشى شەرت. ئەمما، ناھايىتى ئوڭاي پەرق ئەتكىلى بولىدىغىنى شۇكى، مۇبادا سۆزدىكى تىل تاۋۇشلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىغا قارىمىغاندا، lik ( لىق ـ لىك ) قاتارلىق سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. بەك ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگىرىش f ~ p نىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن ئىبارەت. بۇ كىتاب ئىزاھاتىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئۆزگىرىشلەر كۆرسىتىلدى. بۇ يەردە قولىيازمىدىكى تىل تاۋۇشلىرىنىڭ كۆچۈرۈپ يېزىلىش شەكلى ئالاھىدە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر ئىش شۇكى، قولىيازمىنى كۆچۈرگەندە، سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىشىگە ئاساسەن p d ، s d قاتارلىقلار ئادەتتە pt ، st قىلىپ يېزىلغان، ۋەھاكازالار.

## «ئوغرى يوق شەھەر» ھەققىدە تەھلىل

«ئوغرى يوق شەھەر» دېگەن بۇ ماۋزۇنى ۋاقىتلىق قويۇلغان دەپ قاراش لازىم. چۈنكى، قولىيازمىدا بۇنداق ماۋزۇ يوق، ئۇ Leti:fe ( لەتىپە ) ناملىق كىتابتىن ئېلىنغان بىر ھېكايە. بۇنىڭ كىشىلەرگە خۇشاللىق ۋە قىزىقچىلىق بەخش ئېتىدىغان ھېكايىلەر توپلىمى ئىكەنلىكى ناھايىتى روشەن. «ئوغرى يوق» ( Thiefless ) سۆزى باياندىكى ئاچقۇچلۇق بىر ئاتالغۇ، «The Thiefless City» ( ئوغرى يوق شەھەر ) نى مېنىڭ نېمە

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/37.asp?isim=[2010-12-31 00:37:45]

alma uyghur book

ئۆچـۈن پۈتـۈن قـولـيـازمـىـنـى ئـېـلان قىلىشـتىكى ماۋزۇ قىلىشىمىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ .

fe : Leti دېـگـەن سـۆزنىڭ ئېتمولوگىيىسىگە ئېنىق بىر نېمە دېـيەلـمـەيـمـەن . لـېكـىـن ، بۇ سۆز پارسچىدىن ياكى ئەرەبچىدىن كەلگەن بـولـۇشـى مـۇمـكـىن . ئەمما ، باشقا بىر نۇقتىدىن قارىغاندا ، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسـىيادىكى ھەقىقىي بىر ھېكايىنىڭ ئىسمى بولۇشى مۇمكىن . ئاپتور ياكى تۈرگۈچى ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق سەۋىيىسىنى كۆز ـ كۆز قىلىش مەقسىتىدە ئەسـەرگـە ئاشـۇ سـۆزنـى قوشۇپ قويغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ھېكايىدىكى پـېـرسـونـاژلارنـىـڭ بـىـرى ئىـشان ( Ishan ) بولۇپ ، بۇ بىر خىل دىنىي مـەنـسـەپتىن ئىبارەت بـۇ مەنـسـەپ ــ تېخىمۇ توغـرىـسـىنى ئېيتقاندا ، ئىـلـگـىـرى بـۇ مـەنـسـەپ ــ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياكى ئافغانىستاننىڭ شـىـمـالىدا ئالاھىدە قوللىنىلىدىغان مەنسەپ . ئۇنىڭدىن سىرت ھېكايىنىڭ ھەممىلا يېرىدىن ياركەند ( يـەكـەن ) نىڭ مەھـەلـلىۋى پۇرىقى چىقىپلا تـۇرىـدۇ « ئوغـرى يـوق شـەھـەر » دەپ مـاۋزۇ قويۇلغان بۇ ھېكايىدىكى پـېـرسـونـاژلار يـاركـەند ( يەكەن ) شەھىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئول-تـۇراقلاشـقـان Yar — Kucha ( يـار كـوچـا ) دەپ ئاتىلىدىغان ھېلىقى كـوچـا يـاركـەنـد ( يەكەن ) دە ئىدى بىر قوليازمىدىن ئۇيغۇر تىلىدىكى سـۆزلـەرنىڭ ياركەند ئۆزگىرىش ياسىلىدىغانلىقىنى بايقايمىز ، مەسلەن ، « jasavul » ( يـاسـاۋۇل ، ھەمـراھ ، نـۆكـەر ) « rasavul » ( راساۋۇل ) دېـيـىـلـگەن بۇ يەردە مەن بۇ قوليازمىنىڭ ئەسلى ياركەندتە پەيدا بولغان رىـۋايەتتىن كەلگەن ، دېگەننى بېشارەت قىلماقچى ئەمەسمەن ، بۇ سۆزنىڭ قـەيەردىن كەلگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر ، بۇ ھېكايە ياركەند ( يەكەن ) نىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلگەن ، دېگەننى چۈشەندۈرمەكچىمەن

بۇ بىر شەھەر ھەققىدىكى رىۋايەتتىن ئىبارەت بۇ شەھەردە بارلىق مـاللار بـىـرخىل باھادا سېتىلىدىكەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياخشىسى بىلەن يا-مـىـنـى ئارىسىدا پەرق يوق ئىكەن بىر ئىشان تالىپىنى ئېلىپ بۇ شەھەرگە كـەپـتـۇ تـالـىپى ئىشاننىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا پىسەنت قىلماي مۇشۇ شە-ھەردە قـېـپـقـاپـتـۇ ئۇ شـەھەردە بىر ئوغرى بار ئىكەن ، ئۇ بىر قېتىم بىر

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/37.asp?isim=[2010-12-31 00:37:45]

alma uyghur book

باينىڭ ئۆگزىسىدىن سەكرىگەندە، بىر پۇتىنى سۇندۇرۇۋاپتۇ. ئاشۇ بالا-يىقازادىن كېيىن، بۇ شەھەر ئوغرى يوق شەھەرگە ئايلىنىپتۇ. ھېلىقى ئوغرى ئاشۇ باي ماڭا بالايىئاپەتنى كەلتۈردى، دەپ ئۇنى قارغاپتۇ — سەۋەب ئۇ باينىڭ ئۆگزىسى جايىدا ياسالمىغانىمىش، ئوغرى شەھەردىكى پادىشاھقا ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ ئالدىغا بىر قاتار ئەرز ۋە شىكايەتلەر چۇشۇپتۇ:

1 ھېلىقى ئوغرى باينىڭ ئۆگزىسىدە پېشكەللىككە ئۇچرىغانلىقتىن باينىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىپتۇ؛

2. ھېلىقى باي ئۆگزىسىنى ياپقان ياغاچچىنى ئەيىبلەپتۇ؛

3. ھېلىقى ياغاچچى تامچىنى ئەيىبلەپتۇ؛

4. ھېلىقى تامچى بورا توقۇغۇچىنى ئەيىبلەپتۇ؛

5. ھېلىقى بورا توقۇغۇچى كەپتەرۋازنى ئەيىبلەپتۇ؛

6. ھېلىقى كەپتەرۋاز باخشىنى ئەيىبلەپتۇ، باخشى ئۆزىنىڭ گۇناھىنى ئىقرار قىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ باخشىنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق، خەلقى ئالەمگە ئۇنىڭغا جازا بەرگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇشنى قارار قىپتۇ لېكىن، شۇ چاغدا مۇرەككەپ بىر ئەھۋال كۆرۈلۈپتۇ باخشىنىڭ بويى بەك ئېگىز، دار بولسا بەك پەس بولغاچقا، ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا بىرەيلەننى دارغا ئېسىشقا توغرا كەپتۇ خالايىق ئىشانىنىڭ ھېلىقى تالىپىنىڭ بوي - تۇرقىنىڭ بۇ شەرتكە دەل چۈشىدىغانلىقىنى بايقاپتۇ

تالىپنى دارغا ئاسايلى دەپ تۇرۇشىغا ئىشان كەپقاپتۇ - دە، قايىل قىلارلىق سۆزلەر بىلەن ئاقلاپ تالىپنى قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ ھەممە تاماشا كۆرگۈچى بولۇپ ئاشۇ سورۇندا تۇرغان ئوغرىنىڭ بوي - تۇرقىنىڭ دارنىڭ ئېگىز - پەسلىكىگە تازا دەل كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بۇ ئوغرىنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈشنى قارار قىپتۇ

ھېلىقى ئوغرى پادىشاھتىن ئۆزىنى دەرھال دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈشنى قەتئىي تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ ھەممە دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ باقىي ئالەمنىڭ پادىشاھى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/37.asp?isim=[2010-12-31 00:37:45]

alma uyghur book

دۆت پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ، باقىي ئالەمنىڭ پادىشاھى بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ دارغا ئېسىلىدىغانلىقىنى قارار قىپتۇ. چۈنكى، باقىي ئالەمنىڭ پادىشاھلىقى ئۇنىڭ ھازىرقى پادىشاھلىق مەرتىۋىسىدىن يۇقىرى ئىكەن.

پادىشاھ دارغا ئېسىلىپ ئۆلۈپتۇ، خەلقى ئوغرى قويۇپ بېرىلىپتۇ ھەمدە «ئوغرى يوق شەھەر» گە پادىشاھ بوپتۇ

مانا بۇ، چېچەن، زېرەك ئوغرى بىلەن دۆت، قاپاقۋاش پادىشاھ ھەققىدىكى رىۋايەت.

مەن مۇشۇنىڭدەك رىۋايەتتىن ئاران ئىككىنىلا تاپالىدىم:

1. بىرىنچىسى ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن بىلەن بىر شەھەر ھەققىدىكى رىۋايەت  بۇ شەھەردىكى خەلقلەر ياخشى - يامانىنى ئايرىمايدىكەن. مەن بۇ رىۋايەتنى ئافغانىستاننىڭ ئاندخۆي دېگەن يېرىدىكى ئوسمان ئىسمىلىك يەرلىك بىر ئادەمنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىدىم ھەمدە ئۇنى ئۆزۈم نەشر قىلدۇرغان «ئافغانىستان تۈركىستانىدىكى ئۆزبېكچە قولىيازمىلار» ( 116 • Ⅷ V • pp ) دا ئېلان قىلدىم. بۇ رىۋايەتنىڭ بايىقى رىۋايەتكە ئوخشمايدىغان يېرى شۇكى، بۇنىڭدا ئەرز قىلغۇچى، ئەيىبلەنگۈچى قاتارلىق ۋەقەلىكلەر يوق. قالغان ۋەقەلىكلىرى بايىقى رىۋايەتنىڭكىگە ئوخشاش.

2 بۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىككىنچى رىۋايەت سەيىپ بىلەن سابىت ھەققىدىكى ھېكايە، بۇنى مېنگېس خىۋادا خاتىرىلىۋالغان ھەمدە ئۆزىنىڭ «ئۆزبېكچە ماقالىلەر» دېگەن كىتابىنىڭ ( 151 ~ 146 . pp ) دە ئېلان قىلغان  بۇ يۇقىرىقى رىۋايەتنىڭ قىسقارتىلمىسىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدا ئەرز قىلىش، ئەيىبلەش ۋەقەلىكىدىكى پېرسوناژلار ئۈچكە قىسقارتىلغان، دېمەك خوجىدار ( يەنى مەن ئېلان قىلغان «ئوغرى يوق شەھەر» دېگەن رىۋايەتتىكى باي)، بىناكار ( ياغاچچى ) بىلەن كەپتەرۋازلا بار.

مەن رىۋايەتتىكى تۆرلۈك ئاساسلىق ماۋزۇلاردا ستىس توماسون تۈزگەن ئاساسلىق ماۋزۇلار ئاچقۇچىدىكى تۈرلەردىن پايدىلاندىم:

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/37.asp?isim=[2010-12-31 00:37:45]

Z 49.11.2 : ئوغرىنىڭ تامدىن ئارتىلىپ چىقىپ ئوغرىلىق قىلماقچى بولغاندا ، پۇتىنىڭ سۇنۇپ كېتىشى خەتەرلىك تام ۋە باي ئۇس-
تىدىن ئەرز قىلىشقا باب كېلىدۇ   ھىندىستان

J1173 : رېرەكلىك بىلەن چىقىرىلغان بىر قاتار ئادەلەتسىز
ھۆكۈملەر تۈپەيلىدىن دەۋاگەر ئەرزىنى ئۆزلۈكىدىن قايتۇرۇۋالىدۇ

J 2233 : مەنتىقى جەھەتتىكى بىمەنە ئاقلاش   ئىشىكنى بۇزۇپ
كىرىپ ئوغرىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن سوراق قىلىنغان ئوغرى تامچى ئۈستىنى
سۇپەتسىز سالغان ، دەپ شىكايەت قىلىدۇ   تامچى بولسا لايچىنى
ئەيىبلەيدۇ ، لايچى كۇلالچى ئەيىبلەيدۇ ، كۇلالچى ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلۈ-
ۋەتكەن ساھىبجامالنى ئەيىبلەيدۇ ؛ ساھىبجامال بولسا زەرگەرنى
ئەيىبلەيدۇ   چۈنكى ، زەرگەر ئۇنىڭغا ئالتۇن سىرغىسىنى ئېلىپ كېتىشنى
ئېيتقان ، زەرگەر ئوبيېكتىنى ئەيىبلىمەيدۇ . لېكىن ، ياشىنىپ قالغان
بولغاچقا ، ئۇنىڭغا جازا بېرىشكە بولمىغانلىقتىن ، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى دۇ-
كاندارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ   ھىندىستان .

J 1160 : زېرەكلىك بىلەن ئۆزىنى ئاقلاش .

J 2469.9 : دارغا ئېسىش پەرمانىنى ئىجرا قىلغۇچىنىڭ پەرمانىنى
خاتا چۈشىنىۋېلىشى تۈپەيلىدىن ، دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدىكى
دادىسى بىلەن بىللە تۇرغان ئوغلىنىمۇ بىللە دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈش .

Z20 : تەكرارلانغان رىۋايەت .

بۇ يەردە ئېلان قىلىنغان قولىيازمىلار لوند ئۇنىۋېرسىتېتى
كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان شەرق قولىيازمىلىرى ئىچىدىكى 460 prov
نومۇرغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ ، تۆت بەت ئاق يىرىك قەغەزنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان   بۇ خىل قەغەز روسىيىدە ئىشلەنگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ قارال-
غان . ئۇنىڭ ئۆلچىمى 22cm × 35cm . قولىيازمىدا يىل ئەسكەرتىلمىگەن
ئەمما ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۆچۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن
قولىيازما ئەسلى G . راكۇيېتقا تەئەللۇق ئىدى   ئۇ بۇ قولىيازمىلارنى قەش-
قەر ياكى يەكەندە قولغا چۈشۈرگەن بولۇشى مۇمكىن . مەزمۇنىدىن
قارىغاندا ، يەكەندە قولغا چۈشۈرگەنلىك ئېھتىمالى چوڭراق .

www.alma.cn

alma uyghur book

ئېلان قىلىنغان قولىيازمىلىرىمنىڭ كەينىگە كۆچۈرۈپ يېزىش شەكلى بېرىلدى. بۇ ئېلگىرى قولىيازمىلارنى ئېلان قىلغان چېغىمدىكى ئۇسۇلۇم بىلەن ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنگلىزچىسى بىلەن ئەسلى قولىيازمىنىڭ قايتا ئىشلەنگەن نۇسخىسى بېرىلدى. بۇ مېنىڭ بۇرۇندىنلا ئادەتلەنگەن ئۇسۇلۇم.

تۈزگۈچىدىن:

بۇ ماقالە دوكتور ياررىڭنىڭ:
« The Thiefless City And Con test Between Food And Throat »
دېگەن كىتابىدىن تەرجىمە قىلىنغان. ئۇ ياررىڭنىڭ « ئوغرى يوق شەھەر »، « تائام ۋە گال » قاتارلىق ئۇيغۇرچە قىسمەتلىك قولىيازمىلارنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا بېغىشلاپ يېزىپ بەرگەن كىرىش سۆزى بۇ كىتاب لۇند خانلىق ئىجتىمائىي پەن- لەر جەمئىيىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/38.asp?isim=[2010-12-31 00:38:31]

alma uyghur book

# ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مەدەنىيەت توقۇنۇشى①

## — شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى تەسۋىرىدىكى خەنزۇ تىياتىرى

## كىرىش سۆز

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەڭ غەربىگە جايلاشقان شىنجاڭ ئۆلكىسى خەنزۇلار مەدەنىيىتى بىلەن تۈرك – ئىسلام مەدەنىيىتى قوشۇلغان جاي. بۇ خىل قوشۇلۇش ئۆز ئالدىغا مەدەنىيەت ( بولۇپمۇ تىياتىر جەھەتتە ) ساھەسى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىككى خىل دىن سىستېمىسىدا توقۇنۇش پەيدا قىلدى. بۇ يەردە ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇرچە ئۈچ ھۆججەتكە ئىنگلىزچە تەرجىمىسى، ئىزاھات شەرھىسى ۋە سۆزلۈكلەر جەدۋىلى قوشۇمچە قىلىنىش ئارقىلىق، شىنجاڭدىكى ئىسلام مۇرتلىرىنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئوخشىمىغان مەدەنىيەت بىلەن قوشۇلغان چاغدىكى كۆزقارىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئەسلى ئەسەر مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا قەشقەردە يېزىلغان.

## جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى خەنزۇ مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچرىشىشى

جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئائىت ھۆججەت – ئەسەرلەردە خەنزۇ تىياتىرى — ياكى شۇ يەرلىك ئۇيغۇر تىياتىرى — ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ھەققىدىكى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى ناھايىتى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/38.asp?isim=[2010-12-31 00:38:31]

alma uyghur book

ئاز ئۇچرايدۇ. بار بولغان تەقدىردىمۇ، ساياھەت خاتىرىسى خاراكتېرىدىكى تۈرلۈك نەشر بۇيۇملىرىغا چېچىلىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاساسەن تەسۋىر خاراكتېرىنى ئالغان.

ھەقىقىي ئۇيغۇر تۈسىنى ئالغان تىياتىرلارنى ئويناش ئەھۋالىنى دەۋرلەردە — ھېچبولمىغاندا 20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا ئوينالغان تىياتىردىن كۆرۈنۈشلەردىلا ئۇچراتقىلى بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ مەزمۇنى، ئاساسلىقى بەزىبىر ئاممىباب رىۋايەتلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنداق كۆرۈنۈشلەر كۆپ ھاللاردا باي - خوجاملارنىڭ قەسىرىدىلا ئوينىلاتتى.

مەن 1929 - ۋە 1930 - يىللىرى قەشقەردىكى خەنزۇ بارىزىدا ( بۇگۈنكى يېڭىشەھەر ) دە خەنزۇ تىياتىرىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم مەن شۇ چاغدا بۇ تىياتىرنى تامامەن قىزىقىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈنلا كۆرگەنىدىم. مېنىڭ جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كېلىشتىكى ئاساسىي مەقسىتىم ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش بولغاچقا، شۇ چاغلاردا خەنزۇ مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئاشۇنداق ئويۇنغا ھېچقانچە قىزىقمايتتىم

بۈگۈنكى كۈندە ئاشۇ چاغدا خەنزۇ بارىرىدا خەنزۇ تىياتىرىنى كۆرگەن چاغدىكى ئەھۋالدىن ئېسىمدە قالغىنى ئۇنىڭ قۇلاقنى يېرىۋەتكۈدەك قاتتىق ئاۋازىدىنلا ئىبارەت. شۇنىسى ھېلىمۇ ئېسىمدىكى، خەنزۇ تاماشىبىنلار ئارىسىدا شۇنچە كۆپ ئۇيغۇر تاماشىبىنلارنىڭ تۇرغانلىقى مېنى ھەيران قالدۇرغانىدى ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئىچىدىكى تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرى ئىدى

مېنىڭ شۇ چاغدا جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تىياتىرغا يېڭىۋاشتىن قىزىپ قېلىشىم مۇشۇ كىتابتا ئېلان قىلغان ئۇيغۇرچە ئۈچ قولىيازما بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇ ئۈچ قولىيازمىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر ئۇيغۇرنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىدىكى ئۆلكىسى — شىنجاڭدىكى خەنزۇلارنىڭ دىنى ۋە مەدەنىيىتىگە

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar_____________(6)/38.asp?isim=[2010-12-31 00:38:31]

alma uyghur book

بولغان قارىشى ۋە ئىنكاسى ، شۇنداقلا يەنە ئۇيغۇر ئوبۇل ۋاھىت ئاخۇننىڭ
مۇشۇنداق مەدەنىيەت توقۇنۇشىغا بولغان ئاددىي ـ بىۋاستە قارىشى ئىپا-
دىلەنگەن . ئۇ ئۆزىنىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتى ۋە تىياتىرىغا بولغان
تەسىراتىنى يېزىپ قالدۇرغان بۇ ئۈچ قولىيازمىنى جون تورېنكۇيستىنىڭ
1917 ـ يىلى شۋېتسىيىدە ئېلان قىلغان « جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى ئوتتۇرا
ئاسىيا رايونىدىكى خەنزۇلارنىڭ دىنى » ماۋزۇلۇق كىتابىدىكى مۇشۇنداق
مەدەنىيەت توقۇنۇشى ئۈستىدىكى تەپسىلىي بايانىغا قوشۇپ بىللە ئوقۇش
لازىم . مەن بۇ ئەسەرنىمۇ ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىپ ، مەزكۇر كىتابقا
قوشۇمچە قىلدىم . بۇ يەردە ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىكى شۇكى ،
تورېنكۇيست بۇ ماقالىسىنى شۋېتسىيە دىن تارقىتىش جەمئىيىتىنىڭ دىن
تارقاتقۇچىسىلىق سالاھىيىتى بىلەن يازغان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى
قاراشلىرىغا دىن تارقاتقۇچىلاردا بولىدىغان قىزغىنلىقتىن ئىبارەت تامغا
بېسىلغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ كۆزىتىشىنىڭ قىممىتى
تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ .

مەن بۇ يەردە ئالدى بىلەن مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا
شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا خەنزۇ تىياتىرىنى ئوينىغان چاغدىكى بەزى
تېخنىكىلىق تەپسىلاتلارنى بىرئاز چۈشۈندۈرۈپ ئۆتىمەن

قەشقەر خەنزۇ بازىرىدىكى تىياتىرخانا خەنزۇ بۇددخانىسى ئىچىگە
جايلاشقان ، ئېھتىمال بۇ ناھايىتى ئومۇميۈزلۈك ئەھۋال بولسا كېرەك .
ھېچبولمىغاندا ، قەشقەردە مۇشۇنداق بولغان لېكىن ، يەنە مەخسۇس ئو-
يۇن قويۇش ئۈچۈنلا سېلىنغان تىياتىرخانىمۇ بولغان ، مەسىلەن ،
سكرىنې ( Scrine ) بىر خەنزۇ تىياتىرىنى كۆرگەن ، ئۇ تىياتىرخانا يە-
كەندىكى تىيەنجىن سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى بىناسى ئىچىدىكى
تىياتىرخانىدا قويۇلغان . خەنزۇ تىياتىرىنى قەشقەردە ۋە يەكەندە ئول-
تۇراقلاشقان يەرلىك ئارتىسلار قويغانىكەن . لېكىن ، شىنجاڭنىڭ باشقا
جايلىرىدىن بۇ يەرگە كېلىپ ئويۇن قويىدىغان دراما ئۆمەكلىرىمۇ بار ئى-
كەن . ئېتىبېرتون بىر خەنزۇ دراما ئۆمىكىنىڭ قەشقەرگە كېلىپ ئويۇن
قويغانلىق ئەھۋالىنى ، شۇنداقلا شۇ جايدىكىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئويۇنى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/38.asp?isim=[2010-12-31 00:38:31]

alma uyghur book

ھەققىدىكى ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى مۇنداق دەپ تەسۋىرلىگەن: « دېكوراسىيە قوپالراق ئىشلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن تەييار ئىدى. نۇرغۇن كۆرۈنۈشلەرنى تاماشىبىنلار ئۆزلىرى تەسەۋۋۇر قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئەر - ئايال ئارتىسلار كىيىم ئالماشتۇرىدىغان ئۆيى بولمىغاچقا، تىياتىر كىيىمى ۋە ساقال ئالماشتۇرۇش، چاچ تاراش، يۈز - كۆزىگە ئوپا - ئەڭلىك سۈرتۈشكە ئوخشاش ئىشلارنى تاماشىبىنلارنىڭ كۆز ئالدىدا، ئۈستى ئوچۇق كۈلۈبتىلا ئېلىپ بېرىلاتتى. تاماشىبىنلار بۇنىڭغا كۆنۈك ئىدى. گاھى چاغدا دراما ئۆمىكى بۈتۈنلەي يورۇقىدىن پايدىلىنىش مەقسىتىدە ئويۇننى بۇتخانىدىكى مەيداندىلا قوياتتى. ئويۇن قويىدىغان تەييار سورۇن بولمىغاندا، ئاشۇنداق جاينى تاللاش دراما ئۆمىكىنىڭ ئىجادچانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. مەلۇم بىر سارايىنىڭ ھويلىسى ياكى كوچىدىكى مەلۇم بىر كەڭرى ئورۇن ئۇلار تەرىپىدىن ئويۇن قويىدىغان ئورۇن قىلىپ تاللىناتتى - دە، دراما ئۆمىكى ئاشۇ يەرلەرگە سەھنە راسلاپ، ئويۇن قويۇشقا تۇتۇش قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇ كوچىنىڭ تۆت يېرىگە موما ۋە تۇۋرۇك تىكلەپ، ئويۇن قويىدىغان جاينى قورۇققا ئالاتتى. يەنە ئۆتەر يولنى ئارغامچا بىلەن دائىرىگە ئېلىۋالاتتى. رەڭگا رەڭ دەرپەر - توساقلار، سەھنىگە كېرەكلىك دەل - دەرەخ ۋە يوپۇرماقلار جاي - جايىغا مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئوچۇق رەڭلەر ھەقىقەتەن بولمىسا زادى بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ، ھەش - پەش دېگۈچىلىكلا بىر تىياتىرخانا كوچىدا ھازىرلىناتتى - دە، قاتناشقا كاشىلا سالاتتى. ھارۋىلار ۋە يولۇچىلار ئۇنىڭ يېنىدىكى كىچىك كوچىلارنى ئايلىنىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولاتتى. كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتمەكچى بولغان يولۇچىلار ئىلتىماس قىلىشى شەرت ئىدى. يا بولمىسا سەھنە ئاستىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈشكە بولاتتى. ئۇلار تۇۋرۇككە پات - پات ئۇسسۇۋالاتتى. ئەمما، ئويۇن مەيدانىنىڭ ھەممىلا يېرى شاد - خۇراملىققا چۆمگەن بولۇپ، قاتناشنىڭ توسۇلۇپ قالغانلىقىدىن نارازى بولىدىغان ئادەم يوق ئىدى

جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا قويۇلغان خەنزۇ تى-

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/38.asp?isim=[2010-12-31 00:38:31]

alma uyghur book

شۇ قېتىملىق P • C سكرىنى ② ئەڭ تەپسىلىي بايان قىلغان يىاتىرىنى ئويۇن ئوينالغان ئورۇن يەكەن ، ۋاقتى 1924 ـ يىلى بولغان « بۇ تامامەن ساپ خەنرۇ تىياتىرى بولۇپ ، تاماشىبىنلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى خەنرۇلار ئىدى ، خەنرۇ تاماشىبىنلارنىڭ كەينىدە تۇرغانلار قىستاڭچىلىق دەستىدىن مىغىلداپ كەتكەن ئۇيغۇر گۇپپاڭچىلار ، كوچىدىكى باللار ۋە باشقا تاماشىبىنلار ئىدى » سكرىنى ئويۇندىن ۋە دراما ھەققىدىكى تەسۋىر بىلەن قانائەتلىنىپ قالغاچقا ، ئۇيغۇر تاماشىبىنلىرىنىڭ پوزىتسىيىسى ۋە كۆز قارىشىغا ھېچقانداق باھا بەرمىگەن

S • P • K • مېنون 1944 ـ يىلى چۇگچەكگە بېرىپ ، ھىندىستاننىڭ جۇگگودا تۇرۇشلۇق تۇنجى دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىقىنى رىممىسگە ئالار چېغىدا ، شىنجاڭدىن ئۆتكەن ھەمدە ئۇ يەردە قىسقا مۇددەتلىك زىيارەتتە بولغان ئۇ خوتەندە تىياتىر كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان مېنون خاتىرىسىدە كۆرگەن تىياتىرنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق بايان قىلغان دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى ، ئۇ بىر قانچە ئۇيغۇر قىزنىڭ ئويۇن قويۇشقا قاتناشقانلىقىنى ھەمدە مېھمانلارغا بىر ناخشا ئېيتىپ بەرگەنلىك ئەھۋالىنى بايان قىلغان بىر قانچە ھەپتىدىن كېيىن ، مېنون ئۈرۈمچىدە يەنە بىر نۆۋەت خەنرۇ تىياتىرى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان شۇنىسى ناھايىتى روشەنكى ، بۇ ساپ خەنزۇ شەكلىدىكى ئويۇن بولۇپ ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر تاماشىبىنلار كىرمىگەن

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ئېرىك سىپىدىننىڭ خانىمى دىئانا سىپىدىن « قەدىمىي ماكان » دېگەن ئەسىرىدە 1947 ـ يىلى شۇ يەردە قويۇلغان خەنرۇ تىياتىرىنى كۆرگەنلىكىنى ، ئۇنىڭمۇ ئوخشاشلا خەنرۇچە ئىكەنلىكىنى ، ئۇيغۇر تاماشىبىنلارنىڭ كىرمىگەنلىكىنى بايان قىلغان

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلار غەيرىي مۇسۇلمان كۆرەتكۈچىلەرنىڭ بايانىدىن ئىبارەت ۋەھالەنكى ، بۇ كىتابتا ئېلان قىلىنغان قولىيازمىنى ئوبۇل ۋاھىت ئاخۇن يازغان بولۇپ ، بۇ بىزنى بىر مۇسۇلماننىڭ خەنزۇ تىياتىرى ۋە خەنزۇلارنىڭ دىنىغا بولغان ھېسسىي تونۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar___________(6)/38.asp?isim=[2010-12-31 00:38:31]

تۇنجى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى  ئوبۇل ۋاھىت ئاخۇننىڭ خەنزۇ
بۇتخانىسىغا بىر قېتىم بارغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى ، ئۇ بۇتخانا قەشـ
قەر خەنزۇ بازىرىدىكى بۇتخانا بولۇشى ئېھتىمال . ئۇنىڭ بۇتخانا بۇت
ئۈستىدىكى تەزىيە مۇراسىمى تەرىقىسىدىكى تەسۋىرىدە ئۆز كۆزى بىلەن
كۆرگەن يۇقىرىقى نەرسىلەر ھەققىدىكى تونۇشى ۋە قارىشى
ئىپادىلەنگەن  ئېھتىمال ئوبۇل ۋاھىت ئاخۇن باشقىلار تەرىپىدىن ئا
شۇنداق ماقالە ( قولىيازمىنى دېمەكچى ) نى يېزىشقا بۇيرۇغاچقا ، ( ئىسلام
دىنىدا ) بۇتقا ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈرۈش تەرك ئېتىلگەن  ئاشۇنداق
بىر سورۇنغا ئۆزى بېرىش رۆرۈر دەپ ھېس قىلغان بولۇشى مۇمكىن ،
دەپ قاراشقىمۇ بولار  ئۇ خەنزۇلارنىڭ دىنى ، بۇتخانىسى ۋە تىياتىرخانىـ
سىغا قارىتا ئاساسىي جەھەتتىن ياقىلماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتقان
بۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبى ئۇ نەرسىلەر بۇتقا چوقۇنۇش بىلەن مۇناسىۋەتـ
لىك ئىكەنلىكىدىن بولغان  چۈنكى ، بىر ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىدىغان ئىسلام
دىنىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بۇتقا چوقۇنۇش ئەڭ ئاساسىي گۇناھنىڭ بىرى
ھېسابلىنىدىغان بولغاچقا ، ھەتتا كىشىلەر ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھقا
قارىغاندا تېخىمۇ نەپرەتلەنگەچكە ، بۇنىڭدىن قىلچىلىكمۇ ھەيران قالغىلى
بولمايدۇ ياكى ئوبۇل ۋاھىت ئاخۇننىڭ ئۆز گېپى بىلەن ئېيتقاندا : «
بۇتقا چوقۇنىدىغان بۇ كىشىلەر ئاللاھنى ۋە جىمىكى نەرسىلەرنىڭ ياراتـ
قۇچىسىنى ئىنكار قىلىپ ، جاھالەت يولىدا لاغايلاپ يۈرۈشمەكتە ئىدى »
ئۇنىڭدىن سىرت ، ئۇ خەنزۇلارنىڭ دىنىغا ، بۇتخانىسىغا ۋە تىياتىرىنىڭ
قىممىتىگە ئىشەنمىگەن ، بۇمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن ، ھەتتا خەنزۇچە
ھەرخىل مۇراسىملارنىڭ ئۇلارنىڭ بۇتقا چوقۇنۇشى بىلەن بىۋاستە مۇـ
ناسىۋىتى بولمىغان چاغدىمۇ شۇنداق قىلغان  ئوبۇل ۋاھىت ئاخۇننىڭ
ماقالىسىدە ، بىر مۇسۇلماننىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچراشقان چاغـ
دىكى ئىنكاسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن  ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كىشىنىڭ خەنزۇ
مەدەنىيىتىگە بولغان تونۇشى ئىپادىلەنگەن  ھالبۇكى ئۇنىڭ ئىنكاسى
ئىخلاسمەن ، تەربىيە كۆرگەن مۇسۇلماننىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت .
ئادەتتىكى مۇسۇلمانلار ، بولۇپمۇ قەشقەر رايونىدىكى تەربىيە كۆرمىگەن ،

www.alma.cn

alma uyghur book

ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن مۇسۇلمانلارنىڭ خەنزۇلارنىڭ بۇتخانىسى ۋە دىنىدىكى « ئاللاھتىن ھېيىقماسلىق » قىلمىشلىرىغا ئانچە پەرۋا قىلمايدىغانلىقى ، ئەكسىچە ھەممە نەرسىگە قىزىقىدىغانلىقى ، بۇنىڭ ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلارنىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتىگە سوغۇق پوزىتسىيە تۇتىدىغانلىقىغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغانلىقى ناھايىتى روشەن . تۆۋەن تەبىقىدىكى بۇ مۇسۇلمانلار قەشقەر ياكى باشقا بىر جايدىكى خەنزۇلار بۇتخانىسى ۋە تىياتىرىنىڭ چەتتىن كۆرگۈچىلىرى بولۇپ ، ئۇلار ئاشۇ يەرلەردە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىدىن ۋە كۆرگەن تىياتىرلىرىدىن ئادەمنى سەسكەندۈرگۈدەك ھېچنېمىنى سېزەلمەيتتى . ئەمما ، ھەرنېمە دېگەن بىلەن ئۇلار شۇنىڭ ئىچىدىكى بىرەر ئىشنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەنلا بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلار ئىدى ، ھەتتا ئۇ يەردە ئەۋج ئالغان قىمارنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن بېرىپ قالغانلار بولۇشىمۇ مۇمكىن . مەن بۇ يەردە راگۇيتىنىڭ بىر ئابزاس سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتىمەن : « بۇتقا چوقۇنىدىغان بۇتخانىغا خەنزۇلار بىلەن مۇسۇلمانلار يات دىن مۇرتلىرىنىڭ بايرىمىدا كەلگەنىدى . بۇ مۇسۇلمانلار ئۇچۇن ئېيتقاندا ، بۇ ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى ئۇلاردا بىرلا ئۈمىد - ئارزۇ ئۆزلىرىنىڭ قىمار خۇمارىنى قاندۇرۇشلا بار ئىدى پۇل ئۇتۇش ئارزۇسى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭنى تولدۇرۇپ تۈزلىۋەتكەنىدى . تىياتىرخانا سەھنىسى ئالدىدىكى چاپپۇرۇشلار ئىچىدە خەنزۇ ئوقەتچىلەر بولۇپلا قالماستىن ، مۇسۇلمان ئوقەتچىلەرمۇ بار ئىدى » .

ئىسلام دىنىدىكى قاتتىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە بولغاندا ، قىمار ئويناش تەرىقەتكە مۇخالىپ قىلمىش بولاتتى . خەنزۇلار بۇتخانىسى ، تىياتىرىدىكى بۇتقا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئەسلىدە بار گۇناھقا يىرگىنىچلىك تەركىب قوشۇلغانلىقىدىن ئىخلاسمەن ھەم سادىق مۇسۇلمانلار بۇنىڭدىن تېخىمۇ بىزار بولاتتى . لېكىن ، ئىسلام دىنىنىڭ نۇقتىئىنەزەرى بويىچە قارىغاندا ، بۇتقا چوقۇنۇش ئادەمنى ھەممىدىن بەك نەپرەتلەندۈرەتتى . ئوبۇل ۋاھىت ئاخۇننىڭ ماقالىسىدە بۇ ئېنىق كۆرسىتىلگەنىدى .

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/38.asp?isim=[2010-12-31 00:38:31]

تۈزگۈچىدىن :

① بۇ ماقالە دوكتور ياررىڭنىڭ ئۇبۇل ۋاھىت ئاخۇننىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يازغان ئۈچ قولىيازمىسى — «بۇت ھەققىدە» ، «بۇتخانا ھەققىدە» ۋە «تىياتىر ئويناش ھەققىدە» نى ئېلان قىلىش ۋاقتىدا يېزىپ بەرگەن كىرىش سۆزى. ئۇنىڭ تولۇق كىتابى شۋېتسىيە لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى خان جەمەتى ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن 1991 ـ يىلى نەشر قىلىنغان .

② سكرىنې ( Scrine ) ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ باش كونسۇلى ( 1922 ~ 1924 ) ، شۇنداقلا جۇغراپىيە ئالىمى . ئۇنىڭ « Chinese Asia » ( جۇڭگو تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ) قاتارلىق كىتابلىرى بار . دوكتور ياررىڭ ماقالىدە نەقىل كەلتۈرگەن سكرىنېنىڭ تەكشۈرۈش خاتىرىسى مەزكۇر كىتابتىن ئېلىنغان .

www.alma.cn

alma uyghur book

# تۈزگۈچىدىن

1. بۇ كىتابتىكى مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى تۇنجى قېتىم خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى كىتابتىكى « ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى ھەققىدە تەتقىقات » نى گو يىڭجيې تەرجىمە قىلغاندىن سىرت ، قالغان قىسمىنىڭ ھەممىسىنى سۈي يەنخۇ تەرجىمە قىلدى ( « قەشقەرگە قايتا سەپەر » نىڭ بىرىنچى قىسىم I بابىنىڭ تۇنجى تەرجىمە ئورىگىنالىنى لياڭ لەنلىن خانىم تەرجىمە قىلدى ) بۇ كىتاب ياڭ ليەننىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن « شۋېتسىيە شەرقشۇناسلىق مەجمۇئەسى » دىكى كىتابلارنىڭ بىرى

2 بۇ كىتابنىڭ 1 ـ تومى « قەشقەرگە قايتا سەپەر » نىڭ ئىككى خىل نۇسخىسى بار شۋېدچە نۇسخىسى 1979 ـ يىلى ستوكھولمدا نەشر قىلىنغان ؛ ئىنگلىزچە نۇسخىسى ئامېرىكا دۇك ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1986 ـ يىلى نەشر قىلىنغان بۇ كىتاب « ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى مەجمۇئەسى » دىكى كىتابلارنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇنى ئېۋا كلېـۋېنسون ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان ئىككى خىل نۇسخىنىڭ مەزمۇنى ئاساسىي جەھەتتىن بىردەك ، لېكىن ئاپتورنىڭ ئاخىرقى سۆزى مەخسۇس ئىنگلىزچە نۇسخىسى ئۈچۈنلا يېزىپ بېرىلگەن مەزكۇر كىتاب ئىنگلىزچە نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى ھەمدە شۋېدچە نۇسخىسىدىن پايدىلىنىلدى بۇ كىتابنىڭ 2 ـ تومىدىكى ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ قايسى نۇسخىدا ئىكەنلىكى شۇ ماقالىنىڭ ئاخىرىدا ئىزاھلاندى

3 . بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە نەشر قىلىنىشى ئاپتور ياررىڭ ئەپەندىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈلدى ھەمدە بىزگە نەشر ھوقۇقى بېرىلدى پۈتۈن كىتابنى تۈزۈش ، تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ، ياررىڭ ئەپەندىنىڭ قايتا ـ قايتا مەسلىھەت بېرىشىگە مۇيەسسەر بولدۇق

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/39.asp?isim=[2010-12-31 00:36:21]

alma uyghur book

4. بۇ كىتابنى نەشر قىلىشقا شىۋېتسىيە جەمئىيىتى ماددىي جەھەت-تىن زۆرۈر ياردەملەرنى بەردى، بۇنىڭغا ئالاھىدە، سەمىمىي تەشەككۈر ئېيتىمىز.

5. بۇ كىتابنى نەشر قىلىشتا، شىۋېتسىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىشىگە مۇيەسسەر بولدۇق؛ جۇڭگولۇق ئالىملاردىن لو داگاڭ، يەن باۋيۇ، ما داجېڭ، رۇڭ شىنجياڭلار كونكرېت ياردەم بەردى؛ شىۋېتسىيىلىك دوستلاردىن، نىلس، رېموس، چىنبىدال، شىپېدلار ئاكتىپ، ئۇنۇملۇك ياردەملەشتى بۇ يەردە ئۇلارغىمۇ چوڭقۇر تەشەككۈر ئېيتىمىز!

6. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە تىرىشچانلىقى بۇ كىتابنىڭ جامائەتچىلىك بىلەن بۇرۇنراق كۆرۈشەلىشىنىڭ كاپالىتى بولدى؛ نەشرىيات مەسئۇلى چېن جۇڭچيۇ ئەپەندى ۋە لى چۈنخۇا، شى شياۋچى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ باشتىن - ئاخىر بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. ئۇلارنىڭ خىزمىتىنىڭ غەربىي يۇرت تەتقىقاتىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە قاراپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جۇڭگو - شىۋېتسىيىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى ساقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا مۆلچەرلىگۈسىز تۆھپىلەرنى قوشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

1994 - يىل 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى

www.alma.cn



http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/39.asp?isim=[2010-12-31 00:36:21]

alma uyghur book

雅林文集
重返喀什噶尔 （维吾尔文）
（瑞典）贡纳尔·雅林 著
扬镰 主编
阿布都乌甫尔·赛义鼎 译
霍加艾合迈提·尤努斯 审订

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001）
新疆新华书店发行
新疆人民出版社微机室排版
中国人民解放军七二二六工厂印刷
850×1168毫米32开本 11.875印张 5插页
1998年9月第1版 1998年9月第1次印刷
印数：1——5,000

ISBN7—228—04739—7/K·604定价：22.50元

www.alma.cn

http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/39.asp?isim=[2010-12-31 00:36:21]

http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/39.asp?isim=[2010-12-31 00:36:21]



ISBN 7-228-04739-7
9 787228 047390 >

ISBN7—228—04739—7/K・604

定价：22.50 元

alma uyghur book

alma uyghur book



ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكىسپېدىتسىيە مەجمۇئەسى

# قەشقەرگە قايتا سەپەر

يارىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى

ئاپتورى : گۇننار ئالفرېد يارىڭ ( شۋېتسىيە )

تۈزگۈچى : ياڭ لىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

http://book.alma.cn/book_data/51-kaxkarga%20kayta%20sapar____________(6)/39.asp?isim=[2010-12-31 00:36:21]